新疆大学“211 工程”优秀学术著作出版基金资助出版

زەمىر سەئدۇللازادە

# ئارۇز ئىلمى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ISBN 978-7-5631-2414-5
9 787563 124145 >
定价:32.00 元

زەمىر سەئىدۇللازادە

# ئارۇز ئىلمى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى



زەمىر سەئىدۇللازادە، تاجىك، پروفېسسور، فىلولوگىيە
پەنلىرى دوكتورى، ئاسپىرانت يېتەكچىسى. ئۇ 1963-يىلى
4-ئايدا تاشقورغان ناھىيەسىدە زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇل-
غان. 1978-يىلى 10-ئايدىن 1983-يىلى 7-ئايغىچە شىن-
جاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدا ئۇيغۇر
ئەدەبىياتى كەسپىدە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتكۈرگەندىن كېيىن
شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە تەقسىم قىلى-
نىپ، 2005-يىلى 8-ئايغىچە شۇ يەردە ئىشلىگەن. بۇ جەر-
ياندا ئۇ 1985-يىلى 3-ئايدىن 1987-يىلى 1-ئايغىچە بېي-
جىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق تىللىرى فاكۇلتېتىدا بىلىم
ئاشۇرغان. 1989-يىلى 10-ئايدىن 1995-يىلى 12-ئايغىچە
تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى رۇدەكى نامىدىكى تىل-
ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا دوكتور ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان.
1995-يىلى 7-ئايدا ئۇ «سەئىدى ‹گۈلىستان› ىدىكى تەۋسىپ
سەنئىتى» تېمىسىدىكى دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسىنى
مۇۋەپپەقىيەتلىك ياقلىغان ۋە شۇ يىلى 10-ئايدا روسىيە
فېدېراتسىيەسى ئالىي ئۇنۋان كومىتېتى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا
فىلولوگىيە پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىلگەن.
ئۇ ئېلىمىز تاجىكلىرى ئىچىدە تۇنجى بولۇپ يۇقىرى ئىل-
مىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەن كىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
دوكتور زەمىر سەئىدۇللازادە چەت ئەلدىكى ئوقۇشىنى تا-
ماملاپ، 1996-يىلى 3-ئايدا ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن
ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنىدا تەتقىقات خىزمىتىنى
داۋاملاشتۇرغان. ئۇ 1996-يىلى 5-ئايدىن 2002-يىلى
10-ئايغىچە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىل-
لەتلەر ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتىدا، 2002-يىلى 11-ئايدىن
2005-يىلى 8-ئايغىچە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادې-

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئابلىمت قادىر**
مەسئۇل كوررېكتورى: **ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: **مياۋلى**

# ئارۇز ئىلمى

ئاپتورى: **زەمىر سەئىدۇللازادە**

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى№14 ، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880 mm × 1230 mm ، 1/32 ، باسما تاۋىقى: 16.375
2011 ــ يىلى 3 ــ ئاي 1 ــ نەشرى
2011 ــ يىلى 3 ــ ئاي 1 ــ بېسىلىشى

ISBN 978 — 7 — 5631 — 2414 — 5
باھاسى: 32.00 يۈەن

## مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ............................. لىۋ بىن 1
مۇقەددىمە ئارۇز ئىلمى بېسىپ ئۆتكەن يول ــ تارىختىكى بىر قىسىم مۇھىم ئەسەرلەرگە نەزەر ........................ 1
1. ئەرەب ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئارۇز ئىلمى .................. 5
2. پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئارۇز ئىلمى .................. 11
3. تۈركىي تىللىق ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئارۇز ئىلمى .............. 31

بىرىنچى باب ئارۇز ئاتالغۇسى ۋە ئارۇز ئىلمىنىڭ ئەسلىي مەنبەسىگە ئائىت ئوخشىمىغان قاراشلار ......... 42

ئىككىنچى باب ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ئىلمى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى .......................... 58
1. ئەرەب ئارۇزىدىكى ھەرپ ۋە ھەرىكە چۈشەنچىسى ............ 59
2. ئەرەب ئارۇزىدىكى ئەسلىي تەركىبلەر ....................... 61
3. ئەرەب ئارۇزىدىكى رۇكىن ۋە ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى .............. 71
4. ئەرەب ئارۇزىدىكى بەھر ۋە ئۇلارنىڭ تۈزۈلۈشى ............ 78
5. ئارۇز ئىلمىدىكى زىھاف، زىھافلىق رۇكىنلار ۋە بەھرلەر......... 90

ئۈچىنچى باب ئەرەب ئارۇزىدىكى دائىرە ۋە بەھرلەرنىڭ دائىرەلەرگە بۆلۈنۈشى ........................... 97
1. ئەرەب ئارۇزىدىكى دائىرەلەرنىڭ رەت تەرتىپى ۋە ئىچكى تەركىبى ............................... 98

2. ھەر قايسى دائىرە ئۆز ئىچىگە ئالغان بەھرلەرنىڭ ئىچكى جۈزئىلىرىدىكى ئورتاق ئامىللارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۇسۇلى ...... 102
3. ئەرەب ئارۇزىدىكى دائىرە شەكىللىرى ۋە ئۇلاردىن بەھرلەرنى ئايرىپ چىقىشنىڭ ئۇسۇللىرى ...... 106

تۆتىنچى باب ئەرەب ئارۇزىنىڭ پارس - تاجىك شېئىرىيىتىگە تەتبىقلىنىشى ...... 123
پارس تىلىدىكى بوغۇملارنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئۇلارنىڭ ئارۇز قائىدىلىرىگە ماسلاشتۇرۇلۇشى ...... 129

بەشىنچى باب پارس - تاجىك شېئىرىيىتىدە بىرلىككە كەلگەن رۇكىن ۋە بەھرلەر ...... 141
1. پارس - تاجىك شېئىرىيىتىدىكى رۇكنلار ھەققىدە چۈشەنچە ...... 141
2. پارس - تاجىك شېئىرىيىتىدىكى بەھرلەر ۋە ئۇلارنىڭ تۈزۈلۈشى ...... 142

ئالتىنچى باب پارس - تاجىك ئارۇزىدا كۆپ ئۇچرايدىغان زىھافلار ...... 150
1. پارس - تاجىك ئارۇزىدىكى زىھافلارنىڭ سانى ۋە ئاتىلىشى ...... 151
2. زىھافلارنىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشى ...... 157
3. زىھافلىق رۇكنلارنىڭ مىسرالاردىكى ئورنى ...... 160
4. پارس - تاجىك ئارۇزىغا خاس يەتتە سالىم رۇكىن ۋە ئەرەب ئارۇزىغا خاس ئۈچ سالىم رۇكنىدىن زىھافلىق رۇكنلارنى ھاسىل قىلىشنىڭ يوللىرى ...... 163

يەتتىنچى باب پارس - تاجىك ئارۇزچىلىقىدىكى دائىرە تەلىماتلىرى ...... 210

سەككىزىنچى باب تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى ئارۇز ...... 247



1. تۈركىي تىللىرىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ يېزىقتا ئىپادىلىنىشى ...... 252
2. تۈركىي تىللىق ئارۇزدىكى رۇكنىغا ئائىت چۈشەنچىلەر ...... 261

توققۇزىنچى باب تۈركىي تىللىق ئارۇزدا بەھر ۋە دائىرە مەسىلىلىرى ...... 279
1. تۈركىي تىللىق ئارۇزدىكى بەھر مەسىلىلىرى ...... 280
2. تۈركىي تىللىق ئارۇزدىكى دائىرە چۈشەنچىلىرى ...... 295

ئونىنچى باب تۈركىي تىللىق ئارۇزدا تەقتىئ قائىدىلىرى ...... 329

ئون بىرىنچى باب پارس - تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە كۆپ قوللىنىلىدىغان ۋەزىن ئۆرنەكلىرى ...... 353
1. ھەزەج بەھرى ...... 357
2. رەجەز بەھرى ...... 396
3. رەمەل بەھرى ...... 405
4. مۇزارىئ بەھرى ...... 413
5. مۇنسەرىھ بەھرى ...... 420
6. مۇجتەس بەھرى ...... 427
7. مۇقتەزەب بەھرى ...... 433
8. سەرىئ بەھرى ...... 438
9. خەفىف بەھرى ...... 443
10. جەدىد (غەرىب) بەھرى ...... 448
11. قەرىب بەھرى ...... 452
12. مۇشاكىل بەھرى ...... 456
13. مۇتەقارىب بەھرى ...... 460

14. مۇتەدارىك بەھرى ........................ 469
15. تەۋىل بەھرى ........................ 476
16. مەدىد بەھرى ........................ 478
17. بەسىت بەھرى ........................ 480
18. ۋافىر بەھرى ........................ 482
19. كامىل بەھرى ........................ 485
قوشۇمچە: ئارۇز ئىلمىدە بىرلىككە كەلگەن رۇكنىلارنىڭ
ئەرەبچە-ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى ........................ 490
پايدىلانغان ماتېرىياللار ........................ 492




# كىرىش سۆز

لىۋ بىن
(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى)

كۆز ئالدىمىزدىكى «ئارۇز ئىلمى» ناملىق بۇ مەخسۇس تەتقىقات ئەسىرى دۆلەتلىك پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەنلەر فوندىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئېرىشكەن مۇھىم بىر تەتقىقات تۈرىدۇر. مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئاپتورى پىروفېسسور زەمىر سەئدۇللازادە جۇڭگودىكى تاجىكلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان تۇنجى دوكتور بولۇپ، تاجىك تىلى، پارس تىلى، خەنزۇ تىلى، ئۇيغۇر تىلى، رۇس تىلى قاتارلىق تىللارغا پىششىق، كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىمدۇر.

نۇرغۇن كىشىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئارۇز ۋەزنى ناھايىتى ناتونۇش، غۇۋا بىر تېما. ئەرەب-پارس ئەدەبىياتىنى تولىمۇ ياقتۇرىدىغان كىشىلەرنىڭمۇ بۇ توغرۇلۇق بىلىدىغانلىرى ئاز ياكى يوق دېيەرلىك. تەتقىقاتنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى، تىل، ماتېرىيال، تەرجىمە قاتارلىقلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ قاتتىق بولغاچقا، ئىلگىرىكى گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان تونۇشتۇرۇش ياكى بايان خاراكتېرلىك نەتىجىلەردىن باشقا، دۆلىتىمىزنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدە ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرلا بۇ ھەقتىكى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. زەمىر سەئدۇللازادەنىڭ بۇ ئىلمىي ئەسىرى رايون، تىل،

مەدەنىيەت ھالقىغان تەتقىقات نەتىجىسى بولۇپ، نەزەرىيەلىرى ھەم ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، ھەم چوڭقۇر ئىلمىي ئانالىز ۋە پىكىرچانلىققا ئىگە. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇ ئەرەب - پارس قەدىمكى ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىرى ۋە ۋەزنىنىڭ شەكىللىنىشى، ئۆزگىرىش جەريانىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ دۆلىتىمىزدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ يازما ئەدەبىياتى بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتىنى ئېچىپ بېرەلەيدىغان خېلى سالماققا ئىگە ئىلمىي ئەسەر. ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ شەرق ئەدەبىياتى تەتقىقاتى، سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە شىنجاڭدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى قاتارلىق ساھەلەردىكى ئىلمىي بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئەھمىيىتىگە ۋە ئۆزلۈكسىز ئېچىش خاراكتېرلىك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە تەتقىقات نەتىجىسىدۇر. ئىشىنىمىزكى، بۇ ئەسەرنىڭ نەشر قىلىنىشى جۇڭگو بىلەن ئەرەب - پارس مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋەت تارىخىغا بولغان تونۇشىمىزنى تېخىمۇ مۇللاشتۇرىدۇ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

جى شيەنلىن ئەپەندى ھايات چېغىدا بىر نەچچە قېتىم مۇنداق دېگەنىدى: «دۇنيادا ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تەسىرى چوڭ، تارىخى ئۇزۇن بولغان مەدەنىيەت سىستېمىسىدىن پەقەت تۆتى بار. ئۇلار: جۇڭگو مەدەنىيەت سىستېمىسى، ھىندىستان مەدەنىيەت سىستېمىسى، ئەرەب ئىسلام مەدەنىيەت سىستېمىسى ۋە يۇنان - رىم، غەربىي ياۋروپا مەدەنىيەت سىستېمىسىدىن ئىبارەت. بۇ تۆت مەدەنىيەت سىستېمىسى ئۇچراشقان جاي پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ



شىنجاڭدۇر.» («يىپەك يولىدىكى ئېلىم - سېتىم تارىخى تەتقىقاتى»، «مۇقەددىمە» 1990 - يىلى 4 - ئاي)

مۇشۇنداق جۇغراپىيەلىك ئەۋزەل شارائىت ۋە تارىخىي ئامىللار سەۋەبىدىن ئاسىيانىڭ كىندىكىگە جايلاشقان جۇڭگو شىنجاڭ ئىككى مىڭ نەچچە يىلدىن بېرى خىلمۇخىل مەدەنىيەتلەر ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلىدىغان سەھنىگە ئايلىنىپ، ئۆزگىچە شەكىل ۋە ئۇسلۇبقا ئىگە ھەرخىل مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. يىپەك يولى قەدىمكى دەۋردە پەقەت سودا يولى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەرخىل ئىدىيە، مەدەنىيەتلەر ئالماشتۇرۇلىدىغان ۋە قوشۇلىدىغان يول ئىدى. قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ يىپەك يولىدىكى ئالمىشىش سۈرئىتى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بولۇپ، نەتىجىسى مول، ئەھمىيىتى چوڭقۇردۇر. ئۇنىڭ ئىچىدە تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە مىسالدىن بىرى شۇكى، ئوتتۇرا قەدىمكى زامان ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى «ئارۇز ۋەزىن سىستېمىسى» يىپەك يولىنى بويلاپ شەرققە تارقىلىپ، پارس ئەدەبىياتىنىڭ يېڭىلىنىشى ئارقىلىق، ئەڭ ئاخىرىدا غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇڭگو شىنجاڭدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ كلاسسىك شائىرلىرى تەرىپىدىن تۈركىيلەشتۈرۈلۈپ، ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ، نەپىس، ئۆلمەس ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان شېئىرىي ۋەزىن سىستېمىسىغا ئايلانغانىدى. ئارۇز ۋەزنىدە نۇرغۇنلىغان بەھر شەكىللىرى بار بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر شائىرلىرىنىڭ شېئىرىي

ئىجادىيىتىدە ئىزچىل قوللىنىلماقتا. بۇ خىل بەھر شەكىللىرى 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەردە شەكىللەنگەن «ئەركىن شېئىرلار» ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان پەيدا بولغان يېڭى شېئىرلار بىلەن ئورتاقلىقتا ۋە ماسلىشىشچانلىقتا ئىگە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئارۇز سىستېمىسى جۇڭگو شىنجاڭدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ھەتتا شىمالىي ئافرىقىدىكى كۆپلىگەن مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، يەنە مۇشۇ مىللەتلەرنىڭ رەڭگارەڭ «مۇقام» مۇزىكا سىستېمىسىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ، «مۇقام»نى مىللىيچە خاسلىقتا، ئەدەبىيات بىلەن مۇزىكىنى ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلغان.

جۇڭگو ئەدەبىيات ساھەسى ئەرەب-پارس ئەدەبىياتى بىلەن ناتونۇش ئەمەس. 20-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن باشلاپلا، ئەرەبلەرنىڭ دۇنياغا داڭلىق ئەدەبىي ئەسىرى «مىڭ بىر كېچە»، كىلاسسىك پارس شائىرى ئۆمەر ھەييامنىڭ «رۇبائىيات» قاتارلىق ئەسەرلەر ئىلگىرى-كېيىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، بىر ئەسىردىن بۇيان ئۈزلۈكسىز يېڭىلانغان تەرجىمە نۇسخىلىرى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشمەكتە. ئەمما، ئاز قىسىم كىشىلەرگىلا مەلۇمكى، قەدىمكى ئەرەب-پارس ئەدەبىياتىدىكى نۇرغۇنلىغان كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە قىلىش ياكى كۆچۈرۈلۈش ئارقىلىق ئېلىمىز شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات سىستېمىسىغا سىڭىپ كىرىشى خەنزۇ ئەدەبىياتىغا سىڭىپ



كىرىشىدىن نەچچە ئەسىر بالدۇر بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ خىل ئەدەبىياتنىڭ تارقىلىشى تېما، ژانىر، ئۇسلۇب قاتارلىق جەھەتلەردە ھەرقايسى مىللەت ئەدەبىياتىدا چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇرغان. يەنىمۇ ئازسانلىقلارغا مەلۇمكى، 900 نەچچە يىل مابەينىدە ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك قاتارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ كىلاسسىك شائىرلىرىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى ئاساسىي جەھەتتىن پارسلار ئارقىلىق ئەرەب ئەدەبىياتىدىن كىرگەن «تۈركىيلەشكەن» ئارۇز ئىلمىگە رىئايە قىلغان. ئەگەر «مىڭ بىر كېچە»نى ئەرەب كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى بىر يۇقىرى پەللە يەنى ئاببالسىيلار خەلىپىلىكى دەۋرىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتىغا قوشقان تۆھپىسى دېيىلسە، ئۇنداقتا، دوكتور زەمىر سەئدۇللازادە مەزكۇر ئەسىرىدە تەپسىلىي بايان ۋە تەتقىق قىلغان ۋە ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان گۈللەنگەن دەۋرىدىكى شېئىرىيەت نەزەرىيەسىگە تەۋە بولغان ئارۇز ئىلمى ئەرەبلەرنىڭ شېئىرىيەت ئىلمى ساھەسىدە دۇنيا ئەدەبىياتىغا قوشقان يەنە بىر تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ.

تارىخىي تىلشۇناسلىقنىڭ نەسەب ئايرىش ئۇسۇلى بويىچە قارىغاندا، ئەرەب-پارس تىلى بىلەن تۈركىي تىللارنىڭ ھېچقانداق تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى يوق. ئۇنداقتا، پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان تىل سىستېمىسى ۋە تىل ئائىلىسىدە تىپىك «تىل سەنئىتى» ھېسابلانغان شېئىرلار قانداق قىلىپ مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئوخشاش بىر ۋەزىن سىستېمىسىدىن ئورتاق بەھرىلىنىپ كەلگەندۇ؟ ئارىلىقتا قانداق تارقىلىش، ئۆزگىرىش، قوبۇل قىلىش

جەريانى مەۋجۇتتۇ؟ قانداق قانۇنىيەتلىك ئىلھام ۋە مەنىلەر يوشۇرۇنغاندۇ؟ بۇنىڭغا ئوخشىغان مەسىلىلەر دۇنيا ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا تەتقىقاتچىلارنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا ئۈندەيدىغان تېمىدۇر.

ئارۇز نەزەرىيەسى 8-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىدە شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۆزلۈكسىز مۇكەممەللىشىش ۋە قائىدىلىشىش جەريانىدا، ئەرەب كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى غايەت زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى.

مىلادىيە 9-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئارۇز نەزەرىيەسى پارس-تاجىك كلاسسىك شېئىرىيىتىدە قوللىنىلىشقا باشلاپ، بىر قىسىم داڭلىق شائىرلار مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭدەك 600 يىلدىن كۆپرەك ئىزدىنىش ئارقىلىق، پارس ئەدەبىياتىغا خاس بولغان «ئارۇز ۋەزنى نەزەرىيەسى» شەكىللەندى.

مىلادىيە 11-ئەسىردىن باشلاپ ئارۇز نەزەرىيەسى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگو شىنجاڭدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ كلاسسىك شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە قوللىنىلىشقا باشلاپ، ئېلىمىز ئۇيغۇرلىرىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»قا ئوخشاش چوڭ تىپتىكى پەلسەپىۋى داستانلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەلىشىر نەۋايى ۋەكىللىكىدىكى بىر تۈركۈم شائىرلارنىڭ پارلاق «چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرى»نى يارىتىشىغا يول ئېچىپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى. شۇنىڭدەك 500 ـ 600 يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇر، ئۆزبېك قاتارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئارۇز



نەزەرىيەسى شەكىللەنگەن.

پىروفېسسور زەمىر سەئدۇللازادە مەزكۇر ئەسەردە يۇقىرىقى ئۈچ خىل مۇناسىۋەتنىڭ جەريانىنى بايان قىلىپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن: ئارۇز ئىلمىنىڭ شەرققە تارقىلىش تارىخىنى بايان قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا ئەمەلىي قوللىنىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا پۈتۈنلۈك ۋە ئايرىملىق بويىچە تەھلىل يۈرگۈزگەن؛ ماتېرىياللارنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ئارۇز نەزەرىيەسىنىڭ ئۈچ چوڭ تىل گۇرۇپپىسىدا قوللىنىلغاندا ئىپادىلىگەن ئورتاقلىقىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن يىغىنچاقلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئەنئەنىگە مۇناسىۋەتلىك ئۆزگىچىلىكلىرىنى تولىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن پەرقلەندۈرگەن.

ھازىرغا قەدەر خەلقئارا ئارۇز ئىلمى تەتقىقات ساھەسىدىكى (چەت ئەللەردە بەزىدە «ئارۇزشۇناسلىق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تەتقىقاتلار ئاساسەن دېگۈدەك پەقەت ئۆز ئانا تىلىدىكى ئارۇز ۋەزنىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلغاچقا، بىر تەرەپلىمە قاراشلاردىن ۋە ماتېرىيال چەكلىمىلىكىدىن ساقلىنالمىغان. زەمىر ئەپەندىنىڭ مەزكۇر ئەسىرىنى مۇشۇ ساھەدىكى يېڭىچە ئىلمىي كۆزىتىش نۇقتىسىنى ئاچقان. ماكرو، مېزو ۋە مىكرو تىپتىكى تەتقىقاتلارنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، يېڭىچە بىر ئىلمىي مەنزىرىنى شەكىللەندۈرگەن تۇنجى تەتقىقات مېۋىسى، شۇنداقلا كىشىلەر ئۈچۈن شەرق ئەدەبىياتىدىكى «ئارۇز ۋەزنى» ھادىسىسىنى تولۇق

يۈنىلىشتە تەتقىق قىلىپ چىقىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا بولغان قانۇنىيەتلىك تونۇشىنىڭ يېڭى بىر تېمىسىغا قارىتا چوڭقۇرلاش ئېلىپ بارغان دېيىشكە بولىدۇ. مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئىلگىرىكى بىرلا خىل تىلدىكى تەتقىقاتتىكى ئارۇز نەزەرىيەسىگە بولغان خاتا چۈشەنچە، خاتا ئوقۇش، ھەتتا يۈزەكى قاراشلارنىڭ تۈزىتىلىشىگە ياردىمى تېگىدۇ. كىتابنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ يېڭىچە ئىلمىي پىكىر ۋە ئىلمىي قىممىتىدە كۆرۈلىدۇ.

مەزكۇر كىتابنىڭ يەنە بىر كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى بولسا، ماتېرىياللىرى تەپسىلىي، ئېنىق، ئىشەنچلىك، بايانلىرى ئەستايىدىل، ئىستىلى ساغلام. ئاپتور باشقىلارغا قارىغاندا تىل ئەۋزەللىكىگە ئىگە بولغاچقا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاسپىرانتلىق ئوقۇش ۋە زىيارەت جەريانلىرىدا كۆپ خىل تىلدىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى، يەنى پارس-تاجىكچە، يېقىن قەدىمكى چاغاتايچە، ئۇيغۇرچە، رۇسچە ۋە خەنزۇچە قاتارلىق تىللاردىكى نوپۇزلۇق، ئىشەنچلىك ماتېرىياللارنى توپلاپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم قول يازمىلارنىڭ ئەسلىي تېكىستىنى تولىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىققان. نۇرغۇنلىغان مۇرەككەپ، چۈشىنىش قىيىن بولغان كىلاسسىك شېئىرىي ئاتالغۇ، ئۇقۇم، ۋەزىن قائىدىلىرىنى ھازىرقى زامان تىلى بويىچە ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق، ئاممىباب يوسۇندا چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان بولۇپ، ئوقۇرمەن قىلچىمۇ چۈشىنىكسىزلىك ھېس قىلمايدۇ.

پروفېسسور زەمىر سەئدۇللازادە ئىلمىي تەتقىقاتتا ئېھتىياتچان، ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان، بۇرچ



تۇيغۇسىغا ئىگە ئالىم. ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقىنىمغا 20 نەچچە يىل بولدى. ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئورنىغا تەقسىم قىلىنغان بولۇپ، دەسلەپكى تەتقىقاتتا ئۆز بىلىمىنىڭ كەملىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق تىل-ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدا ئىككى يىل بىلىم ئاشۇرغان. ئارقىدىنلا، تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيەسى رۇدەكى نامىدىكى تىل-ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنى ۋە پەلسەپە تەتقىقات ئورنى، تاجىكىستان دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئۇدا يەتتە يىل بىلىم ئاشۇرغان. 1995-يىلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دىسسېرتاتسىيە ياقلاپ، رۇسىيە فېدېراتسىيەسى ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان كومىتېتى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا تىل-ئەدەبىيات پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىلگەن. ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا پروفېسسور. مەن ئىلگىرى ئۇنىڭغا قايىل بولغان ھالدا: «سىز بەلكىم دۇنيادىكى ئوقۇش تارىخى ئەڭ ئۇزۇن ساناقلىقلا كىشىلەردىن بولۇشىڭىز مۇمكىن. باشلانغۇچتىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەردە 26 يىل ئىسسىق-سوغۇقنى بېشىڭىزدىن ئۆتكۈزدىڭىز» دېگەنىدىم. ھالبۇكى، بۈگۈنكى كۈندە دوكتورلۇقنى نورمال ئەھۋالدا 20 يىلدا تاماملاشقا بولىدۇ. ئىلىم دەرياسىغا ئۈزلۈكسىز

شۇڭغۇپ، جاپالىق ئوقۇغانلىقتىن، ئۇ ئوتتۇرا ياشقا بارغاندا ئاندىن تۇرمۇش قۇرغان.

مەندە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇپ، مېنى ھاياجانلاندۇرغىنى شۇكى، ئۇ تاجىكىستاندا ئوقۇپ ئىككى يىل بولغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغانلىقىنى جاكارلىغان ۋە تاجىكىستان مۇستەقىل دۆلەت بولغانلىقىنى ئېلان قىلغانىدى. شۇ ۋاقىتتىكى قالايمىقانچىلىقلارنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە، تاجىكىستاندا سىياسىي، دىنىي، مىللىي زىددىيەتلەر كەسكىنلىشىپ، ئىقتىساد زور دەرىجىدە چېكىنگەن ۋە سىرتقى كۈچلەرنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن تاجىكىستاندا ھۆكۈمەتكە قارشى قورallىق كۈچلەر ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغانىدى. ئەنە شۇنداق جاپالىق يىللاردا، زەمىر سەئدۇللازادەنىڭ دۆلەت ئىچى بىلەن بولغان ئالاقىسى دائىم ئۈزۈلۈپ قېلىپ، ئىقتىسادتىن قىسىلىپ، ئاچلىق ۋە سوغۇقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئۆگىنىش ئىرادىسىدىن قىلچىمۇ تەۋرەنمەي، دۇشەنبە شەھىرى ياقىسىدىن بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ، شۇ يەردە ئۆگىنىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئوقۇش ئىرادىسىدە قەتئىي چىڭ تۇرىدۇ. شۇ جەرياندا ئۇ خېلى بىر مەزگىلگىچە زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ ئارىسىدا قالغان ھاياتىغا تەۋەككۈل قىلىپ، ھەپتىدە بىر قېتىم شەھەر مەركىزىگە بېرىپ ماتېرىيال كۆرۈپ، ئۇستازىدىن مەسلىھەت ئالىدۇ. مانا مۇشۇنداق روھ بولغاچقا، جۇڭگولۇق بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئىلمىي ماقالە دىسسېرتاتسىيە ياقلاش يىغىنى ئادەتتىن تاشقىرى داغدۇغا ۋە قىزغىنلىق ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.



دۆلىتىمىز ئەلچىخانىسىمۇ دىسسېرتاتسىيە ئاڭلاشقا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىدۇ. كېيىنكى پۇرسەتتە مەن شۇ قېتىملىق دىسسېرتاتسىيە ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ ئۇنىڭ ماقالىسىدىن رازى بولغان باھا سۆزلىرىنى ئوقۇغىنىمدا، بۇ قىممەتلىك نەتىجىنىڭ ئاسان قولغا كەلمىگەنلىكىنى ناھايىتى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ ئىلمىي ماقالىسى ۋە ئۇ ئېرىشكەن ئىلمىي ئۇنۋان ئۇنىڭ بىلىمىنىڭ يۈكسەكلىكىنى ئىپادىلەپ بەرمەستىن، يەنە ئۇنىڭ روھىنىڭمۇ يۈكسەكلىكىنى ئىپادىلەپ بەردى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ماقالىسىنىڭ ئىلمىي قىممىتىنىلا ئىسپاتلاپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىدىيەسىنىڭ قىممىتىنىمۇ ئىسپاتلاپ بەردى.

پروفېسسور زەمىر سەئدۇللازادە ھازىر تەتقىقاتىنىڭ قىران مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ. بىز ئۇنىڭ تېخىمۇ كۆپ، مۇنەۋۋەر تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشىگە تىلەكداشمىز. ئەلۋەتتە، «ئارۇز ئىلمى» ناملىق بۇ ئەسىرىنىڭ خەنزۇچىغا تېزراق تەرجىمە قىلىنىپ نەشىردىن چىقىشىنى، تېخىمۇ كۆپ تەتقىقاتچىلار ۋە قىزىققۇچى ئوقۇرمەنلەرنىڭ كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان بۇ كىلاسسىك بىلىملەردىن ئورتاق بەھرىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

2011-يىل 4-ئاينىڭ 12-كۈنى

# 序 言

刘宾
（新疆维吾尔自治区文联党组书记）

我们面前的这本《阿鲁兹格律理论》研究专著，是由国家哲学社会科学基金资助的研究项目。作者扎米尔·赛都拉教授，是我国塔吉克族第一位博士，是一位精通塔吉克语、波斯语、汉语、维吾尔语、俄语等文种的杰出学者。

“阿鲁兹格律”对于大多数人，是很陌生的一个话题。即使是热爱阿拉伯和波斯文学的人，对此也所知极少。由于研究难度极大，对语言、资料和翻译的要求极高，除了过去散见于报刊的一些介绍性、描述性的成果外，我国学术界历来很少有人涉足于这个专门领域。扎米尔·赛都拉先生的这部专著，是一个跨地域、跨语言、跨文化研究的跨界课题成果，既有比较全面、系统的理论梳理，又有具体深入的学术论证。可以说，在我国它是研究阿拉伯-波斯古代文学形式与格律的生成与演变、揭示它们同我国操突厥语民族书面文学密切关系的第一部有份量的学术专著。它在我国东方文学研究、比较文学研究和新疆操突厥语诸民族的古典文学研究等领域，都具有填补学术空白的意义和开拓性的学术价值。这本专著的出版，必将进一步丰富和深化我们对中国与阿拉伯-波斯文化关系史的认识。

季羡林先生生前曾经不止一次地说过：“在全人类历史上，影响深远、持续时间很久的大的文化体系只有四个，这就



是：中国文化体系、印度文化体系、闪族伊斯兰文化体系、希腊罗马西欧文化体系，而这四大文化体系汇流的地方只有一个，这就是中国的新疆地区。其所以能够在这里汇流，则要归功于贯穿全区的丝绸之路。”（《丝绸之路贸易史研究》·《序》，1990 年 4 月）

正是因为这样一种得天独厚的地理和历史因缘，身处亚洲腹地的中国新疆，两千多年来一直是各种文化交流的平台，融合了形态和色彩不同的各种文化元素。“丝绸之路”不仅是古代世界的通商和互惠之路，还是各种思想文化的交流与融合之路。在“丝绸之路”上，古代文明的各种交流速度惊人，成果丰富，意义深远。其中一个极具典型意义的例证便是：源自中古阿拉伯文学的“阿鲁兹格律”体系沿着丝绸之路东传，经由波斯文学的改进，最后被西亚、中亚和中国新疆操突厥语民族的古典诗人“突厥语化”，成为使用极为广泛、高级典雅、生命力历久不衰的诗歌格律体系。阿鲁兹格律中的许多韵律形式，至今还运用于如维吾尔族等民族的作家诗歌创作中。它们同 20 世纪上半期各民族中出现的“新格律诗”和改革开放以来出现的现代诗歌相映成趣、并行不悖。同时，阿鲁兹格律体系不仅深刻影响了从中国新疆到中亚、西亚、直至北非许多民族的文学，甚至还影响到这些民族各自不同的“木卡姆”乐曲系统，使“木卡姆”成为具有独特民族个性、文学与音乐不可分离、浑然一体的“天籁之音”。

中国文学学术界对阿拉伯文学和波斯文学并不陌生。早从 20 世纪初开始，著名的阿拉伯文学作品《一千零一夜》、古代波斯大诗人欧玛尔·海亚姆的《鲁拜集》（四行诗集）等作品就都陆续有了汉文译本；一个世纪以来，不断有新的重译本陆续问世。但是，人们知之甚少的是，许多古代阿拉伯文学和波

斯文学的经典作品，经翻译或移植手段传入我国新疆维吾尔等民族语文系统的时间，要远远早于进入汉语文系统。而且，这种文学传播在文学题材、体裁和风格等多方面，在许多民族的文学中留下了产生深刻影响的鲜明痕迹。更鲜有人知道的是，900 多年以来，我国维吾尔、乌孜别克族等操突厥语民族的古典诗人们的大批杰作，基本上都恪守了取自波斯文学、来源于阿拉伯文学的“突厥语化”的“阿鲁兹格律理论”。如果说，《一千零一夜》是阿拉伯古代文学的一个高峰时期——阿巴斯王朝时期在文学作品上对世界文学的一个贡献的话，那么，扎米尔·赛都拉博士在这部专著里系统论述和研究的，则涉及到了在同一时期阿拉伯文学在诗学理论上对世界文学的另一个贡献。

阿拉伯语、波斯语同突厥语族诸语言，在历史语言学的谱系分类法上没有任何亲属关系。那么，在完全不同的语系、语族中，作为典型的“语言艺术”的诗歌，何以能够在一千多年时间里和谐地共享同一种格律体系？这中间存在着怎样的传播、变化和接受过程？隐含了哪些有规律性的启示或意义？诸如此类的问题，在世界文学研究中是引人入胜、催人深究的课题。

阿鲁兹格律理论于公元 8 世纪中期形成于阿拉伯阿巴斯王朝，在不断完善和规整的过程中，极大地推动了阿拉伯古典诗歌的迅速发展。

公元 9 世纪后半期，阿鲁兹格律理论开始应用于波斯-塔吉克古典诗歌创作，涌现出了一大批杰出诗人，并且经过 600 多年的探索，形成波斯文学自身的“阿鲁兹格律理论”。

公元 11 世纪开始，阿鲁兹格律理论开始在中亚和我国新疆突厥语族民族的古典诗歌创作中应用，产生了如我国维吾尔



族《福乐智慧》、《真理的入门》这样的大型哲理长诗著作；也促成和推进了以大诗人艾利希尔·纳瓦依为代表、群星灿烂的“察合台文学时期”。同样，经过了 500 年至 600 年的发展，才最终形成了维吾尔、乌孜别克等突厥语族民族自身的阿鲁兹格律理论传统。

扎米尔·赛都拉教授在本书中对上述三个相互关联的过程，分别进行了详细的阐述；描述出阿鲁兹格律理论东传的历史轨迹；对它在不同民族文学实践中的应用情况进行了整体论述和个案分析；在对资料进行比较研究的基础上，审慎地概括了阿鲁兹格律理论在这三个大的语族中在应用上表现的共同性，同时也细致地区分出他们各自与其文化背景和传统相关的特殊性。

在迄今为止的国际阿鲁兹格律理论研究领域（在国外有时称之为“阿鲁兹学”）里，几乎所有的研究都是只囿于本民族母语阿鲁兹格律开展的研究，未免视角单一，资料局限。扎米尔先生的这部著作，可以说是首劈新径，开拓出一个新的学术视野，展现了运用宏观、中观研究和微观研究相结合的一种学术新景观，为人们提供了一个全方位地探讨东方文学中的“阿鲁兹格律”现象，深化对人类文明交流规律认识的新的话语场。它有助于匡正在过去单一语种视角的研究中对阿鲁兹格律理论的误解、误读甚至偏见。这是本书最突出的特点，也是它的学术新意和学术价值的最重要的体现。

本书的另一方面的突出特点是，资料翔实可靠、论述严谨、学风扎实。由于作者具有他人少有的语言优势，使这项研究能够借助于作者在国内外研读和访学期间搜集到的多种语文，如波斯-塔吉克文、近古察合台文、维吾尔文、俄文以及汉文的权威、可靠资料而进行。对其中一些古籍原本，扎米尔先生还

进行了细心的对照和比较。对许多深奥难解的古典诗律术语、概念和韵律规定，作者尝试使用现代语言辅以实例给出通俗的解释，使人读起来并不感觉晦涩难懂。

扎米尔·赛都拉教授是一位研读勤奋、治学十分严谨、极富责任感和使命感的学者，我结识他已经有 20 多年。他大学毕业后被分配在新疆社会科学院民族文学研究所工作，在最初的研究中深感知识的欠缺。这以后，他在北京大学东方语言文学系进修了两年；接着又去塔吉克斯坦共和国科学院鲁达基语言文学研究所、哲学研究所和塔吉克斯坦国立大学连续攻读了七年。1995 年顺利通过学位论文答辩，被俄罗斯联邦暨独联体国家最高学术委员会授予语文学博士学位。回国后，在新疆社会科学院担任过中亚研究所副所长。现为新疆大学教授。我曾经不无钦羡地对他说过：“你可能是世界上为数不多的学历最长的人了，从小学算起，在各级学校里竟然寒窗苦读了 26 年！”而当今读成一位博士，通常也不过是 20 年左右。因为不间断地埋头书海苦读，时至中年他才成家立业。

让我印象尤为深刻和倍受感动的是，他赴塔吉克斯坦留学两年后，前苏联即宣告解体，塔吉克斯坦共和国宣布独立。当时出现的乱局是可想而知的。在相当长的一段时间里，塔吉克斯坦政治、宗教、民族斗争激烈，经济大幅倒退，在外部势力干扰下，塔吉克斯坦反政府武装又挑起了内战。在那段艰苦万分的岁月里，和国内的联系时常中断，他常常陷于失去接济、倍受冻馁的困境。即便如此，他也丝毫没有动摇过学习的决心，只身租住在首都杜尚别市郊外的一处住宅里顽强坚守。有一段时间，他每周都要冒着被炮火流弹击中的巨大生命危险，数次往返于市中心的大学查阅资料，向导师请教。正是这样一种精神，使得这位中国留学生毕业时的学位论文答辩会变得格外隆



重和热烈，我国大使馆也派出专人出席旁听。当我后来有机会读到当时答辩委员们对他的论文充满赞许之情的那些评语时，我深知这份沉甸甸的珍贵成果来之不易！他的学位论文和他获得的学位，不仅体现了他的知识高度，也体现了他的精神高度；不仅证明了他的学术质量，也证明了他的思想质量。

扎米尔·赛都拉教授现在正处于他的学术生涯的壮年时期，我们期待着他有更多的优秀研究成果问世。当然，我们更希望这部《阿鲁兹格律理论》能够尽快译成汉文出版，使更多的研究人员和有兴趣的读者能够共享这个领域里那些引人入胜的古代知识。

2011 年 4 月 12 日

## مۇقەددىمە

# ئارۇز ئىلمى بېسىپ ئۆتكەن يول — تارىختىكى بىر قىسىم مۇھىم ئەسەرلەرگە نەزەر

بىزگە مەلۇمكى، شېئىر ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكىللىرىدىن بىرى. قايسىلا مىللەت ئەدەبىياتىدا بولمىسۇن شېئىر خەلق ئىجادىيىتىدىن باشلانغان بولۇپ، شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بۇ ساھەدە پەيدىنپەي قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر، بايقاشلار نەتىجىسىدە ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، چۇۋالچاقلىقتىن مۇكەممەللىككە قاراپ راۋاجلىنىپ، تىل ئالاھىدىلىكلىرى ۋە مىللىي خاسلىق ئاساسىدا قېلىپلاشتۇرۇلغان. شېئىرىيەتتە ئومۇم ئېتىراپ قىلىنغان ۋە ئورتاق بويسۇنىدىغان نەزەرىيەنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەم ئۇنىڭ تەدرىجىي مۇكەممەللىشىشى شېئىردىن ئىبارەت بۇ سەنئەت شەكلىنى ئاددىيلىقتىن مۇكەممەللىككە يۈزلەندۈرۈپ، كۈچلۈك كەسپىي خاراكتېرگە ئىگە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى نەزەرىيەنىڭ ئۆزىمۇ كۈچلۈك كەسپىي خاراكتېر ئېلىپ، كىشىلەرنىڭ پەقەت ئىجادىيەت ساھەسىدە ئۆزلۈكسىز قولغا كېلىۋاتقان نەتىجىلەرنى ۋاقتىدا خۇلاسىلەپ، پايدىلىق ئامىللارنى قېزىپ، ئىجادىيەتنىڭ كېيىنكى تەرەققىيات يولىنى يورۇتۇش ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان مەخسۇس كەسپىگە ئايلانغانىدى. يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق خەلقلىرىنىڭ شېئىرىيىتىدە مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولغان ۋە

تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ھېچقانداق تۇغقاندارچىلىقى بولمىغان، ئوخشىمىغان تىل سىستېمىلىرىغا مەنسۇپ ئەرەب، پارس ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا غايەت زور رول ئوينىغان ئارۇز ئىلمى نەزەرىيەسىمۇ دەل شۇنداق كۈچلۈك كەسپىي خاراكتېرگە ئىگە نەزەرىيەلەردىندۇر.

ئارۇز ئىلمى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ شېئىرىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرتكىلىك رولى شۇ دەۋرنىڭ ئۆزىدىن باشلاپلا نۇرغۇن ئالىملارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىپ، كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىدىغان ئىلمىي ساھەگە ئايلانغانىدى. شۇڭا، ئارۇز ئىلمىنىڭ بىر نەزەرىيە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى گەرچە 8 - ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن ئەرەب ئالىمى خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ نامى بىلەن باغلىنىشلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاددىي بىر نەزەرىيەدىن مۇكەممەل بىر نەزەرىيەۋى سىستېمىغا ئايلىنىشى يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى ئوخشىمىغان قوۋملاردىن يېتىشىپ چىققان ۋە ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ياشىغان كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ بۇ ساھەدىكى ئورتاق ئىزدىنىشى ۋە تىرىشچانلىقىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنى نوقۇل ھالدا بىرەر ئادەمگە ياكى بىرەر مىللەتكە تەۋە دەپ قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارۇز ئىلمىگە قايسى دەۋردە كىم تەرىپىدىن قانداق يېڭى مەزمۇن قوشۇلغانلىقى ۋە قايسى جەھەتتىن بېيىتىلغانلىقى توغرۇلۇق قىسمەنلىكنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەن، مەزكۇر ساھەگە تەۋە تارىخىي - نەزەرىيەۋى ئەسەرلەردە ئاساسەن ئېنىق مەلۇماتلار بېرىلگەن بولۇپ، ھېچقانداق مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. بۇ مەسىلىگە ئائىت نۇرغۇن ئىلمىي



مەسىلىلەرمۇ كىتابىمىزدا ئارۇز ئىلمىنىڭ ئەرەب، پارس ۋە تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتتىكى ئومۇمىي ئەھۋالىغا بېغىشلانغان ئايرىم بابلىرىدا ئۆزلۈكىدىن روشەنلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، بىز بۇ يەردە ئارۇز ئىلمىنىڭ شەكىللىنىپ مۇكەممەللىشىشىدە كىمنىڭ قانچىلىك تۆھپىسى بارلىقى ئۈستىدە ئايرىم مۇنازىرە يۈرگۈزمەستىن، پەقەت ئارۇز ئىلمى تارىخىدىكى بەزى مۇھىم شەخسلەر ۋە ئەسەرلەر توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە بېرىش بىلەن چەكلىنىمىز.

ھەر قانداق بىر ئەدەبىياتنىڭ يېڭى تەرەققىياتى تەبىئىي رەۋىشتە ئۇنىڭ ئالدىنقى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق زامانغا لايىق يېڭىلىق يارىتىش يولى بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئەدەبىياتتىكى ۋارىسلىق ماددىي ماتېرىيالغا ئايلانغان، زور بىر سالماقنى ئىگىلەيدىغان مىراسقا ئاساسلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتكە ئايلىنىشى كۈچلۈك نەزەرىيەنىڭ يېتەكچىلىكىنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇنداق نەزەرىيە دەل شۇ مىراسقا ئايلانغان ئەدەبىياتنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يىغىنچاقلاش ۋە ئىلمىي نۇقتىدىن خۇلاسىلەش ئاساسىدا مەيدانغا كېلىپ، ئۆز نۆۋىتىدە بىر تەرەپتىن، ئەدەبىياتنىڭ كېيىنكى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇنىڭ يېڭى تەرەققىيات يولىنى يورۇتسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن يېڭى نەتىجىلەر بىلەن بېيىپ، تاكامۇللىشىدۇ. يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتنىڭ 8 - ئەسىردىن كېيىنكى گۈللىنىشىدىمۇ، ئۆز تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىلا ئۆزىنىڭ تۇرلۇك ئالاھىدىلىكلىرىگە ماس

كېلىدىغان كۈچلۈك نەزەرىيەنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە شانلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتكەنىدى.

يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەدەبىيات ئوخشىمىغان تىللاردا راۋاجلاندۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەدەبىياتلارنىڭ ئىجادىي ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلغان نەزەرىيە ئومۇمىيلىققا ئىگە بولۇپ، تۆۋەندىكى ئۈچ چوڭ بۆلەك بويىچە سىستېمىلاشتۇرۇلغان:

1) **ئارۇز ئىلمى** ( علم عروض ): بۇ شېئىرىي ئەسەرلەردىكى ۋەزىن-رىتىم قانۇنىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ تۈرلۈك قائىدىلىرى توغرىسىدىكى بارلىق ئىلمىي خۇلاسىلەر ۋە بايقاشلارنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ ئېموسىيوناللىق[①] تەسىرىنى ئاشۇرۇش ۋە بەدىئىي سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم يېتەكچىلىك رولىنى ئوينىغان.

2) **قاپىيە ئىلمى** (علم قافيه ): بۇ شېئىرىي ئەسەرلەردىكى قاپىيە ۋە ئۇنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرى، تۈرلۈك ئەدەبىي ژانىرلار ۋە شەكىللەرگە ئائىت نەزەرىيەۋى بىلىملەر شۇنداقلا ئۇلارنىڭ رولى توغرىسىدىكى بايقاشلارنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ گۈزەللىكىنى ئاشۇرۇپ، تەسىرچانلىقىنى كۈچەيتىشتە ئەھمىيىتى ھەقىقەتەن زور بولغان. كىلاسسىك ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ ئەدەبىي تەنقىد ۋە ئەدەبىياتنىڭ باشقا ساھەلىرىگە ئائىت تەلىماتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاساسەن مۇشۇ قىسىمدا بايان قىلىنغان.

3) **بالاغەت ئىلمى** (علم بلاغت — بەزىدە — علم بديع): بۇ

---

[①] ئېموسىيوناللىق — ئىنسان ھېسسىياتىغا بولغان تەسىرى.



ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بالاغەتكە يېتىشكە ئائىت ئىلىم بولۇپ، يېتۈكلۈك ئىلمى ياكى گۈزەللىك ئىلمىناملىرى بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئىشلىتىلىدىغان تۈرلۈك بەدىئىي سەنئەتلەرگە ئائىت نەزەرىيەۋى بىلىملەرنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، كىلاسسىك ئەدەبىياتتىكى بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپ خىل ئۇسلۇب، شەكىللەر بويىچە تەرەققىي قىلىشىنىلا ئەمەس، بەلكى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي سۈپىتىنى ئۆستۈرىدىغان بارلىق ئىچكى ئامىللارنىڭ ئاڭلىق قوللىنىلىشى نەتىجىسىدە مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە بىرلەشتۈرۈلۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

مەزكۇر كىتابتا مۇھاكىمە قىلىنىدىغان ئارۇز ئىلمى ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتشۇناسلىققا ئائىت يۇقىرىدىكى ئۈچ چوڭ نەزەرىيەۋى بۆلەكنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق خەلقلىرى ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن، مىللەت ۋە دۆلەت چېگراسىدىن ھالقىغان، مۇرەككەپ تەرەققىيات جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مۇكەممەل بىر نەزەرىيەۋى سىستېما ھېسابلىنىدۇ. بىز ئارۇز ئىلمىنىڭ مىللەت ۋە دۆلەت چېگراسىدىن ھالقىشتەك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ ئەرەب، پارس-تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق ئەدەبىيات تارىخىدىكى تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئايرىم-ئايرىم ھالدا نەزەر سېلىپ ئۆتىمىز.

### 1. ئەرەب ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئارۇز ئىلمى

ئارۇزنىڭ شېئىرىيەتكە ئائىت بىر ئىلمىي نەزەرىيە سۈپىتىدە ئەڭ دەسلەپ ئەرەب ئالىمى خەلىل ئىبنى

ئەھمەد (ئەبدۇرەھمان ئەل خەلىل ئىبن ئەھمەد ئەل فەراھىدى ئەل بەسرى، 719 — 791) تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى تارىختىكى ئەدەبىياتشۇناسلار تەرىپىدىنمۇ ۋە ھازىرقى تەتقىقاتچى ـ ئالىملار تەرىپىدىنمۇ بىردەك ئېتىراپ قىلىنىدىغان، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئىلمىي پاكىتتۇر. تارىختا، خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ ئارۇز نەزەرىيەسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى، گەرچە شېئىر ۋە شېئىردىكى ۋەزىن ـ رىتىم، ئاھاڭدارلىق قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق خۇسۇسىيەتلەر ئىچىگە يوشۇرۇنغان قانۇنىيەتلەرنى قېزىپ چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن ئاڭلىق ھالدا پايدىلىنىشنى ئوتتۇرىغا قويغان بىرەر شەخسنىڭ ئۆتكىنى مەلۇم ئەمەس. شۇڭا، ئارۇز ئىلمىنىڭ بىر نەزەرىيە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ نامى بىلەن باغلىنىدۇ.

خەلىل ئىبنى ئەھمەد شۇ دەۋرلەردە بەسرەدە ياشاپ، پۈتۈن ئەرەب دۇنياسىدا داڭ چىقارغان مەشھۇر ئالىملاردىن بىرى بولغان ئەبۇ ئەمىر ئىبنى ئەلانىڭ شاگىرتلىرىدىن بولۇپ، تىل، ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ساھەسىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كېيىنچە شاگىرتلىرىدىن سىبەۋەھى، ئەسمائى قاتارلىقلار تەرىپىدىن رەتلىنىپ، كىتاب قىلىنىپ تارقىتىلغان . خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئەرەب تىلىدىكى تۇنجى لۇغەتنىڭ تۈزگۈچىسى. مەزكۇر لۇغەتتە سۆزلەر ھەرپلەرنىڭ تەلەپپۇز ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن تەرتىپكە تۇرغۇزۇلغانلىقى ۋە لۇغەت «ئەين (ع)» ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان سۆزلەرنى شەرھلەشتىن باشلانغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «كىتابۇل ـ ئەين» (ئەين ھەرپى بىلەن باشلانغان



كىتاب) دەپ نام قويۇلغان. بۇلاردىن باشقا خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ مۇزىكا ئىلمىگە بېغىشلانغان «كىتابۇل ـ ئىقائ» (رىتىم ھەققىدىكى كىتاب)، «كىتابۇن ـ نەغەم» (نەغمە ـ مۇزىكا ھەققىدىكى كىتاب) قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ مۇسۇلمان شەرقىدە مۇزىكا ساھەسىدە ئەڭ دەسلەپ يارىتىلغان يىرىك ئەسەرلەردىن بولۇپ، ئەرەب مەدەنىيەت تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. يۇقىرىدىكى ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، رىتىمنىڭ كىشىلەرگە بېرىدىغان ئېموسىيوناللىق تەسىرى خەلىل ئىبنى ئەھمەدنى ھەممىدىن بەك قىزىقتۇرغان ساھە بولۇپ، بۇ ساھەدە ئۇ ئۇزۇن مەزگىل توختىماي ئىزدەنگەن. ئۇنىڭ ئارۇز ئىلمىگە بولغان قىزىقىشىمۇ دەل شېئىرلاردىكى ئاھاڭدارلىق ۋە رىتىمنىڭ مۇزىكا بىلەن بولغان زىچ ئالاقىسىدىن باشلانغان. شۇڭا، ئۇنىڭ ئارۇز ئىلمىگە بېغىشلانغان نەزەرىيەسىنى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىزدىنىشىنىڭ مەھسۇلى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئەرەب شېئىرىيىتى ئۈستىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، ئۆزىنىڭ شېئىرىيەتكە خاس رىتىم، ئاھاڭدارلىق ۋە ئۇنىڭدىن ھاسىل بولىدىغان جەزىبە ۋە تەسىرىي كۈچ توغرىسىدىكى بايقاشلىرىنى مىلادىيەنىڭ 767 ـ يىلى سىستېمىلاشتۇرۇپ، ئۇنى بەھر نامى بىلەن ئون بەش تۈرگە يىغىنچاقلىغانىدى. ئون بەش بەھر يەنە مەلۇم ئىچكى باغلىنىشلار ئاساسىدا بەش تۈرگە بۆلۈنۈپ، دائىرە (چەمبەر) نەزەرىيەسى ئۇسۇلىدا چۈشەندۈرۈلدى. بۇلاردىن باشقا شېئىرىيەتتىكى رىتىم، ئاھاڭدارلىق ۋە ئۇنى شەكىللەندۈرىدىغان ئاساسىي ئامىللارنى ئۇقۇملاشتۇرۇپ، كۆچمەن ئەرەبلەرنىڭ تۇرمۇش لاۋازىمەتلىرىنىڭ نامىنى

ئىپادىلەيدىغان رۇكنىن (تۈۋرۈك)، سەبەب (ئارقان)، ۋەتەد (قوزۇق، مىخ)، فاسىلە (پالاس، ئارىلىق) دېگەندەك نۇرغۇن سۆزلەرنى ئارۇز ئىلمىدە يېڭى مەنىگە ئىگە ئاتالغۇ سۈپىتىدە قوللىنىپ، ئۇلارنى نەزەرىيەۋى جەھەتتىن شەرھلىدى. بۇ ئارقىلىق ئۇ شېئىرىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قانۇنلىرىنى توغرا پەرق ئېتىشنى ئاسانلاشتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىن ئاڭلىق پايدىلىنىش ئۈچۈنمۇ كەڭ يول ئاچقانىدى. خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئۆزىنىڭ بۇ يېڭى نەزەرىيەسىنى «كىتاب ئەل-ئارۇز» («ئارۇز ھەققىدىكى كىتاب») ناملىق ئەسىرىدە «ئارۇز ئىلمى» نامى بىلەن ئاتىغانىدى. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن «ئارۇز» دەپ ئاتالغانلىقى ۋە بۇ نەزەرىيەنىڭ قانداق مەنبەلەر ئاساسىدا شەكىللەندۇرۇلگەنلىكى توغرىسىدا تارىختىن بۇيان ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت. بۇ مەسىلە ئۈستىدە كېيىنكى بابلاردا ئايرىم مۇھاكىمە يۈرگۈزىمىز.

شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇكى، خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئوتتۇرىغا قويغان ئارۇز ئىلمى نەزەرىيەسى ئەرەب شېئىرىيىتىدە مەۋجۇت بولغان بارلىق قانۇنىيەتلىك تەرەپلەرنى نەزەرىيە جەھەتتىن خېلى تولۇق ئەكس ئەتتۇرگەن ھەم ئەتراپلىق شەرھلىگەنىدى. شۇڭا، بۇ نەزەرىيەنى ياقلىغۇچى بەزى ئەرەب ئالىملىرى دەسلەپتە خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ «كىتاب ئەل-ئارۇز» ىدا كۆرسىتىلگەن بەھرلەردە شېئىر يازغۇچىلارنىڭ يولىنى توسۇشقا ئۇرۇنۇشقانىدى. پەقەت ھەسەن ئىبنى ئەخفەشى ئەكبەر ئىسىملىك ئەرەب تىلى ئالىملا خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ ئارۇز نەزەرىيەسىگە شەك كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ شېئىري ۋەزنىگە ئائىت يېڭى سىستېمىسىنى ئوتتۇرىغا



قويغانىدى. ئەمما، بۇ سىستېمىدىكى «مۇتەدارىك» ناملىق بىر بەھرنىڭ كېيىنچە خەلىل ئىبنى ئەھمەد قېلىپلاشتۇرغان ئارۇز بەھرلىرىگە قوشۇلغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئومۇم تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمىغان. شۇنىڭ بىلەن خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ ئارۇز نەزەرىيەسى ئەرەب شېئىرىيىتىنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسى بولۇپ قالغانىدى.

خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىلمىي ئەسەرلىرىدىن پەقەت «كىتابۇل-ئەين» لا دەۋرىمىزگىچە تولۇق يېتىپ كېلەلىگەن. ئەرەب ئارۇزچىلىقىغا ئائىت دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەن ئەسەرلەر خەلىل ئىبنى ئەھمەدتىن كېيىن ياشىغان ئەرەب ئارۇزچىلىرىغا مەنسۇپ بولۇپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئاپتورلار ئۆزلىرىنى خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ ئارۇز نەزەرىيەسىنى شەرھلىگۈچىلەر دەپ ئاتىشىدۇ. ئەرەب ئارۇزچىلىقىغا ئائىت تارىخىي مەنبەلەردە بۇ ساھەدە تونۇلغان ئەرەب ۋە ئەرەب تىلىدا ئەسەر يازغان ئالىملاردىن «ئەل-ئارۇز» نىڭ ئاپتورى ئەبۇ ئىسھاق زەججاج (923-يىلى قازا قىلغان)، ئەبۇ ئۆمەر جەرەمى (839-يىلى قازا قىلغان)، ئەبۇل ئەبباس مۇبەررەد (826 — 898)، ساھىب ئىبنى ئەبباد (936 — 959)، ئەبۇ ئەلى ئىبنى راشىق كەيرۇۋانى (995 — 1064)، ئەبۇ زەكەرىيا خەتىبى تەبرىزى (1030 — 1108)، مەشھۇر «ئەل قۇستاس ئۇل مۇستەقىم فى ئىلىم ئىل-ئارۇز» («ئارۇز ئىلمىدىكى ئوڭ تارازا») ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئەبۇلقاسىم زەمەخشەرى (1075 — 1144) قاتارلىقلار دائىم تىلغا ئېلىنىدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ ئەرەب ئالىملىرى تەرىپىدىن ئارۇز ئىلمىگە ئائىت يەنە نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە قىسمەن

زېھافلارنىڭ يېڭىدىن قوشۇلغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن خەلىل ئىبنى ئەھمەد بېكىتكەن ئەندىزە ۋە ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىدىن چەتنەپ كېتەلمەي، شۇ قائىدىلەرنى ئوخشىمىغان مىساللار ئارقىلىق شەرھلەش، چۈشەندۈرۈش بىلەن چەكلەندى. ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى ئارۇزچىلىقنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلغان ۋە «ئەل قۇستاس ئۇل مۇستەقىم فى ئىلم ئىل-ئارۇز» نى نەشرگە تەييارلاپ، 1969-يىلى باغدادتا نەشر قىلدۇرغان ئەرەب ئالىمى بەھجە باقىر ئەرەب ئارۇزچىلىرى تەرىپىدىن بۇ ئىلىم ساھەسىدە يارىتىلغان ئىككى ئەسەر — ئەبۇلقاسىم زەمەخشەرىنىڭ «ئەل قۇستاس ئۇل مۇستەقىم فى ئىلم ئىل-ئارۇز» ى بىلەن خەتىبى تەبرىزى (11-ئەسىر) نىڭ «ئەل كافى فىل ئارۇز ۋەل قەۋافى» سىنى ئەڭ نوپۇزلۇق ئەسەرلەر دەپ قارايدۇ.[①] پارس تىللىق ئەدەبىياتتا ناسىرۇددىن تۇسىنىڭ «مېيارۇل-ئەشئار» («شېئىرلار ئۆلچىمى») ناملىق ئەسىرىمۇ خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن «كىتاب ئەل-ئارۇز» ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا ئەڭ تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدىغان ۋە ئۇنىڭدىكى ئارۇزنىڭ قائىدە-قانۇنلىرىنى پارس تىللىق شېئىرىيەتنىڭ خاسلىقى بىلەن سېلىشتۇرغان ھالدا تەپسىلىي يېشىپ بېرىدىغان نوپۇزلۇق ئەسەرلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئارۇز ئىلمى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۇزۇن ۋە قىسقا تەلەپپۇز قىلىنىشى ۋە شۇ ئاساستا بارلىققا كېلىدىغان سۆزلەردىكى

① ئۇرۇۋەتۇللا تائىروف قاتارلىقلار «ناسىرۇددىن تۇسى ۋە ئۇنىڭ ‹مېيارۇل-ئەشئار› ى توغرىسىدا» (كىرىش سۆز). «مېيارۇل-ئەشئار»، تاجىكىستان، دۇشەنبە، 1992-يىلى نەشرى، 4-بەت.



قىسقا ۋە ئۇزۇن بوغۇملارنىڭ مىسرالاردىكى تاناسىپلىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئۆلچەملەر بىلەن تەڭشەپ، تۈرلۈك رىتىملارنى ھاسىل قىلىشنى ئاساس قىلىدىغانلىقى، ئەمما، ئەرەب تىلى بىلەن پارس ۋە تۈركىي تىللىرىنىڭ فونېتىكىسىدا ئوخشاش ئۆلچەملەرگە سالغىلى بولمايدىغان زور پەرقلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى تۈپەيلى، باشلىنىشىدا خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ نەزەرىيەسىگە ئاساسلانغان ئارۇز ئىلمى ئۇزۇن ئۆتمەي ئەرەب ۋە ئەجەم شېئىرىيىتىدە ئىككى مۇستەقىل بۆلەككە بۆلۈنۈپ، ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا راۋاجلىنىشقا يۈزلەندى. پارس تىللىق شېئىرىيەتكە قوبۇل قىلىنغان ۋە كېيىنچە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتكە تەتبىقلانغان ئارۇز قائىدىلىرى ئەرەبلەرنىڭكىدىن خېلى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. شۇڭا، بىز ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى ئارۇزغا ئائىت باشقا ئەسەرلەر ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارايمىز.

## 2. پارس-تاجىك ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئارۇز ئىلمى

ئەرەب شېئىرىيىتىدە ئارۇز نەزەرىيەسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ پارس تىللىق شېئىرىيەتكە تەتبىقلاندى. ئىرانلىق ئالىم پەرۋىز ناتىل خانلەرى ئارۇز ئىلمىنىڭ ئەڭ دەسلەپتە قايسى شەكىلدە پارس تىللىق ئەدەبىياتقا قوبۇل قىلىنغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ: «... خەلىلنىڭ تەرىقەسى (قائىدىلىرى) كەڭ تارقىلىپ، ئەرەب ۋە پارس شېئىرىيىتىدىكى ۋەزىننىڭ ئاساسىي قائىدىسى بولۇپ قالدى. ئارۇز ئىلمى پارس تىللىق خەلقلەر ئارىسىغا تارقالغاندا، دەسلەپتە پارس تىللىق ئەدەبىياتنىڭ پېشۋالىرى تەرىپىدىن ئەينەن قوبۇل قىلىنغانىدى. ئەمما، تەدرىجىي پارس تىلىنىڭ ئۆزگىچە

ئالاھىدىلىك ۋە زۆرۈرىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى بايقالدى. شۇنىڭ بىلەن بەزى قائىدىلەر ئېلىپ تاشلىنىپ، بەزى يېڭى قائىدىلەر قوشۇلدى»[1] دەپ يازىدۇ.

پارس تىللىق شېئىرىيەتكە ئارۇز ئىلمىنىڭ قائىدىلىرىنى تۈنجى بولۇپ ئىلمىي جەھەتتىن تەتبىقلىغان شەخس ئەبۇلھەسەن ئەخفەشى ئەكبەر (793 - يىلى قازا قىلغان) بولۇپ، ئۇ كۆپلىگەن ئىزدىنىشلەر نەتىجىسىدە خەلىل ئىبنى ئەھمەد ياراتقان ئارۇز قائىدىلىرىدىن كۆپ قىسمىنىڭ پارس تىللىق شېئىرىيەتكە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پارس تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى ئاساسىدا ئارۇز قائىدىلىرىنى قايتىدىن ئىشلەپ چىقىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ بۇ ئىلمىي ئەمگىكى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. بىز پەقەت كېيىنكى دەۋرلەردە ئارۇز ئىلمى ساھەسىدە يېزىلغان باشقا ئەسەرلەردىن بۇنىڭغا ئائىت ئازغىنا مەلۇماتقا ئېرىشەلەيمىز. 10–11 - ئەسىرلەردە پارس شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ئۆلچەملىرى يۇسۇفى ئەرۇزى، بەھرامى، بوزۇرگمېھرى قايىنى قاتارلىق ئالىملار تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم تولۇقلىنىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

يۇسۇفى ئەرۇزى نىشاپۇرىنىڭ ئارۇز ئىلمىگە ئائىت ھېچقايسى ئەسىرى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. ئۇنىڭ ھاياتىغا ئائىتمۇ يېتەرلىك مەلۇمات يوق. بىز پەقەت «ئەل - مۇجەم» ۋە «ئارۇزى سەيفى» قاتارلىق

[1] پەرۋىز ناتىل خانلەرى: «پارس ئارۇزى ئۈستىدە تەنقىدىي ئىزدىنىش ۋە غەزەللەرنىڭ ۋەزىن ئۆزگىرىشى توغرىسىدا»، تېھران، ھىجرىيە 1327 - يىلى نەشرى، 6 - بەت.



ئەسەرلەردىكى مەلۇماتلاردىن يۇسۇفى سەيفىنىڭ سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي دەۋرىدىكى مەشھۇر ئالىملارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ۋە خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ ئارۇز قائىدىلىرىنى پارس تىللىق شېئىرىيەتكە تەتبىقلاشتا نۇرغۇن يېڭى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى، شۇنداقلا «قەرىب» نامى بىلەن يېڭى بەھر ئىجاد قىلغانلىقىنى بىلەلەيمىز. 11 - ئەسىردىكى مەشھۇر ئەدەبىياتشۇناس مۇھەممەد بىن ئومەر ئەل رادۇيانىمۇ ئۆزىنىڭ «تەرجىمانۇل - بەلاغە» ناملىق ئەسىرىدە: «... ھازىرغا قەدەر ئەبۇ يۇسۇف ۋە ئەبۇلئەلايى شۇشتەرى قاتارلىقلار پارسچىدا يازغان ئارۇز ئىلمىدىن باشقا بەدىئ ۋە قاپىيە ئىلمىگە دائىر پارسچە ئەسەر كۆرگىنىم يوق»[1] دەپ ئېنىق ئەسكەرتىدۇ. كېيىنكى ئارۇزچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ يۇسۇفى ئەرۇزىنىڭ نامى پارس تىللىق ئەدەبىياتتىكى ئارۇز ئىلمىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پېشۋالىرى ۋە يېتۈك ئالىملىرى قاتارىدا دائىم تىلغا ئېلىنىدۇ.

بەھرامى سەرەخسى (تولۇق ئىسمى ئەبۇلھەسەن ئەلىيى سەرەخسىي، 1106 - يىلى قازا قىلغان) مۇ پارس تىللىق ئەدەبىيات تارىخىدىكى مەشھۇر نەزەرىيەچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تارىخىي مەنبەلەردىن ئۇنىڭ ئارۇز ئىلمىگە بېغىشلانغان «خۇجىستەنامە» ناملىق ئىلمىي ئەسەرىنىڭ ئاپتورى ئىكەنلىكى مەلۇم. كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئالىملاردىن نىزامى ئارۇزى سەمەرقەندى ئۇنىڭ يەنە ئارۇز ۋە قاپىيە ئىلمىگە بېغىشلانغان «غايەتۇل - ئارۇزىن» ۋە «قەنزۇل - قافىيە» ناملىق ئىككى ئىلمىي

[1] مۇھەممەد بىن ئومەر ئەل رادۇيانى: «تەرجۇمانۇل - بەلاغە»، تېھران. ھىجرىيە 1362 - يىلى نەشرى، 2 - بەت.

ئەسەرنى يازغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. 13-ئەسىردىكى مەشھۇر ئەدەبىياتشۇناس شەمس قەيس رازىنىڭ «ئەل-مۇجەم» دىكى مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، بەھرامى سەرەخسى ئۆز زامانىدىكى بوزۇرگمېھرى قايىنى بىلەن بىرلىكتە پارس تىللىق شېئىرىيەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى چىقىش قىلىپ، «مۇنئەكسە»، «مۇنغەلەتە» ۋە «مۇنئەلىقە» دىن ئىبارەت ئۈچ ئارۇز دائىرىسى (چەمبىرى) نى ئىجاد قىلىدۇ.①

بوزۇرگمېھرى قايىنىمۇ 11-ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئارۇزچىلاردىن بىرى بولۇپ، تارىخىي مەنبەلەردە ئۇنىڭ مەھمۇد غەزنەۋىي دەۋرىدە ياشىغانلىقى ۋە بەھرامى سەرەخسى بىلەن ھەمكارلىقتا پارس تىللىق شېئىرىيەتتىكى ئارۇز قائىدىلىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەنلىكى ۋە بۇ قائىدىلەرنىڭ قېلىپلىشىشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىدىن باشقا ھېچقانداق مەلۇمات ساقلانمىغان.

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا 10 — 11-ئەسىرلەردە يەنە پارس تىللىق شېئىرىيەتتىكى ئارۇز قائىدىلىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن ئالىملاردىن ئەبۇلئەلايى شۇشتەرى (10-ئەسىر)، ئەبۇئەبدۇللاھى فۇشى قۇرەشى (11-ئەسىر) قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. ئەپسۇسكى، بەزى تارىخىي مەنبەلەردىكى ئاز-تولا مەلۇماتلاردىن باشقا ھېچقايسىسىنىڭ ئەسەرلىرى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

① شەمس قەيس رازى: «ئەل-مۇجەم»، تاجىكىستان دۇشەنبە، 1991-يىلى نەشرى، 147-بەت.



12-ئەسىردە پارس تىللىق ئەدەبىياتتا ئارۇز ئىلمىگە ئائىت يەنە بىر نەچچە يىرىك ئەسەر يارىتىلغانىدى. بۇلاردىن كېيىنكى تەزكىرە ۋە ئىلمىي مەنبەلەردە دائىم تىلغا ئېلىنىدىغانلىرى قەتتان مەرۋەزى (1072—1153) نىڭ رۇبائىيغا ئائىت 24 بەھرنى ئەخرەب ۋە ئەخرەم نامى بىلەن ئۆزى ئىختىرا قىلغان ئىككى شەجەرە ئاساسىدا گۇرۇپپىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىكى قانۇنىيەتلەرنى شەرھلەيدىغان رىسالىسى بىلەن رەشىدى ۋەتۋات (1178 — 1087 /83) نىڭ ئارۇزدىكى 29 ئەسلىي ۋە فەرئىي بەھرلەر تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان «رىسالەيى ئارۇز» ياكى «ئەقسامۇل-بۇھۇر» ناملىق ئەسىرىدۇر. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەر ئىككىسى كېيىنكى دەۋرلەردە ئارۇز ئىلمىگە ئائىت تەتقىقاتنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغانىدى. ئىبن سىنانىڭ «ھېكمەتۇل-ئارۇزىيە» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىمۇ 11-ئەسىرنىڭ بېشىدا بارلىققا كەلگەن. مەزكۇر ئەسەر 1001-يىلى ئەبۇلھەسەن ئەھمەد ئىبنى ئەبدۇللاھ ئارۇزى ناملىق شەخسنىڭ تەلىپىگە بىنائەن يېزىلغان بولۇپ، تارىختا «ئەل-مەجمۇئ» نامى بىلەنمۇ ئاتالغان. ئاپتور ئۇنىڭدا ئارۇز ئىلمىدىن باشقا يەنە شېئىر، شېئىرىيەت نەزەرىيەسى، تەسەۋۋۇرنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدىكى رولى، بەدىئىي سەنئەتلەر، قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ شېئىر شەكىللىرى — تىراگېدىيە، كومېدىيە، دراما، ئېپىكا، پوئېما، ساتىرا قاتارلىق مەسىلىلەرنىمۇ تەپسىلىي شەرھلەيدۇ①.

13-ئەسىردە پارس تىللىق ئەدەبىياتتا ئارۇز ئىلمىگە

① «تاجىك سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيەسى»، دۇشەنبە، 1988-يىلى نەشرى، 8-توم، 383-بەت.

ئائىت تەتقىقات تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەندى. بۇ دەۋردە ياشىغان شەمس قەيس رازى ۋە ناسىرۇددىن تۇسىگە ئوخشىغان مەشھۇر ئالىملار پارس تىللىق ئەدەبىياتتىكى ئارۇز ئىلمىنىڭ شۇ دەۋرگىچە بولغان بارلىق تەجرىبىلىرى ۋە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلىرىنى يەكۈنلەپ، بۇ ساھەدە ئۆزلىرىنىڭ گېنىئال ئەسەرلىرىنى ياراتقانىدى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى يالغۇز پارس تىللىق ئەدەبىياتتىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق خەلقلىرى ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيەۋى ساھەسىگىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت، بولۇپمۇ شېئىرىيەتنىڭ روناق تېپىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان ۋە بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان.

شەمس قەيس رازىنىڭ تولۇق ئىسمى شەمسۇددىن مۇھەممەد ئىبنى قەيسى رازى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ ھاياتىغا دائىر ھېچقانداق مەلۇمات ساقلانمىغان. ئۇنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدىكى مەلۇماتلارغا تايانغاندا، ئۇ ئىراننىڭ رەئي شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، مىلادىيە 1205 - يىلى ئىلىم تەھسىل قىلىش مەقسىتىدە شۇ دەۋردىكى ئەڭ بۈيۈك ئىلىم مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان بۇخارا شەھىرىگە كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇنى 20 — 30 ياش دەپ قىياس قىلساق، ئۇنداقتا ئۇنى 12 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا تۇغۇلغان دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. شەمس قەيس رازى بۇخاراغا كېلىپ ئىككى يىلدىن كېيىن، يەنى، 1207 - يىلى مۇھەممەد خارەزمشاھ ئىبنى تەكەش مەلىك سەنجەر قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشنى باھانە قىلىپ، بۇخارا شەھىرىنى ئىگىلىۋالغاندىن تارتىپ تاكى 1219 - يىلى موڭغۇل قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا باستۇرۇپ كىرگەنگە قەدەر خارەزمدە خارەزمشاھ ئوردىسىدا تۈرلۈك ۋەزىپىلەردە بولىدۇ. خارەزمشاھ موڭغۇل قوشۇنلىرىدىن قېچىپ يۈرگەن يىللاردا،



باشقا خىزمەتكارلار قاتارىدا شەمس قەيس رازىمۇ خارەزمشاھقا ھەمراھ بولۇپ سەرگەردانلىقتا ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئىككى قېتىم ئەسىرگە چۈشۈپ، قىيىن - قىستاققا ئېلىنىدۇ. ئۇ 1226 - يىلى پارسقا[1] قايتىپ، شۇ يەرنىڭ ھاكىمى ئەتابەك سەئد ئىبنى زەنگى ئىبنى مەۋدۇدنىڭ خىزمىتىگە كىرىپ، قىسقا ۋاقىتتىلا ناھايىتى يۇقىرى ئابرۇيغا ئېرىشىدۇ. 1231 - يىلى ئەتابەك سەئد ئىبنى زەنگى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئەبۇبەكر ئىبنى سەئد ئىبنى زەنگىنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ ۋە بۇ دەۋردىمۇ ئوخشاشلا ناھايىتى ئەتىۋارلىنىدۇ. ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتىغا دائىر ھېچقانداق مەلۇمات يوق. پەقەت «ئەل - مۇجەم» دە ئەبۇبەكر ئىبنى سەئد ئىبنى زەنگىنىڭ بەھرەيىن، ئوممان ۋە پارس قولتۇقىدىكى بىرنەچچە ئارالنى ئۆز ئىتائىتىگە كىرگۈزگەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلىدۇ. بۇ ۋەقە مىلادىيە 1238 — 1239 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

شەمس قەيس رازىنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق بەرگەن مەلۇماتلىرىدىن ئۇنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئالدى بىلەن ئۇ خارەزمشاھ ئوردىسىدىكى ۋاقتىدا «تىبيان ئۇل - لۇغەت ئەت تۈركى ئەلا لىسان ئۇل - قەنغەلى» (تۈرك ۋە قەنغەل[2] تىللىرى توغرىسىدا تەپسىلىي بايان) ناملىق لۇغەت تۈزگەنلىكى توغرىسىدا «ئەل - مۇجەم» دە نەچچە يەردە مەلۇمات بېرىدۇ. بۇلاردىن باشقا ئاپتور يەنە «ئەل ئۇيۇب

[1] پارس (pars) — ئىراننىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى ئۆلكىلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ مەركىزى شىراز شەھىرى.

[2] قەنغەل تىلى — خارەزم دۆلىتى تەۋەسىدىكى يەرلىك تىللاردىن بىرى بولسا كېرەك.

فى مۇقەففى ئەشئار ئۇل - ئەرەب » (ئەرەب شېئىرىيىتى قاپىيەلىرىدىكى نۇقسانلار)، «كىتاب ئۇل - كافى فىل ئەرۇزەين ۋەل - قەۋافى » (ئارۇز ۋە قاپىيە ئىلمى توغرىسىدىكى مۇكەممەل كىتاب) قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغانلىقى توغرىسىدا توختىلىدۇ. لېكىن، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. ئۇنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسىرى «ئەل - مۇجەم فى مەئايىرى ئەشئار ئىل - ئەجەم » (ئەجەم شېئىرىيىتى ئۆرنەكلىرى لۇغىتى) بولۇپ، تارىختا كۆپرەك «ئەل - مۇجەم» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان. ئاپتور ئەسەرنىڭ دىباچىسىدە يېزىشىچە، 1218 - يىلى مەرۋ شەھىرىدە شۇ يەردىكى ئەدەب ئەھلىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بۇ ئەسىرىنى يېزىشقا كىرىشكەن. لېكىن، ئەسەر تېخى پۈتمەيلا موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قىرغىنچىلىق ئۇرۇشى باشلىنىپ، ئاپتور خارەزمشاھقا ھەمراھ بولۇپ قاچقۇنلۇقتا ھايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. 1220 - يىلى خارەزمشاھ ئىراقتىكى فەررەزىن قەلئەسى ئەتراپىدا موڭغۇللارنىڭ قاتتىق ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا، بارلىق ئەسەرلىرىنى ئۆز يېنىدىن ئايرىماي ئېلىپ يۈرۈيدىغان شەمس قەيس رازى پەقەت ئۆز جېنىنى ئاران ساقلاپ قالالايدۇ. «ئەل - مۇجەم» نىڭ پۈتۈش ئالدىدىكى ئارگىنالىمۇ باشقا ئەسەرلىرى بىلەن بىرگە ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا يوقايدۇ.

شەمس قەيس رازى پارسقا بارغاندىن كېيىن، ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان پارستىكى ئىلىم ئەھلىلىرى نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، فەررەزىن قەلئەسى ئەتراپىدا ياشايدىغان دېھقانلارنىڭ ياردىمىدە «ئەل - مۇجەم» نىڭ بىر قىسىم قول يازمىلىرىنى تېپىپ كېلىپ، ئاپتوردىن بۇ



ئەسەرنى تېزدىن تاماملاشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. قول يازمىلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى تېپىلغانلىقى ۋە ئەينى چاغدىكى پارسنىڭ سىياسىي مۇھىتىمۇ تىنچ بولغانلىقى ئۈچۈن، شەمس قەيس رازى ناھايىتى تېزلىكتە، يەنى 1233 - يىلى ئەسەرنى يېزىپ تاماملايدۇ. ئاپتور پارس شېئىرىيىتى ۋەزنلىرىنى ئەرەبلەرگە تونۇشتۇرۇشنى ئۆز ئالدىغا ۋەزىپە قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئەسەرنى ئەرەب تىلىدا يېزىپ، پارس شېئىرىيىتىدىكى ۋەزىن شەكىللىرىنى ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى ۋەزىن شەكىللىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا چۈشەندۈرىدۇ. نەتىجىدە ئەسەرنىڭ ھەجمى ناھايىتى چوڭىيىپ كېتىدۇ. شۇڭا، پارستىكى ئىلىم ئەھلىلىرى ئەسەرنىڭ ھەجمى ۋە ئەرەب تىلى بىلەن ئانچە تونۇشلۇقى بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن بەھرە ئېلىشى ناھايىتى قىيىنغا توختايدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئاپتوردىن ئەسەردىكى پارس شېئىرىيىتىگە ئائىت قىسمىنى پارس تىلىدا ئايرىم ۋە ئەرەب شېئىرىيىتىگە ئائىت قىسمىنى ئەرەب تىلىدا ئايرىم كىتاب قىلىشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. ئاپتور بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، پارس شېئىرىيىتىگە ئائىت قىسمىنى ئايرىپ چىقىپ پارس تىلىدا شەرھلەپ، ئۇنىڭغا بەلاغەت ۋە قاپىيە ئىلمىگە ئائىت مەزمۇنلارنى قوشۇپ تولۇقلىغاندىن كېيىن «ئەل - مۇجەم فى مەئايىرى ئەشئار ئىل - ئەجەم» دەپ نام قويىدۇ. كىتابنىڭ ئەرەب شېئىرىيىتىگە ئائىت قىسمىنىمۇ ئەرەب تىلىدا قايتا تولۇقلاپ، ئۇنى «ئەل - مۇرەب فى مەئايىرى ئەشئار ئىل - ئەرەب» (ئەرەب شېئىرىيىتى ئۆرنەكلىرى لۇغىتى) نامى بىلەن ئاتايدۇ.

«ئەل - مۇجەم» دىباچە، ئىككى قىسىم ۋە خاتىمىدىن

ئىبارەت ئۈچ بۆلەكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەسەرنىڭ دىباچىسى تەرجىمىھاللىق خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتور ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرى، ئىلمىي پائالىيەتلىرى، كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى ۋە مەزكۇر ئەسىرىنىڭ يېزىلىش جەريانى توغرىسىدا توختىلىدۇ. «ئەل ـ مۇجەم» نىڭ بىرىنچى قىسمى ئارۇز ئىلمىگە بېغىشلانغان بولۇپ، تۆت بابقا بۆلۈنىدۇ. ئىككىنچى قىسمى بەلاغەت ئىلمى (بەدىئىي سەنئەتلەر توغرىسىدىكى مۇھاكىمىلەر) بىلەن قاپىيە ئىلمىگە بېغىشلانغان بولۇپ، ئالتە بابتىن تۈزۈلگەن. ئاپتورنىڭ تەقرىزچىلىككە (ئەدەبىي تەنقىدكە) ئائىت تەلىماتلىرىمۇ مۇشۇ قىسىمدا بايان قىلىنغان. ئەسەرنىڭ خاتىمە قىسمىدا ئاپتور شېئىر ۋە شائىرلىق ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭ ئاساسىي شەرتلىرى، شائىر بىلەن مۇنەققىد (ئەدەبىي تەنقىدچى) نىڭ پەرقى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، ياخشى ۋە يامان يېزىلغان شېئىرلارنى، ھەقىقىي شائىرلار بىلەن شېئىرىي ھەۋەسكارلارنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئۇسۇللىرى قاتارلىق ئومۇمىي خاراكتېرلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىدۇ. ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتتىكى شېئىرىي شەكىللەرنى سېلىشتۇرىدۇ. مەزكۇر ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇنىڭدىكى ھەر بىر ئىلمىي مەسىلە ئىلگىرىكى ئوخشاش مەزمۇندىكى ئەسەرلەرگە ئوخشىمىغان ھالدا تەرتىپ بويىچە ئايرىم بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ، تەپسىلىي شەرھلەنگەن. بۇ ھال ئەسەرنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. «ئەل ـ مۇجەم» دە يەنە 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان كۆپلىگەن ئەدىبلەر، شۇ دەۋرنىڭ ئەدەبىي مۇھىتى، تۈرلۈك ئەدەبىي ھادىسىلەر بىلەن بىرگە



شۇ دەۋرگىچە بولغان ئارۇز ئىلمىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە ئەرەب ـ ئەجەم ئارۇزچىلىرى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ كونكرېت تۆھپىلىرى ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

13 ـ ئەسىردە پارس تىللىق ئەدەبىياتنىڭ نەزەرىيەۋى ساھەسىدە يارىتىلغان ۋە ئارۇز ئىلمىگە بېغىشلانغان يەنە بىر مەشھۇر ئەسەر نەسىرۇددىن تۇسىنىڭ قەلىمىگە تەئەللۇق بولغان «مىيارۇل ـ ئەشئار» (شېئىرلار ئۆلچىمى) دۇر. نەسىرۇددىن تۇسى (تولۇق ئىسمى ئەبۇجەئفەر مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن1201 ــ 1272) ئىراننىڭ تۇس شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ پارس ـ تاجىك مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە ئېنسىكلوپېدىيەلىك ئالىملاردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نەسىرۇددىن تۇسىنىڭ ھايات يولى شەمس قەيس رازىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. تارىخىي مەنبەلەردىكى ئۇنىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت مەلۇماتلاردا كىچىككىدىنلا زېرەك ۋە پاراسەتلىك ھەم ئىلىم ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن ئىكەنلىكى دائىم تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇ شۇ دەۋرنىڭ ئىلىملىرىدىن مەنتىق، پەلسەپە، سەرف ۋە نەھۋ، فىقھە قاتارلىقلارنى دەسلەپتە دادىسى ۋە تاغىسىدىن ئۆگىنىدۇ. موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىستېلاسى باشلانغاندىن كېيىن، 1227 ـ يىلى يۇرتىنى تاشلاپ كوھىستان (ئىراندا) غا كېتىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ قانداقتۇر سەۋەبلەر بىلەن تۈرمىگە سولىنىدۇ. 1256 ـ يىلى موڭغۇل ھۆكۈمرانى ھىلاكۇخان كوھىستاننى بېسىۋالغاندا ئۇ مەراغەگە بارىدۇ ۋە مەراغەدىكى كېيىنكى ۋاقىتلاردا پۈتۈن مۇسۇلمان شەرقىگە تونۇلغان مەراغە رەسەتخانىسىنى قۇرىدۇ. ئۇ ئۆز ھاياتىدا تۈرلۈك مەزمۇندا 200 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يازغان بولۇپ، كۆپ قىسمى

دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەن. ئۇنىڭ «ئەخلاقى ناسىرى»، «ئەخلاقى مۇھتەشەمى»، «ئەۋسافۇل ـ ئەشراف»، «نەسىھەتنامە بە ئەبەقاخان»، «ئەساسۇل ـ ئىقتىباس»، «سى فەسل دەر تەقۋىم» گە ئوخشاش نەچچە ئونلىغان ئەسەرلىرى ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇسۇلمان شەرقىدىلا ئەمەس، بەلكى كېيىنكى دەۋرلەردە ياۋروپادىمۇ زور تەسىرگە ئىگە بولغانىدى. بۇلاردىن باشقا ئۇ يەنە ئاز بولمىغان بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى بولۇپ، «تەتىممە» ۋە «مەدھەلى ھەيئەت» كە ئوخشىغان ئەخلاقىي داستانلىرى پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. نەسىرۇددىن تۇسى 1272 ـ يىلى باغدادتا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

نەسىرۇددىن تۇسىنىڭ ئارۇز ئىلمىگە بېغىشلانغان ئەسىرى «مېيارۇل ـ ئەشئار» 1253 ـ يىلى يېزىلغان بولۇپ، شەمس قەيس رازىنىڭ «ئەل ـ مۇجەم» ىدىن كېيىنلا ئەرەب ۋە ئەجەمدە ئوخشاشلا كاتتا شۆھرەت قازانغانىدى. مەزكۇر ئەسەر مۇقەددىمە ۋە ئىككى فەن (بۆلۇم) دىن تەركىب تاپىدۇ. مۇقەددىمە قىسمى ئۈچ بۆلەكتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسەن شېئىر ۋە شائىرلىقنىڭ ماھىيىتى، شېئىرىي سەنئەتلەر، شېئىرنىڭ ئۆلچەملىرى، قاپىيە ۋە ۋەزىننىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ.

«مېيارۇل ـ ئەشئار» نىڭ بىرىنچى فەن (بۆلۇم) ى ئۆز ئىچىدىن يەنە ئون بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەر بىر بۆلەكتە ئارۇز ۋەزنىنىڭ مەلۇم بىر كونكرېت قائىدە ـ قانۇنلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ . مەسىلەن، ئۇنىڭ بىرىنچى بۆلىكى ئارۇزدىكى ئەڭ كىچىك بىرلىك (تەركىب) ھەرپ، ئۇنىڭدىكى ھەرىكەتچانلىق خۇسۇسىيەت



قاتارلىق مەسىلىلەرنى يورۇتۇشقا بېغىشلانغان. كىتابنىڭ ئىككىنچى فەننى ئون بۆلەكتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا قاپىيە قائىدىلىرىگە ئائىت مەسىلىلەر تەھلىل قىلىنىدۇ.

«مېيارۇل ـ ئەشئار» بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، پارس ـ تاجىك ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتشۇناسلىقىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرقتە يۇقىرى باھاغا ئېرىشىپ، كېيىنكى دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن كۆپلىگەن ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى بولۇپ قالغانىدى. بۇ ئەسەر خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ ئارۇز نەزەرىيەسىنى توغرا ھەم ئەتراپلىق شەرھلەش، ئەرەب ۋە پارس تىللىق شېئىرىيەتتىكى ۋەزنىي قانۇنىيەتلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلاردىكى ئورتاقلىق بىلەن خاسلىقنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆرسىتىپ بېرىشتەك ئارتۇقچىلىقى بىلەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

13 ـ ئەسىردە پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتشۇناسلىقىدا «ئەل ـ مۇجەم» ۋە «مېيارۇل ـ ئەشئار» دەك ئىككى مەشھۇر ئەسەرنىڭ يارىتىلىشى بىلەن پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتىدىكى ئارۇزچىلىق ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى ئارۇز ئىلمىنىڭ تۈرلۈك قائىدىلىرىنى پارس تىلى ۋە شېئىرىيىتىنىڭ خاس خۇسۇسىيەتلىرىگە تەتبىقلاش ئۈستىدە ئىزدىنىش باسقۇچىدىن ئۆتۈپ، ئۆز ئالدىغا مۇكەممەل ۋە كۈچلۈك بىر نەزەرىيەۋى سىستېمىغا ئايلانغانىدى. ئەمما، پارس تىللىق ئەدەبىياتتا ئارۇز ئىلمى ئۈستىدە ئىزدىنىش بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى. ئەدەبىيات تارىخىدىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، كېيىنكى دەۋرلەردىكى نۇرغۇن ئالىملار ئۇچۇنمۇ ئارۇز ئىلمى يەنىلا

ئاكتىۋال تېمىلاردىن بولۇپ، بۇ ساھەدە ئۈزلۈكسىز قولغا كەلتۈرۈلگەن يېڭى نەتىجىلەر ئاساسىدا ئاز بولمىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر يارىتىلغانىدى.

14 ـ ئەسىردە پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتىدا ئارۇز ئىلمىگە ئائىت يەنە شەمسىددىن بىن فەخرىددىن فەخرى ئىسفەھانى (14 ـ ئەسىر) نىڭ «مىيارۇل ـ نۇسرەتى» (1313 ـ يىلى يېزىلغان) ناملىق ئەسىرى، ئەبۇ ئىسھاقنىڭ «مىيارى ـ ئىجمالى ۋە مىفتاھى ئەبۇ ئىسھاقى» (1344 ـ يىلى يېزىلغان) ۋە سەلمانى سەۋاجى (1310—1377) نىڭ «رىسالەيى ئارۇز» غا ئوخشاش بىر قىسىم مۇنەۋۋەر نەزەرىيەۋى ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلدى.

15 ـ ئەسىردە ئارۇز ئىلمىگە ئائىت يېزىلغان ئەسەرلەر سان جەھەتتىن زور بىر سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ دەۋردە دەرۋىش مەنسۇرى سەبزەۋارى (1406/14—1456) نىڭ ئارۇزغا ئائىت ئىككى رىسالىسى①، ئەلىشاھ ئىبنى مەھدى (15 ـ ئەسىر) نىڭ «ئارۇزى ھومايۇن» قاتارلىق ئەسەرلىرى، ئەبۇ سەئىد ئىبنى شەيخ مۇھىئۇددىن رافىئىي (15 ـ ئەسىر) نىڭ «ئارۇز» ى، ئابدۇرەھمان جامى (1414—1492) نىڭ «رىسالەيى ئارۇز» ى، ۋەھىد تەبرىزى (15 ـ ئەسىر) نىڭ «جەمئىي مۇختەسەر» ناملىق ئەسىرى، سەيفى ئارۇزى بۇخارائى (15 ـ ئەسىر) نىڭ «مىزانۇل ـ ئەشئار» («ئارۇزى سەيفى» نامى بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ) ناملىق ئەسىرى،

① دەرۋىش مەنسۇر سەبزەۋارى نەۋايىغا ئارۇز ئىلمىدىن تەلىم بەرگەن ئۇستازى بولۇپ، «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» تا نەۋايى ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي ـ ئىلمىي ئەمگىكىنى تونۇشتۇرغاندا، ئۇنىڭ ئارۇزغا ئائىت ئىككى رىسالىنىڭ ئاپتورى ئىكەنلىكى توغرىسىدىمۇ مەلۇمات بېرىدۇ. بۇنىڭغا ئائىت مەلۇماتلار فەخرى ھىراتىنىڭ «رەدائىفئۇل ـ ئەشئار» ۋە خاندەمىرنىڭ «ھەبىبۇس ـ سىيەر» ناملىق ئەسەرلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ.



نەجمۇددىن ئەلى زاھىرى (15 ـ ئەسىر) نىڭ «نەزمۇل ـ فەۋائىد» ناملىق ئەسىرى، ئەبدۇلقەھھار ئىسھاق سەمەرقەندى (1492 ـ يىلى قازا قىلغان) نىڭ «ئارۇزى ھومايۇن» ى، سەفىئۇددىن ئۇلا ئىبنى سەفىئۇددىن ئەلى (15 ـ ئەسىر) نىڭ «تۇھفەتۇش ـ شۇئەرا» ناملىق ئەسىرى، يۇسۇف ئەزىزى (15 ـ ئەسىر) نىڭ «ئارۇزى يۇسۇفى» سى، ئەتائۇللاھ ھۇسەينى (1513 ـ يىلى قازا قىلغان) نىڭ «بەدايىئۇس ـ سەنايې» ناملىق ئەسىرى، شۇنداقلا ھافىزەلى جامى، يۇسۇف بەدىئىي، قاسىم كاھى قاتارلىقلارنىڭ ئارۇز ئىلمى ھەققىدىكى رىسالىلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ دەۋردە يارىتىلغانىدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە ئابدۇرەھمان جامىنىڭ «رىسالەيى ئارۇز» ى بىلەن ئەتائۇللاھ ھۇسەيىنىنىڭ «بەدايىئۇس سەنايې» سى خېلىلا داڭ چىقارغان ئىلمىي ئەسەرلەر قاتارىغا كىرىدۇ.

جامىنىڭ «رىسالەيى ئارۇز» ناملىق ئەسىرىنىڭ قايسى يىلى يېزىلغانلىقى مەلۇم ئەمەس. بۇ ئەسەر مۇقەددىمە ۋە سەككىز فەسىل (بۆلەك) دىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەجىم جەھەتتىن بەك چوڭ ئەمەس. مۇقەددىمە قىسمىدا ئاپتور شېئىرىي ۋەزىننى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللار — ۋەتەد ۋە ئۇنىڭ خىللىرى، سەبەب، فاسىلە ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ. ئەسەرنىڭ بىرىنچىدىن تۆتىنچىگىچە فەسىللىرىدە ئاپتور ئاساسەن بىرلىككە كەلگەن ئارۇز قائىدىلىرى ۋە چەمبەرلەرنى شەرھلەشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويىدۇ. ئەسەرنىڭ كېيىنكى فەسىللىرى ئاساسەن پارس ـ تاجىك شېئىرىيىتىدىكى ئارۇزنىڭ خاس ئالاھىدىلىكلىرىگە بېغىشلانغان بولۇپ، قانۇنىيەتلەر ناھايىتى چۈشىنىشلىك شەكىللەر ۋە ئاددىي مىساللار ئارقىلىق بايان قىلىنىدۇ.

جامىنىڭ «رىسالەيى ئارۇز» ى ئىخچام يېزىلغان ئىلمىي ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇرەككەپ ۋە ئۇزۇن مۇنازىرە - مۇلاھىزىلەر ئۇچرىمايدۇ. ئاساسىي مەقسەت ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئاددىي شەكىللەردە روشەن بايان قىلىنىدۇ. ئەسەردىن ئاپتورنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس. جامى مەزكۇر ئەسەرنى يېزىش ئارقىلىق شېئىر ھەۋەسكارلىرى ۋە ئىجادىيەتكە يېڭىدىن قەدەم قويغان شائىرلارغا ئارۇزنىڭ مۇرەككەپ قائىدىلىرىنى ئاددىي شەكىللەردە چۈشەندۈرۈشنى ئۆز ئالدىغا ۋەزىپە قىلىپ قويغان. شۇڭا، بۇ ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇپ، شۇ دەۋرلەردىن باشلاپلا خېلى زور شۆھرەت قازانغانىدى.

بۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن ئەتائۇللاھ ھۇسەينىنىڭ «بەدايىئۇس - سەنايى» سىمۇ ئارۇز ئىلمى تارىخىدا خېلىلا زور تەسىرگە ئىگە بولغان مۇھىم ئەسەرلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تارىخچى خاندەمىرنىڭ «مەكارىمۇل - ئەخلاق» ناملىق ئەسىرىدىكى مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئاپتور غۇربەتچىلىكتە كۈن ئۆتكۈزىدىكەن ۋە كېيىن نەۋايىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئېرىشكەن.[1] ئەتائۇللاھ ھۇسەينى ھاياتىدا كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پەقەت «بەدايىئۇس - سەنايى» ۋە «رىسالەيى قافىيە» ناملىق ئىككى پارچە ئەسىرىلا دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەن.

«بەدايىئۇس - سەنايى» ئەلىشىر نەۋايىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن 1493 - يىلى يېزىلغان ئەسەر بولۇپ، دىباچە،

[1] ئەتائۇللاھ ھۇسەينى: «تاجىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئېنسىكلوپېدىيەسى». دۇشەنبە، 1988 - يىلى نەشرى، 1 - توم، 193 - بەت.



مۇقەددىمە، ئۈچ سەنئەت (باب) ۋە خاتىمىدىن تەركىب تاپىدۇ. دىباچەدە كىتابنىڭ يېزىلىش سەۋەبى ۋە شۇ ۋاقىتتىكى شارائىت قاتارلىق مەسىلىلەر بايان قىلىنىدۇ. كىتابنىڭ مۇقەددىمە قىسمى ئارۇز ئىلمىگە بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئارۇز ئىلمىنىڭ قائىدە - قانۇنلىرى ئىخچام ۋە چۈشىنىشلىك شەكىلدە بايان قىلىنىدۇ. كىتابنىڭ ئۈچ سەنئەت قىسمى بەدىئىي سەنئەتلەرنى شەرھلەشكە بېغىشلانغان.

بۇ ئەسەر نەۋايىنىڭ «مىزانۇل - ئەۋزان» نىڭ يېزىلىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. پىروفېسسور رەھىم مۇسۇلمانقۇلوف «مىزانۇل - ئەۋزان» نىڭ مەنبەلىرى ئۈستىدە توختىلىپ: «‹مىزانۇل - ئەۋزان› نى تەتقىق قىلىشتىن شۇ نەرسە ئايانكى، نەۋايى ئىسمى ئاتالغان ئاپتورلار (خەلىل ئىبنى ئەھمەد، شەمس قەيس رازى، نەسىرۇددىن تۇسى ۋە ئابدۇرەھمان جامىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ) نىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلانغان. ئەمما، بىۋاسىتە ئەمەس بەلكى ۋاسىتىلىك — ئەتائۇللاھ ھۇسەينىنىڭ ‹بەدايىئۇس سەنايى› سى ئارقىلىق پايدىلانغان. گۇمانلىنىشقا بولمايدۇكى، زۆرۈر تېپىلغاندا يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان مەنبەلەر، جۈملىدىن جامىنىڭ ‹رىسالەيى ئارۇز› ىنى ۋاراقلاپمۇ باققاندۇ. ئەمما، يۇقىرىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدىن يەنىلا ‹بەدايىئۇس سەنايى› ئارقىلىق بەھرە ئالغان»[1] دەپ يازىدۇ. ئاپتور بۇ مۇلاھىزىلىرىنى بىرنەچچە ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق ئىسپاتلايدۇ.

[1] رەھىم مۇسۇلمانقۇلوف: «نەۋايى ئارۇزىنىڭ پارسچە مەنبەلىرى» «تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاخباراتى» (ئىلمىي ژۇرنال)، 1991 - يىللىق 3 - سان، 4 - بەت.

16 - ئەسىردىن كېيىن ئارۇز ئىلمىگە بېغىشلانغان يەنە نۇرغۇن ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. بۇلاردا كۆپىنچە «ئەل - مۇجەم»، «مېيارۇل - ئەشئار»، «بەدايىئۇس - سەنايى»، «رىسالەيى ئارۇز» غا ئوخشىغان يىرىك ئەسەرلەرنى يېڭى مىساللار بىلەن شەرھلەش ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. بۇ ئەسەرلەردىن مۇھىمراقلىرى خاجە ھەسەن نىسارى (1516 — 1597) نىڭ «چەھار گۇلزار» ى، غىياسۇددىن مۇھەممەد (؟ — 1791) نىڭ «مېراجۇل - ئارۇز» ناملىق ئەسىرى، غازىئۇددىن بادشاھ غازى (19 - ئەسىر) نىڭ «ھەفت قۇلزۇم» ى (1817 - يىلى يېزىلغان)، ۋاجىدەلى مۇجەملى (19 - ئەسىر) نىڭ «مەتلەئۇل - ئۇلۇم» (1845/46 - يىلى يېزىلغان) ناملىق ئەسىرى قاتارلىقلاردۇر. بۇلاردىن «چەھار گۇلزار» ۋە «مېراجۇل ئارۇز» مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان ۋە ئۆزىگە خاس يېڭىلىقلىرى ھەم ئۆزگىچە شەكىللىرى بىلەن تارىختا خېلىلا داڭ چىقارغان مۇھىم ئەسەرلەر قاتارىغا كىرىدۇ.

خاجە ھەسەن نىسارىنىڭ «چەھار گۇلزار» ناملىق ئەسىرى 1560 - يىلى دەرسلىك سۈپىتىدە تۈزۈلگەن بولۇپ، تۆت گۇلزار (باب) دىن ئىبارەتتۇر. ھەر گۇلزارى يەنە ئۆز ئىچىدىن بىر نەچچە گۇل (بۆلەك) گە بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى گۇلدىن تەركىب تاپقان ئۈچىنچى گۇلزارى شېئىر ۋە ئارۇز ئىلمىگە بېغىشلانغان. ئاپتور ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئارۇزچىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئاساسلىنىپ، ئارۇز ئىلمىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى يېڭى مىساللار ئارقىلىق چۈشىنىشلىك شەكىللەردە ئۆگەنگۈچىلەرگە تەقدىم ئېتىدۇ. دەرسلىك سۈپىتىدە تۈزۈلگەن مەزكۇر كىتاب بارلىققا كەلگەندىن كېيىن مەدرىسەلەردە كەڭ قوللىنىلىپ، تالىپلارغا ئارۇز ئىلمى خەزىنىسىنىڭ



دەرۋازىسىنى ئاچىدىغان ياخشى قوللانما بولۇپ قالغان. سانت پېتېربۇرگ، دۈشەنبە، تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەردە بۇ ئەسەرنىڭ نۇرغۇن قول يازمىلىرى ساقلانماقتا[1].

19 - ئەسىردە ئارۇز ئىلمى ساھەسىدە بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەر ئىچىدە مۇھەممەد غىياسۇددىننىڭ «مېراجۇل - ئارۇز» ناملىق ئەسىرى ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگىدۇر. مەزكۇر ئەسەر ئاۋۋال يۇقىرىدىكى نام بىلەن ئارۇز ئىلمىگە ئائىت ئايرىم رىسالە شەكلىدە يېزىلىپ، كېيىن ئاپتور تەرىپىدىن 1827 - يىلى تۈزۈلگەن «غىياسۇل - لۇغەت» ناملىق ئىزاھلىق لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن[2].

ئاپتور ئەسەرنىڭ بېشىدا پارس - تاجىك ئەدەبىياتى تارىخىدا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئارۇزچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، بۇ ئەسەرلەردىن پايدىلانغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. «مېراجۇل - ئارۇز» بابلارغا بۆلۈنمەي، ئارقىمۇ ئارقا بايان قىلىش ئۇسۇلىدا يېزىلغان. ئاپتور شېئىر ئاتالغۇلىرىنىڭ مەنىلىرىنى يېشىپ، ئاندىن ئارۇز ئىلمى، بۇ ئىلىمنىڭ ئىجادچىسى خەلىل ئىبنى ئەھمەد، ئارۇزدىكى ئاساسىي قائىدىلەر — رۇكنىلار، تەقتىئ، زىھاف قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىدۇ. سەبەب، ۋەتەد، فاسىلە ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئارۇزدىكى ئومۇمىي خاراكتېردىكى ئاتالغۇ - ئۇقۇملارنى يېڭى مىساللار بىلەن تەپسىلىي چۈشەندۈرىدۇ. ئارۇز دائىرەلىرى، ئۇلارنىڭ ئەرەب ۋە پارس تىللىق شېئىرىيەتتىكى ئورتاق تەرەپلىرى ۋە پەرقلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنىمۇ شەرھلەيدۇ. ئارۇز قائىدىلىرى ۋە

[1] «تاجىك سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيەسى»، دۈشەنبە، 1988 - يىلى نەشرى، 8 - توم، 63 - بەت.

[2] ئەمان نۇرۇۋ نەشرگە تەييارلىغان ۋە 1988 - يىلى دۈشەنبە شەھىرىدە نەشر قىلىنغان «غىياسۇل - لۇغەت» (3 توملۇق) كە قارالسۇن.

ئۇقۇملىرىنى ناھايىتى ئاددىي شەكىللەردە ئىپادىلەپ بېرىش بۇ ئەسەرنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۆگەنگۈچىلەرگە ناھايىتى قولايلىق تۇغدۇرىدۇ. ئەسەردە مىسال تەرىقىسىدە كەلتۈرۈلگەن شېئىرىي ئەسەرلەرمۇ ساددىلىقى، چۈشىنىشلىكلىكى، مەزمۇنىنىڭ ناھايىتى يۈكسەكلىكى، تاللانغانلىقى بىلەن مەزكۇر ئەسەرنىڭ تەربىيەۋى ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. شۇڭا، مەزكۇر ئەسەر ئىككى يۈز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان پارس تىللىق ئەدەبىياتتا مۇھىم نەزەرىيەۋى ئەسەرلەردىن بىرى دەپ بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ، يۇقىرى باھاغا ئېرىشىپ كەلگەنىدى. ھازىرقى ۋاقىتتىمۇ ئۇ پارس-تاجىك ئەدەبىياتى ۋە پارس تىللىق خەلقلەرنىڭ 19-ئەسىردىكى سىياسىي-ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم «ئىلمىي، ئەدەبىي، تارىخىي ۋە تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە قىممەتلىك ئەسەرلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ»[1].

20-ئەسىردىمۇ ئارۇز ئىلمى ساھەسىدە نۇرغۇن يىرىك ئەسەرلەر بارلىققا كەلتۈرۈلدى. بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئارۇز تەلىماتلىرىنى قېزىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى، ئۇلاردا ھازىرقى زاماندىكى ئەدەبىياتنىڭ يېڭى نەزەرىيەلىرى بولۇپمۇ شېئىرىيەتشۇناسلىقنىڭ يېڭى ئۇتۇقلىرى يۈكسەكلىكىدىن ئارۇزنىڭ بۇگۈنكى شېئىرىيەت تەرەققىياتىدا تۇتقان ئورنى ۋە ئوينايدىغان رولى خېلى تەپسىلىي تەتقىق قىلىندى. نەتىجىدە ئارۇز نەزەرىيەسى يېڭى نەتىجىلەر بىلەن بۈگۈنكى شېئىرىيەتكە ئۇنۇملۇك

[1] «تاجىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئېنسىكلوپېدىيەسى»، دۈشەنبە، 1989-يىلى نەشرى، 2-توم، 247-بەت.



تەتبىقلىنىپ، شېئىرىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينايدىغان نەزەرىيەۋى ئاساسقا ئايلاندۇرۇلدى. بۇنداق يىرىك ئەسەرلەر ئىچىدە تەسىرى ئەڭ زور بولغانلىرىدىن ئىرانلىق ئالىم پەرۋىز ناتىل خانلەرى (1913-يىلى تۇغۇلغان) نىڭ «پارس ئارۇزچىلىقى ۋە غەزەلدىكى ۋەزىن ئۆزگىرىشى ئۈستىدە تەنقىدىي تەتقىقات»[1]، «پارس شېئىرىيىتىنىڭ ۋەزنى»[2] قاتارلىق ئىككى پارچە يىرىك ئەسىرى، بەھرام سىيرۇس (1885 — 1981) نىڭ «تاجىك ئارۇزى»[3] ناملىق ئەسىرى، ش. شاھمۇھەممىدوفنىڭ «پارس-تاجىك ئارۇزى»[4] قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن.

## 3. تۈركىي تىللىق ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئارۇز ئىلمى

«تۈركىي ئارۇزى، شۇ جۈملىدىن ئۆزبېك ئارۇزى ۋە يازما پوئېزىيەسىدە (ئارۇز) يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ 1070-يىلى يېزىلغان ‹قۇتادغۇ بىلىك› داستانىدىن باشلاندى»[5]. تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە ئارۇز ۋەزنىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» تىن باشلانغانلىقى بارلىق تۈركىي تىللىق

[1] پەرۋىز ناتىل خانلەرىنىڭ «پارس ئارۇزچىلىقى ۋە غەزەلدىكى ۋەزىن ئۆزگىرىشى ئۈستىدە تەنقىدىي تەتقىقات»، تېھران، ھىجرىيە1327-يىلى نەشرىگە قارالسۇن.

[2] پەرۋىز ناتىل خانلەرى: «پارس شېئىرىيىتىنىڭ ۋەزنى»، تېھران، ھىجرىيە 1361-يىلى نەشرىگە قارالسۇن.

[3] بەھرام سىيرۇس: «تاجىك ئارۇزى»، دۈشەنبە، 1963-يىلى نەشرىگە قارالسۇن.

[4] ش. م. شاھمۇھەممىدوف: «پارس-تاجىك ئارۇزى»، تاشكەنت، 1970-يىلى نەشرىگە قارالسۇن.

[5] ئۇممەت تويچىيېف: «ئۆزبېك پوئېزىيەسىدە ئارۇز سىستېمىسى»، تاشكەنت، 1985-يىلى نەشرى، 95-بەت.

ئەدەبىيات، جۇملىدىن تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى ئارۇز قائىدىلىرىنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ ئورتاق قارىشى. بۇ پەقەت ئارۇز قائىدىلىرىنىڭ تۈركىي تىللىق شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە ئاڭلىق تەتبىقلىنىشىنىڭ باشلانغانلىقىنىلا كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى بىرلىككە كەلگەن قاراشقا ئاساسلانغاندا، تۈركىي تىللىق ئەدەبىيات تارىخىدا ئارۇز ئىلمىنىڭ قائىدە - قانۇنلىرىنى ئىلمىي نۇقتىدىن شەرھلەيدىغان تۇنجى نەزەرىيەۋى ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىك» تىن تەخمىنەن بەش ئەسىر كېيىن يەنى 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مەيدانغا كەلگەنىدى. بۇ ئەلىشىر نەۋايى (1441—1501) نىڭ «مىزانۇل - ئەۋزان» (ۋەزىنلەر ئۆلچىمى) ناملىق ئەسىرى بولۇپ، تارىختا «تۈركىي ئارۇزى» نامى بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ.

ئاپتور ئەسەرنىڭ باشلىنىشىدىكى قىسقىغىنە ئومۇمىي بايانىدا شۇ دەۋرگىچە تۈركىي تىلىدا ئارۇزغا ئائىت بىرەر ئىلمىي ئەسەرنىڭ يېزىلمىغانلىقى ئۈستىدە ئەلەم بىلەن سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ ھېچكىم قىلالمىغان بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغانلىقىدىن پەخىرلەنگەن ھالدا مۇنداق يازىدۇ: «... ئەجەم شۇئەراسى ۋە فۇرس فۇسەھاسى ھەر قايسى ئۇسلۇبدەكىم، سۆز ئەرۇسىغە جىلۋە ۋە نەمايىش بېرىپ ئېردىلەر، تۈرك تىلى بىلە قەلەم سۈردۇم ۋە ھەر نىچۈك قائىدەدەكىم، مەئنى ئەبكارىغە زىينەت ۋە ئارايىش كۈركۈزۈپ ئېردىلەر،چىغەتاي لەفزى بىلە رەقەم ئۇردۇم. ئەنداقكىم، تا بۇ مەزكۇر بۇلغان تىل ۋە لەفز بىناسىدۇر، ھېچ نازىمغە بۇ دەست بەرمەيدۇر ۋە ھېچ راقىمغا بۇ مۇيەسسەر بولمەيدۇ»[1]. ئەلۋەتتە، نەۋايىنىڭ «مىزانۇل - ئەۋزان» نى يېزىشتىن

[1] «نەۋايى ئەسەرلىرى» («مىزانۇل ئەۋزان»)، تاشكەنت، 1967 - يىلى نەشرى، 14 - توم، 135 - بەت .



مەقسىتى يالغۇز ئەرەب ۋە پارس - تاجىك شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز قائىدىلىرىنى تۈركىي تىلىدا شەرھلەشلا ئەمەس ئىدى. ئەڭ مۇھىمى چاغاتاي تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە تۈركىي تىللىق ئەدەبىيات، جۇملىدىن شېئىرىيەتنى پۈختا نەزەرىيەۋى ئاساسقا ئىگە قىلىشنى ئۆمۈرلۈك مەقسىتى قىلغان نەۋايى مەزكۇر ئەسەرنى يازغاندا پارس تىللىق شېئىرىيەتتىكى ئارۇز قائىدىلىرىگە ئاساسلىنىپ ئىجادىيەت قىلىۋاتقان تۈركىي تىللىق شائىرلارغا تۈركىي (چاغاتاي) تىلىدا پارس ئارۇزچىلىقى قائىدىلىرىگە چۈشمەيدىغان نۇرغۇن خاس ئالاھىدىلىكلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۇقتۇرۇشنىمۇ كۆڭلىگە پۈككەنىدى. يەنى «‹مىزانۇل - ئەۋزان› ئارۇز ئىلمىنىڭ قائىدىلىرىنى (تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا) ئاممىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئارۇز قائىدىلىرىنىڭ بىر نەچچە يېڭى تەلقىنىنى بېرىش ۋە ئارۇزنى بېيىتىش مەقسىتىدە يېزىلغان ئەسەر»[1] ئىدى. «مىزانۇل - ئەۋزان» تۈركىي تىلىدا تۇنجى بولۇپ ئارۇز ئىلمىگە بېغىشلانغان ئەسەر بولغاچقا، ئاپتور ئۇنىڭدا تەبىئىي رەۋىشتە تۈركىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز ۋە بوغۇم ئالاھىدىلىكلىرىنى تەھلىل قىلىش ۋە ئۇنى ئارۇز ئىلمى نۇقتىسىدىن شەرھلەشنىڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. ئەمما، ئەسەر ھەجىم جەھەتتىن ئانچە چوڭ بولمىغاچقا، نەۋايى يۇقىرىدىكىدەك كونكرېت مەسىلىلەرنى ئايرىم بۆلەكلەرگە ئاجرىتىپ شەرھلىمەي، پەقەت ھەر قايسى شېئىرىي ئۆرنەكلەرنى چۈشەندۈرگەندە تۈركىي تىلىنىڭ بەزى

[1] كوللېكتىپ «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى»، تاشكەنت، 1977 - يىلى، 2 - توم، 428 - بەت.

خاسلىقلىرى ئۈستىدە ئىزاھات بېرىپ تۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ بارلىق مىسالار تۈركىي تىللىق شېئىرىيەت (ئاساسىي قىسمى نەۋايىنىڭ ئۆز شېئىرلىرى) تىن ئېلىنغاچقا، تۈركىي تىلىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى خېلىلا روشەنلىشىدۇ. نەۋايىنىڭ ئىزدىنىشى رۇكىن، بەھر، زىھاف ۋە دائىرەگە ئوخشاش ئارۇزدا ئومۇمىي قائىدىگە ئايلانغان ساھەلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشى ۋە ئارۇز ئىلمىگە قوشقان يېڭىلىقلىرىنى تىلغا ئېلىپ: «... نەچچە قائىدە ۋە دائىرە ۋە ۋەزنكىم، ھېچ ئارۇزدا، مىسلى فەن ۋازىئى خەلىل ئىبنى ئەھمەد ۋە ئىلىم ئۇستادى شەمس قەيس كۆتۈبىدا ۋە خاجە نەسىرۇددىن تۇسىنىڭ ‹مىيارۇل-ئەشئار› ىدە، بەلكىم ھەزرەتى مەھدۇمىي (ئابدۇرەھمان جامى) نەۋۋەرە مەرقەدەھۇ نۇرەن ‹ئارۇز› لىرىدا يوق ئېردىكىم، بۇ فەقىر بۇ فەن ئۇسۇلىدىن ئىستىخراج قىلىپ، ئېردىكىم، بۇ كىتابغە ئىزافە قىلدىم ...»[1] دەپ يازىدۇ. نەۋايىنىڭ ئارۇز ئىلمىدە قانچىلىك يېڭىلىق ياراتقانلىقى ئۈستىدە بىز مۇناسىۋەتلىك بابلاردا ئايرىم توختىلىمىز.

«مىزانۇل-ئەۋزان» نەۋايىنىڭ تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتقا قوشقان يەنە بىر زور تۆھپىسى ئىدى. بۇ ئەسەر بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ناھايىتى زور شۆھرەت قازاندى. ئۇ تۈركىي تىللىق ئەدەبىيات تارىخىدا تۇنجى بولۇپ نەزەرىيەۋى ساھەگە بېغىشلانغان ۋە شېئىرىيەتنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسىنى تىكلەشتە مۇھىم رول ئوينىغان

[1] «نەۋايى ئەسەرلىرى» («مىزانۇل-ئەۋزان»). تاشكەنت، 1967-يىلى نەشرى، 14-توم، 136-بەت.



ئەسەرلەردىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغىمۇ پەۋقۇلئاددە تەسىر كۆرسەتتى، ئەمەلىي قىممەت ياراتقان مۇھىم ئەسەرلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

16-ئەسىردە تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتتا ئارۇز ئىلمىگە ئائىت يەنە بىر يىرىك نەزەرىيەۋى ئەسەر يارىتىلدى. ئۇ بولسىمۇ زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر (1483 ــ 1530) نىڭ «مۇختەسەر» ناملىق ئەسىرى بولۇپ، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەلۇماتلىرىنىڭ مولluقى بىلەن ئەينى دەۋردىلا ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرقتە خېلىلا زور شۆھرەت قازانغانىدى.

زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ «مۇختەسەر» ناملىق ئەسىرى نۇرغۇن خاسلىقى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا تونۇلغان مۇھىم ئەسەرلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر ئەسەردىكى بەزى تارىخىي ۋەقەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇنى 1521/22-يىللىرى ئەتراپىدا يېزىلغان دەپ تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ[1].

تۈركىي تىلىدا ئارۇز ئىلمىگە ئائىت ئىلمىي ئەسەر يېزىش 16-ئەسىردىمۇ دەۋرنىڭ كۆچلۈك تەلەپلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۆزبېكىستانلىق ئەدەبىياتشۇناس سەئىدبېك ھەسەن بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەلىشىر نەۋايى ئاساس سالغان ئۆزبېك (ھەم ئۇيغۇر- ز. س.) ئارۇز ئىلمىنىڭ قانۇن-قائىدىلىرىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئەرەب، پارس-تاجىك خەلقلىرى پوئېزىيە نەزەرىيەسى ھەققىدە يارىتىلغان ئەسەرلەر

[1] سەئىدبېك ھەسەن: «بابۇرنىڭ ‹مۇختەسەر› ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا»، بابۇر، «مۇختەسەر»، تاشكەنت، 1971-يىلى نەشرى. كىرىش سۆز، 6-بەت.

قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى مۇمكىن بولغان نەزەرىيەۋى، ئىلمىي جەھەتتىن ئاساسلانغان (پۇختا ئاساسقا ئىگە — ز. س.) بىر يېرىك، فوندەمېنتال ئىش بۇنياد قىلىش، دەۋرىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئۆز زامانىسىنىڭ پېشقەدەم ئالىمى ۋە ھەسساس شائىرى زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ئۇ نەۋايىنىڭ «مىزانۇل-ئەۋزان» ئەسىرى بىلەن بىرگە پارس-تاجىك كلاسسىكلىرى رەشىد ۋەتۋات، ناسىر تۇسى، ئەر رازى (شەمس قەيس رازى) ۋە باشقىلارنىڭ ئارۇز ھەققىدىكى رىسالىلىرىنى ھەم ئىنچىكىلىك بىلەن ئۆگەندى ۋە ئۆزبېك شېئىرىيىتىگە ئائىت مۇكەممەل ئەسەر ياراتتى».[1]

بابۇرنىڭ «مۇختەسەر» ناملىق ئەسىرى ئىككى چوڭ بابتىن ئىبارەت بولۇپ، ئالدىنقى بابتا ئاپتور رۇكنىنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللار — بوغۇملار ۋە ئۇلارنىڭ بىرىكىش يوللىرى، تۇرلۇك شەكىللىرى، رۇكنىلار، زىھافلار، بەھرلەر ھەم ئارۇز دائىرەلىرى (چەمبەرلىرى) ھەققىدە توختىلىدۇ. ئاپتور ئىلگىرىكى ئارۇزچىلارنىڭ بۇ ساھەدىكى بەزى كۆز قاراشلىرىنى رەت ئېتىپ، يېڭى تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئەسەرنىڭ ئىككىنچى بابى ۋەزىن ۋە تەقتىئ قائىدىلىرىگە بېغىشلانغان. تەقتىئ ئارۇز ئىلمىدىكى مۇھىم ۋە ئىنچىكە تەرەپلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ھەر بىر ھەرپنىڭ يېزىقتا ئىپادىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ بوغۇملاردىكى رولى قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا،

[1] سەئىدبېك ھەسەن: «بابۇرنىڭ ‹مۇختەسەر› ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا»، بابۇر، «مۇختەسەر»، تاشكەنت، 1971-يىلى نەشرى، كىرىش سۆز، 5-بەت.



رۇكنىلارنىڭ توغرا ئۆلچىنىشى تەقتىئ بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىكى كىچىك بىر خاتالىق پۈتۈن ۋەزىن ئۆلچىمىنى قالايمىقانلاشتۇرۇشى، ناتوغرا بىر خۇلاسىگە كەلتۈرۈشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئارۇز ئىلمىدە ئەزەلدىنلا تەقتىئ ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان. بۇ ھەم ئەرەب، پارس-تاجىك ۋە تۈركىي ئارۇزچىلىقىنىڭ بىر-بىرىدىن پەرقى ۋە ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدىغان بۆلەكلەرنىڭ بىرىدۇر. بابۇر بارلىق تاۋۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ يېزىقتىكى ئىپادىلىنىشىنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلىپ، پارس ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى بەزى خاسلىقلارنىمۇ سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئەمەلىي مىساللار بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە تەرەپلىرىنى شەرھلەيدۇ. ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «مىزانۇل-ئەۋزان» ىدىكى رۇبائىي ۋەزنىدە ھەم مۇجتەمىئە دائىرەسىدە كۆرۈلگەن بەزى خاتالىقلارنى تۈزىتىدۇ.

«زەھىرىددىن بابۇر ئۆزبېك (تۈركىي — ز. س.) تىلى فونېتىك نورمىسى ۋە ئەرەب، پارس-تاجىك ئارۇز سىستېمىسىنىڭ نېگىزى ئاساسىدا نەۋايى ‹مىزانۇل-ئەۋزان› ىدا ئىشلەپ چىقىلغان ئۆزبېك (ھەم ئۇيغۇر — ز. س.) ئارۇزى قانۇن-قائىدىلىرىنىڭ ئىلمىي نەزەرىيەۋى تەلەپلىرىگە ھەر تەرەپلىمە جاۋاب بېرەلەيدىغان دەرىجىدە نەزم نىزامىنى ياراتتى»[1]. بۇ ئەسەر مەيداندا كەلگەندىن كېيىن تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتتا ئارۇز قائىدىلىرىدىن ئاڭلىق پايدىلىنىش ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ يول

[1] سەئىدبېك ھەسەن: «بابۇرنىڭ ‹مۇختەسەر› ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا»، بابۇر، «مۇختەسەر»، تاشكەنت، 1971-يىلى نەشرى، كىرىش سۆز، 13-بەت.

ئېچىلغانىدى. ئەسەر ئارۇز ئىلمىدىكى نەزەرىيەۋى مەسىلىلەرنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن شەرھلەشتەك ئارتۇقچىلىقى بىلەن تۈركىي تىللىق ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇن ئىگىلىسە، ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپلىگەن ئەدەبىي، تارىخىي، جۇغراپىيەلىك ۋە ئېتنىك مەزمۇنلاردىكى باي مەلۇماتلىرى بىلەنمۇ 15—16 - ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ئاز تېپىلىدىغان مۇھىم مەنبەلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تۈركىي تىللىق ئەدەبىيات تارىخىدا ئارۇز ئىلمىگە ئائىت يارىتىلغان نەزەرىيەۋى ئەسەر پەقەت يۇقىرىدىكى ئىككى پارچىدىنلا ئىبارەت. 20 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ شېئىرىي مىراسلىرى، جۈملىدىن ئارۇز ئىلمىگە ئائىت تەتقىقات كۈچەيتىلدى. بۇ ساھەدە سوۋېت شەرقشۇناسلىرىدىن پىروفېسسور فىترەتنىڭ «ئارۇز ھەققىدە»[1]، ئى. ۋ. ستېبلېۋانىڭ «شەرق مەملىكەتلىرىدىكى ئەدەبىيات ۋە ئېستېتىكا نەزەرىيەلىرى توغرىسىدا»[2] ۋە «11 - ئەسىردىكى تۈركىي تىللىق شېئىرىي شەكىللەرنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا»[3]، ئا. م. شچېرباكنىڭ تۈركىي تىللىق ئارۇز ۋە بابۇرنىڭ «مۇختەسەر» نى تېما قىلغان بىر قاتار ئەسەرلىرى، ئەلىبېك رۇستەموفنىڭ «ئارۇز ھەققىدە

[1] پىروفېسسور فىترەت: «ئارۇز ھەققىدە»، تاشكەنت، 1936 - يىلى نەشرىگە قارالسۇن.

[2] ئى. ۋ. ستېبلېۋا: «شەرق مەملىكەتلىرىدىكى ئەدەبىيات ۋە ئېستېتىكا نەزەرىيەلىرى توغرىسىدا»، موسكۋا، 1964- يىلى نەشرىگە قارالسۇن.

[3] ئى. ۋ. ستېبلېۋا: «11-ئەسىردىكى تۈركىي تىللىق شېئىرىي شەكىللەرنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا»، موسكۋا، 1971-يىلىدىكى نەشرىگە قارالسۇن.



سۆھبەتلەر»[1]، س. ھەسەنوفنىڭ «بابۇرنىڭ ‹ئارۇز رىسالەسى› ئەسەرى»[2]، ئا. پوسېلوۋېۋسكىنىڭ تۈركمەنلەر شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنىگە ئائىت ئەسەرلىرى بىلەن بىرگە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كاۋكازدىكى ئەدەبىياتشۇناسلاردىن ئەكرەم جەئفەرنىڭ ئەزەربەيجان شېئىرىيىتىدىكى ئارۇزغا ئائىت «ئارۇزنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسلىرى ۋە ئەزەربەيجان ئارۇزى»[3] ناملىق ئەسىرى، خەتىب ئوسماننىڭ تاتار شېئىرىيىتىدىكى ئارۇزغا ئائىت ئەسەرلىرى قاتارلىق بىر قىسىم يىرىك ئىلمىي - نەزەرىيەۋى ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن كېيىن ئارۇز ئىلمى ساھەسىدە مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەر ئىچىدە قازاقىستانلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسى م. ھەمرايېفنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئارۇزغا بېغىشلانغان «تۈركىي تىللىق شېئىرىيەت نەزەرىيەسىدىن ئوچېرىكلار»[4] ۋە «تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتنىڭ ئاساسلىرى»[5] بىلەن ئۆزبېكىستانلىق ئەدەبىياتشۇناس ئۇممەت تويچىيېفنىڭ «ئۆزبېك پوئېزىيەسىدە ئارۇز سىستېمىسى»[6] قاتارلىق ئەسەرلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەمەلىي ۋە نەزەرىيەۋى مەلۇماتلىرىنىڭ موللۇقى، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى

[1] ئەلىبېك رۇستەموفنىڭ «ئارۇز ھەققىدە سۆھبەتلەر»، تاشكەنت، 1972- يىلىدىكى نەشرىگە قارالسۇن.

[2] س. ھەسەنوف: «بابۇرنىڭ ‹ئارۇز رىسالەسى› ئەسەرى»، تاشكەنت، 1981- يىلىدىكى نەشرىگە قارالسۇن.

[3] ئەكرەم جەئفەر: «ئارۇزنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسلىرى ۋە ئەزەربەيجان ئارۇزى»، باكۇ، 1977 - يىلىدىكى نەشرىگە قارالسۇن.

[4] م. ھەمرايېف: «تۈركىي تىللىق شېئىرىيەت نەزەرىيەسىدىن ئوچېرىكلار» (رۇسچە)، ئالماتا، 1969 - يىلىدىكى نەشرىگە قارالسۇن.

[5] م. ھەمرايېف: «تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتنىڭ ئاساسلىرى» (رۇسچە)، ئالماتا، 1963 - يىلىدىكى نەشرىگە قارالسۇن.

[6] ئۇممەت تويچىيېفنىڭ «ئۆزبېك پوئېزىيەسىدە ئارۇز سىستېمىسى»، تاشكەنت، 1985 - يىلىدىكى نەشرىگە قارالسۇن.

تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ شېئىرىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى پايدىلىنىش قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ.

شۇنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇكى، تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتتىكى ئارۇز قائىدىلىرى ئاساسىدا يېزىلغان تۇنجى ئەسەر ئېلىمىزدە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما، بۇ زېمىندا ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئارۇز ئىلمىگە ئائىت ھېچقانداق ئىلمىي ئەسەر يېزىلمىدى ۋە يېزىلغان بولسىمۇ بىزگە تېخى مەلۇم بولغىنى يوق. پەقەت يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىنلا بۇ ساھەدە بىر قىسىم ماقالىلەر يېزىلىپ، بەزى تېمىلار مۇھاكىمە قىلىندى. ئارۇز ئىلمىگە ئائىت مەزمۇنلار ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيەسى دەرسلىكلىرىگىمۇ كىرگۈزۈلدى. ئەپسۇسكى، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئارۇز ئىلمىدىكى بوغۇم، رۇكىن، بەھر ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈش يوللىرى، تەقتېئ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەڭ ئاساسلىق ۋە ئاددىي ئۇقۇملارمۇ توغرا شەرھلەنمىگەن. بىز بۇ يەردە ئۇ خىلدىكى نۇقسانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتورلىرىنى ئايرىم ئاتاپ ئولتۇرمايمىز. ئېلىمىزدە ئارۇزغا ئائىت ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلەر ئىچىدە پەقەت گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ۋەزنى ۋە شەكىللىرى توغرىسىدا»① ناملىق رىسالىسى، گەرچە ئانچە ئۇزۇن بولمىسىمۇ، ئارۇز ئىلمىدىكى بارلىق

① گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ۋەزنى ۋە شەكىللىرى توغرىسىدا»، ئاپتورنىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001-يىلى نەشر قىلغان «شىنجاڭ مەدەنىيەت تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر توپلىمى»غا قارالسۇن.



ئۇقۇملارنى توغرا شەرھلەش ۋە شېئىر مىسرالىرىنى بىرلىككە كەلگەن قائىدىلەر بويىچە خاتاسىز رۇكىن ۋە بوغۇملارغا ئايرىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئالاھىدە ئىلمىي قىممەتكە ئىگىدۇر.

## بىرىنچى باب

# «ئارۇز» ئاتالغۇسى ۋە ئارۇز ئىلمىنىڭ ئەسلىي مەنبەسىگە ئائىت ئوخشىمىغان قاراشلار

«ئارۇز — عروض» ئاتالغۇسىنىڭ قانداق مەنىدە ئىپادىلەيدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ قانداق بولۇپ خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئىجاد قىلغان شېئىرىي ۋەزىن نەزەرىيەسىنىڭ نامى بولۇپ قالغانلىقى توغرىسىدا بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق. ھەر كىم بۇ ھەقتە ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ. ھەتتا، تارىخىي مەلۇماتلارنىڭ شۇنچە ئېنىقلىقىغا قارىماي ئارۇز ئىلمىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە دەسلەپكى كەشپىياتچىسى توغرىسىدىمۇ بەزى گۇمانىي قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

كۆپىنچە ھاللاردا «ئارۇز» ئاتالغۇسى ئەرەبچە «ئەرز» (عرض — بايان قىلىش) سۆزى ئاساسىدا شەرھلىنىدۇ. ئەڭ قەدىمكى ئەسەرلەردىن شەمس قەيس رازىنىڭ «ئەل-مۇجەم» دە: «ئۇنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئارۇز دەپ ئاتايدۇكى، شېئىر ئۇنىڭدا ئەرز-بايان قىلىنىش ئارقىلىق مەۋزۇن (تاناسىپ كەلگەن، ئۆلچەنگەن) نامەۋزۇندىن، توغرىسى خاتاسىدىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ»① دەپ تەبىرلىنىدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشىمىغان ھالدا ۋەھىد تەبرىزى: «...چېدىرنىڭ مۇستەھكەم تۇرۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تىرەپ قويۇلىدىغان تۈۋرۈكنى ‹ئارۇز› دەپ

① شەمس قەيس رازى: «ئەل-مۇجەم»، دۈشەنبە، 1991-يىلى نەشرى، 31-بەت.



ئاتىشىدۇ. ئارۇزنى بىلگۈچىلەر بولسا بىرىنچى مىسرانىڭ ئاخىرىدىكى رۇكنىنىمۇ ‹ئارۇز› دەپ ئاتىشىدۇ. خۇددى چېدىر شۇ تۈۋرۈككە تايىنىپ تۇرغانغا ئوخشاش بېيىتمۇ شۇ رۇكنىغا تايىنىدۇ. چۈنكى، بۇ رۇكنىن تەلەپپۇز قىلىنغاندا مەزكۇر شېئىرنىڭ قايسى بەھرگە تەئەللۇق ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ سالىم (ئەسلىي، ئۆزگەرتىلمىگەن) ياكى فەرئىيلىكى (ئۆزگەرتىلگەنلىكى) مەلۇم بولىدۇ»① دەپ قارايدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، خەلىل ئىبنى ئەھمەد شېئىرنى چېدىر ئۆيگە قىياس قىلىپ، ئارۇز نەزەرىيەسىدىكى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدىغان بارلىق ئاتالغۇلارنى كۆچمەن ئەرەبلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئۇچراپ تۇرىدىغان ئۆي جابدۇقلىرى ۋە تۈرلۈك بۇيۇملارنىڭ نامىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەردىن ئالىدۇ. ئەلىشىر نەۋايىمۇ ئارۇز ئاتالغۇسىنى شەرھلىگەندە بۇ ھەقتە توختىلىپ: «بەس سابىت بولدىكىم، ئارۇز فەنى شەرىف فەندۇر. ۋە بۇ كىم، بۇ ئىلمنى نېچۈن ‹ئارۇز› دېدىلەر، مۇختەلىف ئەقۋال بار. ئۇل جۈملەدىن، بىرى بىلە ئىكتىفا قىلىلۇر ۋە ئۇل بۇدۇركىم، خەلىل ئىبنى ئەھمەد رەھمەتۇللاھكى، بۇ فەننىڭ ۋازىئىيدۇر، چۇن ئەرەب ئېرمىش ۋە ئانىڭ يەقىنىدە بىر ۋادى ئېرمىشكى، ئانى ‹ئارۇز› دېرلەر ئېرمىش ۋە ئۇل ۋادىدا ئەئراب ئۆيلەرىن (چېدىرلارنى) تىكىپ، جىلۋە بېرىپ، بەھاغە كىيۇرۇرلەر ئېرمىش. ۋە ئۆينى ئەرەب ‹بەيت› دېر. چۇن بەيتلەرنى بۇ فەن بىلە مېزان قىلىپ، مەۋزۇننى نامەۋزۇندىن

① ۋەھىد ئەت تەبرىزى: «جەمئۇل-مۇختەسەر»، موسكۋا، 1959-يىلى، 26-بەت.

ئەيۇرۇلار، گوياكى قىيمەت ۋە بەھاسى مەلۇم بولۇر، بۇ مۇناسەبەت بىلە ‹ئارۇز› دېيىلۈرلەر»[1].

يۇقىرىدىكىدىن باشقا يەنە «بۇ بىلىمنى ‹ئارۇز› دەپ ئاتاشتىكى سەۋەب شۇكى، ئەل خەلىل ئۇنى مەككە بىلەن تائىف ئوتتۇرىسىدىكى شۇ ناملىق جايدا كەشپ قىلغان»[2] دېگەن قاراش بىلەن بۇنىڭغا يېقىن بولغان «خەلىل ئۆز ئاللاھدىن ئىلگىرى ھېچ بولۇپ باقمىغان بىر يېڭى ئىلىم ئۆگىتىشنى ئۆتۈنگەندە مەككىدە ئىدى. بۇ بىلىمنى ئۇ ‹ئارۇز› دەپ ئاتىدى. ئارۇز مەككىنىڭ ناملىرىدىن بىرىدۇر، بۇنى ئۇ بىر بېشارەت دەپ بىلدى»[3] دەيدىغان قاراشمۇ خېلىلا ئومۇملاشقان.

«ئارۇز» ئاتالغۇسىنى چۈشەندۈرىدىغان قاراشلارنىڭ بىرىدە مەزكۇر ئاتالغۇ يەنە مۇنداق تەبىرلىنىدۇ: «ئەرەبلەر تېخى كۆندۈرۈلمىگەن چىشى (ساغلىق) تۆگىنىمۇ ‹ئارۇز› دەپ ئاتىشىدۇ. شۇڭا، شائىر ئۆز مەيلىگە رام قىلىشى (بويسۇندۇرۇشى) كېرەك بولغان شېئىر ۋەزنىمۇ ‹ئارۇز› نامى بىلەن ئاتالغان»[4].

«ئارۇز» ئاتالغۇسىنى ئېلىپبە ئاساسىدا تەبىرلەش ئۇسۇلىمۇ بار. سەيفى «ئارۇزى سەيفى» ناملىق ئەسىرىدە شۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «بەزىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدە ئارۇز تەرەپ (نىشان، ياق) دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، بۇ ئىلىم بەزى

[1] ئەلىشىر نەۋايى: «مىزانۇل ـ ئەۋزان»، ( «نەۋايى ئەسەرلىرى توپلىمى»، 14 ـ توم)، تاشكەنت، 1967 ـ يىلى نەشرى، 137 ـ بەت.
[2] ئېمىنجان تەلەبوف: «ئارۇز ئاتالمىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە دائىر»، «شەرق يۇلتۇزى»، 1996 ـ يىللىق5 ـ سان، 159 ـ بەت.
[3] ئىبن خەللىكان: «ۋەفەيەتۇل ئەئيەن ۋە ئەنبە ئەز زەمان»، بېيرۇت، 1968 ـ يىلى نەشرى، 19 ـ بەت.
[4] پەرۋىز ناتىل خانلەرى: «پارس شېئىرىيىتىنىڭ ۋەزنى»، تېھران، ھىجرىيە 1361 ـ يىلى نەشرى، 84 ـ بەت.



ئىلىملەرنىڭ بىر تەرىپى (يۆنىلىشى) بولغاچقا، ‹ئارۇز› دەپ ئاتالغان دەپ قارىشىدۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ئارۇز (عروض) سۆزىنىڭ تەركىبىدىكى ئەين (ع)، را (ر)، زاد (ض) دىن ئىبارەت ئۈچ ھەرپ كەشىپ قىلىش ۋە ئاشكارىلاش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئىلىمدىن توغرا ۋە ناتوغرا ۋەزىن ئايدىڭلىشىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ‹ئارۇز› دەپ ئاتالغان»[1].

يۇقىرىدىكىلەردىن مەلۇمكى، «ئارۇز» ئاتالغۇسىنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقى قەدىمدىن بۇيانلا ئېنىق بولمىغان بىر مەسىلە بولۇپ، بۇ ھەقتە ئۆزۈن زامانلاردىن بۇيان ئوخشىمىغان تەخمىنىي قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ «كىتاب ئەل ـ ئارۇز» ناملىق ئەسىرىنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەنلىكى ئارۇز ئىلمىنىڭ مەنبەلىرى توغرىسىدىمۇ ئاز بولمىغان گۇمانىي قاراشلارنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولغانىدى. بۇ ساھەدە ياۋروپا ئالىملىرى خېلى ئەتراپلىق ئىزدەندى. بىز ئالدى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئارۇزچىلارنىڭ ئارۇز ئىلمىنىڭ ئىختىراچىسى توغرىسىدىكى بايانلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئالىملار خەلىل ئىبنى ئەھمەدنى بىردەك ئارۇز ئىلمىنىڭ كەشپىياتچىسى دەپ قارىشىدۇ. شەمس قەيس رازى ئارۇز توغرىسىدا توختالغاندا، خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ نامىنى تىلغا ئالمىغان (ئەسەرنىڭ باشقا بۆلەكلىرىدە كۆپ قېتىم تىلغا ئالىدۇ) بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىدە ئارۇز ئىلمىنىڭ ئەرەبلەردىن باشلانغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ: «شېئىرىي سەنئەت دەسلەپتە ئەرەبلەرنىڭ

[1] ئۇرۇۋەتۇللا تائىروف: «ئەجەم ئارۇزى ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، دۇشەنبە، 1991 ـ يىلى نەشرى، 15 ـ بەت.

تەبىئىتىدىن يارالغان ۋە باشلانغان بولۇپ، ئەجەم بولسا ھەممە جەھەتتىن ئۇنىڭغا بويسۇنۇش ئورنىدا تۇرۇپ، ئاساسىي ئورۇندا بولمىغان. بۆلەكلەر ۋە رۇكنىلارنىڭ ئىسمىنى قويۇش، بەھر ۋە ۋەزنىلەرنى بېكىتىش، راۋا بىلەن ناراۋانى ئايرىشتىمۇ مۇستەقىل بولماستىن ناقىل (توشۇغۇچى-قوبۇل قىلغۇچى) دۇر. ۋەزىن ۋە ئۇنىڭغا دائىر ئاتالغۇلارنى شەرھلەش، بەھرلەرنى مۇقەررەرلەشتۈرۈش، دائىرەلەرنى خاتىرلەش، شېئىر شەكىللىرىنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ بەھرلىرىنى ھېسابلاشتىن باشلانغان بۇ ئەسەردە ئەجەم بۇ ساھەدە ئۇنىڭغا قوشقان ۋە ئېلىپ تاشلىغان مەزمۇنلارنىڭ توغرا-خاتاسىنى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئېنىقلاش، ياخشى-يامىنىنى روشەنلەشتۈرۈش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى»[1]. بۇ سۆزدىن شەمس قەيس رازىنىڭ ئارۇز ئىلمىنىڭ دەسلەپتە ئەرەب ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەنلىكىگە ھېچقانداق گۇمانى قاراشتا ئەمەسلىكىنى ئېنىق ھېس قىلالايمىز.

ناسىرۇددىن تۇسىمۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ: «شېئىر رۇكنىلىرىنى ئىجاد قىلغان خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئۇلارنى خۇددى مۇزىكا ئەھلى ‹تا› ۋە ‹نۇن› سۆزى بىلەن ئاھاڭلارنى ئايرىغاندەك ‹فېئىل› (فعل) سۆزى بىلەن ئايرىغان. شۇڭا، شېئىر رۇكنىنى ‹ئەفائىل› ۋە ‹تەفائىل› دەپمۇ ئاتاشقان»[2] دەپ يازىدۇ.

مۇھەممەد غىياسۇددىننىڭ قارىشىچىمۇ خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئارۇز ئىلمىنىڭ كەشپىياتچىسىدۇر: «بىلىش

[1] شەمس قەيس رازى: «ئەل مۇجەم»، دۇشەنبە، 1991-يىلى نەشرى، 56-بەت.

[2] ناسىرۇددىن تۇسى: «مىيارۇل ئەشئار»، دۇشەنبە، 1992-يىلى نەشرى، 27-بەت.



كېرەككى، ئارۇز ئىلمىنىڭ ئىجادچىسى ۋە شەكىللەندۈرگۈچىسى خەلىل ئىبنى ئەھمەدتۇر. ئۇ ۋەزىننى ئەرەب شېئىرىيىتىدىن تەتقىق قىلىپ، ئۇنى 15 بەھرگە مۇقىملاشتۇرغان»[1].

ۋاجىد ئەلىمۇ خەلىل ئىبنى ئەھمەدنى ئارۇز ئىلمىنى دەسلەپتە بارلىققا كەلتۈرگۈچى شەخس دەپ قارايدۇ: «مەلۇم بولغايكى، بۇ ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى خەلىل ئىبنى ئەھمەد بەسرىدۇر»[2].

ئەلىشىر نەۋايىمۇ «خەلىل ئىبنى ئەھمەد رەھمەتۇللاھكى، بۇ فەننىڭ ۋازىئىيدۇر...»[3] دەپ ئېنىق تەكىتلەيدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئوتتۇرا ئەسىردىكى داڭلىق ئىلىم پېشۋالىرى ئارۇز ئىلمىنىڭ ئەرەب ئالىمى خەلىل ئىبنى ئەھمەد تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنغانلىقىغا قىلچە شەك كەلتۈرۈشمىگەن. گەرچە، ئاتالغۇلار مەسىلىسىدە ئۇلار ئوخشىمىغان قاراشلارنى ياقلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنى قىزىقتۇرغان مەسىلىلەرگە جاۋاب ئىزدەشتە يەنىلا ئەرەب ئەدەبىياتى ۋە خەلىل ئىبنى ئەھمەد ھەم ئۇنىڭ كېيىنكى ۋارىسلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن چەتنەپ كېتەلمىگەن. بۇ ھال ئارۇز ئىلمىنىڭ دەسلەپتە خەلىل ئىبنى ئەھمەد تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنغانلىقىنى ۋە ئەرەب ئەدەبىياتى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىدىغانلىقىنى

[1] مۇھەممەد غىياسۇددىن: «غىياسۇل-لۇغەت»، دۇشەنبە، 1987-يىلى نەشرى، 2-توم، 43-بەت.

[2] ۋاجىد ئەلى: «مەتلەئ ئۇل-ئۇلۇم ۋە مەجمەئ ئۇل-فۇنۇن»، ھىندىستان، 1908-يىلى نەشرى، 440-بەت.

[3] ئەلىشىر نەۋايى: «مىزانۇل-ئەۋزان» («نەۋايى ئەسەرلىرى توپلىمى»، 14-توم). تاشكەنت، 1967-يىلى نەشرى، 137-بەت.

مۇنازىرىسىز چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. شۇنداقتىمۇ خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ «كىتاب ئەل-ئارۇز» ناملىق ئەسىرىنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەنلىكى ئارۇز ئىلمىنىڭ دەسلەپكى مەنبەلىرىگە نىسبەتەن ئايرىم ئېنىقسىزلىكلەرنى تۇغدۇرمايمۇ قالمىغانىدى. بولۇپمۇ ياۋروپا ئالىملىرى خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ ئارۇز ئىلمىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە قانداق مەنبەلەرگە تايانغانلىقىنى ئېنىقلاشتا ھەممىدىن كۆپرەك قىزىقىپ، بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئايرىم تەتقىقاتلارنىمۇ ئېلىپ بېرىشتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ تاپقان جاۋابلىرى يەنىلا خىلمۇ خىل بولۇپ ھازىرغىچە ئىلىم ئەھلىنى تولۇق قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىزدەنگۈچىلەردىن گېرمانىيەلىك مەشھۇر ئەرەبشۇناسلار گ. ئېۋالد (Г·Эвальд — 1875–1803)، ر. ۋېستفال (Р.Вестфаль) قاتارلىقلارنىڭ قارىشىچە، ئارۇزنىڭ مەنبەسى قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ شېئىرىي شەكىللىرىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ قارىشىچە، خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئارۇز ئىلمىنى كەشىپ قىلغاندا يۇنان ئەتىقە شېئىرىيىتىنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرى، بولۇپمۇ رىتىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئەتراپلىق پايدىلانغان[1]. بۇلارغا ئوخشىمىغان ھالدا ئاكادېمىك ف. ئې. كورش (Ф.Е.Корш — 1925 – 1843) ۋە شەرقشۇناس ئا. كرىستېنسېن (А.Кристенсен - 1945-يىلى ۋاپات بولغان) قاتارلىقلارنىڭ قارىشىچە، ئارۇز ئىلمى ئىراننىڭ ساسانىيلار دەۋرىدىكى پەھلەۋىي تىلىدىكى شېئىر

[1] ئۇرۇۋەتۇللا تائىروف: «ئەجەم ئارۇزى ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، دۇشەنبە، 1991-يىلى نەشرى، 15-بەت.



رىتىملىرىغا ئاساسەن كەشىپ قىلىنغان[1]. ئىرانلىق ئالىم پەرۋىز ناتىل خانلەرى بىرۇنىنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزلىرىگە ئاساسەن ئارۇزنىڭ كېلىپ چىقىشىنى قەدىمكى ھىندى سانسكرىت مەنبەلىرىگە تاقاپ: «بىرۇنىنىڭ خاتىرىلىرى ۋە ئەرەبلەرنىڭ ئارۇز ئىلمى بىلەن ھىندىلارنىڭ ۋەزىن ئىلمىدىكى ئوخشاشلىقلار شۇنداقلا بىر كىشىنىڭ بىر ئىلىمنى باشتىن -ئاخىر يالغۇز بىراقلا كەشىپ قىلىشى ئادەتتە مۇمكىن بولمايدىغانلىقىغا قاراپ، خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئارۇز قائىدىلىرىنى تۈزۈشتە سانسكرىتتىكى ۋەزىن ئىلمىنىڭ ئۇسۇللىرىغا تايانغان (ئاساسلانغان) ۋە ئارۇزنى شۇنىڭغا ئاساسەن تۈزگەن دەپ گۇمان قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىلىمنى ئىجاد قىلغاندا ھىندىستان ۋە ھىندىلار بىلەن قويۇق سودا ئالاقىسىدە بولۇپ كېلىۋاتقان بەسرە شەھىرىدە ياشاپ تۇرغانلىقىمۇ بۇ سۆزىمىزنى تەستىقلىيالايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ تەلەپپۇز تەرتىپىدىن پايدىلىنىپ تۇنجى قېتىم تۈزۈپ چىققان ‹كىتابۇل-ئەين› (ئەين — ع ھەرپى بىلەن باشلانغان كىتاب) مۇ ئەينەن سانسكرىتتىكى ھەرپ تەرتىپىدۇر»[2] دەپ يازىدۇ. ئارۇزنىڭ قەدىمكى ھىندى مەنبەلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكىنى تەكىتلەيدىغانلار ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىرۇنىنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزلىرى ئاساس بولغان. بىرۇنى بۇ ھەقتە خېلى تەپسىلىي توختالغان بولسىمۇ، ئەمما، ئۆزبېكىستانلىق ئالىم ئۇممەت تويچىيېف ئۇنىڭدىن تۆۋەندىكى بىر ئابزاسنىلا يۇلۇۋېلىپ، باشقىلارنىڭ بۇ

[1] ئۇرۇۋەتۇللا تائىروف: «ئەجەم ئارۇزى ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، دۇشەنبە، 1991-يىلى نەشرى، 15-بەت.

[2] پەرۋىز ناتىل خانلەرى: «پارس شېئىرىيىتىنىڭ ۋەزنى»، تېھران، ھىجرىيە 1361-يىلى نەشرى، 83-بەت.

سۆزنى خاتا مەنىدە چۈشەنگەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىدۇ: «ئايرىم كىشىلەرنىڭ گۇمانىچە، خەلىل ئىبنى ئەھمەد ھىندىلاردا شېئىرلار ئۈچۈن ۋەزىن بارلىقىنى ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ (ئەرەب بېيىتلىرىنى) قىسقارتىلغان بەلگىلەر بىلەن ۋەزىنلەشتە بىر مۇنچە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان (زاتتۇر)»[1]. ئۇممەت تويچىيېف بىرۇنىنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزىنى ئىزاھلاپ: «ئەمما، بەزى ئالىملار بىرۇنىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى بۇزۇپ تەلقىن قىلىپ، خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئارۇز نەزەرىيەسىنى ھىندىلاردىن ئالغان دېگەندەك خاتا مۇلاھىزىنى ھەم تارقىتىدۇ. ئەپسۇسكى، بىرۇنى بۇ مەنىدە سۆزلىگەن ئەمەس. ئەگەرەم جەئفەر ئۆز ئەسەرلىرىدە ئارۇز ئىران ئىلمى تەسىرىدە كېلىپ چىققان دېگۈچىلەرگىمۇ، ئارۇز ھىندى شېئىرلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى تەسىرىدە كېلىپ چىققان دېگۈچىلەرگىمۇ، ئارۇز گىرېك شېئىرلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى تەسىرىدە كېلىپ چىققان دېگۈچىلەرگىمۇ قوشۇلمايدۇ»[2] دەپ يازىدۇ. يۇقىرىدىكى سۆزدىن شۇ نەرسە ئايانكى، ئۇممەت تويچىيېف ئارۇز ئىلمىنى بارلىققا كەلتۈرگەن مەنبەلەرنى باشقا خەلقلەر شېئىرىيىتىدىن ئىزدەشكە تۈپتىن قوشۇلمايدۇ. ئۇ كىرېمىسكىينىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزلىرىگە تايانغان ھالدا، ئەرەبلەرنىڭ سەجئىنى ئۈزۈنلۈق جەھەتتىن تەكشەپ شېئىرغا يېقىنلاشتۇرۇشى نەتىجىسىدە رەجەز بەھرىنىڭ پەيدا بولغانلىقى ۋە شۇ ئاساستا كېيىنكى بەھرلەرنىڭ تەدرىجىي كەشىپ قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى قارىشىنى

① ئۇممەت تويچىيېف: «ئۆزبېك پوئېزىيەسىدە ئارۇز سىستېمىسى»، تاشكەنت، 1985 ـ يىلى نەشرى، 49 ـ بەت.
② يۇقىرىدىكى ئىسەر، 49 ـ بەت.



ياقلاپ، ئارۇز ئىلمىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئەرەبلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىن بولۇپمۇ ئەرەبلەرنىڭ مۇزىكا ئىلمى جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن شېئىرىيەت ساھەسىدىكى ئىزدىنىشلىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى كۆپرەك تەكىتلەيدۇ[1]. ئەمما، بىرۇنىنىڭ مەزكۇر مەسىلە ئۈستىدە بايان قىلغان قارىشى يۇقىرىدىكى بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا ئاخىرلاشمايدۇ. بىرۇنى ئالدى بىلەن خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئارۇز قائىدىلىرىنى ئېلان قىلغانغا قەدەر ھىندىلاردا شېئىرىيەت ۋە ۋەزىنگە ئائىت بار بولغان كىتابلارنى تەپسىلىي تونۇشتۇرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئارۇز ئىلمى بىلەن بولغان ئورتاقلىقلىرىنى تەپسىلىي شەرھلەيدۇ. ئىرانلىق ئالىم پەرۋىز ناتىل خانلەرى بىرۇنىنىڭ ئېيتقانلىرىنى قەدىمكى ھىندى شېئىرىيەت نەزەرىيەسىگە تەتبىقلىغان ھالدا خېلى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىدۇ. ئارۇز ئاتالغۇلىرى بىلەن ھىندىلارنىڭ ۋەزىن ئىلمىدىكى ئاتالغۇلىرى ئوتتۇرىسىدىكى نۇرغۇن ئوخشاشلىقلارنى تېپىپ چىقىدۇ[2]. شۇنداقتىمۇ بۇ مەسىلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاشقا دائىر باشقا مەنبەلەر كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن، پەرۋىز ناتىل خانلەرىنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى ئومۇمنىڭ بىردەك تولۇق ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمەي، بىر قىسىم كىشىلەرنى گۇمانلاندۇرۇپ كەلمەكتە. ئارۇز ئىلمىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەلىرىنى ئېنىقلاشتا بىر تەرەپلىمىلىك قىلىشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ مەسىلىدە

① ئۇممەت تويچىيېف: «ئۆزبېك پوئېزىيەسىدە ئارۇز سىستېمىسى»، تاشكەنت، 1985 ـ يىلى نەشرى، 48 ـ بەت.
② پەرۋىز ناتىل خانلەرى: «پارس شېئىرىيىتىنىڭ ۋەزنى»، 84 ـ 89 ـ بەتلەر.

ئالدى بىلەن ئەرەب تىلى، شېئىرىيىتى ۋە ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىنى چىقىش قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئەرەبلەر بىلەن ئۇزاق تارىختىن بۇيان قويۇق مەدەنىيەت ئالاقىسىدە بولۇپ كەلگەن پارس تىللىق خەلقلەر، يۇنانلىقلار، ھىندىلار ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ شېئىرىيەت ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىشەنچلىك خۇلاسە چىقىرىش كىشىگە ئەرەب ئارۇزچىلىقىدىن باشقا يەنە قەدىمكى گرېك، پارس ۋە ھىندى شېئىرىيەت نەزەرىيەلىرى توغرىسىدا يېتەرلىك بىلىم ۋە ئەتراپلىق مەلۇماتقا ئىگە بولغاندىلا مۇيەسسەر بولىدۇ.

ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئارۇز ئىلمىنى بارلىققا كەلتۈرگەن مەنبەلەر ئۈستىدىكى تالاش-تارتىشلارنىڭ شۇنچە كەڭ دائىرىدە ئېلىپ بېرىلغانلىقىغا قارىماي، ھازىرغىچە ئىلىم ساھەسىنى قايىل قىلغۇدەك بىرەر خۇلاسە چىقىرىلغىنى يوق. شۇڭا، ئارۇز قانداق مەنبە ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولمىسۇن ئۇ يەنىلا خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ نامى ۋە ئەرەب شېئىرىيىتى بىلەن مۇستەھكەم باغلىنىشلىقتۇر.

ئالاھىدە ئەسكەرتىشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئارۇز ئىلمى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئوتتۇرا ئاسىيادا 20-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدىن كېيىن يېڭىچە ئۇسۇللاردا ئېلىپ بېرىلدى. بۇ دەۋرلەردە پارس تىللىق ئەدەبىياتتىكى ئارۇزشۇناسلىق ئىلمى بىلەن تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتتىكى ئارۇزشۇناسلىق ئىلمى ساھەسىدە مەيدانغا كەلگەن نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەر ۋە تەتقىقاتچىلارنى قىزىقتۇرغان كونكرېت تېمىلار خاراكتېر جەھەتتىن خېلىلا پەرقلىنىدۇ.



بۇ دەۋردە پارس تىللىق ئەدەبىيات ئىران ۋە تاجىك ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تارماققا بۆلۈنۈپ بولغانىدى. تۈرلۈك سىياسىي-ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلى ئىران ئەدەبىياتى بىلەن تاجىك ئەدەبىياتى (ئىراننىڭ سىرتىدىكى پارس تىللىق ئەدەبىيات) ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتە ئوخشىمىغان تىندېنسىيەگە ئىگە بولۇپ، ئوخشىمىغان يۆنىلىشتە تەرەققىي قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ پەرقى تەدرىجىي چوڭىيىشقا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما، ئەدەبىي، ئىلمىي مىراسلارنى قېزىش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتە يەنىلا قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلدى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئارۇزشۇناسلىققا دائىر ئەسەرلەرنى قايتا نەشر قىلىش ۋە يېڭى شېئىرىيەتنىڭ ۋەزىن خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشمۇ مۇشۇ دائىرىگە كىرىدۇ. 20-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدىن كېيىن مەيلى ئىران ياكى تاجىك ئەدەبىياتى ساھەسىدە ئىشلەنگەن ئىلمىي ئەمگەكلەر بولسۇن، ئۇلاردىكى ئورتاق خۇسۇسىيەت شۇكى، بۇ دەۋردە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئالىملىرى ئۇچۇن ئارۇز ئىلمىگە دائىر مىراسلارنى قېزىپ، ئۇنى تېزدىن قايتا يورۇقلۇققا چىقىرىشتىن سىرت، ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى ئارۇز قائىدىلىرى بىلەن پارس تىللىق شېئىرىيەتتىكى ئارۇز قائىدىلىرىنىڭ پەرقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىقلاش ۋە پارس تىللىق شېئىرىيەتكە تەتبىقلانغان ئارۇز ئىلمىنىڭ يېڭى شېئىرىيەتكە ماس كەلمەيدىغان تەركىبلىرىنى تېپىپ چىقىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئەڭ ئاكتۇئال تېما بولغانىدى. نەچچە ئون يىل جەريانىدا مەزكۇر تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا كۆپلىگەن يىرىك ئەسەرلەر يېزىلىپ، ئوخشىمىغان قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بەزىلەر ئەرەب

ئارۇزى پارس تىللىق شېئىرىيەتكە ھېچقانداق ئۆزگەرتىشسىزلا ئەينەن قوبۇل قىلىنغان دېسە[1]، يەنە بەزىلەر ئەكسىچە خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئۆلچەملەشتۈرگەن بەھرلەرنىڭ نۇرغۇنى ئەسلىدە ئەرەبلەردە يوق ئىدى، بۇلار پارس تىللىق شېئىرىيەتتىن قوبۇل قىلىنغان دەيدىغان كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بۇ خىل قاراشلارنىڭ ھەممىسى گەرچە بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي بولمىسىمۇ، ئەمما، ئۆز نۆۋىتىدە تارىختىن قېپقالغان نۇرغۇن مۇجمەللىكلەرنى روشەنلەشتۈرۈشتە خېلىلا ئاكتىپ رول ئوينىغانىدى. ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز قائىدىلىرى بىلەن پارس تىللىق شېئىرىيەتتىكى ئۆزگەرتىپ تەتبىقلانغان ئارۇز قائىدىلىرىنىڭ پەرقى زادى قانچىلىك ؟ بۇ مەسىلە ئۈستىدە بىز مۇناسىۋەتلىك بابتا تەپسىلىي توختىلىمىز.

بۇ دەۋردە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ نەۋايى ۋە بابۇر ئاساس سالغان ئارۇزچىلىق ئىلمى ئىلگىرىكى «تۈركىي تىللىق شېئىرىيەت» دېگەن ئومۇمىي گەۋدىدىن ھەرقايسى كونكرېت مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا يۈزلەندۈرۈلۈپ، ئۇيغۇر، ئۆزبېك ۋە ئەزەربەيجان،تاتار دېگەندەك بىر نەچچە مىللەتنىڭ شېئىرىيىتىگە تەتبىقلانغان ھالدا تەتقىق قىلىندى ۋە بۇ ساھەدە ئاز بولمىغان يىرىك ئىلمىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. بۇ گەرچە ئارۇز ئىلمىنىڭ دەۋر ئېھتىياجى بىلەن كونكرېت تۈس ئېلىپ، ئىلگىرى دىققەتنىڭ سىرتىدا قالغان بەزى ئىنچىكە تەرەپلەرنى قېزىپ چىقىرىش، ئارۇز ئىلمىنىڭ قائىدە-قانۇنلىرىنى ئۆزئارا بۆلۈنۈپ، يېڭىدىن قېلىپلىشىۋاتقان تۈركىي

[1] بەھرام سىيرۇس: «تاجىك ئارۇزى»، 12 ــ 13 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.



تىللىرىنىڭ فونېتىك ۋە بوغۇم تۈزۈلۈشى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنى يېڭى دەرىجىدىكى شېئىرىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەرگە يول ئېچىپ، ناھايىتى ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما، ھەر قايسى مىللەتلەردە تەتقىقاتنىڭ دائىرىسى، سىجىللىقى ۋە چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى زور دەرىجىدە پەرقلىق بولۇپ، بەزى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدا خېلى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، يەنە بەزى مىللەتلەردە تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن بۇ ساھەدىكى تەتقىقات بىر ئىزدا توختاپ قالغانىدى. ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئارۇز ئىلمى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولغان شىنجاڭدا بىر نەچچە پارچە ماقالىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھېچقانداق خىزمەت ئىشلەنمىدى.

شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىشكە توغرا كېلىدۇكى، چەت ئەللەردە بۇ ساھەدە ئىشلەنگەن بەزى ئەسەرلەرنىڭ ئىلمىي قىممىتى خېلىلا يۇقىرى بولۇپ، ئۇلاردا تارىختىن بۇيانقى نۇرغۇن مەۋھۇملۇق ئىلمىي نۇقتىدىن روشەنلەشتۈرۈلگەن، قانۇنىيەتلەر ئەمەلىيەت يۈزىسىدىن شەرھلىنىپ، ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، يەنە بەزىلىرىدە قانۇنىيەتلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشتىن كۆرە ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئۇ ياكى بۇ بەھرىگە توغرا كېلىدىغان قايسى بىر قەدىمكى قوشاقنىڭ ۋەزنىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق شۇنچە ئېنىق خاتىرىلەرگە پىسەنت قىلمىغان ھالدا ئارۇزنىڭ خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئىجادىيىتىدىن ئىلگىرىلا ئۇ ياكى بۇ خەلقنىڭ شېئىرىيىتىدە مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇش خاھىشى خېلىلا ئېغىر دەرىجىدە ئىپادىلەنگەنىدى.

شىنجاڭدىمۇ ئارۇز ئىلمىنىڭ ھەقىقىي تارىخىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بەزى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ خىل ئۇرۇنۇشلار بىرەر ئۇنۇملۇك نەتىجە بەرمىگەننىڭ ئۈستىگە كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئارۇز ئىلمىنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىجادچىسى، قائىدە-قانۇنلىرى ۋە تارىخىي تەرەققىياتى توغرىسىدا نۇرغۇن مۇجمەللىكنى پەيدا قىلدى.

ئارۇز ئىلمى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزگىنىمىزدە بىر نەرسىنى ئالدىن ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ شېئىر ۋە ۋەزىن چۈشەنچىسىدۇر. شېئىر بىر خىل سەنئەت سۈپىتىدە پەيدا بولغان كۈندىن تارتىپ ۋەزىنمۇ ئۇنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمى ئىدى. شۇنداق ئېيتىشقىمۇ بولىدۇكى، ۋەزىن بولمىسا شېئىرمۇ بولمايدۇ. ۋەزىن شېئىرنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى ئەڭ ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى. قەدىمكى قوشاقلارمۇ مۇشۇنىڭ ئىچىدە. تاۋۇشلۇق تىللارنىڭ ھەرقانداقى جۈملىدىن رۇس ۋە ئىنگلىز تىللىرىدىكى ۋەزىنلىك شېئىرلارنىمۇ ئارۇزنىڭ ئۇ ياكى بۇ بەھرىگە چۈشۈرۈشكە بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئىنگلىز ۋە رۇسلاردىمۇ ئارۇز ۋەزنى مەۋجۇت ئىدى دېگەن چۈشەنچىنى بەرمەيدۇ. خۇددى، شۇنىڭغا ئوخشاش بەزى قوشاقلار ۋە قەدىمكى شېئىرلارنىڭ كېيىنكى ۋاقىتتا ئىجاد قىلىنغان ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئۇ ياكى بۇ بەھرىگە توغرا كېلىپ قېلىشى ھەرگىزمۇ ئارۇز ۋەزنى خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ ئىختىراسىدىن ئىلگىرىلا ئۇ ياكى بۇ خەلقنىڭ شېئىرىيىتىدە مەۋجۇت ئىدى دېگەندەك قاراشقا دەلىل بولالمايدۇ. ۋەزىن ھەرقانداق بىر شېئىرىيەتتە مەۋجۇت بولىدىغان قانۇنىيەت. تاۋۇشلۇق تىللاردىكى ھەرقانداق شېئىرنىڭ ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئۇ ياكى بۇ



بەھرىگە توغرا كېلىپ قېلىشى دەل شېئىرىيەتنىڭ ۋەزىندىن ئىبارەت ئورتاق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ ئارۇز ۋەزنى نەزەرىيەسى ئەمەس. يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق خەلقلىرى شېئىرىيىتىدە ئوخشاشلا مەۋجۇت بولغان ۋەزىن-ئاھاڭدارلىق ۋە رىتىم قانۇنىيىتى تۇنجى قېتىم ئەرەب ئالىمى خەلىل ئىبنى ئەھمەد تەرىپىدىن بايقالدى. ئۇ ئۆزى بايقىغان قانۇنىيەتلەرنى مەلۇم ئاساستا رەتلەپ، يېڭى ئامىللار بىلەن بېيىتىپ مۇكەممەللەشتۈردى ۋە ئۇنى بىر مۇكەممەل نەزەرىيە سۈپىتىدە تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ شېئىرىي ئەسەرلەردە ئىنسانلارنىڭ ھېسسىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغان، ئۇلارنى ھاياجانغا سالالايدىغان ئامىللاردىن ئاڭلىق يوسۇندا پايدىلىنىش ئۈچۈن كەڭ يول ئاچتى. شۇڭا، ئارۇز ئىلمىنىڭ خەلىل ئىبنى ئەھمەد تەرىپىدىن بىر نەزەرىيە سۈپىتىدە تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئەرەب بولغانلىقى ھەم بۇ نەزەرىيەنى كەشىپ قىلغاندا ئەرەب شېئىرىيىتىنىڭ قانۇنلىرىنى ئاساس قىلغانلىقى — ئارۇز ئىلمىنىڭ ئەڭ دەسلەپ ئەرەب ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەنلىكى ھېچقانداق مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئىلمىي پاكىتتۇر. ئۇنىڭ بىر ئاددىي نەزەرىيەدىن تەرەققىي قىلىپ مۇكەممەل بىر نەزەرىيەۋى سىستېمىغا ئايلىنىشى ۋە ئەرەب ئەدەبىياتىدىن ھالقىپ، يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق خەلقلىرى — پارس-تاجىكلار ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ شېئىرىيىتىگە تەتبىقلىنىشى بولسا كېيىنكى ئىش بولۇپ، ئۇ نەچچە ئەسىر مابەينىدىكى ئاز بولمىغان ئالىملارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

## ئىككىنچى باب

# ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ئىلمى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئارۇز ئىلمى نەزەرىيەسى تۇنجى قېتىم ئەرەب ئالىمى خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ «كىتاب ئەل ئارۇز» ناملىق ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. گەرچە، بۇ ئەسەرنىڭ ئۆزى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما، خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ ئارۇز ئىلمى ساھەسىدىكى ۋارىسلىرى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى كۆپلىگەن ئارۇزشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرىدە خەلىل ئىبنى ئەھمەد قېلىپلاشتۇرغان ئارۇز نەزەرىيەسى تەپسىلىي شەرھلىنىپ، تولۇق ساقلىنىپ قالغانىدى.

خەلىل ئىبنى ئەھمەد ياراتقان ئارۇز نەزەرىيەسى ئەرەب تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ۋە بوغۇم تۈزۈلۈشىنى ئاساس قىلىپ، سۆزلەرنىڭ مىسرالاردىكى تاناسىپلىقىنى بىرلىككە كەلگەن قائىدىلەر ئاساسىدا تەڭشەپ، خالىغان رىتىمنى ھاسىل قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇنىڭدا ھەر بىر سۆز ياكى بوغۇمنى تەشكىل قىلغۇچى تاۋۇشلار ئەمەس، بەلكى سۆزنىڭ يېزىقتا ئىپادىلەنگەن شەكلى، ھەر بىر سۆز تەركىبىدىكى ھەرپ ۋە ھەرپلەردىكى ھەرىكەتچانلىق ــ بوغۇم تەركىبىدىكى ھەرپلەرنىڭ سان جەھەتتىكى ئاز-كۆپلۈكى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى، بۇ دەۋرلەردە ئەرەبلەردە تېخى «نۇتۇق تاۋۇشى، بوغۇم ۋە ئۇلارنىڭ قىسقا ياكى ئۇزۇنلۇقى



ھەققىدە چۈشەنچە يوق ئىدى»[①]. بوغۇملار، بوغۇملارنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئۇلارنى ئايرىش توغرىسىدىكى قائىدىلەرمۇ ئەرەب تىلىدىكى ئىملا-سۆزلەرنى يېزىقتا ئىپادىلەش قائىدىلىرىگە ئاساسلانغان بولۇپ، بوغۇملارنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىمۇ سۆز بوغۇمى تەركىبىدىكى تاۋۇشلارنىڭ سانى ئەمەس، بەلكى شۇ بوغۇمدىكى ھەرپلەرنىڭ سانىغا ئاساسەن مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ. شۇڭا، خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ ئارۇز نەزەرىيەسىدە تاۋۇش ئەمەس، بەلكى ھەرپ ئەڭ كىچىك بىرلىك ھېسابلىنىدۇ. ئارۇز نۇقتىسىدىن بوغۇملارنىڭ تۈزۈلۈشى ئۆز ئالدىغا بىر نەچچە قائىدىگە ئىگە بولۇپ، بۇ قائىدىلەرنى بىلمەي تۇرۇپ ئارۇز ئىلمىنىڭ شېئىردىكى كونكرېت ئۆرنەكلىرى توغرىسىدا تولۇق چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ناھايىتى قىيىن ياكى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

### 1. ئەرەب ئارۇزىدىكى ھەرپ ۋە ھەرىكە چۈشەنچىسى

خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ ئارۇز نەزەرىيەسىدە، ئەرەب ئېلىپبەسى تەركىبىدىكى بارلىق ھەرپلەر-بەلگىلەر تۆۋەندىكىدەك ئۈچ چوڭ بۆلەككە بۆلۈنگەن:

بىرىنچى، ئۇزۇك تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدىغان بارلىق بەلگىلەر-ھەرپلەر ئارۇز نەزەرىيەسىدە «**ھەرپ**» نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. گەرچە «ع» ھەرپى بىرەر كونكرېت تاۋۇشنى ئىپادىلىمىسىمۇ، لېكىن ئۇ بوغۇملارنىڭ تەركىبىدە ئۇزۇك تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدىغان بارلىق ھەرپلەرگە ئوخشاشلا مۇستەقىل بىر ھەرپ دەپ قارىلىدۇ.

ئىككىنچى، ئەرەب تىلىدا ئالتە سوزۇق تاۋۇش بار بولۇپ، بۇلاردىن يېزىقتا ئايرىم ھەرپ بىلەن

---

① ئۇممەت تويچىيېف: «ئۆزبېك پوئېزىيەسىدە ئارۇز سىستېمىسى»، تاشكەنت، 1985-يىلى نەشرى، 55-بەت.

ئىپادىلىنىدىغان آ (ئا)، او (ئۇ)، اي (ئى) دىن ئىبارەت ئۈچ سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەر «**ھەرپى ئىللە**» (حرف علە) نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇ بەلگىلەر ئىپادىلەيدىغان تاۋۇشلارنى خالىغانچە سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىشقا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ھازىرقى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، ئەرەب تىلى ئىملاسىدا ئۈچ سوزۇق تاۋۇش ئايرىم ھەرپ بىلەن ئەمەس، بەلكى «ـَ» (فەتهە)، «ـِ» (كەسرە) ۋە «ـُ» (زەممە) دىن ئىبارەت سۆزنىڭ ئۈستى ياكى ئاستىغا قويۇلىدىغان ئۈچ خىل بەلگە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ بەلگىلەر ئىپادىلىگەن تاۋۇشلار گەرچە سوزۇق تاۋۇش بولسىمۇ، لېكىن تەلەپپۇز ئالاھىدىلىكىدىن بۇلار بوغۇز تاۋۇشلىرى بولۇپ، ئۇلارنى «ھەرپى ئىللە» ئىپادىلىگەن تاۋۇشلارغا ئوخشاش خالىغانچە سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىشقا بولمايدۇ ۋە تەلەپپۇزدا ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. شۇڭا، بۇلار ھازىرقى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قىسقا سوزۇق تاۋۇشلار دەپ قارىلىدۇ. ئارۇز ئىلمىدىمۇ بۇ قىسقا سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «**ھەرەكە**» (حركە) دەپ ئاتالغان.

ئارۇز نۇقتىسىدىن بوغۇملارنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىنى ئايرىشتا «ھەرپ»، «ھەرپى ئىللە» ۋە «ھەرەكە» قاتارلىقلارنىڭ سۆز تەركىبىدىكى ئورنى ۋە مىقدارى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇلار ئەرەب ئارۇزىدا ئەسلىي تەركىب (جۇزۋ) لەرنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى ئەڭ كىچىك بىرلىك ھېسابلىنىدۇ. بىز بۇ قائىدىلەرنىڭ چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن، كېيىنكى مىساللاردا ئەرەبچىدىكى «**ھەرپى ئىللە**» دىن «آ» نىڭ ئورنىغا ئۇيغۇرچىدا شۇنىڭ بىلەن



ئوخشاشراق تاۋۇشنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە «ئا» نى، «او» نىڭ ئورنىغا ئۇيغۇرچە «ئۇ» نى، «اي» نىڭ ئورنىغا ئۇيغۇرچە «ئى» نى قىياسەن ئىشلىتىمىز. «**ھەرەكە**» لەرنى ئىپادىلەشتىمۇ «ـَ — فەتهە» نىڭ ئورنىغا ئۇيغۇرچە «ئە» نى، «ـِ — كەسرە» نىڭ ئورنىغا ئۇيغۇرچە «ئې» نى ۋە «ـُ — زەممە» نىڭ ئورنىغا ئۇيغۇرچە «ئو» نى قىياسەن ئىشلىتىمىز.

## 2. ئەرەب ئارۇزىدىكى ئەسلىي تەركىبلەر (جۇزۋلار)

خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ ئارۇز نەزەرىيەسىدە رۇكنىلارنى تەشكىل قىلغۇچى ئەسلىي تەركىب (جۇزۋ[1]) لەر سۆزلەردىكى بوغۇملارنىڭ بىرىكىش ۋە تۈزۈلۈش قانۇنىيىتى ئاساسىدا ھاسىل قىلىنىدۇ. ئۇ بوغۇملارنى سۆزلەردىكى بىرىكىش تەرتىپى نۇقتىسىدىن ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈپ، بىرىنچى تۈرنى «**سەبەب**»، ئىككىنچى تۈرنى «**ۋەتەد**» ۋە ئۈچىنچى تۈرنى «**فاسىلە**» دەپ ئاتايدۇ.

### 1) سەبەب

«سەبەب» (سبب) ئەرەب تىلىدا «ئارقان، ئارغامچا» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئارۇز ئىلمىدە ۋەزىننى تەشكىل قىلغۇچى رۇكىن ياكى ئەفائىللارنىڭ تەركىب (جۇزۋ) لىرىدىن بىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئارۇزدا ھەربىر ئەسلىي (بۇزۇلمىغان، ئۆزگەرتىلمىگەن) ۋە ياكى فەرئىي (ئۆزگەرتىلگەن) رۇكىن ئاساسىي تەركىب (جۇزۋ) لەر يەنى ئۇزۇن ۋە قىسقا بوغۇملار ياكى بوغۇملار بىرلىكىدىن

---

[1] «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2009 - يىلى 9 - ئاي نەشرى) دە بۇ سۆز «جۇز» دەپ ئېلىنغان. بۇ كىتابتا بولسا ئەسلىي تەلەپپۇزى بويىچە «جۇزۋ» دەپ ئېلىندى. كىتابتىكى يەنە باشقا بىر قىسىم ئاتالغۇلارمۇ ئىلمىيلىك نۇقتىسىدىن ئەسلىي تەلەپپۇزى بويىچە ئېلىندى.

تەركىب تاپىدۇ. ئەرەب ئارۇزچىلىقىدا «سەبەب» ئۆز ئىچىدىن يەنە **«سەبەبى خەفىف»** ۋە **«سەبەبى سەقىل»** دېگەن ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

(1) **سەبەبى خەفىف:** «خەفىف» (خفيف) سۆزى ئەرەبچىدە يېنىك دېگەن مەنىدە بولۇپ، «سەبەبى خەفىف» يېنىك بوغۇملارغا قارىتىلغان ئۇقۇمدۇر. خەلىل ئىبنى ئەھمەد ۋە كېيىنكى ئارۇزچىلار بىرلىككە كەلتۈرگەن قائىدىدە سەبەبى خەفىف بىرلا ھەرفى ئىللە يەنى «آ» (ئا)، «او» (ئۇ)، «اي»(ئى) گە ئوخشاش بىرلا تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇمدىن ياكى بىر ھەرپ (ئۈزۈك تاۋۇش) بىلەن بىر ھەرفى ئىللە ( ئۈزۈن سوزۇق تاۋۇش) دىن يەنى «فا» (فا)، «فو» (فۇ)، «في» (فى) گە ئوخشاش ئىككى تاۋۇشلۇق بوغۇمدىن ۋە ياكى ئىككى ھەرپ ۋە بىر ھەرەكە (ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش ۋە بىر قىسقا سوزۇق تاۋۇش) دىن يەنى «قَر» (قەر)، «سِر» (سىر)، «بُر» (بۇر) گە ئوخشاش شەكىلدە تۈزۈلگەن بوغۇمدىن تەركىب تاپىدۇ. يۇقىرىدىكىلەردىن مەلۇمكى، سەبەبى خەفىف بىرلا ئۈزۈن سوزۇق تاۋۇش ياكى بىر ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن بىر ئۈزۈن سوزۇق تاۋۇش ۋە ياكى ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن بىر قىسقا سوزۇق تاۋۇشتىن تەركىب تاپىدىغان ئۈچ خىل تۈزۈلۈشتىكى بوغۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۈزۈلۈش جەھەتتە گەرچە بۇ بوغۇملاردا پەرق بولسىمۇ، ئەمما، بۇلارنىڭ ھەر ئۈچ خىل شەكلى ئۈزۈنلۇق جەھەتتىن بىردەك بولغان ئاددىي ئۈزۈن بوغۇم دەپ قارىلىپ، ھازىرقى ۋاقىتتا بىرلىككە كەلگەن ئارۇز ئىلمىدە ئاددىي ئۈزۈن بوغۇم بەلگىسى «—»[1] بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

[1] ئارۇز ئىلمىنىڭ بىرلىككە كەلگەن قائىدىسىدە ئۈزۈن بوغۇملار «—» بەلگىسى بىلەن، قىسقا بوغۇملار «V» بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.



(2) **سەبەبى سەقىل:** «سەقىل» (ثقيل) سۆزى ئەرەبچىدە «ئېغىر» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «سەبەبى سەقىل» ئېغىر يەنى يۇقىرىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا تەركىبى مۇرەككەپرەك بولغان بوغۇملارغا قارىتىلغان ئۇقۇمدۇر. سەبەبى سەقىل ئىككى ھەرپ ۋە ئىككى ھەرەكە ( ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش ۋە ئىككى قىسقا سوزۇق تاۋۇش ) دىن تەركىب تاپىدۇ. يەنى ئۇ «يېمە، دېمە (ئېيتما)، كېچە» دېگەنگە ئوخشاش ئىچكى باغلىنىش ۋە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بىر جۈپ بوغۇمدىن تۈزۈلگەن بوغۇم بىرلىكى بولۇپ، ئىككى قىسقا بوغۇم ھېسابلىنىدۇ ۋە ئارۇز ئىلمىنىڭ ھازىرقى بىرلىككە كەلگەن قائىدىسىدە «V V» بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

2) **ۋەتەد**

خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ نەزەرىيەسىدە، ۋەتەد ئارۇزدىكى رۇكنلارنى ھاسىل قىلغۇچى يەنە بىر ئاساسىي تەركىب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. **«ۋەتەد»** (وتد) سۆزى ئەسلى ئەرەبچىدە چېدىرنىڭ ئارقىنى باغلىنىدىغان ئۇزۇن «ياغاچ قوزۇق» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما، ئارۇز ئىلمىدە ئۇ رۇكنىنى تەشكىل قىلغۇچى تەركىبلەر (جۈزۋلار) دىن بىر تۈرىنىڭ ئاتىلىشىدۇر. **«ۋەتەد»** تۈرىدىكى جۈزۋلار تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن خەلىل ئىبنى ئەھمەد تەرىپىدىن يەنە **«ۋەتەدى مەجمۇئ»** (**ۋەتەدى مەقرۇن** دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بىلەن **«ۋەتەدى مەفرۇق»** تىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنگەن.

(1) **ۋەتەدى مەجمۇئ (ۋەتەدى مەقرۇن):** «مەجمۇئ» (مَجموع) سۆزى ئەرەب تىلىدا ئەسلى «قوشۇلغان، يىغىلغان، بىرلەشكەن» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلىسىمۇ، لېكىن ئۇ «قوزۇق» مەنىسىدىكى «ۋەتەد» سۆزى بىلەن

بىرلىكتە «ۋەتەدى مەجمۇئ» (وَتَد مَجموع) شەكلىدە ئارۇز ئىلمىدە ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسىدىن چەتنەپ، «قوشۇلۇپ كەتكەن بوغۇملار» دېگەن مەنىدە، ئارقىمۇ ئارقا كەلگەن ئىككى ھەرىكە ۋە ئۇنىڭغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان بىر ساكىن (ساكن)① دىن تۈزۈلگەن ئۈچكى باغلىنىشقا ئىگە بوغۇم بىرلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى تىل بىلەن ئېيتقاندا، «ۋەتەدى مەجمۇئ» ئىككى بوغۇمدىن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە قارىتىلغان ئۇقۇم بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالدىدىكىسى بىر ئۇزۇك تاۋۇش ۋە بىر قىسقا سوزۇق تاۋۇشتىن يەنى «دە، دو، دې» شەكلىدە، كەينىدىكىسى بىر ئۇزۇك تاۋۇش، بىر قىسقا سوزۇق تاۋۇش ۋە يەنە بىر ئۇزۇك تاۋۇشتىن يەنى «تەك، دوق، مەن» گە ئوخشاش شەكىلدە ۋە ياكى بىر ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن بىر ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشتىن يەنى «دا، دۇ، دى» گە ئوخشاش شەكىلدە تۈزۈلگەن بوغۇم بىرلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭدا، ئالدىدىكى بوغۇم قىسقا ۋە كەينىدىكى بوغۇم ئۇزۇن ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى بوغۇم بىرلىكىنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى «بېلىق، مەدەت، قەدەھ، ۋەتەن، يەنى» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشىگە توغرا كېلىدۇ ۋە ئارۇز ئىلمىنىڭ ھازىرقى بىرلىككە كەلگەن قائىدىسىدە «٧ –» بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ۋەتەدى مەجمۇئ شەكلىدە تۈزۈلگەن قوش بوغۇمدىكى ئاساسىي شەرت شۇكى، ئىككى بوغۇمدىن ئالدىنقىسى چوقۇم قىسقا ۋە كەينىدىكىسى چوقۇم ئۇزۇن بوغۇم بولۇشى كېرەك.

---

① ساكىن (ساكن)— ئارۇز ئىلمىدە بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن، تەلەپپۇزدا كەينىگە ھەرىكە يەنى قىسقا سوزۇق تاۋۇش قوشۇلمايدىغان ئۇزۇك تاۋۇشلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەرەب تىلىدا «ھەرفى ئىللە» مۇ بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەندە ساكىن ھېسابلىنىدۇ.



ئاخىرقى بوغۇمنىڭ ئوچۇق ياكى يېپىق بولۇشى شەرت ئەمەس.

«ۋەتەدى مەجمۇئ» دەپ ئاتالغان بۇ خىلدىكى بوغۇم شەكلى ئارۇز ئىلمىدە «ۋەتەدى مەقرۇن» نامى بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ. «مەقرۇن» (مَقرون) سۆزىنىڭ ئەرەبچىدىكى ئەسلىي مەنىسى «يېقىنلاشقان، ئۇلانغان، بىرىككەن» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، ئارۇز ئىلمىدىكى «ۋەتەدى مەقرۇن» ئاتالغۇسىمۇ يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئىككى بوغۇملۇق بوغۇم بىرلىكىنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشىدۇر.

(2) **ۋەتەدى مەفرۇق:** «مەفرۇق» (مَفروق) سۆزىنىڭ ئەرەبچىدىكى ئەسلىي مەنىسى «بۆلۈۋېتىلگەن، ئايرىلغان، جۇدا قىلىنغان» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، ئارۇز ئىلمىدىكى «ۋەتەدى مەفرۇق» (وَتَد مَفروق) ئىككى ھەرىكە ۋە بىر ساكىندىن تۈزۈلگەن ئىككى بوغۇملۇق بوغۇم بىرلىكىنىڭ ئاتىلىشىدۇر. بۇنىڭدا ساكىن ئىككى ھەرىكەنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىشى ۋە ئىككى بوغۇمنى ئايرىپ تۇرۇشى شەرت قىلىنىدۇ. ھازىرقى تىل بىلەن ئېيتقاندا، «ۋەتەدى مەفرۇق» ئىككى بوغۇملۇق بوغۇم بىرلىكى بولۇپ، ئالدىنقىسى ئۇزۇن بوغۇم، كېيىنكىسى قىسقا بوغۇمدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. بۇ دەل ۋەتەدى مەجمۇئ بىلەن تەتۈر تۈزۈلۈشتىكى قوش بوغۇم بىرلىكىدۇر. ئۇنىڭدا ئالدىنقى بوغۇم ئىككى ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن بىر قىسقا سوزۇق تاۋۇشتىن يەنى «كەت، مەن، قول» غا ئوخشاش شەكىلدە ياكى بىرلا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشتىن يەنى «ئا، ئۇ، ئى» گە ئوخشاش شەكىلدىن ۋە ياكى بىر ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن بىر ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشتىن يەنى «دا، دۇ، دى» گە ئوخشاش شەكىلدە تۈزۈلگەن بولىدۇ. كەينىدىكىسى بىر ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن بىر قىسقا سوزۇق

تاۋۇشتىن يەنى «دە، دې،دو» شەكلىدە تۈزۈلىدۇ. بۇنداق بوغۇملار ئوچۇق بوغۇم دېيىلىدۇ. ئومۇملاشتۇرغاندا، «ۋەتەدى مەفرۇق» دەپ ئاتالغان بوغۇم بىرلىكىنىڭ تۈزۈلۈشى «بەرمە، كەتمە، ئۇرە، دانە» گە ئوخشاش سۆزلەرنىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىلدىكى بوغۇم بىرلىكى ھازىرقى ئارۇز ئىلمىدە بىرلىككە كەلگەن «V –» بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**3) فاسىلە**

فاسىلە (فاصله) ئارۇز ئىلمىدە خەلىل ئىبنى ئەھمەد بەلگىلىگەن يەنە بىر ئاساسىي تەركىبتۇر. ئەرەبچىدىكى «فاسىلە» سۆزى ئەسلىدە «پالاس، ئارىلىق» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇ ئارۇز ئىلمىدە ۋەزىن ئۆلچىمىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي تەركىبلەردىن بىرىنىڭ نامى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ ئارۇز نەزەرىيەسىدە فاسىلە تۆرتگە تەئەللۇق بوغۇملار تۈزۈلۈشىگە قاراپ يەنە ئۆز ئىچىدىن «فاسىلەيى سوغرا» ۋە «فاسىلەيى كوبرا» دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

(1) **فاسىلەيى سوغرا:** «سوغرا» (صغرا) سۆزى ئەرەبچىدە «كىچىك» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «فاسىلەيى سوغرا» (فاصلهٔ صغرا) ئارۇز ئىلمىدە ئۈچ ھەرەكەنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى بىردىن ساكىنغا ئۇلىنىپ كېلىشى بىلەن تۈزۈلىدىغان بوغۇملار بىرلىكىنىڭ نامىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىلدىكى بوغۇم بىرلىكىنى ھازىرقى تىل بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ ئۈچ بوغۇمدىن تەركىب تاپقان بوغۇم بىرلىكى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئىككى بوغۇمى بىردىن ئۇزۇك تاۋۇش ۋە يەنە بىردىن قىسقا سوزۇق تاۋۇشلۇق (بۇنىڭدا بەزىدە بىرلا قىسقا سوزۇق تاۋۇشمۇ بىر بوغۇم



بولىۋېرىدۇ) يەنى «يەنە، ئەتە» گە ئوخشاش شەكىلدە، كېيىندىكى بىر بوغۇمى ئىككى ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن بىر قىسقا سوزۇق تاۋۇشنىڭ بىرىكىشى يەنى «كەت، سەت» شەكلىدە ياكى بىر ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن بىر ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق يەنى «دا، دۇ، دى» شەكلىدە تۈزۈلگەن بوغۇمدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۆزئارا ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە بولغان بۇ خىلدىكى بوغۇم بىرلىكى بىر پۈتۈنلۈكتە «ئەجەبا،كېتەمەن» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشىگە توغرا كېلىدۇ. ئارۇز ئىلمىنىڭ بىرلىككە كەلگەن قائىدىسىدە ئۇ «– V V» بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

(2) **فاسىلەيى كوبرا:** «كوبرا» (كُبرا) سۆزى ئەرەب تىلىدا «چوڭ، ئۇلۇغ» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، فاسىلەيى كوبرا (فاصلهٔ كُبرا) يۇقىرىدا تونۇشۇپ ئۆتكەن بوغۇم ئۆرنىكىدىن سەل ئۇزۇنراق يەنى ئىچكى باغلىنىشلىق تۆت بوغۇمدىن تۈزۈلىدىغان بوغۇم بىرلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئۆرنەكتىكى بوغۇملار تۆت ھەرەكەنىڭ ساكىنلارغا ئۇلىنىشى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، «فاسىلەيى كوبرا» تۆت بوغۇمدىن تەشكىل تاپىدىغان بوغۇم بىرلىكى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئالدىنقى ئۈچ بوغۇم قىسقا بوغۇم يەنى «يە، گە، مە» دېگەنگە ئوخشاش بىردىن ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن بىردىن قىسقا سوزۇق تاۋۇشتىن (بەزىدە بىرلا قىسقا سوزۇق تاۋۇشمۇ بىر قىسقا بوغۇم بولالايدۇ. مەسىلەن، ‹ئەتە› دېگەن سۆزدىكى ‹ئە›) تۈزۈلگەن بوغۇم بولۇشى، ئاخىرقى بوغۇمى ئۇزۇن بوغۇم يەنى ئىككى ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن بىر قىسقا سوزۇق تاۋۇشتىن (‹سەت›، ‹كەت› دېگەنگە ئوخشاش) تۈزۈلگەن

ياكى بىر ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن بىر ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشتىن («ئەجەبا» سۆزىدىكى «با» غا ئوخشاش) تۈزۈلگەن بوغۇم بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. بۇ خىل تۈزۈلۈشتىكى بوغۇم بىرلىكى چاغاتاي تىلىدا ئۇچرايدىغان «نەقىلەيىن، يېقىلەيىن①» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىلدىكى بوغۇم بىرلىكى ئارۇز ئىلمىنىڭ ھازىرقى بىرلىككە كەلگەن قائىدىسىدە «ⅴ ⅴ ⅴ –» بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى بەزى ئەرەب ئالىملىرى جۈملىدىن مەشھۇر ئەرەب تىلشۇناسى ئەخفەشى ئەكبەر (مىلادىيە 793 - يىلى قازا قىلغان) خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئۆلچەملەشتۈرگەن يۇقىرىدىكى ئۈچ ئاساسىي تەركىب — سەبەب، ۋەتەد ۋە فاسىلەدىن پەقەت ئالدىنقى ئىككىسى — سەبەب بىلەن ۋەتەدنى رۇكنىلارنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئاساسىي تەركىب سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىپ، فاسىلەنى رەت ئەتكەنىدى. ئەخفەش ئەكبەرنىڭ قارىشىچە، فاسىلەيى سوغرا ئىككى سەبەب يەنى سەبەبى سەقىل (ⅴ ⅴ) بىلەن سەبەبى خەفىف (–) تىن تەركىب تاپىدۇ. فاسىلەيى كوبرا بولسا بىر سەبەبى سەقىل (ⅴ ⅴ) ۋە بىر ۋەتەدى مەجمۇئ (ⅴ–) دىن تەركىب تاپىدۇ②. باشقىچە ئېيتقاندا، ئەخفەش ئەكبەرنىڭ پىكرىچە، فاسىلە يەنىلا ئالدىنقى ئىككى تەركىب — سەبەب ۋە ۋەتەددىن تۈزۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئايرىم بىر مۇستەقىل تەركىب سۈپىتىدە ئېتىراپ

① قېلىپقا توغرا چۈشۈرۈش ئۈچۈن بۇ سۆزلەرنىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشى سەل ئۆزگەرتىلدى.
② بەھرام سىيرۇس: «تاجىك ئارۇزى»، دۇشەنبە، 1963 - يىلى نەشرى، 21 - بەت.



قىلىشنىڭ ھاجىتى يوقتۇر. ئەرەب تىلىنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈشتىكى خاسلىقى ۋە خەلىل ئىبنى ئەھمەد بېكىتكەن ئارۇز بەھرلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى تەركىبلەرنى ھاسىل قىلىش قائىدىلىرىگە ئاساسلىنىدىغان بولساق، ئەخفەشنىڭ يۇقىرىدىكى قارىشىنىڭ ناھايىتى توغرىلىقىنى بىلەلەيمىز. ئەمما، نېمە ئۈچۈندۇركى، بۇ قاراشقا ئېتىبار بىلەن قارايدىغانلار تارىختا كۆپ بولمىغان.

ئارۇز ئىلمىنىڭ تارىخىدا، يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا يەنە **«سەبەبى مۇتتەۋەسسىت»** (بىر ئالاھىدە ئۇزۇن بوغۇملۇق بوغۇم بىرلىكى بولۇپ، تۆت تاۋۇشتىن — ئالدىدا بىر ئۇزۇك تاۋۇش، كەينىدىن بىر قىسقا سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە ئىككى ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدىغان بوغۇم. مەسىلەن، «خەلق»، «قەنت» دېگەن سۆزلەرنىڭ تەركىبىگە ئوخشاش)، **«ۋەتەدى كەسرەت»** («نىشان» ۋە «كۆتەرت» سۆزلىرىگە ئوخشاش ئالدىنقىسى قىسقا ۋە كەينىدىكىسى ئۇزۇن بوغۇملاردىن تۈزۈلگەن بوغۇم بىرلىكى) ۋە **«فاسىلەيى ئۇزما»** (بەش بوغۇملۇق بوغۇم بىرلىكى بولۇپ، ئالدىنقى تۆت بوغۇمى قىسقا، ئاخىرقى بوغۇمى ئۇزۇن بولغان بوغۇمدىن تەركىب تاپىدۇ)① غا ئوخشاش تەركىب ناملىرىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئارۇز ئىلمىدە ئومۇم تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمىغان.

خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ ئەرەب تىلىدىكى بوغۇملارنىڭ تۈزۈلۈش تەرتىپىگە ئاساسلانغان ئاساسىي تەركىبلەر (جۇزۇلار) توغرىسىدىكى نەزەرىيەسىنى تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

① زەھىرىددىن بابۇر: «مۇختەسەر»، تاشكەنت، 1971 - يىلى نەشرى، 17 - بەت.

1. **سەبەب:** ئىككى خىل بولىدۇ:

1) **سەبەبى خەفىف.** بۇ ئۈچ خىل تۈزۈلۈشتىكى بوغۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) «ئا» «ئۇ» ، «ئى» شەكلىدىكى بوغۇملار.

(2) «فا»، «فۇ»، «فى» شەكلىدىكى بوغۇملار.

(3) «كەت»، «مەن»، «سەن» شەكلىدىكى بوغۇملار.

يۇقىرىدىكى ھەر ئۈچ خىل شەكىلدىكى بوغۇملار ئۇزۇنلۇق جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، «—» بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

2) **سەبەبى سەقىل** «دىمە»، «كىچە» گە ئوخشاش سۆزلەرنىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشىگە توغرا كېلىدىغان بوغۇملار بىرلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بىرلىكتىكى ھەر ئىككى بوغۇم قىسقا بوغۇم ھېسابلىنىدۇ ۋە «V V» بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

2. **ۋەتەد:** ئىككى خىل بولىدۇ:

1) **ۋەتەدى مەجمۇئ** «ۋەتەن»، «يەنى» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشىگە توغرا كېلىدىغان بوغۇملار بىرلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا ئالدىنقى بوغۇم قىسقا ۋە كەينىدىكى بوغۇم ئۇزۇن ھېسابلىنىدۇ. «V —» بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

2) **ۋەتەدى مەفرۇق** «بەرمە، كەتمە، ئۇرە، دانە» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشىگە توغرا كېلىدىغان بوغۇملار بىرلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا ئالدىنقى بوغۇم ئۇزۇن ۋە كەينىدىكى بوغۇم قىسقا بولۇپ، «— V» بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

3. **فاسىلە:** ئىككى خىل بولىدۇ:

1) **فاسىلەيى سوغرا** «ئەجەبا»، «بىرەسەن» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشىگە توغرا كېلىدىغان بوغۇملار



بىرلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا ئالدىنقى ئىككىسى قىسقا ۋە كەينىدىكىسى ئۇزۇن بوغۇم ھېسابلىنىدۇ. «V V —» بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

2) **فاسىلەيى كوبرا** «نەقىلەيىن، يېقىلەيىن» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشىگە توغرا كېلىدىغان بوغۇملار بىرلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىلدىكى بوغۇم بىرلىكى «V V V —» بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

## 3. ئەرەب ئارۇزىدىكى رۇكىن ۋە ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى

رۇكىن (رُكن)[1] ئەرەبچىدە «تۈۋرۈك» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئارۇز ئىلمىدە ئۇ شېئىر مىسرالىرىدىكى تاناسىپلىقنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدىغان مەلۇم ئۆلچەم بىرلىكى ياكى قېلىپىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ. رۇكىن بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئاساسىي تەركىبلەر (جۇزۇلار) — سەبەب، ۋەتەد ۋە فاسىلە قاتارلىقلارنىڭ ئورنىنى ئىلگىرى-كېيىن ئالماشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزئارا بىرىكتۈرۈش يولى بىلەن ياسىلىدۇ. شۇڭا، رۇكىن بۇ ئاساسىي تەركىبلەرگە قارىغاندا نىسبەتەن چوڭراق بولغان ئۆلچەم بىرلىكى ھېسابلىنىدۇ.

رۇكىن تۈزۈلۈش تەرتىپى ۋە ئۇنىڭدىكى ئاساسىي تەركىبلەرنىڭ ئەسلىدىكى شەكلى ياكى تەرتىپىنى ساقلىغان- ساقلىمىغانلىقىغا قاراپ ئۆز ئىچىدىن رۇكنى سالىم (ركن سالم) ياكى رۇكنى ئەسلىي (ركن اصلي — بۇزۇلمىغان، ئەسلىدىكى شەكلىنى ساقلىغان رۇكىن) ۋە

[1] بۇ ئەسلىدىكى تەلەپپۇزىدا «رۇكن» شەكلىدىكى بىر بوغۇملۇق سۆز بولۇپ، ئۇيغۇرچىدا «رۇكىن» شەكلىدە ئۆزلەشكەن. شۇڭا، بىزمۇ ئۇنى ئۆزلەشكەن شەكلىدە ئىشلەتتۇق.

رۇكنى غەيرىي سالىم (ركن غير سالم — سالىم بولمىغان، ئەسلىنى يوقاتقان رۇكىن) ياكى رۇكنى فەرئىي (ركن فرعي — بۇزۇلغان، ئۆزگەرتىلگەن، شاخلاندۇرۇلغان رۇكىن) دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

1) **سالىم رۇكىن** (ياكى ئەسلىي رۇكىن)

سالىم رۇكنىلار سەبەب، ۋەتەد ۋە فاسىلەدىن ئىبارەت ئاساسىي تەركىبلەرنىڭ ئورنىنى ئىلگىرى-كېيىن ئالماشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزئارا بىرىكتۈرۈش ياكى ئۇلاش يولى بىلەن ياسىلىدۇ. سالىم رۇكنىلارنى شەكىللەندۈرۈشتە سەبەب، ۋەتەد ۋە فاسىلەنىڭ رۇكىن تەركىبىدىكى ئىلگىرى-كېيىنلىكى ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنى تەشكىل قىلغان ئاساسىي تەركىب ( جۈزۋلار ) نىڭ ئىچكى تەرتىپىدە ئۆزگىرىش بولمايدۇ ۋە ئۆز ئەسلىنى ساقلايدۇ. شۇڭا، ئۇلاردىن ھاسىل قىلىنغان رۇكنىلار **سالىم رۇكىن** دەپ ئاتىلىدۇ.

2) **غەيرىي سالىم رۇكىن** (ياكى غەيرىي ئەسلىي رۇكىن)

رۇكنىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي تەركىبلەر — سەبەب، ۋەتەد ۋە فاسىلەنىڭ ئىچكى قىسمىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش يەنى ئەسلىدىكى بوغۇملارغا يەنە بوغۇم قوشۇش ياكى ئەسلىدىكى بوغۇملاردىن مەلۇملىرىنى قىسقارتىش، ھەرف، ھەرفى ئىللە ياكى ھەرەكەنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان رۇكنىلار **غەيرىي سالىم رۇكىن** دېيىلىدۇ. بۇنىڭدا سەبەب، ۋەتەد ۋە فاسىلەدە رىئايە قىلىنىدىغان قائىدىلەر مەلۇم دەرىجىدە بۇزۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى سالىم بولمىغان يەنى بۇزۇلغان رۇكىن دەپ ئاتاش ئادەت بولغان. «ھازىرقى ۋاقىتتا، ئارۇز ئىلمىدە قوللىنىلىدىغان غەيرىي سالىم



رۇكنىلارنىڭ سانى 160 تىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ناھايىتى كۆپ قوللىنىلىدىغانلىرى 35 — 40 ئەتراپىدا بولۇپ»[①]، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئايرىم ئاتالغۇ ياكى خاس ئىسىملار بىلەن ئاتىلىدۇ.

3) **ئارۇز ئىلمىدىكى 8(10) سالىم رۇكنىنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئۇسۇللىرى**

خەلىل ئىبنى ئەھمەد يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئارۇزنىڭ ئاساسىي تەركىب (جۈزۋ) لىرى — سەبەب، ۋەتەد ۋە فاسىلەنى تۈرلۈك ئۇسۇلدا ئۆزئارا قوراشتۇرۇش، كىرىشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ئوخشىمىغان شېئىرىي ئۆلچەم بىرلىكلىرى — رۇكنىلارنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇ ھاسىل قىلغان بۇ ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى يېزىقتا ئىپادىلەش ئۈچۈن يەنە ئەرەبچىدە «ئىش، ھەرىكەت» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان «فعل» (فېئىل) سۆزىدىن 8(10) تۈرلۈك قېلىپلاشقان سۆز ياساپ، ئۇنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەندىزىلەرنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىنى يېزىقتا ئىپادىلەيدىغان ئۆرنىكى قىلغان.

خەلىل ئىبنى ئەھمەد «فعل» (فېئىل) سۆزىدىن ياسىغان ئۆرنەك تۈزۈلۈش جەھەتتىن بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئون سۆز بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تەلەپپۇز ۋە شېئىرىي رىتىمنى تەيىنلەشتە سەككىز سۆز-ئەندىزىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. بۇ سۆزلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: «فَعولُن»[②]

---

① ئۇرۇۋەتۇللا تائىروف: «ئەجەم ئارۇزى ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، دۈشەنبە، 1991-يىلى نەشرى، 370-بەت.

② خەلىل ئىبنى ئەھمەد «فعل» (فېئىل — ئىش، ھەرىكەت) سۆزىدىن ياسىغان 8(10) سۆز-قېلىپ (ئارۇز ئىلمىدە «ئەفائىل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) پەقەت شېئىرىي رىتىملارنى ئۆلچەيدىغان ئۆرنەك بولۇپ، ھېچقانداق مەنە ئىپادىلىمەيدۇ.

(فەئۇلون)[1]، «فاعلُن» (فائىلون)، «مَفاعيلُن» (مەفائىيلون)، «مُستَفعلَن» (موستەفئىلون)، «فاعلاتُن» (فائىلاتون)، «مَفعوَلاتُ» (مەفئۇلاتو)، «فاعَلاتُن» (فائىلاتون)، «مُستَفعلُن» (موستەفئىلون)، «مَفاَعلَتُن» (مەفائىلەتون)، «مُتَفاعلُن» (موتەفائىلون).

رۇكنىلارنى شەكىللەندۈرىدىغان بوغۇم ۋە بوغۇملار بىرلىكىنىڭ ئاساسىي تەركىب ياكى جۈزۇ دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ «فعل» سۆزىدىن ياسىغان يۇقىرىدىكىدەك ئەندىزىسى ئەنە شۇ جۈزۇلاردىن تەشكىل قىلىنغان. ئۇلار تۆۋەندىكى ئۇسۇلدا ياسىلىدۇ:

(1) «فَعو+ لُن» (فەئۇ+ لون). ئۈچ بوغۇملۇق رۇكىن (ئەندىزە) بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىككى جۈزۇ يەنى «فَعو» (فەئۇ)-ۋەتەدى مەجمۇئ (ئالدىدىكىسى قىسقا، كەينىدىكىسى ئۇزۇن بولغان ئىككى بوغۇملۇق بىرلىك) ۋە «لُن» (لون) -سەبەبى خەفىف (بىر ئۇزۇن بوغۇم) دىن تۈزۈلگەن. بۇ رۇكىن ئارۇز ئىلمىدە «v — —» بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

(2) «فا+ علُن»(فا+ئىلون). بۇ رۇكىن «فا» بىر سەبەبى خەفىف (بىر ئۇزۇن بوغۇم) نىڭ كەينىگە بىر «علُن» ۋەتەدى مەجمۇئ (ئالدىنقىسى قىسقا ۋە كەينىدىكىسى ئۇزۇن بولغان ئىككى بوغۇملۇق تەركىب) نى قوشۇش ئارقىلىق تۈزۈلگەن. ئارۇز ئىلمىدە (— v —)

[1] «ئەفائىل» (رۇكىن ئەندىزىلىرى) لارنى ئۇيغۇرچە ئىپادىلەشتە بىز «ئا، ئۇ، ئى» بەلگىلىرىنى «ھەرفى ئىللە» يەنى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار ئورنىدا، «ئە، ئې، ئو» لارنى «ھەرەكە» يەنى قىسقا سوزۇق تاۋۇش ئورنىدا قوللاندۇق. ئەرەبچىدىكى «ع» ھەرپى زۆرۈر بولغاندا ئۇيغۇرچىدا «ئ» بەلگىسى بىلەن ئىپادىلەندى.



بەلگىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

(3) «مَفا+ عی+لُن» (مەفا +ئىي +لون). بۇ رۇكىن بىر «مَفا» ۋەتەدى مەجمۇئنىڭ كەينىگە «عی» ۋە «لُن» دىن ئىبارەت ئىككى سەبەبى خەفىفنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل قىلىنغان. يەنى ئۇ ئۈچ جۈزۇدىن ئىبارەت بولۇپ، بىرىنچى جۈزۇى ئىككى بوغۇم — ئالدىنقىسى قىسقا، كەينىدىكىسى ئۇزۇن، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى جۈزۇلىرى بىردىن ئۇزۇن بوغۇمدىن تەشكىل تاپىدۇ. ئارۇز ئىلمىدە ئۇ (v — — —) بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

(4) «مُس + تَف + علُن» (موس +تەف +ئىلون). بۇ رۇكىن ئۈچ جۈزۇدىن تەرَكىب تاپقان بولۇپ، ئارقىمۇ ئارقا كەلگەن ئىككى سەبەبى خەفىفنىڭ كەينىگە بىر ۋەتەدى مەجمۇئنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ھاسىل قىلىنغان. ئارۇز ئىلمىدە ئۇ (— — v —) بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

(5) «فا + علا + تُن» (فا +ئىلا +تون). بۇ رۇكىن ئىككى سەبەبى خەفىفنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر ۋەتەدى مەجمۇئنى قىستۇرۇش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان. يەنى ئۇ ئۈچ جۈزۇدىن ئىبارەت بولۇپ، بىرىنچى جۈزۇى بىر ئۇزۇن بوغۇم، ئىككىنچى جۈزۇى بىر قىسقا ۋە بىر ئۇزۇن بوغۇم (ئالدىدىكىسى قىسقا، كەينىدىكىسى ئۇزۇن)، ئاخىرىدىكى جۈزۇى بىر ئۇزۇن بوغۇمدىن تەركىب تاپىدۇ. ئارۇز ئىلمىدە ئۇ (— v — —) بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

(6) «مَف+ عو + لاتُ» (مەف+ ئۇ+ لاتو) . بۇ رۇكىن ئۈچ جۈزۇدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىككى سەبەبى خەفىفنىڭ كەينىگە بىر ۋەتەدى مەفرۇقنى قوشۇش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان. ئۇ ئۈچ جۈزۇدىن تەركىب تاپىدۇ. ئارۇز ئىلمىدە ئۇ (— — — v) بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

(7) «فاع + لا + تُن» (فائىپ+ لا+ تون). بۇ رۇكىن بىر

ۋەتــەدى مــەفرۇقتا ئىككــى ســەبەبى خــەفىفنى قوشــۇش ئــارقىلىق هاســىل قىلىنغــان. يــەنى ئــۇ ئــۈچ جۈزۋدىــن ئىبــارەت بولــۇپ، بىــرىنچى جــۈزۋى ئىككــى بوغۇملــۇق (ئالدىنقىســى ئــۇزۇن، كەيىنىدىكىســى قىســقا بوغــۇم)، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى جۈزۋلىرى بىردىن ئۇزۇن بوغۇملۇق تەركىبلــەردىن تۈزۈلگــەن. ئــارۇز ئىلمىــدە ئــۇ (ـــ V ـــ ـــ) بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

(8) «مُس + تَفع + لُن» (موس +تەفئىي +لون). بۇ رۇكىــن ئىككــى ســەبەبى خَــەفىفنىڭ ئوتتۇرىســىغا بىــر ۋەتــەدى مەفرۇقنى قىستۇرۇش ئۇسۇلىدا هاسىل قىلىنغان. يەنى ئۇ ئــۈچ جۈزۋدىــن تۈزۈلگــەن بولــۇپ، ئــالدىنقى ۋە ئــاخىرقى جۈزۋلــىرى بىــردىن ئــۇزۇن بوغــۇم ۋە ئوتــتۇرىدىكى جــۈزۋى بولســا ئىككــى بوغۇملــۇق بىــرلىك (ئالدىنقىســى ئــۇزۇن، كەيىنىدىكىسى قىسقا) تىن تەركىب تاپىدۇ. ئارۇز ئىلمىــدە ئۇ (ـــ V ـــ ـــ) بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

(9) «مَفــا + علَتُــن» (مــەفا + ئىلــەتون). بــۇ رۇكىــن ئــالدىنقى ئۆرنەكلەرگــە قارىغــاندا ئــۇزۇن بولۇشــىغا قارىماي ئىككى جۈزۋدىنلا تەركىب تاپىدۇ. يەنى ئۇ بىــر ۋەتــەدى مەجمۇئ (ئىككى بوغۇملۇق بىرلىك بولۇپ، ئالدىنقىسى قىسقا، كەيىنىدىكىسى ئۇزۇن) نىڭ كەينىگە بىر فاسىلەيى ســوغرا (ئــۈچ بوغۇملــۇق بىــرلىك بولــۇپ، بىــرىنچى، ئىككىنچى بوغۇملىرى قىسقا، ئۈچىنچى بوغۇمى ئۇزۇن) نى قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان. ئارۇز ئىلمىــدە ئۇ (V ـــ V V ـــ) بەلگىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

(10) «مُتَفــا + علُــن» (موتــەفا + ئىــلون). بــۇ رۇكىــنمۇ تەركىبىدىكى بوغۇم سانىنىڭ كۆپلىكىگە قارىماي ئىككىلا جۈزۋنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ بىــر فاســىلەيى سوغرانىڭ كەينىگــە بىــر ۋەتــەدى مــەجمۇئنى قوشــۇش ئــارقىلىق



ياسالغان. يــەنى ئۇنىــڭ ئــالدىنقى جــۈزۋى ئــۈچ بوغۇملــۇق بىــرلىك ( بىــرىنچى ۋە ئىككىنــچى بوغۇملــىرى قىســقا، ئۈچىنچى بوغۇمى ئۇزۇن) بولۇپ، ئىككىنچى جۈزۋى ئىككى بوغۇملۇق بىرلىك (بىرىنچى بوغۇمــى قىسقا، ئىككىنچى بوغۇمى ئۇزۇن) تىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. ئارۇز ئىلمىــدە (V V ـــ V ـــ) بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئون رۇكىن ياكى ئەفائىلدىن «مُس + تَف + علُن» (موس + تەف + ئىلون) بىلــەن «مُس + تَفع + لُــن» (موس + تەفئىي + لون)، «فا + عــلا + تُــن» (فــا + ئىلا + تــون) بىلــەن «فــاع + لا + تُــن» (فــائىي + لا + تــون) بىــر پۈتۈنلۈكتە ۋەزىــن جەهەتتىــن ئوخشــاش بولســىمۇ، لېكىــن ئىچكــى تــەركىبىنىڭ تۈزۈلۈشــىدە ئۆزئــارا پــەرقلىنىدۇ. ئۇلارنىــڭ ئىچكى تــەركىبىي تۈزۈلۈشــىدىكى پــەرقىنى بىــز تۆۋەندىكى سېلىشتۇرمىدا تېخىمۇ ئېنىق كۆرەلەيمىز:

مُستَفعلُن / مُس + تَف + علُن / موس + تەف + ئىلون /
سەبەبى خَەفىف+ سەبەبى خەفىفَ + ۋەتەدى مەجمۇئ / ـــ +ـــ +V ـــ
مُستَفعلُن / مُس + تَفع + لُن / موس + تەفئىي + لون /
سەبەبى خَەفىف+ ۋەتەدى مەفرۇق+سەبەبى خەفىف / ـــ +ـــ V + ـــ

فاعلاتُن / فا + علا + تُن / فا + ئىلا + تون /
سەبەبىَ خەفىف+ ۋەتەدى مەجمۇئ+سەبەبى خەفىف / ـــ + V ـــ +ـــ
فاعلاتُن / فاع + لا + تُن / فائىي + لا + تون /
ۋەتەدىَ مەفرۇق+ سەبەبَى خەفىف+ سەبەبى خەفىف ـــ V + ـــ +ـــ

يۇقىرىدىكى سەۋەبتىن خەلىل ئىبنى ئەهمەد ۋەزىننى ئۆلچەش مەقسىتىدە «فعل» (فېئىل) سۆزىدىن ياسىغان رۇكىن ئۆرنىكى ئون بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار شېئىرلاردىكى

رىتىمنى ئۆلچەش، ۋەزىننى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە سەككىز سۆز (رۇكىن) نىڭ رولىنى ئوينايدۇ. يۇقىرىدىكى رۇكىنلار ئۆز ئەسلىنى ساقلىغان، بۇزۇلمىغان جۇزۋلاردىن بارلىققا كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار **سالىم رۇكىنلار** دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنى تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

| رۇكىن نامى | بەلگىسى | رۇكىن نامى | بەلگىسى |
|---|---|---|---|
| فَعولُن | — — V | فاعلاتُن | — — V — |
| فاعلُن | — V — | مَفعَولاتُ | V — — — |
| مَفاعيلُن | — — — V | مَفاعلَتُن | — V V — V |
| مُستَفعلُن | — V — — | مُتَفاعلُن | —V — V V |

ئەرەب ئارۇزىدىكى بۇ سەككىز سالىم رۇكىندىن 16سالىم بەھر ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

## 4. ئەرەب ئارۇزىدىكى بەھر ۋە ئۇلارنىڭ تۈزۈلۈشى

«بەھر» (بَحر) سۆزى ئەرەبچىدە «تەشمەك، يارماق» دېگەن مەنىلەردىكى سۆز بولۇپ، خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ ئارۇز نەزەرىيەسىدە «بەھر» سۆزى بىر ئاتالغۇ سۈپىتىدە يۇقىرىدىكى سالىم رۇكىنلاردىن بىر نەچچىسىنىڭ مەلۇم تەرتىپتە ۋە ئوخشاش ئۇزۇنلۇقتا تەكشىلىشىدىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدىغان شېئىرىي ئەندىزىلەرنى كۆرسىتىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، «بەھر» رۇكىندىن بارلىققا كېلىدىغان شېئىرىي ئۆرنەكتۇر. رۇكىنلارنىڭ ئوخشىمىغان تەرتىپتە تىزىلىشىدىن ئوخشىمىغان رىتىمدىكى بەھرلەر-ئۆرنەكلەر بارلىققا كېلىدۇ. بۇنداق ئۆرنەكلەرنىڭ ھەر بىرى ئۆزىگە خاس بولغانناملار بىلەن ئاتىلىدۇ.



ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بەھرلەر رۇكىنلار ئاساسىدا شەكىللەندۈرۈلىدۇ. يەنى ئۇ رۇكىنلارنىڭ مەلۇم تەرتىپتە تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ ۋەزىننى شەكىللەندۈرىدىغان ئاساسىي ئامىل، يەنى رۇكىن بىلەن ۋەزىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم ھالقا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەھر چۈشەنچىسى ئارۇز ئىلمى ئاساسىي نەزەرىيە سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان ئەرەب، پارس ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاش ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، ئەرەب ۋە پارس كىلاسسىك ئارۇزچىلىرىلا ئەمەس، بەلكى، تۈركىي تىللىق نەزەرىيەچىلەردىن نەۋايى بىلەن بابۇرمۇ «ئۆز رىسالىلىرىدە زىھاف ۋە رۇكىندىن كېيىن تۇرغۇچى ئاساسىي مەسىلە ۋەزىن ئەمەس، بەلكى بەھر ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتكەنىدى. بۇ ھالەت ئۆزبېك (ئۇيغۇر ھەم بۇنىڭ ئىچىدە- ز. س.) ئارۇزشۇناسلىقىغا ئەرەب ۋە پارس-تاجىك ئارۇزشۇناسلىقىدىن ئەنئەنە سۈپىتىدە ئۆتكەن»①.

ئەرەب ئارۇزچىلىقىدا بەھرلەر سالىم (ئەسلىي) بەھرلەر ۋە غەيرىي سالىم (سالىم بولمىغان) ۋە ياكى «فرعى» (فەرئىي-شاخلاندۇرۇلغان، ئەسلىنى يوقاتقان) بەھرلەر دېگەن ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

**1) سالىم ياكى ئەسلىي بەھرلەر**

ئارۇز ئىلمىدە سالىم رۇكىنلار- جۇزۋلىرىنىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشىگە ھېچقانداق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلمىگەن رۇكىنلاردىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن بەھرلەر **سالىم بەھرلەر** دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق بەھرلەر ئۆزلىرىگە خاس بولغان

① ئۇممەت تويچىيېف: «ئۆزبېك پوئېزىيەسىدە ئارۇز سىستېمىسى»، تاشكەنت، 1985-يىلى نەشرى، 74-بەت.

سالىم رۇكنىلارغا ئىگە بولۇپ، بەزىلىرى بىرلا رۇكنىنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل قىلىنسا، يەنە بەزىلىرى ئىككى خىل رۇكنىدىن تۈزۈلگەن رۇكنىن بىرىكمىسىدىن بارلىققا كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىز تۆۋەندىرەك تونۇشىمىز.

**2) غەيرىي ئەسلىي ياكى فەرئىي بەھرلەر**

ئارۇز ئىلمىدە، ئۆزىگە خاس رۇكنىلارغا ئىگە بولمىغان ۋە سالىم رۇكنىلاردىن تۈزۈلگەن ئۆلچەم بىرلىكلىرىنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل قىلىنىدىغان بەھرلەر **غەيرىي ئەسلىي ياكى فەرئىي بەھرلەر** دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق بەھرلەرنى ھاسىل قىلىدىغان رۇكنىلار سالىم رۇكنىلار بولغاچقا، شېئىر ۋەزنىنىڭ نامىنى ئاتاشتا ئۇلارنى «سالىم» نامى بىلەن ئاتاش ئادەتكە ئايلانغان.

**3) زىھافلىق بەھرلەر**

ئارۇز ئىلمىدە، ئۆزىگە خاس رۇكنىلارغا ئىگە بولمىغان، سالىم بەھرلەرنى ھاسىل قىلغۇچى رۇكنىلارنىڭ ئىچكى جۈزئىلىرىغا تۈرلۈك ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنىدىغان بەھرلەر زىھافلىق بەھرلەر دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق بەھرلەر كېيىنكى ئارۇزچىلارنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىكى ئۆزلىرى ھېس قىلغان بەزى ئېھتىياجلارنى چىقىش قىلىپ ئېلىپ بارغان ئىسلاھات ۋە ئىجادچانلىق خاراكتېرىدىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئاساسەن پارس-تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى ئارۇز ئىلمىدە كۆپرەك ئومۇملاشقان. ئۇنىڭ كونكرېت ئەھۋالى بىلەن كېيىنكى بۆلەكلەردە تەپسىلىي تونۇشىمىز.

**4) ئەرەب ئارۇزىدىكى 15 (16) سالىم بەھرنىڭ تۈزۈلۈشى**

خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئەرەب شېئىرىيىتىنىڭ رىتىم ئالاھىدىلىكلىرىنى چىقىش قىلىپ، 8(10) سالىم



رۇكنىدىن 15(16) سالىم بەھرنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇلارنى ئايرىم ناملار بىلەن ئاتايدۇ. بۇ بەھرلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) تەۋىل بەھرى (طويل — ئۇزۇن دېگەن مەنىدىكى سۆز).

(2) مەدىد بەھرى (مديد — داۋامى بار، ئۇزۇنلاشتۇرۇلغان دېگەن مەنىدىكى سۆز).

(3) بەسىت بەھرى (بسيط — كەڭ، يېيىلغان، قانات راسلىغان دېگەن مەنىلەردىكى سۆز).

(4) ۋافىر بەھرى (وافر — كۆپ، جىق، تولا، دېگەن مەنىلەردىكى سۆز).

(5) كامىل بەھرى (كامل — كامىل، تولۇق، كەم-كوتىسىز دېگەن مەنىلەردىكى سۆز).

(6) ھەزەج بەھرى (هزج — يېقىملىق سادا، ناخشا، يېقىملىق كۈي دېگەن مەنىلەردىكى سۆز).

(7) رەجەز بەھرى (رجز — ئالدىراش، تېزلىك، ئىزتىراپ دېگەن مەنىلەردىكى سۆز).

(8) رەمەل بەھرى (رمل — بورا توقۇش، تۆگىنىڭ يۈگۈرۈشى دېگەن مەنىلەردىكى سۆز).

(9) سەرىئ بەھرى (سريع — ئالدىراشچىلىق، تېز ھەرىكەت دېگەن مەنىلەردىكى سۆز).

(10) مۇنسەرىھ بەھرى (منسرح — ئاسان ۋە راۋانلاشتۇرۇلغان دېگەن مەنىلەردىكى سۆز).

(11) مۇزارىئ بەھرى (مظارع — ئوخشاش، ئوخشاش سۈرەتلىك، شەكىلداش دېگەن مەنىلەردىكى سۆز).

(12) مۇقتەزەب بەھرى (مقتضب — كېسىلگەن، كېسىۋېتىلگەن دېگەن مەنىدىكى سۆز).

(13) مۇجتەس بەھرى (مجتث — يىلتىزىدىن قومۇرۇلغان

دېگەن مەنىدىكى سۆز).

(14) خەفىف بەھرى (خفيف — يېنىك دېگەن مەنىدىكى سۆز).

(15) مۇتەقارىب بەھرى (متقارب — يېقىنلاشقۇچى، بىر-بىرىگە يېقىن ۋە تەڭلەشكەن دېگەن مەنىلەردىكى سۆز).

مەشھۇر ئەرەب ئالىملىرىدىن ئەخفەش ئەكبەر (مىلادىيە 793-يىلى قازا قىلغان) «فعولــن» (فەئۇلون) نىڭ جۇزۋلىرىنىڭ ئورنىنى ئىلگىرى - كېيىن ئۆزگەرتىش ئارقىلىق يەنە بىر يېڭى بەھر ئىجاد قىلىپ، ئۇنىڭ نامىنى «متدارک» (مۇتەدارىك — بايقالغان، دېرىكى بولغان، ئۇلانغان دېگەن مەنىلەردىكى سۆز) دەپ ئاتايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەرەب ئارۇزچىلىقىدىكى سالىم بەھرلەرنىڭ سانى 16 گە يېتىدۇ.

ئارۇز ئىلمىدە شېئىرلارنىڭ ۋەزنى ئۆلچەنگەندە بىر مىسرا ئەمەس، بەلكى بىر بېيىت (قوش مىسرا) ئاساس قىلىنىدۇ. يەنى رۇكنلارنىڭ تاق مىسرادىكى سانى ئەمەس، جۈپ مىسرادىكى سانى نەزەرگە ئېلىنىدۇ. بەھرلەر چەمبەرلەردىمۇ بېيىت شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت بېيىتتىكى ھەر بىر رۇكنغا ئۇنىڭ مىسرادىكى كونكرېت ئورنىنى كۆرسەتكۈچى خاس ناملارمۇ قويۇلغان بولۇپ، ئارۇز ئىلمىدە بىردەك قوللىنىلىدۇ. بۇ رۇكنلار مۇنداق ئاتىلىدۇ: بىرىنچى مىسرانىڭ بىرىنچى رۇكنى سەدر (صدر — باشلىغۇچى، مەيدە) ۋە ئىككىنچى مىسرانىڭ بىرىنچى رۇكنى بولسا ئىپتىدا (ابتدا - باش، ئاۋۋال) دەپ ئاتىلىدۇ. بىرىنچى مىسرانىڭ ئاخىرقى رۇكنى ئارۇز (عروض — بايان قىلىش) ۋە ئىككىنچى مىسرانىڭ ئاخىرقى رۇكنى زەرب (ضرب — ئۇرۇش، قاتتىق تېگىش) دەپ ئاتىلىدۇ. بىرىنچى مىسرادىكى سەدر بىلەن ئارۇز ۋە ئىككىنچى مىسرادىكى ئىپتىدا بىلەن زەربنىڭ



ئوتتۇرىسىدىكى رۇكنلار ھەشۋ (حشو — ئارىلىقنى تولدۇرغۇچى) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئومۇملاشقان قائىدە. شۇڭا، ئەرەب ئارۇزچىلىقىدىكى ھەر قايسى بەھرلەر شۇ قائىدىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن ۋە ئۇلارنىڭ نامىمۇ مۇشۇ قائىدىگە ئاساسەن قويۇلغان.

خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئەرەب ئارۇزىدىكى بەھرلەرنىڭ بەزىلىرىنى بىرلا سالىم رۇكننى تەكرارلاشتىن ھاسىل قىلغان بولسا، يەنە بەزىلىرىنى ئوخشىمىغان سالىم رۇكنلاردىن ئۆلچەم بىرلىكى تۈزۈپ، شۇ ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى تەكرارلاشتىن بارلىققا كەلتۈرىدۇ. شۇڭا، ئەرەب ئارۇزىدىكى بەھرلەرنى ئۇنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان رۇكنلارنىڭ ئورۇنلىشىش، تەكرارلىنىش تەرتىپىگە ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر نەچچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

**5) بىرلا سالىم رۇكننىڭ تەكرارلىنىشىدىن ياسىلىدىغان بەھرلەر**

ئەرەب ئارۇزىدا بىرلا سالىم رۇكننىڭ تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدىغان سالىم بەھرلەر جەمئىي 7 بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىگىلا خاس بولغان مەخسۇس رۇكنغا ئىگە. بۇ تۈردىكى بەھرلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) بەھرى ۋافىرى مۇسەممەنى[1] سالىم (ياكى ئەسلىي[2]) يەنى **ۋافىر** بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلى بىر بېيىتتا «مفاعلتن» (مەفائىلەتون) نىڭ سەككىز قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ:

مفاعلتن / مفاعلتن / مفاعلتن / مفاعلتن /
مفاعلتن / مفاعلتن / مفاعلتن / مفاعلتن /
V—V V—/ V—V V—/ V—V V—/ V—V V— /

[1] بىر بېيىتتا بىر رۇكنى سەككىز قېتىم تەكرارلانسا مۇسەممەن، ئالتە قېتىم تەكرارلانسا مۇسەددەس، تۆت قېتىم تەكرارلانسا مۇرەببەئ دەپ ئاتىلىدۇ.

[2] «سالىم» بىلەن «ئەسلىي» سۆزى ئارۇز ئىلمىدە ئوخشاش مەنە ئىپادىلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كېيىن پەقەت «سالىم» سۆزىنىلا قوللىنىمىز.

/ _V V_V /_V V_V /_V V_V /_V V_V

(2) بەھرى كامىلى مۇسەممەنى سالىم يەنى كامىل بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلى ھەر بېيىتتا «متفاعلن» (موتەفائىلون) نىڭ سەككىز قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ:

متفاعلن / متفاعلن / متفاعلن / متفاعلن /
متفاعلن / متفاعلن / متفاعلن / متفاعلن /
/_V_VV /_V_VV /_V_VV /_V_VV
/_V_VV /_V_VV /_V_VV /_V_VV

(3) بەھرى ھەزەجى مۇسەددەسى سالىم يەنى ھەزەج بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى «مفاعيلن» (مەفائىلون) نىڭ ھەر بېيىتتا ئالتە قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ:

مفاعيلن / مفاعيلن / مفاعيلن /
مفاعيلن / مفاعيلن / مفاعيلن /
/_ _ _V /_ _ _V /_ _ _V
/_ _ _V /_ _ _V /_ _ _V

(4) بەھرى رەجەزى مۇسەددەسى سالىم يەنى رەجەز بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى «مُستَفعلُن» (موستەفئىلون) نىڭ بىر بېيىتتا ئالتە قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ:

مُستَفعلُن / مُستَفعلُن / مُستَفعلُن /
مُستَفعَلُن / مُستَفعَلُن / مُستَفعَلُن /
/_V _ _ /_V _ _ /_ V _ _
/_V _ _ /_V _ _ /_ V _ _

(5) بەھرى رەمەلى مۇسەددەسى سالىم يەنى رەمەل بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى «فاعلاتُن» (فائىلاتون) نىڭ ھەر بېيىتتا ئالتە قېتىم



تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ:

فاعلاتُن / فاعلاتُن / فاعلاتُن /
فاعلاتُن / فاعلاتُن / فاعلاتُن /
/_ _V_ /_ _ V_ /_ _V_
/_ _V_ /_ _ V_ /_ _V_

(6) بەھرى مۇتەقارىبى مۇسەممەنى سالىم يەنى مۇتەقارىب بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلى «فَعولُن» (فەئۇلون) نىڭ ھەر بېيىتتا سەككىز قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ:

فَعولُن / فَعولُن / فَعولُن / فَعولُن /
فَعولُن / فَعولُن / فَعولُن / فَعولُن /
/_ _ V /_ _V /_ _V /_ _V
/_ _ V /_ _V /_ _V /_ _V

(7) بەھرى مۇتەدارىكى مۇسەممەنى سالىم يەنى مۇتەدارىك بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلى «فاعلُن» (فائىلون) نىڭ بىر بېيىتتا سەككىز قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ:

فاعلُن / فاعلُن / فاعلُن / فاعلُن /
فاعَلُن / فاعَلُن / فاعَلُن / فاعَلُن /
/ _V_ / _V_ / _V_ / _V_
/ _V_ / _V_ / _V_ / _V_

ئەرەب ئارۇزچىلىقىدا بىرلا رۇكنىنىڭ تەكرارلىنىشى بىلەن ياسىلىدىغان بەھرلەر يۇقىرىدىكى يەتتە بەھردىن ئىبارەتتۇر. ئۇلارنىڭ سەككىزلىك شەكلىدىن ھەر بېيىتتا ئىككىدىن رۇكىن قىسقارتىلسا، ئالتىلىك شەكلى، تۆت رۇكىن قىسقارتىلسا تۆتلىك شەكلى ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. بۇ بەھرلەردىن ئالتە بەھرنى خەلىل ئىبنى ئەھمەد قېلىپلاشتۇرغان. يەنە بىرى يەنى مۇتەدارىك بەھرى كېيىنچە ئەرەب ئالىمى

ئەخفەشى ئەكبەر تەرىپىدىن قوشۇلغان.

**6) ئىككى خىل سالىم رۇكىننىڭ تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدىغان سالىم بەھرلەر**

بۇ خىلدىكى بەھرلەرنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى رۇكنىلارنىڭ تەكرارلىنىش تەرتىپى پەرقلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى ئۆز ئىچىدىن يەنە تۆۋەندىكى بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، ئىككى خىل سالىم رۇكىننىڭ ئارقىمۇئارقا نۆۋەت بىلەن ئالمىشىپ تەكرارلىنىشىدىن بارلىققا كېلىدىغان بەھرلەر. بۇنداق بەھرلەر سالىم رۇكنىلارنىڭ تەكرارلىنىشىدىن بارلىققا كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن سالىم بەھرلەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ سەككىزلىك شەكلىدە ھەر بىر رۇكىن تۆت قېتىمدىن ئوخشاش مىقداردا تەكرارلىنىدۇ. ئالتىلىك شەكلىدە ئالدىنقى بىر رۇكىن ھەر بېيىتتا تۆت قېتىم، كېيىنكى رۇكىن ئىككى قېتىم تەكرارلىنىدۇ. تۆتلىك شەكلىدە ھەر بىر رۇكىن بېيىتتا ئىككى قېتىمدىن تەكرارلىنىدۇ. ئەرەب ئارۇزىدا بۇ خىل ئۇسۇلدا ياسالغان بەھرلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(8) بەھرى تەۋىلى مۇسەممەنى سالىم يەنى تەۋىل بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلى «فَعولُن» (فەئۇلون) بىلەن «مفاعيلن» (مەفائىلون) نىڭ ھەر بېيىتتا ئارقىمۇئارقا سەككىز قېتىم (ھەر بىرى تۆت قېتىمدىن) تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. ھەر بىر بېيىتتا تەكرارلانغان رۇكىننىڭ ئومۇمىي سانى سەككىز بولغاچقا، ئۇ مۇسەممەن ـ سەككىزلىك نامى بىلەن ئاتىلىدۇ:

فَعولُن / مفاعيلن / فَعولُن / مفاعيلن /
فَعولُن / مفاعيلن / فَعولُن / مفاعيلن /
/— — —V / — —V /— — —V /— —V



/— — —V / — —V /— — —V /— —V

(9) بەھرى مەدىدى مۇسەممەنى سالىم يەنى مەدىد بەھرىنىڭ سەككىزلىك سالىم شەكلى «فاعلاتُن» (فائېلاتون) بىلەن «فاعلُن» (فائېلون) نىڭ ئارقىمۇئارقا سەككىز قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ:

فاعلاتُن / فاعلُن / فاعلاتُن / فاعلُن /
فاعلاتُن / فاعَلُن / فاعلاتُن / فاعَلُن /
/—V— /— —V— /—V— /— —V—
/—V— /— —V— /—V— /— —V—

(10) بەھرى بەسىتى مۇسەممەنى سالىم يەنى بەسىت بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلى «مُستَفعلُن» (موستەفئېلون) بىلەن «فاعلُن» (فائېلون) نىڭ ھەر بېيىتتا سەككىز قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ:

مُستَفعلُن / فاعلُن / مُستَفعلُن / فاعلُن /
مُستَفعَلُن / فاعَلُن / مُستَفعَلُن / فاعَلُن /
/ —V— / — V— — / — V— / —V— —
/ —V— / — V— — / — V— / —V— —

(11) بەھرى مۇنسەرىھى مۇسەددەسى سالىم يەنى مۇنسەرىھ بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى. بۇ بەھر خەلىل ئىبنى ئەھمەد تۈزگەن «مۇشتەبىھە» چەمبىرىدە ئالتىلىك شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. شۇڭا، ئۇنىڭدا ئاخىرقى بىر رۇكىن قىسقارغاچقا، «مُستَفعلُن» (موستەفئېلون) ھەر بېيىتتا تۆت قېتىم ۋە «مَفعولات» (مەفئۇلاتو) ئىككى قېتىم تەكرارلىنىدۇ. پارس-تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە بولسا ئەكسىچە ئۇنىڭ سەككىزلىك شەكلى كۆپرەك ئومۇملاشقان بولۇپ، ئەلىشىر نەۋايىمۇ ئۇنى «مۇختەلىفە» چەمبىرىدە مۇسەممەنى مەتۋى شەكلىدە تونۇشتۇرىدۇ. بۇ يەردە بىز ئۇنىڭ خەلىل ئىبنى ئەھمەد

تونۇشتۇرغان ئالتىلىك شەكلىنى كۆرۈپ باقايلى:

مُستَفعِلُن / مَفعولاتُ / مُستَفعِلُن /

مُستَفعَلُن / مَفعولاتُ / مُستَفعَلُن /

/— V́— — / V— — — /— V— —

/— V— — / V— — — /— V— —

(12) بەھرى خەفىفى مۇسەددەسى سالىم يەنى خەفىف بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى. بۇ بەھردە «فاعلاتُن» (فائىلاتون) ھەر بېيىتتا تۆت قېتىم ۋە «مُستَفعِلُن» (موستەفئىلون) ئىككى قېتىم تەكرارلىنىدۇ. بۇ بەھرنى تارىختىكى ئارۇزچىلارنىڭ ھەممىسى ئالتىلىك شەكلىدە تونۇشتۇرغان. جۈملىدىن نەۋايىمۇ بۇ بەھرنى «مۇنتەزىئە» چەمبىرىدە ئالتىلىك مەخبۇن شەكلىدە تونۇشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ سەككىزلىكىنىڭ سالىم شەكلى ئادەتتە ئۇچرىمايدۇ. پارس-تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە ئۇنىڭ زىھافلىق ئالتىلىك شەكلى كۆپرەك ئۇچرايدۇ. بۇ يەردە بىز خەلىل ئىبنى ئەھمەد تۇراقلاشتۇرغان ئالتىلىك شەكلىنى نەزەردىن ئۆتكۈزەيلى:

فاعلاتُن / مُستَفعِلُن / فاعلاتُن /

فاعلاتُن / مُستَفعَلُن / فاعلاتُن /

/— —V— /—V— — /— —V—

/— —V— /—V— — /— —V—

(13) بەھرى موزارىئى مۇسەددەسى سالىم يەنى موزارىئ بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى. بۇ بەھردە «مفاعيلن» (مەفائىلون) ھەر بېيىتتا تۆت قېتىم ۋە «فاعلاتُن» (فائىلاتون» ئىككى قېتىم تەكرارلىنىدۇ. ئەرەب ئارۇزىدا بۇ بەھر ئالتىلىك شەكلدە ئومۇملاشقان بولسىمۇ، لېكىن پارس-تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە ئۇنىڭ سەككىزلىك شەكلى كۆپرەك ئۇچرايدۇ. سەككىزلىك



شەكلدە «فاعلاتُن» (فائىلاتون» رۇكنىمۇ ھەر بېيىتتا تۆت قېتىم تەكرارلىنىدۇ. بىز ئۇنىڭ خەلىل ئىبنى ئەھمەد تونۇشتۇرغان ئالتىلىك شەكلىنى كۆرۈپ باقايلى:

مفاعيلن / فاعلاتُن / مفاعيلن /

مفاعيلن / فاعلاتُن / مفاعيلن /

/— — —V /— —V— /— — —V

/— — —V /— —V— /— — —V

ئىككىنچى، خەلىل ئىبنى ئەھمەد تونۇشتۇرغان 15(16) بەھردىن بەزىلىرى ئىككى ئوخشىمىغان رۇكنىنىڭ ئالمىشىپ تەكرارلىنىشىدىن ئەمەس، بەلكى مىسرالاردا ئالدىنقى رۇكنىنىڭ ئارقىمۇئارقا تەكرار ۋە كېيىنكى رۇكنىنىڭ تەكرارسىز كېلىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. بۇنداق بەھرلەر پەقەت ئالتىلىك سالىم شەكلىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ سەككىزلىك سالىم شەكلى ئۇچرىمايدۇ.

(14) بەھرى سەرىئىي مۇسەددەسى سالىم يەنى سەرىئ بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى. بۇ بەھردە «مُستَفعِلُن» (موستەفئىلون) ھەر بېيىتتا تۆت قېتىم ۋە «مَفعولاتُ» (مەفئۇلاتو) ئىككى قېتىم تەكرارلىنىدۇ:

مُستَفعِلُن / مُستَفعِلُن / مَفعولاتُ /

مُستَفعَلُن / مُستَفعَلُن / مَفعولاتُ /

/V — — — / —V— — / —V— —

/V — — — / —V— — / —V— —

ئۈچىنچى، ئەرەب ئارۇزىدىكى يەنە بىر قىسىم بەھرلەر ئالدىنقى رۇكنىنىڭ تەكرارلانماي، كېيىنكى رۇكنىنىڭ ئارقىمۇئارقا تەكرارلىنىشىدىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. بۇ خىلدىكى بەھرلەرمۇ ئالتىلىك شەكلىدىلا سالىم بولۇپ، سەككىزلىك شەكلىدە ئۇنىڭ سالىم شەكلى ئۇچرىمايدۇ ۋە پەقەت زىھافلىق سەككىزلىك شەكلىدىلا ئىشلىتىلىدۇ.

(15) بەھرى موقتەزەبى مۇسەددەسى سالىم يەنى موقتەزەب بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى. بۇ بەھردە ئالدىدىكى رۇكىن «مَفعولاتُ» (مەفئۇلاتو) تەكرارلانماي، كەيىندىكى رۇكىن «مُستَفعِلُن» (موستەفئىلون) تەكرارلىنىدۇ:

مَفعولاتُ / مُستَفعِلُن / مُستَفعِلُن /
مَفعولاتُ / مُستَفعَلُن / مُستَفعَلُن /
/—v ـَ — /—v ـَ — /v — — —
/—v — — /—v — — /v — — —

(16) بەھرى موجتەسى مۇسەددەسى سالىم يەنى موجتەس بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى. بۇ بەھردە ئالدىنقى رۇكىن بولغان «مُستَفعِلُن» (موستەفئىلون) تەكرارلانمايدۇ. كېيىنكى رۇكىن «فاعَلاتُن» (فائىلاتون) تەكرارلىنىدۇ:

مُستَفعِلُن / فاعلاتُن / فاعلاتُن /
مُستَفعَلُن / فاعلاتُن / فاعلاتُن /
/— —v — /— —v —/ —v ـَ — —
/— —v — /— —v —/ —v — —

ئەرەب ئارۇزىدىكى 16 سالىم بەھرنىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشى يۇقىرىدىكىلەردىن ئىبارەت. پارس ـ تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە بۇلاردىن بەزىلىرى ئىشلىتىلىدۇ ۋە بەزىلىرى ئىشلىتىلمەيدۇ. بۇنىڭ كونكرېت ئەھۋالى بىلەن بىز كېيىنكى بابلاردا تەپسىلىي تونۇشىمىز.

## 5. ئارۇز ئىلمىدىكى زىھاف، زىھافلىق رۇكنلار ۋە بەھرلەر

زىھاف (زِحاف) ئەرەبچە «زەھەف» (زَحَف— ئەسلىدىن يىراقلاشقان، نىشاندىن يىراققا تەگكەن ئوق) سۆزىنىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، ئارۇز ئىلمىدە ئۇ خەلىل ئىبنى ئەھمەد تۇراقلاشتۇرغان 8(10) سالىم رۇكنىنىڭ جۇزۇلىرىغا ئۆزگەرتىش



كىرگۈزۈش يەنى بۇ رۇكنلارنى تەشكىل قىلغۇچى سەبەب، ۋەتەد ۋە فاسىلەنىڭ تەركىبىدىكى مەلۇم ھەرپ ياكى بوغۇمنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇش، مەلۇم ھەرپ ياكى بوغۇمنى قىسقارتىش ياكى قوشۇپ ئۇزارتىش ئۇسۇلىدا ئۇنىڭ ئەسلىدىكى تۈزۈلۈشىنى بۇزۇش ئارقىلىق يېڭى رۇكىن ھاسىل قىلىشقا قارىتىلغان ئۇقۇمدۇر. رۇكنلاردىكى بۇنداق ئۆزگەرتىش يېڭى بەھرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئارۇز ئىلمىدە زىھافنىڭ شەكىللىنىشى تاسادىپىي ھادىسە ئەمەس. مەلۇمكى، خەلىل ئىبنى ئەھمەد تۇراقلاشتۇرغان ئۈچ جۇزۇ — سەبەب، ۋەتەد، فاسىلە ۋە بۇ تەركىبلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرۈلگەن 8(10) سالىم رۇكىن ئەرەب تىلىنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكلىرىنى يىغىنچاقلىغان ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەرەب تىلىنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈشىدىكى مەۋجۇت قانۇنىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالالمىغانىدى. ئەرەبلەردە بۇ سالىم رۇكنلاردىن تۈزۈلگەن 16 بەھرگە چۈشمەيدىغان شېئىرلارمۇ كۆپ ئىدى. ئارۇز نەزەرىيەسى ئىجاد قىلىنغان دەسلەپكى دەۋرلەردە بەلگىلەنگەن 16 بەھرگە توغرا كەلمەيدىغان قېلىپلاردا شېئىر يېزىش بەزى كىشىلەر تەرىپىدىن مەلۇم دائىرىدە توسۇلغان، مەلۇم دائىرىدە چەكلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما، شۇ دەۋرگىچە مەۋجۇت بولغان ۋە خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ قېلىپىغا توغرا كەلمەيدىغان ئەسەرلەرنى يوقىتىش ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان بۇ خىل ئەسەرلەر ئىچىدە رىتىمى ۋە ئاھاڭدارلىقى جەھەتتىن ناھايىتى يېقىملىق ھەم كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ھەقىقەتەن ياقىدىغان شېئىر-قوشاقلار ئاز ئەمەس ئىدى. بۇ ھالنى نەزەرگە ئالماي

بولمايتتى. شۇڭا، ئارۇز ئىلمىدە تۇراقلاشتۇرۇلغان 8(10) سالىم رۇكىن ۋە ئۇنىڭدىن ھاسىل بولىدىغان 16 بەھر بىلەن بىرگە يەنە بۇ قېلىپقا چۈشمەيدىغان شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ رۇكىن ۋە بەھرلىرىنى ئىنىقلاش ۋە بۇلارنىڭ ئىچىدىكى رىتىمى ھەم ئاھاڭدارلىقى كىشىلەرگە كۆپرەك ياقىدىغانلىرىنىڭ بەھرلىرىدىن ئاڭلىق پايدىلىنىپ، يېڭى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشنى ئاسانلاشتۇرۇش مەقسىتىدە يېڭى قائىدە ئىجاد قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. بۇنداق زۆرۈرىيەت خەلىل ئىبنى ئەھمەد دەۋرىدىلا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇناسىپ قائىدە ئارۇز ئىلمى ئومۇملىشىۋاتقان دەسلەپكى دەۋرلەردىلا بېكىتىلگەنىدى. بۇ قائىدە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ زىھاف نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۇ سالىم رۇكنىلارنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى ئاساسىي تەركىبلەر (جۇزۇلار) نىڭ ئىچكى قىسمىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئاساسىدا ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقى ئۈچۈن، يەنىلا سالىم رۇكنىلارنىڭ ئۆلچەملىرىدىن ئايرىلالمايدۇ ۋە رۇكنىلار بىلەن بەھرلەردە تەڭ ئەكس ئېتىدۇ. بۇ قائىدە تۆۋەندىكىچە:

**1) سالىم رۇكنىلاردىن زىھافلىق رۇكنىلار[①]نى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۇسۇلى**

خەلىل ئىبنى ئەھمەد بەزى شېئىرلارنىڭ بەھرلىرىدىكى ئارۇز قائىدىلىرىدە بەلگىلەنگەن سالىم رۇكنىلار ئۆلچىمىگە چۈشمەيدىغان رۇكنىلىرىغا يېڭى قائىدە بەلگىلەپ، ئۇنى ئارۇز ئىلمىدە ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە شۇ ئارقىلىق بۇ خىل رۇكنىلاردىن ۋۇجۇدقا كېلىدىغان تۈرلۈك بەھرلەرنى

[①] زىھافلىق ( مُزاحَف ــ مۇزاھەف) ــ سالىم بولمىغان، جۇزۇلىرىنىڭ ئىچكى تەرتىپى مەلۇم دەرىجىدە بۇزۇۋېتىلگەن دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇنداق زىھافلىق رۇكنىلاردىن ھاسىل قىلىنغان بەھرلەرمۇ زىھافلىق بەھرلەر دېيىلىدۇ.



ئىنىقلاش ۋە ئۇلاردىن ئاڭلىق پايدىلىنىپ شېئىرىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشقا كەڭ يول ئېچىشتا يەنىلا ئەسلىدىكى سالىم رۇكنىلار تۇغرىسىدىكى تەلىماتلىرىغا يۆلىنىپ، شۇ ئاساستا يېڭى قائىدىلەرنى تۈزۈپ چىقىدۇ. بۇنىڭدا ئۇ سالىم رۇكنىلار ۋە بۇ رۇكنىلاردىن تۈزۈلىدىغان ئۆلچەم بىرلىكلىرى ئاساسىدا ئەسلىي تەركىبلەر (جۇزۇلار) ــ سەبەب، ۋەتەد ۋە فاسىلەنىڭ تەركىبىي بۆلەكلىرىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭدىكى بوغۇملارنىڭ رەت تەرتىپىنى ئىلگىرى-كېيىن ئۆزگەرتىش يەنى ئورۇن ئالماشتۇرۇش، مەلۇم بىر ھەرپ ياكى بوغۇمنى ئەسلىدىكى تەركىب ــ جۇزۇدىن قىسقارتىش ياكى ئۇنىڭغا قوشۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يېڭى ۋە ئوخشىمىغان رىتىمدىكى رۇكنىلارنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل ئارۇز ئىلمىدە يېڭى بىر قائىدە سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنىپ، ئۇنىڭدىن ھاسىل قىلىنغان رۇكنىلار «زىھافلىق رۇكنىلار» ياكى «فەرئى[①] رۇكنىلار» نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.

ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، زىھافلىق رۇكنىلارنى ھاسىل قىلىشتا سالىم رۇكنىلار ئاساس قىلىنىدۇ. مەسىلەن، مۇتەقارىب بەھرىنىڭ سالىم رۇكنى بولغان «فعولن » (فەئۇلۇن) نىڭ ئاخىرقى ھەرپى (بوغۇمى) «نُ» (نۇن) ئېلىپ تاشلىنىپ، «ل» ساكىنلاشتۇرۇلسا (بوغۇم ئاخىرى قىلىنسا) ، ئۇنىڭدىن يېڭى رۇكىن «فعول» (فەئۇل) ھاسىل بولىدۇ. بۇ رۇكىن «فعولن» (فەئۇلۇن) نىڭ سالىم شەكلىدىن ھاسىل قىلىنغاچقا، ئۇ «فعولن» (فەئۇلۇن) نىڭ زىھافلىق شەكلى ھېسابلىنىدۇ. بىرلا

[①] فەرئى (فـرعي)ــ ئىككىنچى دەرىجىلىك، غەيرىي ئەسلىي ياكى شاخلاندۇرۇلغان دېگەن مەنىدە.

سالىم رۇكىننىڭ ئىچكى تەرتىپىگە ئوخشىمىغان ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق شۇ سالىم رۇكىننىڭ بىرنەچچە ھەتتا بىرنەچچە ئون زىھافلىق شەكلىنى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

**2) زىھافلىق بەھرلەر ۋە ئۇلارنىڭ شەكىللىنىشى**

رۇكىنلاردىكى كىچىككىنە ئۆزگىرىش تەبىئىي ھالدا بەھرلەردە ئەكس ئېتىدۇ. زىھافلىق رۇكىنلارنى ھاسىل قىلىشتىن مەقسەتمۇ ئۇنىڭغا تايىنىپ زىھافلىق بەھرلەرنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈندۇر. ئوتتۇرا ئەسىر ئارۇزچىلىرى رۇكىنلارنىڭ بېيىتتىكى ئورنىغا قاراپ ئۇلارغا ئايرىم نام بېرىپ، بېيىتنىڭ قايسى ئورنىدىكى رۇكىندا قانداق ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىپادىلىشەكەن. مۇشۇ نۇقتىدىن بەھرلەردىكى ئۆزگىرىشلەرنىمۇ پەرقلەندۈرۈپ، سەبەبدىكى ئۆزگىرىشلەرنى «زىھاف»، ۋەتەد، ئارۇز ۋە زەربىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى «ئىلەل» (علل— كېسەللىك) دەپ ئاتاشقان. بىز ھەر ئىككى خىلىنى «زىھاف» نامى بىلەنلا ئاتايمىز.

زىھافلىق بەھرلەر سالىم رۇكىنلارنىڭ ئەسلىدىكى تەرتىپىنى بۇزۇش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنىسىمۇ، لېكىن ئۇ تەرتىپسىز بۇزۇش بولماستىن، بەلكى مەلۇم تەرتىپكە ئىگە. بۇ خىل تەرتىپ ئارۇز ئىلمىدە ئومۇملاشقان قائىدە سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنغان. چۈنكى، بۇ ئۇسۇلدا ھاسىل قىلىنغان بەزى بەھرلەردە ئىجاد قىلىنغان قىسمەن شېئىرلار سالىم ۋەزىندە ئىجاد قىلىنغان شېئىرلاردىنمۇ يېقىملىقراق ۋە سىلىق بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان. ئەمما، بۇ زىھافلىق بەھرلەرنىڭ ھەممىسىدە شېئىر ئىجاد قىلىشقا بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. زىھافلىق بەھرلەردە ئەگەر مەلۇم تىلنىڭ فونېتىكىلىق قانۇنىيىتىگە رىئايە



قىلىنمىسا ۋە بۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئىستېتىك تەلەپلىرى بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان رىتىملار، ئاھاڭدارلىق ھېسابقا ئېلىنمىسا، زورمۇ زور ئىجاد قىلىنغان زىھافلىق بەھرلەر تىلنىڭ فونېتىكىلىق قاتلىمىغا ۋە ئومۇملاشقان بەھر شەكىللىرىگە ئەكسىچە تەسىر كۆرسىتىشىمۇ مۇمكىن. بۇ ئىنچىكە مەسىلىنى پەقەت ئەمەلىيەت سىنىقى ئارقىلىقلا ئىسپاتلىغىلى ۋە ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، خەلىل ئىبنى ئەھمەد ۋە ئەخفەشى ئەكبەر تۇراقلاشتۇرغان 16 سالىم بەھردىن ئوخشىمىغان دەرىجىدە پەرقلىنىدىغان بەھرلەرنىڭ ھەممىسى زىھافلىق بەھرلەر قاتارىغا كىرىدۇ. زىھاف قايسى سالىم رۇكىن ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولسا، ئايرىم نام بىلەن ئاتالغان تەقدىردىمۇ يەنىلا شۇ رۇكىنغا تەۋە بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ نامى كونكرېت شېئىردا شۇ سالىم رۇكىن بارلىققا كەلتۈرىدىغان بەھرنىڭ نامىغا قوشۇپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

جەھان زالى ھەم مەكر ئېتەر، ھەم نىفاق،
ئانى تۆرت مەزھەپتە قىل ئۈچ تەلاق.

بۇ بېيىتنى بىز جۈزۋىلار بويىچە تەكشۈرۈپ كۆرەيلى:

جەھانزا/لى ھەم مەكر/ئېتەر ھەم/نىفاق/
ئانى تۆر/ ت مەزھەپ /تە قىل ئۈچ/تەلاق/.
فعولن / فعولن / فعولن / فعول/
/~ V / — —V / — —V / — —V

«فعولن» (فەئۇلۇن) نىڭ بىر بېيىتتا سەككىز قېتىم

تەكرارلىنىشىدىن مۇتەقارىب بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلىنىڭ ھاسىل بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. يۇقىرىدىكى مىسالغا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ تۆتىنچى رۇكنىدا بىر بوغۇمنىڭ كەملىكىنى كۆرەلەيمىز. بۇ ئۇنىڭ سالىم ئەمەس، زىھافلىق بەھر ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئۇ ئارۇز ۋە زەربىدە بىر بوغۇمنى قىسقارتىش ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. مۇشۇ ئۆزگىرىشكە ئاساسەن بۇنداق بەھر «مۇتەقارىبى مۇسەممەنى مەقسۇر» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ نامدىن بىز ئۇنىڭ «مۇتەقارىب» بەھرىگە مەنسۇپلۇقىنى بىلەلەيمىز. «مۇسەممەن» ئۇنىڭ ئاساسىي رۇكنىنىڭ بىر بېيىتتا سەككىز قېتىم تەكرارلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. «مەقسۇر» (مقصور) ئەرەبچىدە قىسقا دېگەن مەنىدىكى «قەسر» (قصر) سۆزىدىن ياسالغان بولۇپ، «قىسقارتىلغان» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. «مۇتەقارىبى مۇسەممەنى مەقسۇر» بىرلىكتە مۇتەقارىب بەھرىنىڭ سەككىزلىك قىسقارتىلغان شەكلى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئارۇزدىكى سالىم بەھرلەرنى چۈشىنىش ۋە ئەستە تۇتۇۋېلىش نىسبەتەن ئاسان بولسىمۇ، لېكىن زىھافلىق بەھرلەرنى چۈشىنىش ۋە ئەستە تۇتۇۋېلىش خېلىلا قىيىن بىر مەسىلىدۇر. ئەرەب تىلىنى بىلمەيدىغانلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. شۇڭا، بۇ مەسىلىدە كۆپىنچە ھاللاردا ئارۇزنىڭ مەخسۇس ئىلمىي ئەسەرلىرىگە ياكى لۇغەت خاراكتېرلىك قوللانمىلىرىغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ.



## ئۈچىنچى باب

# ئەرەب ئارۇزىدىكى دائىرە ۋە بەھرلەرنىڭ دائىرەلەرگە بۆلۈنۈشى

«دائره» (دائىرە) ئەرەب تىلىدا «دۈگىلەك، چەمبەر» دېگەن مەنىلەردىكى سۆزدۇر. خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئۆزى ئىختىرا قىلغان ئارۇز ئىلمىدىكى بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن ئون ئالتە بەھر (بىرى كېيىن قوشۇلغان) نى ئەستە ساقلاشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئۇلارنى ئىچكى جۈزۋلىرىدىكى ئۆزئارا ئوخشاشلىق ۋە بۇ جۈزۋلارنىڭ مىقدار جەھەتتىن بىر-بىرىگە تەڭ بولۇشىدەك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاساس قىلىپ، بەش تۈرگە ئايرىيدۇ ۋە ئۇلارنى ئۆزئارا كىرىشتۈرۈپ، بەش دائىرە (چەمبەر) گە ئورۇنلاشتۇرىدۇ، شۇنداقلا ھەر بىر دائىرەنى ئايرىم ناملار بىلەن ئاتايدۇ. ئارۇز ئىلمىگە ئائىت بەزى مەنبەلەردە ئەرەب ئارۇزىدىكى دائىرەلەرنىڭ سانىنى ئالتە دەپ كۆرسىتىدىغان ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەس. ئەمما، بۇ خىل قاراشلار كېيىنكى دەۋرلەردىكى قىسمەن مەنبەلەردىلا ئۇچرايدۇ[1] ۋە ئۇ ئومۇمنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىگەن.

① ئۇرۇۋەتۇللا تائىروف: «ئەجەم ئارۇزى ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، دۇشەنبە، 1991-يىلى نەشرى، 60-بەت.

## 1. ئەرەب ئارۇزىدىكى دائىرەلەرنىڭ رەت تەرتىپى ۋە ئىچكى تەركىبى

خەلىل ئىبنى ئەھمەد بەھرلەرنى دائىرەلەرگە بۆلۈپ، ئۇلارنى تەرتىپكە تۇرغۇزغاندا، ھەرقايسى بەھرنىڭ شېئىرىيەت ئەمەلىيىتىدە ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنىمۇ كۆزدە تۇتۇپ، دائىرەلەر ئەرەب شېئىرىيىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بەھرلەردىن نىسبەتەن ئاز ئىشلىتىلىدىغان بەھرلەرگە قاراپ تەرتىپىگە تۇرغۇزۇپ چىقىدۇ. يەنى كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بەھرلەرنى ئۆز رېتى بىلەن ئالدىغا، نىسبەتەن ئاز ئىشلىتىلىدىغان بەھرلەرنى كەينىگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بەزى بەھرلەر سەككىزلىك شەكلىدە ۋە بەزى بەھرلەر ئالتىلىك شەكلىدە بېرىلگەن. شۇڭا، دائىرەلەرنىڭ رەت تەرتىپى بىلەن ئۇنىڭدىكى بەھرلەرنىڭ سەككىزلىك ياكى ئالتىلىك شەكلىمۇ شۇ بەھرلەرنىڭ ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى ئاكتىپلىقى ۋە پاسسىپلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

خەلىل ئىبنى ئەھمەد قېلىپلاشتۇرغان ئارۇز دائىرەلىرى تۆۋەندىكى رەت تەرتىپتە ۋە تەركىبتە تۈزۈلگەن:

1) ئەرەب ئارۇزىدىكى بىرىنچى دائىرە «مۇختەلىفە» نامى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكى ئۈچ بەھرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) بەھرى تەۋىلى مۇسەممەنى سالىم يەنى تەۋىل بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلى.

(2) بەھرى مەدىدى مۇسەممەنى سالىم يەنى مەدىد بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلى.

(3) بەھرى بەسىتى مۇسەممەنى سالىم يەنى بەسىت



بەھرىنىڭ سەككىزلىك سالىم شەكلى.

2) ئەرەب ئارۇزىدىكى ئىككىنچى دائىرە «مۇئتەلىفە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى ئىككى بەھر كىرگۈزۈلگەن:

(1) بەھرى ۋافىرى مۇسەددەسى سالىم يەنى ۋافىر بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى.

(2) بەھرى كامىلى مۇسەددەسى سالىم يەنى كامىل بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى.

3) ئەرەب ئارۇزىدىكى ئۈچىنچى دائىرە «مۇجتەلىبە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى ئۈچ بەھر كىرگۈزۈلگەن:

(1) بەھرى ھەزەجى مۇسەددەسى سالىم يەنى ھەزەج بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى.

(2) بەھرى رەجەزى مۇسەددەسى سالىم يەنى رەجەز بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى.

(3) بەھرى رەمەلى مۇسەددەسى سالىم يەنى رەمەل بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى.

4) ئەرەب ئارۇزىدىكى تۆتىنچى دائىرە «مۇشتەبىھە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى ئالتە بەھر كىرگۈزۈلگەن:

(1) بەھرى سەرىئىي مۇسەددەسى سالىم يەنى سەرى بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى.

(2) بەھرى مۇنسەرىھى مۇسەددەسى سالىم يەنى مۇنسەرىھ بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى.

(3) بەھرى خەفىفى مۇسەددەسى سالىم يەنى خەفىف بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى.

(4) بەھرى مۇزارىئى مۇسەددەسى سالىم يەنى مۇزارىئ بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى.

(5) بەھرى مۇقتەزەبى مۇسەددەسى سالىم يەنى مۇقتەزەب بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى.

(6) بەھرى مۇجتەسى مۇسەددەسى سالىم يەنى مۇجتەس بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى.

5) ئەرەب ئارۇزىدىكى بەشىنچى دائىرە «مۇتتەفىقە» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دائىرە تۆۋەندىكى ئىككى بەھرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) بەھرى مۇتەقارىبى مۇسەممەنى سالىم يەنى مۇتەقارىب بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلى.

(2) بەھرى مۇتەدارىكى مۇسەممەنى سالىم يەنى مۇتەدارىك بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلى.

كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، خەلىل ئىبنى ئەھمەد تۈزگەن بەش دائىرە ئون ئالتە بەھرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇلاردىن بىرىنچى دائىرە «مۇختەلىفە» دىكى ئۈچ بەھر بىلەن بەشىنچى دائىرە «مۇتتەفىقە» دىكى ئىككى بەھر جەمئىي بەش بەھر سەككىزلىك شەكلىدە، قالغان ئۈچ دائىرەدىكى ئون بىر بەھر ئالتىلىك شەكلىدە بېرىلگەن.

بىز ئەرەب ئارۇزىدىكى دائىرەلەرنىڭ ئىچكى تەركىبىي قىسىملىرى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، كاللىمىزدا نېمە ئۈچۈن خەلىل ئىبنى ئەھمەد بەھرلەرنى يۇقىرىدىكىدەك دائىرە شەكلىدە ئىپادىلىگەن؟ ۋە بەھرلەرنى دائىرەلەرگە بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇشتا قانداق پرىنسىپ ئاساس قىلىنغان؟ دېگەندەك سوئاللار تۇغۇلماي قالمايدۇ.

يۇقىرىدا تونۇشۇپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەرەب ئارۇزى ئۆزىگە خاس ئون ئالتە بەھرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئون ئالتە بەھر سەككىز (ئون) سالىم رۇكىن ئاساسىدا شەكىللەندۈرۈلىدۇ. بۇ سالىم رۇكىنلار بولسا يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئەرەب تىلىنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكلىرىدىن خۇلاسىلەپ چىقىرىلغان سەبەب، ۋەتەد ۋە فاسىلە قاتارلىق ئاساسىي تەركىب (جۈزۋلار) لەرنىڭ



مەلۇم تەرتىپتە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. مەلۇمكى، ئەڭ كىچىك جۈزۋلاردىن تاكى بەھرلەرنىڭ تۈزۈلۈشىگىچە بولغان بۇ جەريان ھەم تۇتۇۋېلىش قىيىن بولغان نۇرغۇن خاس ئاتالغۇ ۋە ئۇقۇملارغا ئىگە، ھەم ئۇ نەچچە مۇرەككەپ قاتلامنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈزۈلمىدۇر. خەلىل ئىبنى ئەھمەد دەل مۇشۇنداق مۇرەككەپلىكنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى ئەستە ساقلاشنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنى مەلۇم ئىچكى قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا دائىرەلەرگە بۆلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل بەھرلەرنى ئەستە تۇتۇۋېلىشتىكى نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى ئاسانلاشتۇرۇپلا قالماي، بەلكى يېڭى بەھرلەرنى ئىجاد قىلىشتىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان. شۇڭا، دائىرە ئارۇز ئىلمى باشلانغان دەۋرلەردىلا ئومۇمنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن ۋە ئارۇز ئىلمىنىڭ ئۇزاق تارىخىدا دائىرە توغرۇلۇق ئۆز قاراشلىرىنى بايان قىلمىغان بىرمۇ نەزەرىيەچى ئۇچرىمايدۇ. شۇنداق ئېيتىشقىمۇ بولىدۇكى، ئارۇزدىكى دائىرەلەرنى تولۇق چۈشەنمىگەندە، ئارۇز ئىلمىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تولۇق چۈشەنگىلى ۋە ئۇنىڭدىن ئاڭلىق پايدىلانغىلى بولمايدۇ.

خەلىل ئىبنى ئەھمەد بەھرلەرنى دائىرەلەرگە تەقسىملەشتە ھەر بىر بەھرنىڭ ئىچكى قىسمىدىن ئوخشاشلىق ئىزدەپ، ئاخىرى بەھرلەر تەركىبىدىكى رۇكنلارنى تەشكىل قىلغۇچى جۈزۋلارنىڭ مىقدار ۋە بوغۇم تۈزۈلۈشى جەھەتتىكى ئوخشاشلىقلىرىنى ئاساسىي پرىنسىپ قىلىپ تاللاپ، مۇشۇ پرىنسىپ ئاساسىدا ئۇلارنى بەش دائىرىگە بۆلگەن. بۇ خىل پرىنسىپتا ھەرقايسى بەھرلەرنىڭ تەركىبىدىكى رۇكنلارنى تەشكىل قىلغۇچى ئىچكى جۈزۋلارنىڭ بىر-بىرىگە يېقىنلىقى-تۇغقاندارچىلىقى خېلىلا روشەن رەۋىشتە ئەكس

ئەتتۇرۇلگەن. ئاروز ئىلمىدىكى بەھرلەرنىڭ تۇرلەرگە بۆلۈنۈشىمۇ ۋە مۇقامدىكى كۇيلەرنىڭ تۇرلەرگە بۆلۈنۈشىمۇ ئەنە شۇنداق ئىچكى قانۇنىيەتلەر ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئورتاق ئامىللارغا ئاساسلىنىدۇ. بىز كېيىنكى بۆلەكتە بۇ ھالنى ناھايىتى ئېنىق ھېس قىلالايمىز.

## 2. ھەر قايسى دائىرە ئۆز ئىچىگە ئالغان بەھرلەرنىڭ ئىچكى جۇزۇلىرىدىكى ئورتاق ئامىللارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۇسۇلى

خەلىل ئىبنى ئەھمەد تۈزگەن دائىرەلەرنىڭ ھەر بىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەھرلەر سان جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. ئەڭ ئاز بولغانلىرى ئىككى بەھردىن تۈزۈلگەن بولسا، ئەڭ كۆپى ئالتە بەھرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر بىر دائىرەدىكى بەھرلەرنىڭ ئىچكى جۇزۇلار جەھەتتىكى بىر-بىرى بىلەن بولغان يېقىنلىقىنى يەنى ئۇلارنىڭ تۇغقاندارچىلىقىنى بۇ بەھرلەرنىڭ تەركىبىي بۆلەكلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى جۇزۇلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىقلىرىنى تېپىپ چىقىش ئارقىلىقلا ئايدىڭلاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

يۇقىرىدا بىز خەلىل ئىبنى ئەھمەد قېلىپلاشتۇرغان بىرىنچى دائىرە «مۇختەلىفە» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ تەۋىل، مەدىد ۋە بەسىتتىن ئىبارەت ئۈچ بەھرنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. تەۋىل بەھرى «فَعولُن» بىلەن «مفاعيلن» دىن ئىبارەت ئىككى رۇكنىنىڭ ئالمىشىپ ھەر بېيىتتا سەككىز قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدىغانلىقىنىمۇ سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. مەدىد بەھرىنىڭمۇ «فاعلاتُن» بىلەن «فاعِلُن» رۇكنلىرىنىڭ



ھەر بېيىتتا ئالمىشىپ سەككىز قېتىم تەكرارلىنىشى ۋە بەسىت بەھرىنىڭ «مُستَفعِلُن» بىلەن «فاعِلُن» رۇكنلىرىنىڭ ھەر بېيىتتا ئالمىشىپ سەككىز قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدىغانلىقى بىلەنمۇ تونۇشۇپ بولغانىدۇق.

ئەمدى بىز يۇقىرىدىكى ئۈچ بەھرنى ھاسىل قىلغۇچى رۇكنلار ۋە بۇ رۇكنلارنىڭ ئىچكى جۇزۇلىرىدىكى ئوخشاشلىقلارنى تېپىش ئۈچۈن، ئۇلارنى جۇزۇلارغا قايتا بۆلۈپ باقايلى:

1) تەۋىل بەھرى «فَعولُن» بىلەن «مفاعيلن» نىڭ بىر بېيىتتا سەككىز قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ.

(1) يۇقىرىدىكى رۇكنلاردىن «فَعولُن» مۇنداق جۇزۇلاردىن تۈزۈلگەن:

فَعولُن– بىر ۋەتەدى مەجمۇئ يەنى «فَعو/فەئۇ / V —» ۋە بىر سەبەبى خەفىف يەنى «لُن/لون / —» دىن تەركىب تاپىدۇ.

(2) يۇقىرىدىكى رۇكنلاردىن «مفاعيلن» مۇ تۆۋەندىكى جۇزۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

مفاعيلن– بىر ۋەتەدى مەجمۇئ يەنى «مفا/مەفا / V —»، بىر سەبەبى خەفىف يەنى «عى/ئى / —» ۋە يەنە بىر سەبەبى خەفىف «لن/لون / —».

2) مەدىد بەھرى «فاعلاتُن» بىلەن «فاعلُن» نىڭ ھەر بېيىتتا ئالمىشىپ سەككىز قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ.

(1) يۇقىرىدىكى رۇكنلاردىن «فاعلاتُن» مۇنداق جۇزۇلاردىن تۈزۈلگەن:

فاعلاتُن — بىر سەبەبى خەفىف يەنى «فا/فا/ —»، بىر ۋەتەدى مەجمۇئ يەنى «علا/ئىلا/ V —»، يەنە بىر سەبەبى خەفىف «تُن/تون/ —» نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(2) يۇقىرىدىكى رۇكنىلاردىن «فاعِلُن» مۇ تۆۋەندىكى جۈزۈلاردىن بارلىققا كەلگەن:

فاعِلُن — بىر سەبەبى خەفىف يەنى «فا/فا / —»، بىر ۋەتەدى مەجمۇئ يەنى «عِلُن/ئىلون/ V —» دىن تۈزۈلگەن.

3) بەسىت بەھرىمۇ «مُسْتَفْعِلُن» بىلەن «فاعِلُن» رۇكنىلىرىنىڭ ھەر بېيىتتا ئالمىشىپ سەككىز قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ.

(1) بەسىت بەھرىنىڭ رۇكنىلىرىدىن «مُسْتَفْعِلُن» تۆۋەندىكى جۈزۈلاردىن تۈزۈلگەن:

مُسْتَفْعِلُن — بىر سەبەبى خەفىف يەنى «مُس/مۇس/ —»، يەنە بىر سەبەبى خەفىف يەنى «تَف/تەف/ —» ۋە بىر ۋەتەدى مەجمۇئ «عِلُن/ ئىلون/ V —» دىن ھاسىل قىلىنغان.

(2) بەسىت بەھرىنىڭ رۇكنىلىرىدىن «فاعِلُن» مۇ تۆۋەندىكى جۈزۈلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

فاعِلُن — بىر سەبەبى خەفىف يەنى «فا/فا/ —»، بىر ۋەتەدى مەجمۇئ «عِلُن/ئىلون/ V —» دىن تۈزۈلگەن .

ئەمدى بىز خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ «مۇختەلىفە» دائىرەسى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەۋىل، مەدىد ۋە بەسىتتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ بەھرنى تەشكىل قىلىدىغان رۇكنىلارنىڭ ئىچكى تەركىبلىرى- جۈزۈلىرىدىكى ئوخشاشلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ مىقدار جەھەتتىكى باراۋەرلىكىنى جەدۋەل شەكلىدە سېلىشتۇرۇپ باقايلى:

| بەھرلەر | رۇكنىلار | ۋەتەدى مەجمۇئ/سانى | سەبەبى خەفىف/سانى |
| --- | --- | --- | --- |
| تەۋىل بەھرى | فَعولُن مَفاعِيلُن | ئىككى | ئۈچ |
| مەدىد بەھرى | فاعِلاتُن فاعِلُن | ئىككى | ئۈچ |
| بەسىت بەھرى | مُسْتَفْعِلُن فاعِلُن | ئىككى | ئۈچ |



يۇقىرىدىكىلەردىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، خەلىل ئىبنى ئەھمەد تەرىپىدىن «مۇختەلىفە» دائىرەسىگە كىرگۈزۈلگەن يۇقىرىدىكى ئۈچ بەھرنى تەشكىل قىلغۇچى بىر ئۆلچەم بىرلىكى ھاسىل قىلىدىغان ئىككى خىل رۇكنىنىڭ ئىچكى جۈزۈلىرى مىقدار جەھەتتىن ئۆزئارا باراۋەر ۋە جۈزۈلار بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ خىل باراۋەرلىك ۋە ئوخشاشلىق بۇ ئۈچ بەھرنىڭ بىر دائىرەگە كىرگۈزۈلۈشىگە ئاساس بولغان. ئۇلارنىڭ بىر دائىرەگە كىرگۈزۈلۈشىگە ئاساس بولغان يەنە بىر ئورتاقلىق شۇكى، بۇ ئۈچ بەھردىن خالىغان بىرى (مەسىلەن، مەدىد بەھرى) نىڭ رۇكنىلار تەرتىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى جۈزۈلارنىڭ ئورنىنى ئىلگىرى-كېيىن ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق قالغان ئىككى بەھر (تەۋىل ۋە بەسىت بەھرى) نىڭ رۇكنىلار تەرتىپىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. بۇنداق خۇسۇسىيەتمۇ ھەرقايسى دائىرەلەرگە كىرگۈزۈلگەن بەھرلەرنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان مۇھىم تەرەپلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دائىرە — ئىچكى جەھەتتىن ئۆزئارا باغلىنىشلىق ۋە ئورتاق ئامىللارغا ئىگە بولغان بەھرلەرنىڭ مەجمۇئەسىدۇر.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، ھەر بىر دائىرەگە كىرگۈزۈلگەن بەھرلەر يۇقىرىقىدەك ئورتاق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئوخشاش رىتىمنى ئىپادىلىمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ھەرقايسى بەھرلەرنى ھاسىل قىلغۇچى رۇكنىلار بىرلىكلىرى ياكى بوغۇم گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى جۈزۈلار تۈزۈلۈش ۋە مىقدار جەھەتتىن ئوخشاش ۋە تەڭ بولسىمۇ، لېكىن بۇ جۈزۈلارنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى ئورۇنلىنىش تەرتىپى ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئوخشىمىغان رىتىملارنى ھاسىل قىلالايدۇ.

## 3. ئەرەب ئارۇزىدىكى دائىرە شەكىللىرى ۋە ئۇلاردىن بەھرىلەرنى ئايرىپ چىقىشنىڭ ئۇسۇللىرى

ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، خەلىل ئىبنى ئەھمەد قېلىپلاشتۇرغان ئارۇزنىڭ بەش دائىرەسى ئىچىدە «**مۇختەلىفە**» دائىرەسى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلغان. بۇ دائىرەگە كىرگۈزۈلگەن بەھرىلەرنىڭ رۇكنىلىرى تەركىبىي قۇرۇلۇشى ئوخشىمىغان جۇزۇلاردىن يەنى بىرىنچى رۇكىن «فَعولُن» بەش ۋە ئىككىنچى رۇكىن «مفاعيلن» يەتتە ھەرپتىن تۈزۈلگەچكە، ئۇنىڭغا «مۇختەلىفە» (مُختَلِفە — خىلمۇ خىل، رەڭمۇ رەڭ) دەپ نام قويۇلغان.

ئەرەب ئارۇزچىلىقىدا «مۇختەلىفە» دائىرەسىگە كەلتۈرۈلگەن مىساللارنىڭ ھەممىسى مۇسەممەن (سەككىزلىك) شەكلىدە بولۇپ، ئۇ تەۋىل بەھرىدىن باشلىنىدۇ. يۇقىرىقى بۆلەكلەردە ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تەۋىل بەھرى «فَعولُن» بىلەن «مفاعيلن» رۇكنىلىرىنىڭ ھەر بىر بېيىتتا ئالمىشىپ سەككىز قېتىم (بىر مىسرادا ھەر بىرى ئىككى قېتىمدىن) تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. «فَعولُن» بىلەن «مفاعيلن» نىڭ جۇزۇلىرى تۆۋەندىكى تەرتىپتىدۇر:

1) فَعو – ۋەتەدى مەجمۇئ (v –)
2) لُن – سەبەبى خەفىف (–)
3) مفا – ۋەتەدى مەجمۇئ (v –)
4) عى – سەبەبى خەفىف (–)
5) لُن – سەبەبى خەفىف (–)

«مۇختەلىفە» دائىرەسىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان يۇقىرىدىكى جۇزۇلارنىڭ رەت تەرتىپىنى ئالدى-كەينى يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان



بەش بەھر ھاسىل قىلالايمىز. بۇ دائىرە تۆۋەندىكى شەكىلدە تۈزۈلگەن:




دائىرەدىكى جۇزۇلاردىن بەھرىلەرنى ھاسىل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

1) ئەگەر بىز دائىرەنى 1-نۇقتىدىن باشلاپ بىر قېتىم ئايلاندۇرۇپ ئوقۇپ چىقساق، «فَعولُن، مفاعيلن» نى تۆت قېتىم تەكرارلاشتىن ھاسىل بولىدىغان تەۋىل بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلىگە ئېرىشەلەيمىز.

2) دائىرەنى 2 ـ نۇقتىدىن باشلاپ بىر قېتىم ئايلاندۇرۇپ ئوقۇپ چىقساق، ئۇنىڭدىن «لُن مفاعی لـنفَعو» نىڭ تۆت قېتىم تەكرارلانغان شەكلى ھاسىل بولىدۇ. ئارۇز ئەفائىللىرى ئىچىدە رۇكنىلارنىڭ بۇنداق ئۆلچىمى يوق. شۇڭا، ئۇنى جۇزۇ ـ بوغۇملىرىنىڭ ئورۇنلىشىش تەرتىپىگە ئاساسەن، شۇنىڭ بىلەن ئوخشاش تەرتىپ ۋە ۋەزىندىكى ئارۇزدا بىرلىككە كەلگەن رۇكنىلارغا ئۆرىسەك، ئۇنىڭدىن «فاعلاتُن فاعلُن» ھاسىل بولىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى سېلىشتۇرمىدا تېخىمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ:

لُن مفاعی/لن فَعو

—V —/— — V—

فاعلاتُن / فا علُن

— V —/— — V—

دائىرىلەردە ئاۋۋال جۇزۇلارنىڭ ئورۇنلىشىش تەرتىپى ئېنىقلىنىپ، ئاندىن ئۇنىڭ قايسى ئەفائىلگە توغرا كېلىدىغانلىقى بەلگىلىنىدۇ. مۇشۇ قائىدە بويىچە بولغاندا يۇقىرىدىكى «لُن مفاعی / لـنفَعو» نىڭ جۇزۇلىرىگە قاراپ ئۇنىڭ «فاعلاتُن / فاعلُن» گە توغرا كېلىدىغانلىقى ئۈستىدە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. بۇ بىرلىكنىڭ ھەر بېيىتتا تۆت قېتىم تەكرارلىنىشىدىن مەدىد بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلى بارلىققا كېلىدۇ.

3) دائىرەنى 3 ـ نۇقتىدىن ئايلاندۇرۇپ بىر قېتىم ئوقۇپ چىقساق، «مفاعیلن، فَعولُن» تۆت قېتىم تەكرارلىنىدۇ. ئۇ «V — — — / V — —» گە تەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ بىر بېيىتتا تۆت قېتىم تەكرارلىنىشىدىن يېڭى بەھر ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. بۇ بەھر ئەرەب ئارۇزچىلىقىدا مەقلۇبى تەۋىل (مقلوب — ئۆڭتۈرۈلگەن، كۆمتۈرۈلگەن، طويل — ئۇزۇن) دەپ ئاتىلىدۇ. مەزكۇر بەھردە شېئىر يېزىش ئەرەبلەردە ئادەت بولمىغان.



4 ) دائىرەنى 4 ـ نۇقتىدىن باشلاپ ئايلاندۇرۇپ بىر قېتىم ئوقۇساق، «عی لُن فَعو /لُن مفا» تۆت قېتىم تەكرارلىنىدۇ. بۇ رۇكنىن بىرلىكنىڭ جۇزۇلىرىنىڭ ئورۇنلىشىش تەرتىپى «— — V —/ — V —» شەكلىدە بولۇپ، ئۇنى ئەفائىلنىڭ بىرلىككە كەلگەن شەكلىگە ئۆرىسەك «مُستَفعلُن فاعلُن» گە توغرا كېلىدۇ. بۇ رۇكنىن بىرلىكنىڭ ھەر بېيىتتا تۆت قېتىم تەكرارلىنىشىدىن بەسىت بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلى بارلىققا كېلىدۇ.

5) دائىرەنى 5 ـ نۇقتىدىن باشلاپ ئايلاندۇرۇپ بىر قېتىم ئوقۇساق، «لُن فَعو / لُن مفا عی» تۆت قېتىم تەكرارلىنىدۇ. بۇ رۇكنىن بىرلىكنىڭ جۇزۇلىرى «— V —/ — V — —» شەكلىدە ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۇنى ئەفائىلنىڭ بىرلىككە كەلگەن شەكلىگە ئۆرىسەك « فاعلُن فاعلاتُن» گە توغرا كېلىدۇ. بۇ رۇكنىن بىرلىكنىڭ تۆت قېتىم تەكرارلىنىشى يېڭى بىر بەھرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ ۋە ئەرەب شېئىرىيىتىدە قوللىنىلمايدۇ.

كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، «مۇختەلىفە» دائىرەسىدە جەمئىي بەش بەھر بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۈچى ئەرەب شېئىرىيىتىدە كەڭ قوللىنىلىدۇ، قالغان ئىككىسى نەزەرىيە جەھەتتىن شېئىر يېزىشقا بولىدىغان بەھرلەر بولسىمۇ، لېكىن بۇ بەھرلەردە شېئىر يېزىش ئەرەبلەردە ئادەت بولمىغان. شۇڭا، «مۇختەلىفە» دائىرەسى ئادەتتە ئۈچ بەھرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەپ قارالغان.

خەلىل ئىبنى ئەھمەد قېلىپلاشتۇرغان ئىككىنچى دائىرە «مۇئتەلىفە» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دائىرە تۆۋەندىكى شەكىلدە تۈزۈلگەن:




بۇ دائىرە ئىككىلا بەھرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن ئىككى بەھرنى تەشكىل قىلغۇچى رۇكنىلارنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىگە يېقىن ۋە بىردەك يەتتە ھەرپ (بەش بوغۇم) تىن تەركىب تاپقان رۇكنىلار بولغانلىقى ئۈچۈن، دائىرە «مۇئتەلىفە» (مۇتلفە — ئۈلپەتلەشكەن، ئۇيۇشقان) نامى بىلەن ئاتالغان. ئۇنىڭدىكى ھەر بىر بەش بوغۇملۇق رۇكنىلار ئوخشاشلا بىردىن ۋەتەدى مەجمۇئ (V—) ۋە بىردىن فاسىلەيى سوغرا (V V —) دىن تۈزۈلگەن. تارىختا بەزىلەر مەزكۇر دائىرەنى «مۇتتەفىقە» (متفقه — بىرلەشكەن، جىپسىلاشقان) دەپ



ئاتىغانلارمۇ بولغان. ئۇ ۋافىر ۋە كامىلدىن ئىبارەت ئىككى بەھرنىڭ مۇسەممەنى سالىم شەكلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1) ئەگەر دائىرە 1-نۇقتىدىن بىر قېتىم ئايلاندۇرۇپ ئوقۇلسا:

مفاعلتن/ مفاعلتن/ مفاعلتن/ مفاعلتن/
مفاعلتن/ مفاعلتن/ مفاعلتن/ مفاعلتن/
/—VV—V /—VV—V /—VV—V /—VV—V
/—VV—V /—VV—V /—VV—V /—VV—V

بۇ ۋافىر بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلىدۇر.

2) ئەگەر دائىرە 2-نۇقتىدىن باشلاپ بىر قېتىم ئايلاندۇرۇپ ئوقۇلسا:

علتن مفا/ علتن مفا/ علتن مفا/ علتن مفا/
علتن مفا/ علتن مفا/ علتن مفا/ علتن مفا/
/—V—VV /—V—VV /—V—VV /—V—VV

شەكلى بارلىققا كېلىدۇ. ئۇنى ئىچكى جۈزۋلىرىنىڭ ئورۇنلىشىش تەرتىپىگە ئاساسەن بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆرىسەك:

/—V—VV /—V—VV /—V—VV /—V—VV

متفاعلن / متفاعلن / متفاعلن / متفاعلن/
متفاعلن / متفاعلن / متفاعلن / متفاعلن/

شەكلىگە ئېرىشەلەيمىز. بۇ كامىل بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلىدۇر.

«مۇئتەلىفە» چەمبىرى ئەرەبلەردە كېيىنچە مۇسەددەس (ئالتىلىك) شەكلىدىمۇ تۈزۈلگەن. بۇنداق شەكىل پارس-تاجىك ئارۇزچىلىقىدا تېخىمۇ ئومۇملاشقان. بۇ توغرۇلۇق بىز مۇناسىۋەتلىك بابلاردا تەپسىلىي توختىلىمىز.

خەلىل ئىبنى ئەھمەد قېلىپلاشتۇرغان ئۈچىنچى دائىرە «مۇجتەلىبە» نامى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، تۆۋەندىكى شەكىلدە تۈزۈلگەن:




«مۇجتەلىبە» دائىرەسى هەزەج، رەجەز ۋە رەمەلدىن ئىبارەت ئۈچ بەهرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دائىرەگە كىرگۈزۈلگەن بەهرلەرنىڭ هەممىسى يۇقىرىدىكى ئىككى دائىرەدىكى بەهرلەرگە ئوخشىمىغان هالدا مۇسەددەس (ئالتىلىك) شەكلىدە بولۇپ، هەزەج بەهرىدىن باشلىنىدۇ.

1) ئەگەر دائىرە 1 ـ نۇقتىدىن ئوقۇلسا:

مفاعيلن / مفاعيلن / مفاعيلن /
مفاعيلن / مفاعيلن / مفاعيلن /
V— — —/ V— — —/ V— — —/
V— — —/ V— — —/ V— — —/



بۇ هەزەج بەهرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلىدۇر.

2) ئەگەر دائىرە 2 ـ نۇقتىدىن ئوقۇلسا:

عيلن مفا / عيلن مفا / عيلن مفا /
عيلن مفا / عيلن مفا / عيلن مفا /
— — V— / — — V— / — — V— /

ئۇنى بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆرىسەك:

— — V— / — — V— / — — V— /
مُستَفعِلُن / مُستَفعِلُن / مُستَفعِلُن /
مُستَفعَلُن / مُستَفعَلُن / مُستَفعَلُن /

شەكلى بارلىققا كېلىدۇ. بۇ رَەجەز بەهرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلىدۇر.

3) ئەگەر دائىرە 3 ـ نۇقتىدىن ئوقۇلسا:

لن مفاعى / لن مفاعى / لن مفاعى /
لن مفاعى / لن مفاعى / لن مفاعى /
— V — — / — V — — / — V — — /

ئۇنى بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆرىسەك:

— V — — / — V — — / — V — — /
فاعلاتُن / فاعلاتُن / فاعلاتُن /
فاعلاتُن / فاعلاتُن / فاعلاتُن /

هالىتىگە كېلىدۇ. بۇ رەمەل بەهرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلىدۇر.

خەلىل ئىبنى ئەهمەد قېلىپلاشتۇرغان ئەرەب ئارۇز دائىرەلىرىنىڭ تۆتىنچىسى «**مۇشتەبىهە**» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دائىرەگە كىرگۈزۈلگەن بەهرلەرنىڭ رۇكنىلىرى بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا مۇشتەبىهە (مشتبهە — ئوخشىشىدىغان، شەكىلداش) دەپ نام قويۇلغان. بۇ دائىرە ئەرەب ئارۇزىدىكى باشقا دائىرەلەرگە قارىغاندا تۈزۈلۈشتە نىسبەتەن مۇرەككەپرەك بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئالتىلىك شەكلىدىكى توققۇز بەهرنى هاسىل قىلغىلى بولىدۇ. بۇ توققۇز بەهردىن ئۈچ بەهردە شېئىر

يېزىش ئەرەبلەردە ئادەتكە ئايلانمىغان. شۇڭا، ئەرەب شېئىرىيىتىدە ئۇنىڭدىكى ئالتە بەھرلا ئېتىراپ قىلىنىدۇ. بۇ دائىرە «مُستَفعِلُن / مُستَفعِلُن / مَفعولاتُ» دىن تۈزۈلگەن رۇكنىلار بىرلىكىنىڭ ئىككى قېتىم تەكرارلىنىشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ رۇكنىن بىرلىكى توققۇز جۇزۋنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەزكۇر دائىرە بەھرى سەرىئ مۇسەددەسى سالىم (سەرىئ بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى) دىن باشلىنىدۇ. ئۇ تۆۋەندىكى شەكىلدە تۈزۈلگەن:




1) مەزكۇر دائىرە 1 ـ نۇقتىدىن بىر قېتىم ئايلاندۇرۇپ



ئوقۇلسا:

مُستَفعِلُن / مُستَفعِلُن / مَفعولاتُ /
مُستَفعَلُن / مُستَفعَلُن / مَفعولاتُ /
/ V— — —/ —V— —/ —V— —
/ V— — —/ —V— —/ —V— —

بۇ سەرىئ بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلىدۇر.

2) ئەگەر دائىرە 2 ـ نۇقتىدىن بىر قېتىم ئايلاندۇرۇپ ئوقۇلسا:

تَفعِلُن مُس / تَفعِلُن مَف / عولاتُ مُس /
تَفعَلُن مُس / تَفعِلُن مَف / عولاتُ مُس /
/— V — — / — — V — / — — V —

بۇنى ئىچكى جۇزۋلىرىنىڭ ئورۇنلىشىش تەرتىپىگە ئاساسەن بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆرىسەك، ئۇنىڭدىن:

/— V — — /— — V— /— — V —

فاعلاتُن / فاعلاتُن / مُستَفعِلُن /
فاعلاتُن / فاعلاتُن / مُستَفعَلُن /

شەكىللىنىدۇ. بۇ يېڭى بەھر بولۇپ، ئەرەب شېئىرىيىتىدە ئىشلىتىلمەيدۇ. ئەمما، ئارۇز پارس ـ تاجىك شېئىرىيىتىگە ئەتىبىقلانغاندىن كېيىن، بۇ بەھر «غەرىب» (غەريب — نادىر، تېپىلماس، كەم ئۇچرايدىغان) ۋە بەزىدە «جەدىد» (جديد — يېڭى) نامى بىلەن ئاتىلىپ، ئۇنىڭدا شېئىر ئىجاد قىلىدىغانلار ناھايىتى كۆپ بولغان. كېيىن شۇ شەكىلدە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتكىمۇ ئۆزلەشكەن.

3) دائىرە ئەگەر 3 ـ نۇقتىدىن باشلاپ بىر قېتىم ئايلاندۇرۇلۇپ ئوقۇلسا:

عِلُن مُستَف /عِلُن مَفعو /لاتُ مُس تَف /
عَلُن مُستَف /عَلُن مَفعو /لاتُ مُس تَف /
/ — — V — /— — —V / — — — V

شەكىللىنىدۇ. بۇ ئىچكى جۈزۋىلىرىنىڭ ئورۇنلىشىش تەرتىپىگە ئاساسەن بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆرۈلسە، ئۇنىڭدىن:

/— —V —/— — —V /— — —V

مفاعيلن / مفاعيلن / فاعلاتُن /
مفاعيلن / مفاعيلن / فاعلاتُن /

بارلىققا كېلىدۇ. بۇمۇ ئەرەب شېئىرىيىتىدە ئىشلىتىلمەيدىغان بەھرلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، پارس-تاجىك ئارۇزچىلىقىدا ئۇ قەرىب (قرىب—يېقىن) نامى بىلەن ئاتىلىدۇ ۋە تارىختا كەڭ تۈردە قوللىنىلىپ، نۇرغۇن نادىر ئەسەرلەر مۇشۇ بەھردە يېزىلغان. بۇ بەھر كېيىنچە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتكىمۇ ئۆزلىشىپ، خېلى كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بەھرلەردىن بولۇپ قالغان.

4) ئەگەر دائىرە 4-نۇقتىدىن باشلاپ بىر قېتىم ئايلاندۇرۇلۇپ ئوقۇلسا:

مُستَفعِلُن / مَفعولاتُ / مُستَفعِلُن /
مُستَفعَلُن / مَفعولاتُ / مُستَفعَلُن /

/— V— —/ V— — —/— V— —
/— V — —/ V— — — /— V — —

شەكلى بارلىققا كېلىدۇ. بۇ مۇنسەرىھ بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلىدۇر.

5) ئەگەر دائىرەنى 5-نۇقتىدىن باشلاپ بىر قېتىم ئايلاندۇرۇپ ئوقۇساق:

تَف عِلُن مَف/عولاتُ مُس/ تَفعِلُن مُس/
تَف عَلُن مَف/عولاتُ مُس/ تَفعَلُن مُس/
/— — V — /— V— — / — — V —



شەكلىگە ئېرىشىمىز. ئۇنى ئىچكى جۈزۋىلىرىنىڭ ئورۇنلىشىش تەرتىپىگە ئاساسەن بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆرىسەك، تۆۋەندىكى شەكىلگە كېلىدۇ:

/— — V —/— V — —/— — V —

فاعلاتُن / مُستَفعِلُن / فاعلاتُن /
فاعلاتُن / مُستَفعَلُن / فاعلاتُن /

بۇ خەفىف بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلىدۇر.

6) ئەگەر دائىرە 6-نۇقتىدىن باشلاپ بىر قېتىم ئايلاندۇرۇلۇپ ئوقۇلسا:

عِلُن مَفعو/ لاتُ مُستَف /عِلُن مُس تَف/
عَلُن مَفعو/ لاتُ مُستَف /عَلُن مُس تَف/
/— — — V /— — V — /— — — V

شەكىللىنىدۇ. بۇ ئىچكى جۈزۋىلىرىنىڭ ئورۇنلىشىش تەرتىپىگە ئاساسەن بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆرۈلسە، ئۇنىڭدىن:

/— — — V /— — V —/— — — V

مفاعيلن / فاعلاتُن / مفاعيلن /
مفاعيلن / فاعلاتُن / مفاعيلن /

شەكلى بارلىققا كېلىدۇ. بۇ مۇزارىئ بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلىدۇر.

7) ئەگەر دائىرە 7-نۇقتىدىن باشلاپ بىر قېتىم ئايلاندۇرۇلۇپ ئوقۇلسا:

مَفعولاتُ / مُستَفعِلُن / مُستَفعِلُن /
مَفعولاتُ / مُستَفعَلُن / مُستَفعَلُن /

/— V— — / — V— — / V— — —
/— V— — / — V— — / V— — —

شەكىللىنىدۇ. بۇ مۇقتەزەب بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك

شەكىلدۇر.

8) ئەگەر دائىرە 8 ـ نۇقتىدىن باشلاپ بىر قېتىم ئايلاندۇرۇلۇپ ئوقۇلسا:

عولاتُ مُس / تَفعلُن مُس / تَفعلُن مَف /
عولاتُ مُس / تَفعَلُن مُس / تَفعَلُن مَف /
/ــ ــ V ـَـ / ــ ــ V ـَـ / ــ V ــ ــ

شەكىللىنىدۇ. بۇنى ئىچكى جۇزۇلارنىڭ رەت تەرتىپىگە ئاساسەن ئەفائىلىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش ۋەزىندىكى بىرلىككە كەلگەن شەكلىگە ئۆرىسەك:

مُستَفعلُن / فاعلاتُن / فاعلاتُن /
مُستَفعَلُن / فاعلاتُن / فاعلاتُن /
/ــ ــ V ــ / ــ ــ V ــ / ــ V ــ ــ

بارلىققا كېلىدۇ. بۇ مۇجتەس بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلىدۇر.

9) ئەگەر دائىرە 9 ـ نۇقتىدىن باشلاپ بىر قېتىم ئايلاندۇرۇلۇپ ئوقۇلسا:

لاتُ مُستَف / علُن مُستَف / علُن مَفعو /
لاتُ مُستَف / عَلُن مُستَف / عَلُن مَفعو /
/ــ ــ ــ V / ــ ــ ــ V / ــ ــ V ــ

شەكىللىنىدۇ. بۇ ئىچكى جۇزۇلىرىنىڭ ئورۇنلىشىش تەرتىپىگە ئاساسەن بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆرۈلسە، ئۇنىڭدىن:

/ــ ــ ــ V / ــ ــ ــ V / ــ ــ V ــ

فاعلاتُن / مفاعيلن / مفاعيلن /
فاعلاتُن / مفاعيلن / مفاعيلن /

شەكلى بارلىققا كېلىدۇ. بۇ بەھرمۇ ئەرەب شېئىرىيىتىدە ئىشلىتىلمەيدىغان بىر يېڭى بەھردۇر. ئەمما، پارس ـ تاجىك ئارۇزچىلىقىدا ئۇ «موشاكىل» (مشاكل ـ شەكلى



ئوخشاش، شەكىلداش) نامى بىلەن ئاتىلىپ، ئىجادىيەتتە كەڭ تۈردە قوللىنىلغان. بۇ بەھر تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىمۇ خېلى ئومۇملاشقان بەھرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئەرەب ئارۇزىدىكى بەشىنچى دائىرە «**مۇتتەفىقە**» (مُتَفقە ـ بىرلەشكەن، ئۇيۇشقان) دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇ «فعولن» (فەئۇلون) نىڭ ئىككى قىسىمغا تەقسىملىنىپ، سەككىز قېتىم تەكرارلىنىشىدىن تۈزۈلگەن. ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى تۆۋەندىكىچە:




ئارۇز تارىخىغا ئائىت مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مەزكۇر

بەھرنى كېيىنچە «مەشھۇر ئەرەب تىلشۇناسى ئەخفەشى ئەكبەر خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ ‹**مۇنفەرىدە**› (مُنفَردە— يالغۇز، تەنها) دائىرەسىنى ئۆزگەرتىش ئاساسىدا ئىختىرا قىلغان»①. بۇ دائىرە مۇتەقارىب ۋە مۇتەدارىكتىن ئىبارەت ئىككى بەھرنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1) ئەگەر دائىرە 1 ـ نۇقتىدىن باشلاپ بىر قېتىم ئايلاندۇرۇلۇپ ئوقۇلسا:

فعولن / فعولن / فعولن / فعولن /
فعولن / فعولن / فعولن / فعولن /
/— — V /— — V /— — V /— — V
/— — V /— — V /— — V /— — V

شەكلى بارلىققا كېلىدۇ. بۇ مۇتەقارىب بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلىدۇر.

2) ئەگەر دائىرە 2 ـ نۇقتىدىن باشلاپ بىر قېتىم ئايلاندۇرۇلۇپ ئوقۇلسا:

لن فعو / لن فعو / لن فعو / لن فعو /
لن فعو / لن فعو / لن فعو / لن فعو /
/ — V — / — V — / — V — / — V —

شەكلى بارلىققا كېلىدۇ. بۇنى ئىچكى جۈزۋلىرىنىڭ ئورۇنلىشىش تەرتىپىگە ئاساسەن بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆزگەرتكەندە:

/ —V— / —V — / — V —/ —V —

① ئۇرۇۋەتۇللا تائىروف: «ئەجەم ئارۇزى ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، دۇشەنبە، 1991 ـ يىلى نەشرى، 302 ـ بەت.



فاعِلُن / فاعِلُن / فاعِلُن / فاعِلُن /
فاعَلُن / فاعَلُن / فاعَلُن / فاعَلُن /

شەكلى ھاسىل بولىدۇ. بۇ مۇتەدارىك بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلىدۇر.

ئارۇز ئىلمى كەشىپ قىلىنغان دەسلەپكى دەۋرلەردە، خەلىل ئىبنى ئەھمەد قېلىپلاشتۇرغان (بىرى كېيىن تولۇقلانغان) دائىرەلەر يۇقىرىدىكىلەردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا ئەرەب شېئىرىيىتىنىڭ خەلىل ئىبنى ئەھمەد بېكىتكەن ئون ئالتە بەھرى (بىرى كېيىن ئەخفەشى ئەكبەر تەرىپىدىن قوشۇلغان) نىڭ ھەممىسى مەلۇم ئىچكى ئورتاقلىقلار ئاساسىدا گۇرۇپپىلاشتۇرۇلۇپ جايلاشتۇرۇلغان. يىغىنچاقلىغاندا بەھرلەرنىڭ جايلىشىشى تۆۋەندىكىچە:

| دائىرە نامى | مۇختەلىفە | مۇئتەلىفە | مۇجتەلىبە | مۇشتەبىھە | مۇتتەفىقە |
|---|---|---|---|---|---|
| بەھر سانى | ئۈچ | ئىككى | ئۈچ | ئالتە | ئىككى |

«مۇختەلىفە» دائىرەسىنىڭ ئەسلىدە بەش بەھرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭدىن ئىككى بەھرنىڭ ئەرەب شېئىرىيىتىدە ئىشلىتىلمەيدىغانلىقىنى، «مۇشتەبىھە» دائىرەسىنىڭ توققۇز بەھرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭدىن ئۈچ بەھرنىڭ ئەرەب شېئىرىيىتىدە ئىشلىتىلمەيدىغانلىقىنى، ئەمما، بۇ بەھرلەرنىڭ پارس ـ تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە خېلى ئومۇملاشقان بەھرلەردىن ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەندۇق. بۇ بەھرلەرنىڭ تەپسىلاتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بابلاردا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا

تونۇشىمىز. ئاخىردا بىرلا قانۇنىيەتنى ئەسكەرتىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ، دائىرەدە قانچە ئاساسىي تەركىب (جۇزۇ) ئايرىلىپ ئورۇنلاشقان بولسا، ئۇنىڭدىن شۇنچە بەھر شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ.



## تۆتىنچى باب

# ئەرەب ئارۇزىنىڭ پارس ـ تاجىك شېئىرىيىتىگە تەتبىقلىنىشى

ئەرەب ئەدەبىياتىدا كەشىپ قىلىنغان ئارۇز ئىلمىنىڭ پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتىغا تەتبىقلىنىپ، پارس ـ تاجىك شېئىرىيىتىنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسىغا ئايلىنىشى ئەرەبلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلگەن خەلىپىلىك تۈزۈمىدىكى دۆلەتنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ شەرقىدىكى قوشنا ئەللەرگە قارىتا كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى يولغا قويۇشى بىلەن مەلۇم جەھەتتىن باغلىنىشلىقتۇر. ئەرەبلەر ئىچكى جەھەتتىن تېخى تولۇق بىرلىككە كەلمەي تۇرۇپلا، ئىسلام بايرىقى ئاستىدا خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىستېلاچىلىق ئۇرۇشىنى باشلىغانىدى. ئۇلار بۇ ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئالدى بىلەن ئۆزلىرىگە قوشنا بولغان ئىران زېمىنىغا بېسىپ كىرىپ، 636—637 ـ يىللىرى ھازىرقى ئىراننىڭ كۆپ قىسىم يەرلىرىنى ئىشغال قىلىپ، ساسانىيلار سۇلالىسى (مىلادىيە 3—7 ـ ئەسىرلەر) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھرگە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، مىلادىيەنىڭ 651 ـ يىلى مەرۋ شەھىرىنى، 709 ـ يىلى بۇخارا شەھىرىنى، 712 ـ يىلى سەمەرقەند شەھىرىنى ئۆز ئىلكىگە ئالىدۇ. ئۇلار ئۇزۇنغا بارماي ئىران، خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھردە ئىسلام

روسۇملىرىنى[1] ئومۇملاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىران قان تىپىدىكى خەلقلەرنىڭ ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئىككى يۈز يىلغا سوزۇلغان سىياسىي جەھەتتىكى بېقىندىلىق ھاياتى باشلىنىدۇ.

ئەرەب ئىستېلاسى بىلەن ساسانىيلار سۇلالىسى شۇنداقلا خۇراسان ھەم ماۋەرائۇننەردىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن يوقىلىشى، بۇ رايونلاردىكى خەلقلەرنىڭ سىياسىي ھاياتىدىلا ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي، مەدەنىي ھاياتى ۋە ئېتنىك تەركىبلىرىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. غەربىي ئىران (ھازىرقى ئىران) دا ئەرەب ئىستېلاسى بىلەن ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە پەھلىۋي تىلى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت (بىرنەچچە ئون يىل) ئىچىدىلا زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، ئىلىم ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە ئەرەب تىلى ئىككى يۈز يىل ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەن بىر يېڭى دەۋر باشلانغان بولسا، شەرقىي ئىران (خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھر) دا سوغدى، خارەزم ۋە باختەر (باكتېرىيە) دىكى يەرلىك تىللار ( ھازىرقى تىلشۇناسلىق ئاتالغۇسى بويىچە شەرقىي ئىران تىللىرى) پەيدىنپەي ئىستېمالدىن قېلىپ، بۇ تىللاردا سۆزلىشىدىغان ئىران قان تىپىدىكى قوۋملارنىڭ ئېتنىك جەھەتتىكى بىرلىشىشى تاجىك مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەن ۋە ئىراننىڭ غەربى ۋە شەرقىدىكى تىللار ئاساسىدا يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن دەرى تىلى (پارس تىلى) ئۇلارنىڭ ئورتاق قوللىنىدىغان ئالاقە ۋاستىسىگە ئايلانغانىدى. يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن دەرى تىلى شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي شارائىتى يۈزىسىدىن

① روسۇملىرى (ئائىنلىرى) : ئىسلام تۈزۈمى ۋە ئادەتلىرى.



اشلىنىشىدىنلا ئەرەب ئېلىپبەسىنى ئاساس قىلاتتى. 8 - ەسىرنىڭ باشلىرىدىلا بۇ تىلدا تۇنجى ئەدەبىي پارچىلار ارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يۇقىرى سىياسىي مىتىيازغا ئىگە ئەرەب تىلى ئالدىدا تېخى ناھايىتى ئاجىز ىر ئورۇندا تۇراتتى. شۇڭا، مەيلى ئىراننىڭ غەربى ياكى ۇنىڭ شەرقىدە بولسۇن باشقا ئىلىملەر قاتارىدا ئەدەبىي ىجادىيەتتىمۇ ئەرەب تىلى ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتكەنىدى.

8 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئىران قوۋملىرىنىڭ ۇستەقىللىق يولىدىكى كۈرەشلىرى كۈچىيىپ، دەسلەپتە ېرىم مۇستەقىللىققا ئىگە تاھىرىيلار دۆلىتى (821—873) ۋە كېيىندىنلا تولۇق مۇستەقىللىققا ئىگە سەففارىيلار دۆلىتى (873—903) بىلەن سامانىيلار سۇلالىسى (875 — 999) ۇرۇلۇپ، خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھردە مىللىي مەدەنىيەت، بولۇپمۇ مىللىي تىلنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىلغانىدى. «بۇ دەۋردە، بولۇپمۇ بۇخارانى پايتەخت قىلغان سامانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە نۇرغۇن مىللىي ۆرپ - ئادەتلەر، نەۋرۇز ۋە مېھرىگانغا ئوخشاش ئەنئەنىۋى ايراملار ھەم بۇ زېمىندىكى خەلقلەرنىڭ باشقا مۇقەددەس ائىنلىرى قايتىدىن تىرىلدۈرۈلۈپ، ئۇنى ئاساس قىلغان ھالدا تاجىكلارنىڭ يېڭى ئەدەبىياتى ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋە ئۇ ۈز تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى چېكىگە يەتكەنىدى»[1].

ئىراننىڭ غەربىگە قارىغاندا ئۇنىڭ شەرقى ئەرەبلەرنىڭ ھوكۈمرانلىقىدىن بالدۇرراق قۇتۇلۇپ مۇستەقىللىققا ېرىشكەنىدى. شۇڭا، مىللىي مەدەنىيەت، جۈملىدىن مىللىي تىل ۋە ئەدەبىياتمۇ ئۇنىڭ شەرقىدە بارلىققا

① ئەلاخان ئەفسەھزاد قاتارلىقلار: «تاجىك ئەدەبىياتى»، دۇشەنبە، 1987 - يىلى نەشرى، 27 - بەت.

كېلىپ، كېيىنچە غەربىدە ئومۇملىشىدۇ. دۇنيا شەرقشۇناسلىق ئىلمىدە دەرى تىلى (هازىرقى پارس تىلى) نىڭ ئاۋۋال ئوتتۇرا ئاسىيادا شەكىللىنىپ، كېيىن هازىرقى ئىرانغا تارقالغانلىقى ئىسپاتلىنىپ بولغان ۋە مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان بىر ئىلمىي مەسىلە. ئەمما، تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن غەربىي ئىرانغا تەۋە بولغان، غەربىي ئىراندىكى پارس ئۆلكىسىنىڭ نامى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان بۇ تىلنىڭ قانداق قىلىپ شەرقىي ئىراندا شۇنچە تېز روناق تېپىپ، شەرقىي ئىراندىكى ئۇزۇن تارىخ ۋە يېزىقتا ئىگە سوغدى تىلىغا ئوخشاش بىرنەچچە نوپۇزلۇق يەرلىك تىللارنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ كېتەلىدى، دېگەن سوئالغا بېرىلىدىغان جاۋابتا نۇرغۇن ئىختىلاپلار مەۋجۇت. بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىنچىكىلىك بىلەن ئىزدەنگەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشهۇر شەرقشۇناسى ئاكادېمىك ئې. ئې. بېرتېلس (Е.Э.Бертельс) ئۆزىنىڭ «پارس، تاجىك ۋە دەرى تىلى» دېگەن ئەسىرىدە ئۆز - ئۆزىگە «11 - ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خۇراساندا يېڭى پارس تىلى هۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەنىدى، بۇ چاغدا پارس ۋە غەربىي ئىراندا بولسا ئۇنىڭدىن تېخى ئەسەرمۇ يوق ئىدى. بۇنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك» دېگەن سوئالنى قويۇپ، نۇرغۇن پاكىتلارنى سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق بۇ سوئالغا جاۋاب ئىزدەيدۇ. ئۇ يېڭى پارس تىلىدىكى ئەدەبىياتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خۇراساندا باشلانغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ: «پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپتە روناق تېپىشى پۈتۈنلەي ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خۇراسان بىلەن مۇناسىۋەتلىك، 11 - ئەسىردىكى بارلىق ئاپتورلار يا ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋە خۇراساندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ياكى بۇخارا هۆكۈمرانلىرىنىڭ ئوردىلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان.



ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن رۇدەكى، دەقىقى، شەهىد بەلخىگە ئوخشاش ئاز بولمىغان تالانت ئىگىلىرى يېتىشىپ چىققان. بۇلاردىن قانداقمۇ گۇمانلىنىشقا بولسۇن؟! ئەگەر «سىيىستان تارىخى» ناملىق ئەسەردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىدىغان بولساق، 11 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سىيىستاندىكى يەئقۇبنىڭ ئوردىسىدا پوئېزىيەدە ئەرەبچىدىن پارسچىغا كۆچۈش ئۇچۇن نۇرغۇن تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن سىيىستانلىق شائىرلار بۇ ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان. دەل شۇ ۋاقىتلاردا سامانىيلار تېررىتورىيەسىدىكى پوئېزىيەدە ئەرەب تىلى شەرتسىز هالدا يېڭى پارس تىلىغا ئورۇن بوشاتقانىدى»[1] دەپ يازىدۇ. ئىراننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئالىملاردىن بىرى بولغان مۇههەممەد تەقى بەهارمۇ يېڭى پارس تىلى ۋە بۇ تىلدىكى ئەدەبىياتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خۇراساندا پەيدا بولۇپ هەم روناق تېپىپ، كېيىن هازىرقى ئىرانغا تارقالغانلىقىنى تەكىتلەپ: «بۇ تىل خۇراسان، ماۋەرائۇننەهر، نىمرۇخ ۋە زەبۇلىستاندىكى (هازىرقى ئىراننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلار) ئاهالىلەرنىڭ تىلى ئىدى ... بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، دەرى تىلىدىكى شېئىرىيەت ۋە نەسر ئەلۋەتتە دەسلەپتە خۇراسان (بۇ يەردە پۈتۈن شەرقىي ئىراننى كۆزدە تۇتىدۇ) دىكى يەرلىك هاكىمىيەتلەرنىڭ هەر جەهەتتىن قوللىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن. بۇ يەردىكى ئەدىبلەر، دەبىرلەر هاكىملارنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن دەرى تىلىدا شېئىر يېزىپ، ئۇنى

[1] ئې.ئې. بېرتېلس: «پارس - تاجىك ۋە دەرى تىلى»، تاجىكىستان، «پامىر» ژۇرنىلى (رۇسچە)، 1996 - يىللىق 1 ـ 6 - بىرلەشتۈرۈلگەن سان، 179 - بەت.

كىتاب قىلىش ئاللىبۇرۇن باشلانغان. دەل شۇ دەۋرلەردە ئىراننىڭ غەربى، شىمالى ۋە غەربىي جەنۇبىدا بۇ تىلدا تېخى بىرمۇ شېئىر يېزىلمىغانىدى»[①] دەيدۇ.

ئىراننىڭ غەربى ياكى شەرقىدە بولسۇن ئەدەبىياتىنىڭ ئىككى يۈز يىلغا يېقىن سوزۇلغان ئەرەب تىللىق دەۋرى پارس تىللىق خەلقلەرگە ئەرەب ئەدەبىياتى جۈملىدىن ئۇنىڭ نەزەرىيەۋى سىستېمىسى بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇشقا كەڭ ئىمكان ياراتقانىدى. ھەتتا ئىران قان سىستېمىسىدىكى نۇرغۇن ئالىملار ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسىنى مۇستەھكەملەشتىمۇ مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىگەنىدى. بۇ دەۋردىكى مەيلى ئەرەب ئەدەبىياتى ياكى پارس تىللىق ئەدەبىياتتا بولسۇن شېئىرىيەت ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. شۇڭا، ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ نىسبەتەن ئاجىزلىشىشى ۋە مىللىي مۇستەقىللىقنىڭ دەسلەپتە شەرقىي ئىراندا قولغا كەلتۈرۈلۈشى بىلەن باشلانغان ۋە تېخى ھېچقانداق نەزەرىيەۋى ئاساسى بولمىغان يېڭى پارس تىلىدىكى شېئىرىيەتنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسىنى تىكلەشتىمۇ ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ شېئىرىيەت نەزەرىيەسى — ئارۇز ئىلمىگە تايىنىشقا توغرا كەلگەنىدى. دەسلەپتە بۇ نەزەرىيە ئۆز ئەينىچە يېڭىدىن باشلانغان پارس تىللىق شېئىرىيەتكە تەتبىقلانغان بولسا، ئۇزۇنغا بارماي ئۇنىڭ پارس تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقى بايقىلىپ، ئۇنى پارس تىلىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكلىرىگە ماسلاشتۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان. تارىختىن بىزگە

① مۇھەممەد تەقى بەھار: «ئۇسلۇبشۇناسلىق ياكى پارس تىلىدىكى نەسرنىڭ راۋاجلىنىش تارىخى»، تېھران، 1949 ـ يىلى نەشرى، 22 ـ بەت.



مەلۇمكى، ئەرەب ئارۇزىنى پارس تىللىق شېئىرىيەتكە تەتبىقلاش بىرنەچچە ئەسىرلىك ئىزدىنىش باسقۇچىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن مۇكەممەللىشىپ مەلۇم قېلىپقا كىرگەنىدى. كېيىنچە ئۇ ئازراق ئۆزگەرتىش بىلەن تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتنىڭمۇ ئاساسىي نەزەرىيەسى بولۇپ قالدى. بۇنىڭ تەپسىلىي جەريانىنى تۆۋەندە بىر نەچچە بۆلەككە بۆلۈپ چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

## پارس تىلىدىكى بوغۇملارنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئۇلارنىڭ ئارۇز قائىدىلىرىگە ماسلاشتۇرۇلۇشى

ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، خەلىل ئىبنى ئەھمەد قېلىپلاشتۇرغان ئارۇز ئەندىزىلىرى نۇرغۇن جەھەتتىن پارس تىللىق شېئىرىيەتكە ماس كەلمەيتتى. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب ئەرەب تىلى بىلەن پارس تىلىنىڭ تۈپتىن ئوخشىمايدىغان تىل سىستېمىلىرىغا تەۋە ئىكەنلىكى ۋە بۇ ئىككى تىلنىڭ ئارۇز ئىلمىدە ئەڭ كىچىك بىرلىك ھېسابلىنىدىغان تاۋۇشلار سىستېمىسى ۋە بوغۇم تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ كۆپ جەھەتتىن پەرقلىنىدىغانلىقىدا ئىدى. شۇڭا، پارس تىللىق نەزەرىيەچىلەر خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ نەزەرىيەلىرى ئاساسىدا پارس تىلىنىڭ قانۇنىيەتلىرى ۋە پارس تىللىق خەلقلەرنىڭ رىتىم ۋە ئاھاڭغا بولغان قىزىقىشلىرى، تەلەپلىرىنى ھېسابقا ئالغان ھالدا پارس تىللىق شېئىرىيەتنىڭ خاس ئالاھىدىلىكلىرىگە ماس كېلىدىغان ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىنى ئىشەنچلىك تەمىن ئېتەلەيدىغان ئۆزىگە خاس بولغان «ئارۇز ئىلمى» نى بارلىققا كەلتۈرۈشنى ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم ۋەزىپە قىلىپ قويۇشقانىدى. تارىخىي

مەنبەلەردە پارس تىللىق شېئىرىيەتتە ئارۇز ئىلمىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ 9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلانغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلىدۇ. بىز بۇ توغرۇلۇق كىتابىمىزنىڭ ئىككىنچى بابىدا توختالغانىدۇق. ئارۇز ئىلمى ساھەسىدە بارلىققا كەلگەن نەزەرىيەۋى ئەسەرلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇنداق ئىسلاھاتنى تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1) ئەرەب ئارۇزىنىڭ قائىدىلىرىگە پارس شېئىرىيىتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئاساس قىلىپ ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش.

2) پارس تىلىنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىمكانىغا قاراپ ئارۇز قائىدىلىرىنىڭ تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇش.

تېخىمۇ كونكرېتراق ئېيتقاندا، بۇ خىل ئىسلاھات تۆۋەندىكى بىرنەچچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

(1) ئەرەب ئارۇزىدىكى 8(10) ئەسلىي رۇكنىدىن پارس تىلىنىڭ تاۋۇش سىستېمىسى ۋە بوغۇم تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكلىرىگە ماس كېلىدىغان 5 (7) سىنى تاللاپ قوبۇل قىلىش.

(2) ئەرەب ئارۇزىدىكى 16 سالىم بەھردىن رىتىم ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ شۇ دەۋرگىچە مەۋجۇت بولغان قەدىمكى ئەدەبىي مىراسلىرى، خەلق قوشاقلىرى ۋە پارسچە شېئىرىيەتتە ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان ۋەزنلەرگە ماس كېلىدىغان 11 بەھرنى قوبۇل قىلىش.

(3) ئەرەب ئارۇزىدىكى تەۋىل، مەدىد ۋە بەسىت بەھرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «مۇختەلىفە» چەمبىرى بىلەن ۋافىر ۋە كامىل بەھرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «مۇئتەلىفە» چەمبىرىنى قوبۇل قىلماسلىق.



(4) ئەرەب ئارۇزىدىكى بەزى چەمبەرلەرنىڭ نامى، تەركىبلىرىنىڭ جايلىشىشىنى ئۆزگەرتىش.

(5) ئەرەب ئارۇزىغا تەۋە بەزى زىھافلارنى ئىشلەتمەسلىك.

(6) پارس تىلى ۋە شېئىرىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان بەزى يېڭى زىھافلارنى قوشۇش.

(7) ئەرەب ئارۇزىدىكى بەزى زىھافلارنى يېڭى ئۇقۇمدا شەرھلەش، ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشىنى يېڭى قائىدىلەرگە ئىگە قىلىش.

ئەرەب ئارۇزىنىڭ پارس تىللىق شېئىرىيەتكە تەتبىقلىنىشى بىرنەچچە ئەسىر داۋامىدا يۇقىرىدا ئېيتىلغان دائىرىدە ئېلىپ بېرىلغان. تۆۋەندە بىز ئالدى بىلەن ئارۇز ئىلمى نۇقتىسىدىن پارس تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قائىدىلىرىگە كىرگۈزۈلگەن بەزى كونكرېت ئۆزگەرتىشلەرنى نەزەردىن ئۆتكۈزۈپ باقايلى.

**پارس تىلىنى فونېتىكىلىق جەھەتتىن ئارۇز قائىدىلىرىگە ماسلاشتۇرۇشنىڭ بىر نەچچە يوللىرى**

پارس شېئىرىيىتىنى ئەرەب ئارۇزىدىكى ئاساسىي قائىدىلەرگە ماسلاشتۇرۇش تەبىئىي ھالدا ئارۇزدا ئەڭ كىچىك بىرلىك ھېسابلىنىدىغان تاۋۇش ۋە بوغۇملاردىن باشلىنىدۇ. خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئىشلەپ چىققان ئارۇز قائىدىلىرىدە ئىككى خىل بوغۇم — بىرى ئۇزۇن بوغۇم، يەنە بىرى قىسقا بوغۇم ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەرەب ئارۇزىدىكى رۇكنىلار مۇشۇ ئىككى خىل بوغۇمنىڭ ئوخشىمىغان تەرتىپتە ئورۇنلىشىشىدىن ھاسىل قىلىنىدۇ. ئەمما، پارس تىلىنىڭ قانۇنىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بوغۇملار شەكىل جەھەتتىن ئەرەب تىلىدىكىگە قارىغاندا كۆپرەك بولۇپ، نۇرغۇن جەھەتتىن ئەرەب ئارۇزىدىكى قائىدىلەرگە ماس كەلمەيدۇ. پارس تىلىدىمۇ

ئەرەب تىلىدىكىگە ئوخشاش ئالتە سوزۇق تاۋۇش بار. ئۇنىڭدىن ئۈچى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، يېزىقتا ئايرىم ھەرپ-بەلگە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلار: «آ» (ئەلىف)، «او»①(ۋاۋ)، «اي»② (يې) دىن ئىبارەت. يەنە ئۈچى قىسقا سوزۇق تاۋۇشلار بولۇپ، يېزىقتا ئايرىم ھەرپ بىلەن ئەمەس، پەقەت شەرتلىك بەلگە بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلار: «ـَ» (زەبەر)، «ـِ» (زىر)، «ـُ» (پېش) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلاردىن باشقا ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ تەلەپپۇزىدىمۇ قىسمەن ئۆزگىچىلىكلەر مەۋجۇت. تاۋۇشلاردىكى پەرقلەر قارىماققا ئانچە چوڭدەك بىلىنمىسىمۇ، لېكىن ئەرەب تىلى بىلەن پارس تىلىنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈشىدە خېلىلا چوڭ ئوخشىماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئوخشىماسلىق ياكى ئۆزگىچىلىك ئارۇز ئىلمىدە پارس تىللىق شېئىرىيەت ئۈچۈن يېڭى قائىدىلەرنى بەلگىلەش زۆرۈرىيىتىنى تۇغدۇرىدۇ. شۇنداق زۆرۈرىيەت تۈپەيلى نەچچە ئەسىرلىك ئىزدىنىشلەر ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىن تەكرار ئۆتكۈزۈش نەتىجىسىدە پارس تىللىق شېئىرىيەتتە تەقتىئ-بوغۇملارنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، شېئىرنىڭ ۋەزنىنى ئايرىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك قائىدىلەر بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن:

① پارسچە ئېلىپبە تەرتىپىدە بۇ ھەرپ «و» شەكلىدە بولۇپ، ھەم ئۇزۇك تاۋۇش «ۋ» نى، ھەم سوزۇق تاۋۇشلاردىن «ئۇ، ئو» نى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ سوزۇق تاۋۇش «ئۇ» نى ئىپادىلەپ سۆز بېشىدا كەلگەندە، ئالدىغا بىر ئەلىف «ا» قوشۇلىدۇ. سۆز ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرىدا ئۇ «و» شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ.

② «اي» ھەرپىمۇ پارسچە ئېلىپبە تەرتىپىدە «ي» شەكلىدە بولۇپ، ھەم ئۇزۇك تاۋۇش «ي» نى، ھەم ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش «ئى» نى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش «ئى» نى ئىپادىلەپ سۆز بېشىدا كەلگەندە، ئالدىغا ئەلىف بەلگىسى «ا» قوشۇلۇپ يېزىلىدۇ. سۆز ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرىدا تەنھا «ي» شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ.



**(1) بوغۇم ۋە تەقتىئ**

«تەقتىئ» (تقطيع) ئەرەبچە «پارە-پارە قىلماق، پارچىلارغا ئايرىماق، ئۈزمەك» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بولۇپ، ئارۇز ئىلمىدە ئۇ بىرلىككە كەلگەن مەلۇم قائىدىلەر ئاساسىدا شېئىر مىسرالىرىدىكى سۆزلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن بوغۇملارنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىنى ئايرىپ، ئۇلارنىڭ مىسرالاردىكى تاناسىپلىقىنى ئۆلچەش ئارقىلىق شېئىر ۋەزنىنى ئېنىقلاشنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، تەقتىئدە بوغۇملارنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

بوغۇم بولسا سوزۇق تاۋۇش ياكى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدىغان تاۋۇشلار بىرلىكى بولۇپ، ئارۇز ئىلمىدە ئۇ سۆزلەرنىڭ تاناسىپلىقىنى ئۆلچەشتىكى ئەڭ كىچىك بىرلىك ھېسابلىنىدۇ. پارس تىللىق شېئىرىيەتكە خاس ئارۇزچىلىقتىمۇ بوغۇملارنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە ئەرەب ئارۇزىنىڭ بەزى مۇھىم قائىدىلىرى ساقلاپ قېلىنىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا پارس تىلىنىڭ خاسلىقىنى چىقىش قىلىپ بەزى ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈزۈلگەن. پارس تىللىق شېئىرىيەتتىكى بۇ خىل ئۆزلەشتۈرۈلگەن قائىدىلەرگە ئاساسلانغان تەقتىئ ئۆلچىمىنى تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

① پارس تىللىق ئارۇزدا «دَ (دە)، دُ (دو)، دِ (دي)» گە ئوخشاش بىر ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن بىر قىسقا سوزۇق تاۋۇشتىن تەركىب تاپقان بوغۇملار بىر قىسقا بوغۇم ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇ ئارۇز ئىلمىنىڭ بىرلىككە كەلگەن

«V» بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ[1]. بۇنىڭدا به (بە)، به (بې)، تو (تو) ياكى كه (كىم) ،چه[2] (نېمە) گە ئوخشاش سۆزلەرمۇ يۇقىرىدىكى قائىدىگە ئاساسەن قىسقا بوغۇم ھېسابلىنىدۇ.

② «آ، او، ای» گە ئوخشاش بىرلا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ياكى «با، بو، بی» گە ئوخشاش بىر ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن بىر ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشتىن تەركىب تاپقان بوغۇملار ئۇزۇن بوغۇم ھېسابلىنىدۇ ۋە ئارۇز ئىلمىدە «—» بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

③ «دَر، گُل، بُز» گە ئوخشاش بىر قىسقا سوزۇق تاۋۇش ۋە ئىككى ئۇزۇك تاۋۇشتىن تەركىب تاپقان بوغۇملارمۇ بىر ئاددىي ئۇزۇن بوغۇم ھېسابلىنىدۇ ۋە «—» بەلگىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

④ «دَست، كشت، دُزد» گە ئوخشاش بىر قىسقا سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈچ ئۇزۇك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇملار تولۇق بوغۇم دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل بوغۇملار ئارۇزدا بىر ئۇزۇن ۋە بىر قىسقا بوغۇمغا تەڭ دەپ قارىلىدۇ ۋە «V—» بەلگىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئەرەب تىلىدا بۇنداق تۈزۈلۈشتىكى بوغۇملار بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا

① پارس ئارۇزچىلىقىنىڭ تارىخىدا ئۇزۇك تاۋۇشلار خۇددى ئەرەب ئارۇزچىلىقىدىكىدەك «ھەرپ»، ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار «ھەرفى ئىللە» ۋە قىسقا سوزۇق تاۋۇشلار «ھەرىكە» نامى بىلەن ئاتالغان. بىز بۇ يەردە چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن ھازىرقى تىل بىلەن «ئۇزۇك تاۋۇش»، «ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش»، «قىسقا سوزۇق تاۋۇش» دېگەن ئاتالغۇلارنى قوللاندۇق.

② پارس تىلىدا بەزىدە قىسقا سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدىغان «ـَ» (زەبەر)، «ـِ» (زىر) سۆز ئاخىرىدا ئايرىم ھەرپ «ه» بىلەن ۋە «ـُ» (پېش) سۆز ئوتتۇرىسى ياكى ئاخىرىدا ئايرىم ھەرپ «و» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما، ئۇلار يەنىلا قىسقا سوزۇق تاۋۇش ھېسابلىنىدۇ.



ئائىتمۇ ھېچقانداق قائىدە بەلگىلەنمىگەن.

⑤ «زور، باد، يار» گە ئوخشاش بىر ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ۋە ئىككى ئۇزۇك تاۋۇشتىن تەركىب تاپقان بوغۇملار تولۇق بوغۇم دەپ ئاتىلىدۇ. ئارۇز ئىلمىدە بۇ خىل بوغۇملار بىر ئۇزۇن ۋە بىر قىسقا بوغۇمغا تەڭ دەپ قارىلىدۇ ۋە «V—» بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

⑥ «راست، دوست، بيست» گە ئوخشاش بىر ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈچ ئۇزۇك تاۋۇشتىن تەركىب تاپقان بوغۇملار ئالاھىدە تولۇق بوغۇملار دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق بوغۇملار ئارۇز ئىلمىدە بىر ئۇزۇن ۋە ئىككى قىسقا بوغۇمغا تەڭ دەپ قارىلىدۇ ۋە «VV—» بەلگىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئەرەب تىلىدا مىسرا ئارىلىقىدا ئىككى ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ ئارقىمۇ ئارقا كېلىشى بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەر ئۇچرىمايدۇ. شۇڭا، ئەرەب ئارۇزىدىمۇ بۇنداق سۆزلەر توغرۇلۇق ھېچقانداق قائىدە بەلگىلەنمىگەن. ئەمما، پارس تىلىدا ئىككى ئۇزۇك تاۋۇش ئەمەس، بەلكى بەزىدە ئۈچ ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ ئارقىمۇئارقا كېلىشى بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەر ئۇچرايدۇ. بۇنداق سۆزلەر گىراماتىكا نۇقتىسىدىن بىر بوغۇم بولسىمۇ، لېكىن ئارۇز ئىلمىدە ئۈچ بوغۇم ھېسابلىنىدۇ.

پارس تىلىدىكى بوغۇملارنىڭ تۈزۈلۈشى يۇقىرىدىكى ئالتە خىل شەكىلدە بولۇپ، ئۇنى يىغىنچاقلاپ جەدۋەل ئارقىلىق ئىپادىلىسەك مۇنداق بولىدۇ:

| بوغۇم تۈرلىرى | قىسقا بوغۇملار | ئاددىي ئۇزۇن بوغۇملار | | تولۇق بوغۇملار | | | | ئالاھىدە تولۇق بوغۇملار | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| رەت تەرتىپى | 1 | 2 | 3 | 4 | | 5 | | 6 | | |
| بوغۇملارنىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشى | يالغۇز بىر قىسقا سوزۇق تاۋۇش ياكى بىر قىسقا سوزۇق تاۋۇش بىلەن بىر ئۈزۈك تاۋۇش | بىر قىسقا سوزۇق تاۋۇش ۋە ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش | يالغۇز بىر ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ياكى بىر ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بىلەن بىر ئۈزۈك تاۋۇش | بىر ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ۋە ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش | | بىر قىسقا سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈچ ئۈزۈك تاۋۇش | | بىر ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈچ ئۈزۈك تاۋۇش | | |
| مىساللار | اَ، اِ، اُ، بە، چە، تو | سَر، دُر، گُلِ | آ، او، اى، با، لا، ما | با تى | د ر | سَر بُر | د د | كى دو | س س | ت ت |
| بەلگىدە ئىپادىلىنىشى | V | — | — | — | V | — | V | — | V | V |

پارس تىلىدىكى شېئىرىيەتتە سۆزلەرنى بوغۇملارغا ئايرىغاندا، يۇقىرىدىكى قائىدىگە بويسۇنمايدىغان قىسمەن ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. بۇلارغا ئايرىم چۈشەنچە بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

**(2) پارس تىلىدىكى بەزى بوغۇملارنىڭ تەقتىئىدىكى قائىدىلىرى**

پارس ـ تاجىك ئارۇزچىلىقىدا بوغۇملارنىڭ رۇكنىلاردىكى



تاناسىپلىقىنى تەڭشەشتە بەزىبىر ئالاھىدە قائىدىلەر مەۋجۇت. ئۇلارنى يىغىنچاقلىغاندا تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

① جەدۋەلنىڭ بەشىنچى كۆزنىكىدىكىدەك بىر قىسقا سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈچ ئۈزۈك تاۋۇشتىن تەركىب تاپقان بوغۇم ئەگەر مىسرانىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەن بولسا، بوغۇم ئاخىرىدىكى بىر ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئۆزىلا بىر قىسقا بوغۇم ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بۇنداق بوغۇم مىسرانىڭ ئاخىرىدا كەلگەن بولسا ئۇ بىر تولۇق بوغۇم ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

مَن به مهرَت دَست بُردَم
مَن -بـ-َم -رَت / دَس -ت بُر -دَم
فاع-لا-تن / فا -ع -لا -تن
/ — — V — / — — V —

بۇ مىسرادىكى «دست» سۆزى مىسرانىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەچكە، بىر ئۇزۇن ۋە بىر قىسقا بوغۇم ھېسابلىنىدۇ. ئەكسىچە تۆۋەندىكى شېئىردا شۇنىڭ بىلەن تۈزۈلۈشى ئوخشاش بولغان بوغۇم مىسرانىڭ ئاخىرىدا كەلگەچكە بىر ئالاھىدە ئۇزۇن بوغۇم ھېسابلىنىدۇ.

اي نَرگس پُر خُمار تو مَست
اي -نَرَ -گ / س - پُر -خُ -ما -ر -تو -مَست
مف -عو -لُ / -م -فا -ع -لن / -م -فا -عيل
/ ⁀ — V / — V —V / V — —

② يۇقىرىدىكى جەدۋەلنىڭ ئالتىنچى كۆزنىكىدىكىدەك ئۈچ ئۈزۈك تاۋۇش ۋە بىر ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشتىن تەركىب تاپقان بوغۇم ئەگەر مىسرانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككىنچى مىسرادىكى بىر تولۇق (جەدۋەلنىڭ 4 ـ ۋە 5 ـ كۆزنىكىدىكىدەك) بوغۇم بىلەن تاناسىپلىقتا كەلگەن

بولسا، بۇنداق بوغۇمنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى بىر ئۇزۇك تاۋۇشى تەقتىئدە ھېسابقا ئېلىنماي، ساقىت قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

گُفتَم به خواب خویش بُبینَم خَیال دوست
گُف -تَم -به/خوا -ب -خویش -بُ/ بی -نم -خ -یا/ ل -دوست
مَف -عو -لُ/ فا -ع -لا -تُ/ مُس -تَف -ع -لُن/فَ -عول
~ V / — V — — / V — V — / V — —

بۇ تۈردىكى بوغۇملار مىسرانىڭ ئاخىرىدا كەلگەندىمۇ، ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىن بىر ئۇزۇك تاۋۇش تەقتىئگە قوشۇلماي، ساقىت قىلىنىدۇ. تارىختىكى مەشھۇر ئارۇزچىلار جۇملىدىن شەمس قەيس رازى ۋە ناسىرۇددىن تۇسى تەقتىئدە ئاخىرقى بىر ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ ساقىت قىلىنىشىنى نورمال ئەھۋال دەپ قارىشىدۇ[①].

③ بوغۇملاردا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار «آ، او، ای» دىن كېيىن «ن» ھەرپى بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن بولسا، ئۇ تەقتىئدە ھېسابقا ئېلىنماي، ساقىت قىلىنىدۇ. مەسىلەن :

خند خندان کشانده آوردند
خَن -د -خَن -دا (ن)/ کَ -شا (ن)ده -آ / وَر -دَند/
فا -ع -لا -تن/ مَ -فا -ع -لُن / فَع -لان/
/~ — / — V — V / — — V —

ئەگەر بۇنداق ھالەتتە ئۇنىڭغا ئىزافە ياكى باغلىغۇچى «و» (ۋاۋى ئاتىفە) قوشۇلغان بولسا، «ن» ھەرپى كەينىگە قوشۇلغان ئىزافە ياكى «و» بىلەن بىرلىشىپ بىر قىسقا بوغۇمنى تەشكىل ئېتىدۇ.

④ ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ كەينىگە ئۇلانغان ئىزافەت بەزىدە

① «ئەل مۇجەم» نىڭ 75 ـ بېتى ۋە «مېيارۇل ئەشئار» نىڭ 34 ـ بېتىگە قارالسۇن.



قىسقا ۋە بەزىدە ئۇزۇن بوغۇم ھېسابلىنىدۇ.

⑤ ۋاۋى ئاتىفە (عاطفه) يەنى باغلىغۇچى «و» سۆز تارىلىقىدا بەزىدە ئايرىم «ۋە» دەپ ئوقۇلسا، بەزىدە ئالدىدىكى سۆزنىڭ ئاخىرقى ئۇزۇك تاۋۇشىغا ئۇلىنىپ «ئۇ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئايرىم «ۋە» دەپ ئوقۇلغاندا، تەقتىئدە بىر قىسقا بوغۇم، ئالدىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشقا ئۇلىنىپ «ئۇ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ئىككىنچى مىسرادىكى ئۇنىڭ بىلەن تاناسىپتا تۇرغان بوغۇمنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىغا قاراپ، بەزىدە ئۇزۇن ۋە بەزىدە قىسقا بوغۇم ھېسابلىنىدۇ.

⑥ پارسچە ئىملادا «ـَ» (زەبەر)، «ـِ» (زىر) سۆز ئاخىرىدا ئايرىم ھەرپ «ه» ھەرپى بىلەن «به، ده» شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا «ـُ» (پىش) سۆز ئاخىرىدا ئايرىم ھەرپ «و» شەكلىدە يېزىلىدۇ. قىسمەن ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا بۇلارنىڭ ھەممىسى تەقتىئدە قىسقا بوغۇمغا مەنسۇپ دەپ قارىلىدۇ.

⑦ يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا يەنە پارس شېئىرىيىتىدىكى ئارۇزدا ۋەزىن ئېھتىياجى بىلەن سۆزلەرنىڭ تەركىبىنى ئۆزگەرتىشمۇ كۆپ ئۇچرايدىغان ئۇسۇللاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئورنىغا قىسقا سوزۇق تاۋۇش ئىشلىتىش، مەسىلەن، «راه» (راھ) نىڭ ئورنىغا «ره» (رەھ) نى ئىشلىتىش، سۆزلەرنى قىسقارتىش، مەسىلەن «شيرين» (شىرىن) نى بەزىدە «شير» (شىر) شەكلىگە كەلتۈرۈش، سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىن مەلۇم تاۋۇشنى قىسقارتىش، مەسىلەن، «دوست» (دوست) نى «دوس» (دوس) شەكلىگە كەلتۈرۈش، قوشۇمچىلارنى ئىخچاملاش، مەسىلەن، «از تو» (ئەز تو) نى «زتو» (زتو) شەكلىدە قوللىنىش،

تەشدىدلىك سۆزلەرنى تەشدىدسىزگە ۋە تەشدىدسىز سۆزلەرنى تەشدىدلىككە ئۆزگەرتىش، مەسىلەن، «عبّاس» (ئەبباس) نى «عباس» (ئەباس) شەكلىدە قوللىنىش قاتارلىق نۇرغۇن ئەھۋاللار ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى قېلىپلىشىپ، مەلۇم قائىدىگە كىرىپ كىشىلەرگە تونۇش بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنە بەزىلىرى شېئىر ئىجادىيىتى ئەمەلىيىتىدە ئاز ئۇچرايدىغان بولغاچقا، پەقەت كېيىنكى مىسرالارغا قاراپ ئۇلارنىڭ قانداق زۆرۈرىيەت تۈپەيلى ئىشلىتىلگەنلىكى توغرىسىدا ھۆكۈم قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.



## بەشىنچى باب

# پارس ـ تاجىك شېئىرىيىتىدە بىرلىككە كەلگەن رۇكىن ۋە بەھرلەر

### 1. پارس ـ تاجىك شېئىرىيىتىدىكى رۇكنلار ھەققىدە چۈشەنچە

بىز ئەرەب ئارۇزىدا سەبەب، ۋەتەد ۋە فاسىلەدىن 8(10) سالىم رۇكنىنىڭ قانداق ئۇسۇلدا تۈزۈلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. ئارۇز ۋەزنى پارس شېئىرىيىتىگە تەتبىقلانغاندىن كېيىن، پارس تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ۋە پارس تىلىنىڭ ئالتە خىل بوغۇم تۈزۈلۈش شەكلى ئاساس قىلىنىپ، قايتا ـ قايتا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئەرەب ئارۇزىدىكى 8(10) سالىم رۇكنىدىن 5(7) سى قوبۇل قىلىنىپ، پارس شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ئۆلچەملىرىگە ئاساس قىلىنىدۇ. پارس شېئىرىيىتىدىكى ئارۇزنىڭ سالىم ۋە زىھافلىق بەھرلىرى مۇشۇ 5(7) رۇكىن ئاساسىدا شەكىللەندۈرۈلىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

| | | |
|---|---|---|
| (1) مَفاعيلُن | (2) مُستَفعِلُن | (3) فاعلاتُن |
| (4) مَفعولاتُ | (5) فَعولُنَ | (6) مُستَفعِلُن |
| (7) فاعلاتُن | | |

بىز ئەرەب ئارۇزىدىكى رۇكنلار توغرىسىدا توختالغىنىمىزدا، يۇقىرىدىكى (2) ۋە (6) ئورۇندىكى ئىككى «مُستَفعِلُن» نىڭ، (3) ۋە (7) ئورۇندىكى ئىككى «فاعلاتُن» نىڭ پەقەت تەركىبىي تۈزۈلۈش جەھەتتە ئۆزئارا

پەرقلەندۈرگەنلىكى ۋە ۋەزنىنى ئۆلچەشتە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرقنىڭ يوقلۇقى توغرىسىدا سۆزلەپ ئۆتكەندۇق. ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى ئوخشىماسلىق بوغۇم تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر ئىككىسى ئايرىم رۇكىن سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان.

ئەرەب تىلىدىكى قالغان ئۈچ رۇكىن «مَفَاعلَتُن»، «مُتَفَاعلُن»، «فَاعلُن» پارس تىلىنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكلىرىگە ماس كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، پارس تىللىق شېئىرىيەتنىڭ ئارۇزچىلىقىغا قوبۇل قىلىنمىغان. بۇ پارس تىللىق ئەدەبىيات تارىخىدا مەزكۇر رۇكىنلاردىن تۈزۈلىدىغان بەھرلەردە شېئىر يېزىلمىغان دېگەن گەپ ئەمەس. تارىختا ئەرەبلەرگە تەقلىد قىلىپ، بۇ رۇكىنلاردا تۈزۈلگەن بەھرلەردە شېئىر يازغان شائىرلارمۇ يوق ئەمەس. ئەمما، بۇ خىلدىكى ئەسەرلەر شائىرلارنىڭ پەقەت ئىستېداتىنى سىناپ كۆرۈش مەقسىتىدە ھەم ئەرەبلەرگە تەقلىد قىلىپ، پارس شېئىرىيىتىگە يات بولغان شەكىللەردە يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، پارس تىللىق ئەدەبىياتتا ئومۇمىي تۈس ئالغان ھادىسە ھېسابلانمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق شېئىرلارنىڭ سانى كۆپ بولمىغاچقا، بۇ ئۈچ رۇكىن پارس شېئىرىيىتىگە يات ھېسابلىنىدۇ. بىز پارس شېئىرىيىتىدىكى بەھرلەر ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا بۇ رۇكىنلارنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماي، ئۇلار توغرىسىدىمۇ ئاز-تولا مەلۇمات بېرىمىز.

## 2. پارس ـ تاجىك شېئىرىيىتىدىكى بەھرلەر ۋە ئۇلارنىڭ تۈزۈلۈشى

پارس تىلىدىكى شېئىرىيەتنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسىنى



تىكلەشتە كىلاسسىك نەزەرىيەچىلەر ئالدى بىلەن پارس تىلىدىكى بوغۇملارنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكلىرىنى ئېنىقلاپ، شۇ ئاساستا ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان يەتتە رۇكىننى بېكىتىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت پارس شېئىرىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ماس كېلىدىغان سالىم بەھرلەرنى ھاسىل قىلىش ئىدى.

كىلاسسىك نەزەرىيەچىلەرنىڭ پارس-تاجىك ئارۇزچىلىقىدىكى سالىم بەھرلەرنى شەكىللەندۈرۈش مەسىلىسىدە قىسمەن ئوخشىمىغان قاراشلىرىمۇ مەۋجۇت. بۇ خىل پىكىر ئىختىلاپلىرى ئاساسەن بەھرلەرنى دائىرەلەردە ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئىپادىلىنىدۇ. بىز ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرىدىكى ئىختىلاپلارنى قايرىپ قويۇپ، پارس ئارۇزچىلىقىدا بىرلىككە كەلگەن، بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان بەھرلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى.

پارس-تاجىك ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئارۇز نەزەرىيەچىلىرى پارس تىلىنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكلىرى ۋە پارس تىللىق خەلقلەرنىڭ رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىققا بولغان ئېھتىياجلىرىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى 16 سالىم بەھردىن 11 بەھرنى پارس تىللىق شېئىرىيەتكە ماس كېلىدۇ دەپ قارىغان ۋە قوبۇل قىلىشقان. بۇ 11 بەھر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) ھەزەج بەھرى 2) رەجەز بەھرى 3) رەمەل بەھرى
4) سەرىئ بەھرى 5) مۇنسەرىئ بەھرى 6) مۇزارىئ بەھرى
7) مۇقتەزەپ بەھرى 8) مۇجتەس بەھرى 9) خەفىف بەھرى
10) مۇتەقارىب بەھرى 11) مۇتەدارىك بەھرى

بۇ بەھرلەرنىڭ تۇزۇلۇشى ھەققىدە بىز ئەرەب ئارۇزىنىڭ بەھرلەرگە ئائىت قىسمىدا تەپسىلىي توختالغانىدۇق. بۇ 11 بەھر ئەرەب ۋە پارس شېئىرىيىتىگە ئورتاق بولغان بەھرلەر ھېسابلىنىدۇ.

پارس-تاجىك ئەدەبىيات نەزەرىيەچىلىرى پارس شېئىرىيىتىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاساس قىلىپ، يۇقىرىدىكى 11 بەھرگە يەنە 3 بەھرنى يېڭىدىن قوشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پارس شېئىرىيىتىدىكى سالىم بەھرلەرنىڭ سانى 14 كە يېتىدۇ. يېڭىدىن قوشۇلغان بۇ ئۈچ بەھر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

12) قەرىب بەھرى 13) جەدىد بەھرى 14) مۇشاكىل بەھرى.

**«قەرىب»** (قَريب — يېقىن) بەھرى يۇسۇف ئارۇزى[1] تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، تۇزۇلۇش جەھەتتىن مۇزارىئ ۋە ھەزەج بەھرىگە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن «قەرىب» نامى بىلەن ئاتالغان. ئۇنىڭ ئالتىلىك سالىم شەكلىنىڭ تۇزۇلۇشى تۆۋەندىكىچە:

مَفاعيلُن / مَفاعيلُن / فاعلاتُن /
مَفاعيلُن / مَفاعيلُن / فاعلاتُن /
/— — V—/— — — V/— — — V
/— — V—/— — — V/— — — V

**«جەدىد»** (جديد — يېڭى) بەھرى «پەقەت پارس تاجىك شېئىرىيىتىگە خاس بەھرلەرنىڭ بىرى بولۇپ،

[1] ئۇرۇۋەتۇللا تائىروف: «ئەجەم ئارۇزىنىڭ ئاتالغۇلار لۇغىتى»، دۇشەنبە، 1991-يىلى نەشرى، 461-بەت.



بۇزۇرگمېھرى قائىنى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان»[1]. بۇ بەھر كېيىن بايقالغاچقا، «جەدىد» يەنى يېڭى بەھر دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ ئالتىلىك سالىم شەكلىنىڭ تۇزۇلۇشى تۆۋەندىكىچە:

فاعلاتُن / فاعلاتُن / مُستَفعِلُن /
فاعَلاتُن / فاعَلاتُن / مُستَفعَلُن /
/—V— — /— —V— /— —V—
/—V— — /— —V— /— —V—

**«مۇشاكىل»** (مُشاكل — شەكىلداش) بەھرى پارس-تاجىك ئارۇزچىلىرى كېيىن ئىجاد قىلغان بەھرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا «فاعلاتُن» رۇكنى ئىككى «مفاعيلُن» نىڭ ئالدىدا كەلگەنلىكى ئۈچۈن «مۇشاكىل» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ ئالتىلىك سالىم شەكلىنىڭ تۇزۇلۇشى تۆۋەندىكىدەك:

فاعلاتُن / مَفاعيلُن / مَفاعيلُن /
فاعَلاتُن / مَفاعيلُن / مَفاعيلُن /
/— — —V / — — —V /— —V—
/— — —V / — — —V /— —V—

پارس-تاجىك شېئىرىيىتىدە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى چىقىش قىلىنغان ھالدا يۇقىرىدىكى بەھرلەر تۈزۈلۈپ چىقىلغان بولسىمۇ، لېكىن پارس شېئىرىيىتى بىلەن ئەرەب شېئىرىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئارۇزغا ئېنىق چېگرا بەلگىلەش قىيىن ئىدى. تارىختىكى نۇرغۇن ئارۇزشۇناسلار بۇ مەسىلىگە خېلى جىددىي نۇقتىسىيەدە قارىغان. ئەمما، ئۇنى تۈپتىن ھەل قىلىش

[1] ئۇرۇۋەتۇللا تائىروف: «ئەجەم ئارۇزىنىڭ ئاتالغۇلار لۇغىتى»، دۇشەنبە، 1991-يىلى نەشرى، 489-بەت.

ھېچكىمگە تولۇق نېسىپ بولمىغان. تارىختا ئارۇز ئىلمىدە تونۇلغان ئالىملارنىڭ بىرى بولغان ناسىرۇددىن تۇسى ئەرەب ۋە ئەجەم ئارۇزىنىڭ پەرقى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بۇ مەسىلىنىڭ خېلىلا مۇرەككەپلىكىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، مۇنداق دەپ يازىدۇ: « ئەمما پارسچىدە ئۆزگىرىش ۋە ئاتىلىش بۇنىڭدەك (ئەرەبچىدەك) قېلىپلاشقان ئەمەس. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، پارسچىدە ئىلگىرىكىلەر شېئىر يازغان نۇرغۇن ۋەزىنلەرنى ھازىرقىلار تەرك ئېتىشكەن. ھازىرقىلار شېئىر يازىدىغان نۇرغۇن ۋەزىنلەر كېلىپ چىقىشى باشقا ۋە باشقا خىل قائىدىلەرگە ئاساسلىنىدۇ. پارسچىدە شۇنداق مۇرەككەپ ئۆزگىرىشچانلىقمۇ مەۋجۇتكى، بەزى بەھرلەرنىڭ بىر قىسمى ئىشلىتىلىدۇ ۋە يەنە بىر قىسمى ئىشلىتىلمەيدۇ. مەسىلەن، ‹ ئەخرەمى مەكفۇف › دىن تۈزۈلگەن ‹ئەخرەب› پارسچىدە ئىشلىتىلىدۇ، ‹ئەخرەم› نىڭ ئۆزى بولسا ئىشلىتىلمەيدۇ. پارس تىلىدىكىلەر ئەرەبلەرنىڭ ۋەزىنلىرىدە ناھايىتى ياخشى شېئىرلارنى ياراتقان ۋە ئۇنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلاردىن باشقا ۋەزىنلەرنى ياراتقان. ئەرەبلەرگە يات بولغان ھەر يېڭى ۋەزىننى ياراتقۇچى ئۇنى باشقىلار ئانچە قوشۇلۇپ كېتەلمەيدىغان ناملار بىلەن ئاتىغان. جامائەتنىڭ ھەممىسى ئەرەب ئارۇزىغا ئىقتىدا قىلىدىغانلىقلىرى ۋە بۇ ئىلىمنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان مۇناسىۋىتى بارلىقى تۈپەيلى ئۇنىڭسىز (ئەرەب ئارۇزىسىز) ئومۇملىشالمىدى.

مۇشۇنداق سەۋەبلەر بىلەن پارس ئارۇزىدىكى ئۆزگىرىش ۋە قائىدىلەرنى روشەنلەشتۈرۈش يولىدىكى تىرىشچانلىق ئەگەر ئەرەب ئارۇزىدا بىرلىككە كەلگەن ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىنىپ بولغان قائىدىلەرگە خىلاپ ھالدا پارسچىگە



خاسلاشتۇرۇش يولى بىلەن بولىدىغان بولسا ئۇ ئومۇملىشالمايدۇ. شۇڭا، بۇ تەرەپكە دەخلى قىلماسلىقىمىز كېرەك. ئەڭ ياخشىسى شۇكى، پارس ئارۇزىنىڭ خاس تەرەپلىرىنى ئۇلاشقا ئاسان ۋە ئۇنىڭ مۇكەممەللىكىگە پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، بۇنىڭغا توغرا كېلىدىغان تەرەپلەرنى تەنقىدىي ھالدا ئىخچاملاپ چىقايلى. بىزگە نامى مەلۇم بولمىغانلىرىغا ۋە زۆرۈر بولغانلىرىغا ئىسىم قويايلى »①.

يۇقىرىدىكى سۆزدىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، پارس ـ تاجىك ئارۇزچىلىرى پارس شېئىرىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ۋەزىن سىستېمىسىنى قېلىپلاشتۇرۇش مەقسىتىدە خېلى كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما، ئۇنى مۇكەممەل بىر سىستېمىغا ئايلىنىپ بولغان ئەرەب ئارۇزىنىڭ قائىدىلىرىدىن چەتنىگەن ھالدا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشقان. شۇڭا، ئەرەب ۋە پارس ئارۇزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇلارنى تۈپتىن ئايرىپ تۇرىدىغان چەكمۇ قويغىلى بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ناسىرۇددىن تۇسىگە ئوخشىغان ئالىملارمۇ ئەرەب ئارۇزىنىڭ پارس شېئىرىيىتىگە ماس كەلمەيدىغان تەرەپلىرىنىلا شاللىۋېتىپ، ئۇنى پارس شېئىرىيىتىگە خاس ئامىللار بىلەن تولۇقلاش ئاساسىدا پارس شېئىرىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ۋەزىن سىستېمىسىنى يارىتىشنى تەكلىپ قىلغان.

بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن پارس شېئىرىيىتىگە خاس بەھرلەردە ناسىرۇددىن تۇسىنىڭ تەشەببۇسىدىكىدەك يول تۇتۇلغان. بۇ شۇنىڭدىنمۇ ئايانكى، پارس ـ تاجىك

① ناسىرۇددىن تۇسى: «مېيارۇل ئەشئار»، دۈشەنبە، 1992 ـ يىلى نەشرى، 47 ـ بەت.

ئارۇزچىلىرى گەرچە ئەرەب شېئىرىيىتىگە خاس 16 بەھردىن 11 نى قوبۇل قىلىپ، 5 بەھرنى قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما، ئارۇزچىلار ئۆز ئەسەرلىرىدە قوبۇل قىلىنمىغان بۇ 5 بەھرنىڭ قائىدە-قانۇنلىرى توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قېلىشمىغان. بۇنىڭدا بەزى شائىرلارنىڭ ئەرەب شائىرلىرىغا تەقلىدىي ھالدا شېئىر يازىدىغانلىقىدىن باشقا، يەنە ئەڭ مۇھىمى بۇ بەھرلەرنى كېيىنچە پارس تىللىق شېئىرىيەتنىڭ خاس ئامىللىرى بىلەن ئۆزگەرتىپ، يېڭى بەھرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى كۆزدە تۇتقان بولۇشلىرى مۇمكىن.

پارس-تاجىك ئارۇزچىلىرى ئارىسىدا دائىرە ۋە بەھرلەرنى دائىرەلەردە ئەكس ئەتتۈرۈش، ئۇلارغا نام قويۇش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ بەزى پىكىر ئىختىلاپلىرى مەۋجۇت. بۇلارنى تەپسىلىي شەرھلەش ئارۇز قائىدىلىرىنى تېخىمۇ مۇرەككەپ تۈسكە كىرگۈزۈپ، ئۇنى چۈشىنىشنى تېخىمۇ تەسلەشتۈرۈۋېتىدۇ. شۇڭا، بىز كىلاسسىكلارنىڭ دائىرە شەكلىدىن پايدىلىنىپ پارس شېئىرىيىتىنىڭ بەھرلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تالاش-تارتىشلىرىنى تەپسىلىي سېلىشتۇرماي، پەقەت ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە، تەسىرى زور بولغان ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى تونۇشتۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىمىز.

پارس-تاجىك شېئىرىيىتىگە خاس بەھرلەرنى دائىرەلەردە ئەكس ئەتتۈرۈشتە يەنىلا خەلىل ئىبنى ئەھمەد تۇراقلاشتۇرغان بەش دائىرەدىكى قائىدىلەر ۋە پرىنسىپلار ئاساس قىلىنغان. ئەمما، تارىختىكى پارس-تاجىك ئارۇزىغا ئائىت ئەسەرلەردە كۆرسىتىلگەن دائىرەلەرنىڭ سانى ۋە ئۇلاردىكى بەھرلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى خېلى زور پەرقلەرگە ئىگە. بۇ پەرقلەرنىڭ بەزىلىرى بەھرلەرگە ئائىت



ئوخشىمىغان قاراشلارغا بېرىپ تاقالسا، يەنە بەزىلىرى دائىرەلەردە بەھرلەرنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇلارنى قانداق ئەكس ئەتتۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك ئىختىلاپلارنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىككى خىل تىندىنسىيە — پارس ئارۇزچىلىقىدىكى بارلىق قائىدىلەردە ئەرەب ئارۇزىنىڭ بىرلىككە كەلگەن قائىدىلىرىنى ئاساس قىلىش بىلەن پارس شېئىرىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ۋەزىن سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىشمۇ خېلى روشەن ھالدا نامايان بولىدۇ. بەزىلەر پارس شېئىرىيىتىگە خاس بەھرلەرنى ئەرەب ئارۇزىدىكى بەھرلەرگە ئائىت قائىدىلەرگە سېلىشتۇرغان ھالدا شەرھلىسە، يەنە بەزىلەر ئۇنى ئەرەب ئارۇزىنىڭ تەسىر دائىرىسىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ۋە ئۇنى ئىلاج بار مۇستەقىل قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇشىدۇ. ئەمەلىيەتتە خۇددى ناسىرۇددىن تۇسى ئېيتقاندەك، ئارۇز ئىلمىدە ئەرەب ئارۇزىدىن چەتنىگەن ھالدا تامامەن مۇستەقىل بولغان يېڭى قائىدە ئۈستىدە ئىزدىنىش ھېچقانداق ئۈنۈم بەرمىگەندەك، ھەممە قائىدىدە ئەرەب ئارۇزىنىڭ چەمبىرى ئىچىدە ئايلىنىپ، يېڭىلىق ئۈستىدە ئىزدەنمەسلىكمۇ پارس شېئىرىيىتىنىڭ خاسلىقىنى نامايان قىلىشقا، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئىچكى قانۇنلىرىنى قېزىپ چىقىرىشقا زور توسالغۇ بولىدىغان خاتا خاھىشتۇر. شۇڭا، يىراقنى كۆرەلەيدىغان ئالىملار يۇقىرىدىكىدەك ھەر ئىككى خىل ئەھۋالغا قارشى تۇرۇشقان. بىز پارس-تاجىك شېئىرىيىتىنىڭ بەھرلىرى ئۈچۈن ئىشلەنگەن دائىرەلەر بىلەن تونۇشقىنىمىزدا، بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس ئېتەلەيمىز.

ئالتىنچى باب

# پارس-تاجىك ئارۇزىدا كۆپ ئۇچرايدىغان زىھافلار

«زىھاف» (زحاف) ئەرەبچە «ئەسلىدىن يىراقلاشماق ياكى نىشانغا تەگمىگەن ئوق» دېگەن مەنىلەردىكى «زەھف» (زحف) سۆزىنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئۇ ئارۇز ئىلمىدە سالىم رۇكىنلارنىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشىنى ئۆزگەرتىش (رۇكىنلارنىڭ مەلۇم بىر جۈزۈنى قىسقارتىش ياكى ئۇنىڭ تەركىبىگە مەلۇم بىر جۈزۈ قوشۇش، رۇكىن تەركىبىدىكى مەلۇم ھەرپ ياكى بوغۇمنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇش) نى كۆرسىتىدۇ. رۇكىنلارنىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشىگە كىرگۈزۈلىدىغان بۇنداق ئۆزگەرتىشلەر مەلۇم تەرتىپكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىرى بىرلىككە كەلگەن مەخسۇس ئاتالغۇغا ئىگە. ئۇلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «زىھاف» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنى «زىھاف» سالىم رۇكىنلارنىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشىگە كىرگۈزۈلىدىغان ئۆزگەرتىشلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرسىتىدىغان ئاتالغۇدۇر. ھەربىر رۇكىن تەركىبىگە كىرگۈزۈلىدىغان كونكرېت ئۆزگەرتىشلەر ئوخشىمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزىگە خاس بولغان زىھافلارغا ئىگە بولغان بولىدۇ. ئۆزگەرتىشتىن كېيىن ھاسىل قىلىنغان رۇكىن بولسا «زىھافلىق رۇكىن»، «فەرئىي رۇكىن» ۋە ياكى «تارماق رۇكىن» ناملىرى بىلەن ئاتىلىدۇ. ئەرەب ۋە پارس-تاجىك شېئىرىيىتىدە زىھاف ۋە ئۇلاردىن زىھافلىق رۇكىنلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ ئۇسۇللىرى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن سانى ۋە ئىشلىتىلىش دائىرىسى جەھەتتە نۇرغۇن پەرقلەر



مەۋجۇت.

بىز ئەرەب ئارۇزى توغرىسىدا توختالغىنىمىزدا، 8(10) سالىم رۇكىنىنىڭ قانداق ئۇسۇلدا ياسىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن 16 سالىم بەھرىنىڭ قانداق بارلىققا كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا تەپسىلىي چۈشەنچە بەرگەنىدۇق. ئەمما، بۇ 8 (10) سالىم رۇكىنىدىن زىھافلىق رۇكىنلارنىڭ قانداق ھاسىل قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە توختالمىغانىدۇق. چۈنكى پارس-تاجىك شېئىرىيىتىدە زىھافلار ئەرەب ئارۇزىدىكىگە قارىغاندا كەڭرەك ئومۇملاشقان. ئۇلارنىڭ سانىمۇ كۆپ، ياسىلىش ۋە ئىشلىتىلىشىدىمۇ مەلۇم ئۆزگىچىلىكلەر مەۋجۇت. ئۇنىڭ ئۈستىگە پارس-تاجىك شېئىرىيىتىدىكى زىھافلار ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى زىھافلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن زىھافلار توغرىسىدا ئارۇزنىڭ پارس-تاجىك ئەدەبىياتىغا ئائىت قىسمىدا تەپسىلىي توختىلىشنى توغرا تاپتۇق.

## 1. پارس-تاجىك ئارۇزىدىكى زىھافلارنىڭ سانى ۋە ئاتىلىشى

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، پارس-تاجىك ئارۇزىدا ئەرەب ئارۇزىغا خاس 8(10) سالىم رۇكىن (تەركىبىي تۈزۈلۈشتە 10 ۋە تەلەپپۇزدا 8 سالىم رۇكىن) دىن پەقەت 5(7) سىلا (تەركىبىي تۈزۈلۈشتە 7 ۋە تەلەپپۇزدا 5 سالىم رۇكىن) قوللىنىلىدۇ. بۇلار: «مَفاعيلُن»، «مُستَفعلُن»، «فاعلاتُن»، «مَفعولاتُ»، «فَعولُن»، «مُستَفَعلُن» «فاعَلاتُن» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بارلىق زىھافلىق رۇكىنلار مۇشۇ سالىم رۇكىنلارنىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشىگە تۈرلۈك ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزۈشتىن ھاسىل قىلىنىدۇ.

تارىختىن بۇيان بۇ سالىم رۇكىنلارغا تەۋە قانچىلىك

زىھافنىڭ بارلىقى ۋە ئۇلاردىن قانچىلىك زىھافلىق رۇكنىلار ياسىلىپ تۇراقلاشتۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا بەزى ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت. شەمس قەيس رازى «ئەل-مۇجەم» دە پارس-تاجىك ئارۇزىغا خاس يەتتە رۇكنىغا ئاساسلانغان جەمئىي 35 زىھافنىڭ بارلىقى ۋە بۇنىڭدىن 22 سىنىڭ ئەرەب ئارۇزىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقى، 13 ىنىڭ پەقەت پارس-تاجىك ئارۇزچىلىرى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان خاس زىھافلار ئىكەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدۇ[①].

مۇھەممەد غىياسۇددىن «غىياسۇل-لۇغەت» تە زىھافلارنىڭ سانىنى 47 دەپ قارايدۇ. ئەمما، ئۇ بۇنىڭدىن قانچىسىنىڭ ئەرەب ئارۇزىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقى ۋە قانچىسىنىڭ پارس-تاجىك ئارۇزچىلىرى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغانلىقىنى شەرھلىمەيدۇ[②]. پەرۋىز ناتىل خانلەرى «پارس شېئىرىيىتىنىڭ ۋەزنى»[③] دە ۋە بەھرام سىيرۇس «تاجىك ئارۇزى»[④] دا زىھافلارنىڭ سانىنى 45 دەپ كۆرسىتىشىدۇ. «ئەدەبىياتشۇناسلىق ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»[⑤] دە زىھافلارنىڭ سانى 51 دەپ كۆرسىتىلگەن.

يۇقىرىدىكىلەردىن مەلۇمكى، تارىختا زىھافلارنىڭ سانى توغرىسىدا بىرلىككە كەلگەن قاراش مەۋجۇت ئەمەس.

يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان زىھافلارنى ئايرىم ناملار بىلەن

① شەمس قەيس رازى: «ئەل-مۇجەم»، دۇشەنبە، 1991-يىلى نەشرى، 50-بەت.
② مۇھەممەد غىياسۇددىن: «غىياسۇل-لۇغەت»، دۇشەنبە، 1988-يىلى نەشرى، 45-بەت.
③ پەرۋىز ناتىل خانلەرى: «پارس شېئىرىيىتىنىڭ ۋەزنى»، تېھران، ھىجرىيە 1361-يىلى نەشرى، 257-بەت.
④ بەھرام سىيرۇس: «تاجىك ئارۇزى»، دۇشەنبە، 1963-يىلى نەشرى، 79-بەت.
⑤ رەسۇل ھادىيزادە قاتارلىقلار: «ئەدەبىياتشۇناسلىق ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، دۇشەنبە، 1966-يىلى نەشرى، 76 — 176-بەتلەر.



ئاتاش (بۇنداق ناملار ئۇدۇل كەلگەن، تۇرلۇك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەردىن ئېلىنغان بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ ئەسلىدىكى لېكسىكىلىق مەنىسى ئارۇزدىكى ئىستىلاھ مەنىسىگە يېقىن كەلسە، يەنە بەزىلىرى تامامەن ئەسلىي مەنىسىدىن پەرقلىنىدۇ، ھەتتا، بەزىلىرى كىشىگە كۈلكىلىك تۇيۇلىدۇ) قەدىمدىنلا ئادەتكە ئايلانغان. پارس-تاجىك ئارۇزىغا ئەرەب ئارۇزىدىن قوبۇل قىلىنغان زىھافلار ئەرەبچىدىكى ناملىرى بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) قەبز (قبض — چاڭگاللاپ ئېلىش)
2) قەسر (قصر — قىسقارتىلماق، يېتىشمەسلىك)
3) ھەزف (حزف — تاشلىۋەتمەك، چىقىرىۋەتمەك)
4) خەبن (خبن — ئىتىكى قىرقىلغان، يوشۇرۇنغان)
5) كەف (كفّ — ئالىقان، توختاتماق، تۆگە تاپىنىنى كەسمەك)
6) شەكل (شكل — ھايۋانلارنى بەنت قىلىش)
7) خەرم (خرم — بۇرنى تېشىلگەن، بۇرنىدىن تۆشۈك ئېچىلغان).
8) خەرب (خرب — ۋەيران قىلماق)
9) شەتەر (شتر — كېسىلمەك، ئەيىب ۋە نۇقسان، ئاستىنقى لەۋنىڭ تېشىلىشى، قاپاقنىڭ ساڭگىلىشى)
10) قەتئ (قطع — كەسمەك، ئىخچاملىماق)
11) تەشئىس (تشعيث — تارقالماق، چېچىلماق)
12) تەي (طي — ئۆتمەك، ئۆتۈش)
13) ۋەقف (وقف — توختىماق، توختاتماق)
14) كەشف (كشف — ئاشكارىلىماق، يالىڭاچلىماق، ئاچماق)
15) سەلم (صلم — قۇلاقنى تۈۋىدىن كەسمەك)

16) ئەقل (عقل ـ بىلەكنى تۆگىنىڭ يوتىسىغا باغلىماق)
17) جەم(جەمەم) (جمم ـ جەڭدە نەيزىسىز قالماق)
18) ئەقس (عقص ـ يۆگىمە چاچ)
19) تەرەفان (طرفان ـ ھەر ئىككى تەرەپتىن)
20) ئىسباغ (اسباغ ـ تولۇق، تاۋلانغان)
21) ئىزالەت (اذالت ـ ئېتەك ياپماق، كېڭەيمەك)

پارس ـ تاجىك شېئىرىيىتىنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان زىھافلار 13، ئۇلار:

1) جەدئ (جدع ـ قول ۋە قۇلىقى كېسىلگەن)
2) ھەتم (ھتم ـ چىشنى يىلتىزىدىن سۇندۇرۇش)
3) جەھف (جحف ـ يوق بولماق، ئىزدىمەك)
4) تەمس (طمس ـ يوق قىلماق، نابۇت قىلماق، چىرىمەك)
5) تەخنىق (تخنيق ـ بوغماق)
6) سەلخ (سلخ ـ تېرىسىنى شىلماق)
7) جەب (جبّ ـ ئاختا قىلىنغان، پىنھانلاشتۇرۇلغان)
8) زەلەل (زلل ـ تېيىلىش، خاتالىشىش)
9) نەھر (نَحر ـ بوغۇزلىماق)
10) رەفئ (رفع ـ يوقاتماق، بىر تەرەپ قىلماق)
11) رەبئ (ربع ـ ئۆي، تۆتكە بۆلمەك)
12) بەتر (بتر ـ قۇيرۇقىنى كېسىۋەتمەك، قىسقارتماق)
13) ھەزەز (حذذ ـ قۇيرۇقى كېسىۋېتىلگەن)

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا پارس ـ تاجىك ئارۇزىدا يەنە بىر نەچچە زىھافمۇ دائىم ئۇچرايدۇ. شەمس قەيس رازى بۇ زىھافلارنى تەنقىدىي يوسۇندا شەرھلەپ ئۆتىدۇ. ئۇلار:

1) تەۋسىئ (توسيع ـ كېڭەيتمەك)
2) تەزفىت (تضفيت ـ تاماملىماق)
3) تەتۋىل (تطويل ـ ئۇزارتماق)



شەمس قەيس رازىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، پارس ـ تاجىك شېئىرىيىتىدە ئىشلىتىلىدىغان رۇكنىلارنىڭ سانى 33 بولۇپ، بۇنىڭدىن 7 سى ئەسلىي ۋە 26 سى زىھافلىق رۇكنىلاردۇر[1]. كېيىنكى ئارۇزچىلار پارس ـ تاجىك ئارۇزىدا شەمس قەيس رازى تىلغا ئالمىغان ۋە ئىجادىيەتتە خېلى كۆپ قوللىنىلىدىغان 10 دىن ئارتۇق زىھافلىق رۇكنىنى تىلغا ئېلىشىدۇ. بۇلار ئاساسەن پارس ـ تاجىك ئارۇزىدا ئەرەبلەرگە خاس بەھرلەر ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان زىھافلىق رۇكنىلاردۇر. ئۇلارنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى زىھافلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) خەبل (خبل ـ قول ـ پۇتى كېسىلگەن)
2) تەرفىل (ترفيل ـ ئېتەك تارتىش، ئۇزارتىش)
3) سەلم (ثلم ـ تېشىپ ئۆتمەك، رەخنە قىلماق)
4) سەرم (ثرم ـ ئالدىدىكى چىشنى سۇندۇرۇش)
5) قەتف (قطف ـ ئۈزۈمنى تەكتىن ئاجرىتىش)
6) تەخلىئ (تَخليع ـ قولنى كەسمەك)
7) ئىسب (عصب ـ دەرەخ شاخلىرىنى كېسىشكە تەييارلاش، ئېغىز قۇرۇش)
8) نەقس (نقص ـ ئەيىب، كەمچىللىك، كېمەيتمەك)
9) ۋەقس (وقص ـ گەدەن سۇنماق)
10) ئىزمار (اضمار ـ ئوروۇقلاتماق)

يۇقىرىدىكىلەرنى خۇلاسىلىگەندە، پارس ـ تاجىك ئارۇزىغا خاس يەتتە رۇكنىغا تەۋە زىھافلار (شەمس قەيس رازى كۆرسىتىپ ئۆتكەن) نىڭ سانى 35. بۇنىڭغا پارس ـ تاجىك نەزەرىيەچىلىرى تەرىپىدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئەرەب ئارۇزىغا خاس بەھرلەر ئاساسىدا ياسالغان، ئەمما، پارس

[1] شەمس قەيس رازى: «ئەل ـ مۇجەم»، 63 ـ بەت.

شېئىرىيىتىدە كەڭ قوللىنىلىدىغان ئوندىن ئارتۇق زىھافنى قوشساق ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى 47 گە يېتىدۇ.

بىز يۇقىرىدا پەرۋىز ناتىل خانلەرى ۋە بەھرام سىيرۇسنىڭ زىھافلارنىڭ ئومۇمىي سانىنى 45 دەپ قارايدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. تونۇشۇپ ئۆتكىنىمىزدەك، زىھافلارنىڭ سانى ئۇلار ئېيتقاندىن كۆپ بولۇپ، مەنبەلەردە ئىسمى ئاتىلىدىغان، ئەمما كۆپ ئۇچرىمايدىغان زىھافلارنى قوشقاندا بۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا، تەكىتلەپ قويۇش كېرەككى، زىھافلارنىڭ سانىنى بېكىتىش بىر خىل نىسپىيلىككە ئىگە ئىش بولۇپ، ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە ئۇ بىز كۆرسەتكەن ساندىن كۆپ ياكى ئاز بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىز يۇقىرىدا ئىسمىنى ئاتاپ ئۆتكەن 47 زىھاف پارس-تاجىك ئارۇزىغا ئائىت ھەر قايسى مەنبەلەردە دائىم ئۇچرايدىغان ۋە شۇ مەنبەلەردىن يىغىنچاقلانغان زىھافلاردۇر. بۇلاردىن باشقا يەنە تىلغا ئېلىنمىغان كۆپلىگەن زىھافلار مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئارۇز تارىخىدا يېڭى زىھافلار ئىجاد قىلىنىپ، بەزى مەزگىل شېئىرىيەتتە ئىشلىتىلگەندىن كېيىن، مەلۇم كەمتۈكلۈكى بايقىلىپ، ئىستېمالدىن قالىدىغان ياكى ئومۇمنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمەيدىغان ئەھۋاللار ھەممە دەۋردە بولۇپ تۇرغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە تارىختا بەزى زىھافلار خېلى بىر مەزگىلگىچە بىر زىھاف سۈپىتىدە قوللىنىلىپ، كېيىنچە ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن ياكى ئەكسىچە بىر نەچچە مۇستەقىل زىھاف بىرلىشىپ بىر زىھاف بولۇپ قالغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. شۇ سەۋەبتىن زىھافلارنىڭ ئومۇمىي سانىنى مۇنچە دەپ كېسىپ ئېيتىش ناھايىتى تەس.



## 2. زىھافلارنىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشى

زىھافلارنىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشىگە دىققەت قىلىدىغان بولساق، بەزىلىرىنىڭ سالىم رۇكنىلارنىڭ تەركىبىگە بىرلا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق ياسالغانلىقىنى ۋە بەزىلىرىنىڭ بولسا بىر نەچچە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. ئارۇز ئىلمىدە ئەسلىي رۇكنىلارنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈلىدىغان ئۆزگەرتىشلەرنىڭ ھەممىسى مەخسۇس ئاتالغۇغا ئىگە. يەنى زىھافلارنىڭ نامى ئۇلارنىڭ سالىم رۇكنىلاردا قانداق ئۆزگەرتىش پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئاتالغۇ ئارقىلىق بىز رۇكنىنىڭ قايسى جۇزۇئىغا قانداق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەنلىكىنى ئېنىق بىلەلەيمىز. بۇ توغرۇلۇق بىز بۇ يەردە ئايرىم توختالماي، ئۇلارنى ئۇدۇل كەلگەن يەرلەردە شەرھلەشنى توغرا تاپتۇق.

زىھافلىق رۇكنىلارنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈلىدىغان ئۆزگەرتىشلەرنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە قاراپ زىھافلارنى مۇفرەد (مفرد — يەككە، تەنھا، ئاددىي) ۋە مۇرەككەپتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

مۇفرەد زىھافلار سالىم رۇكنىلارنىڭ تەركىبىگە بىرلا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش يەنى سالىم رۇكنىنىڭ بىرلا يېرىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. بۇنداق ئۆزگەرتىش مەخسۇس نام بىلەن ئاتىلىدۇ. مۇفرەد زىھافلار رۇكنىلاردا بىرلا ئۆزگەرتىش ھاسىل قىلىش رولىنى ئوينىغاچقا، ئۇلارنىڭ نامىمۇ ئاددىي، بىرلا سۆزدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. پارس-تاجىك شېئىرىيىتىدە دائىم ئىشلىتىلىدىغان 47 زىھافتىن تۆۋەندىكىلىرى مۇشۇ تۈردىكى ئاددىي زىھافلار قاتارىغا كىرىدۇ:

1) قەبز
2) سەلم
3) كەف
4) خەبن
5) قەسر
6) ھەزف
7) قەتئ
8) ئىزالەت
9) ئىزمار
10) ھەزەز
11) قەس
12) تەرفىل
13) خەرم
14) خەرب
15) تەي
16) ئىسباغ
17) ۋەقف
18) كەشف
19) سەلم
20) تەشئىس
21) ئەسلەم

بۇ يىگىرمە بىر زىھافتىن مەلۇم سالىم رۇكنىدا ئىككى ياكى ئۈچىنىڭ تەكرارلىنىشىدىن مۇرەككەپ زىھافلىق رۇكنلار بارلىققا كېلىدۇ. بۇنداق زىھافلار يەنە ئۆز ئىچىدىن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

(1) بەزى زىھافلىق رۇكنلارنىڭ تەركىبىگە ئىككى ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن بولسا، بۇ ئىككى ئۆزگەرتىشنىڭ ناملىرى ئايرىم-ئايرىم زىكىر قىلىنماي، ئۇلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ بىرلا نام بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇ نامدىن مەزكۇر زىھافلىق رۇكننىڭ قايسى ئىككى خىل زىھاف ئاساسىدا ھاسىل قىلىنغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. مەسىلەن: «خەبن» ۋە «كەف» تىن ياسالغان زىھافلىق رۇكن بولسا، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «شەكل» (مەشكۇل) نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. يەنى زىھافلىق رۇكن «مەشكۇل» دەپ ئاتالغان بولسا، ئۇنىڭ خەبن ۋە كەفتىن ئىبارەت ئىككى ئۆزگەرتىش باسقۇچىدىن ئۆتكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. تەركىبى مۇرەككەپ، ئەمما ئاتىلىشى ئاددىي بولغان مۇنداق زىھافلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:



1) خەبل (خەبن+تەي — مستفعلن رۇكنىدا[1])
2) شەكل (خەبن+كەف — فاعلاتن رۇكنىدا)
3) بەتر (ھەزف+كەت — فعولن رۇكنىدا)
4) بەتر (قەتئ+ھەزف — فاعلاتن رۇكنىدا)
5) بەتر (خەرم+جەب — مفاعيلن رۇكنىدا)
6) سەرەم (سەلم(ثلم)+قەبز — فعولن رۇكنىدا)
7) شەتەر (خەرم+قەبز — مفاعيلن رۇكنىدا)
8) خەرب (خەرم+كەف — مفاعيلن رۇكنىدا)
9) ھەتم (ھەزف+قەسر — مفاعيلن رۇكنىدا)
10) رەبئ (سەلم+خەبن — فاعلاتن رۇكنىدا)
11) نەقس (ئەسب+كەف — مفاعلتن رۇكنىدا)
12) خەزل (ئىزمار+تەي — مفاعلتن رۇكنىدا)
13) قەسم (خەرم+ئەسب — مفاعلتن رۇكنىدا)
14) جەمەم (خەرم+ئەقل — مفاعلتن رۇكنىدا)
15) ئەقس (خەرم+نەقس — مفاعلتن رۇكنىدا)
16) جەھف («فاعلاتن» رۇكنىنى خەبن قىلىپ، ئۇنىڭدىن فاسىلەنى ئېلىۋەتمەك)
17) زەلەل ياكى زەل (ھەتم+خەرم — مفاعيلن رۇكنىدا)
18) تەخلىئ (خەبن+قەتئ — مستفعلن رۇكنىدا)
19) نەھر (جەدئ+كەشف — مفعلاتُ رۇكنىدا)

(2) تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ بولغان بەزى زىھافلىق رۇكنلارنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەن ئۆزگەرتىشلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇلار يوق. شۇڭا، بۇ خىلدىكى زىھافلىق رۇكنلارنىڭ تەركىبىگە قانچە ئۆزگەرتىش

[1] يەنى بۇ زىھاف «مستفعلن» رۇكنىغا «خەبن» ۋە «تەي» دىن ئىبارەت ئىككى ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشتىن ھاسىل قىلىنىدۇ. بۇ ئىككى ئۆزگەرتىش ئايرىم ناملار بىلەن ئەمەس، بەلكى بىرلەشتۈرۈلۈپ «خەبل» دەپ ئاتىلىدۇ.

كىرگۈزۈلگەن بولسا، بۇ ئۆزگەرتىشلەرنى ھاسىل قىلىدىغان زىھافلارنىڭ نامى ئايرىم-ئايرىم زىكىر قىلىنىدۇ. بۇنداق زىھافلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) مەخبۇنى مەقسۇر
2) مەخبۇنى مەھزۇف
3) مەخبۇنى مۇسەببەغ
4) مەخبۇنى مۇزال
5) مەخبۇنى مۇرەففەل
6) مەخبۇنى مەتۋى
7) مەخبۇنى مەكشۇف
8) مەخبۇنى مەۋقۇف
9) مەتۋىيى مۇزال
10) مەتۋىيى مۇرەففەل
11) مەتۋىيى مەخبۇنى مەكشۇف
12) مەكشۇفى مەرفۇئ
13) ئەسلەمى مۇسەببەغ
14) مەجھۇفى مۇسەببەغ
15) مەخبۇلى مۇزال
16) مەكشۇفى مەتۋى
17) مەتۋىيى مەۋقۇف

### 3. زىھافلىق رۇكنلارنىڭ مىسرالاردىكى ئورنى

شەمس قەيس رازى زىھافلىق رۇكنلارنىڭ مىسرالاردىكى ئورنىنى تەھلىل قىلىپ، يەتتە سالىم رۇكنىدىن تۆۋەندىكى زىھافلار ئارقىلىق ھاسىل قىلىنىدىغان



زىھافلىق رۇكنلار بېيىتنىڭ ئارۇز ۋە زەربىدە[1] ئىشلىتىلىدۇ دەپ قارايدۇ[2]:

1) قەسر
2) ھەزف
3) ئىسباغ
4) ئىزالەت
5) تەرفىل
6) ھەتم
7) جەب
8) زەلەل
9) بەتر
10) جەدئ
11) نەھر
12) سەلخ
13) تەمس
14) جەھف
15) ھەزەز
16) قەتف
17) قەتئ
18) سەلم
19) ۋەقف
20) كەشف ياكى كەسف

يەتتە سالىم رۇكنىدىن يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا زىھافلار ئارقىلىق ھاسىل قىلىنىدىغان زىھافلىق رۇكنلار مىسرالاردىكى ئارۇز ۋە زەربىدىن باشقا قىسىمدا ئىشلىتىلىدۇ. زىھافلىق رۇكنلارنى ھاسىل قىلىشتا بەزى ئارۇزچىلار ئەگەر زىھافلىق رۇكنلار سالىم رۇكنلارنىڭ سەببىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشتىن ھاسىل قىلىنغان بولسا، ئۇلارنى «زىھاف» ۋە ئەگەر رۇكنىنىڭ ۋەتەدىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشتىن ياسالغان بولسا، ئۇنى يۇقىرىقىدەك زىھافتىن پەرقلەندۈرۈپ «ئىللە» دەپمۇ ئاتاشقان. بىز بايقاش ۋە چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، رۇكنلاردىكى مەلۇم ئۆزگەرتىشنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى، ئۇنىڭ قانداق ئۆزگىرىش ياسايدىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، زىھاف ۋە بۇ خىل ئۆزگەرتىشلەر نەتىجىسىدە ھاسىل قىلىنغان سالىم بولمىغان رۇكنلارنى زىھافلىق رۇكنلار دەپ ئاتىدۇق.

---

[1] «ئارۇز» ۋە «زەرب» رۇكنى ئايرىم ھالدا بىرىنچى ۋە ئىككىنچى مىسرالارنىڭ ئاخىرىدىكى رۇكنلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

[2] شەمس قەيس رازى: «ئەل-مۇجەم»، 42-بەت.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، ئارۇز ئىلمىدە سالىم رۇكنىلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن زىهافلىق رۇكنىلارمۇ تۈزۈلۈش جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكى ئاساسىدا تۇراقلاشتۇرۇلغان يەنى مەلۇم قېلىپقا كىرىپ تۇراقلاشقان. سالىم رۇكنىلارنىڭ تەرتىپىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەندە يەنى ئۇنىڭغا بىرەر ھەرپ ياكى بوغۇم قوشۇلغاندا، ياكى ئەسلىدىكى تەركىبىدىن بىرەر ھەرپ ياكى بوغۇم قىسقارتىلغاندا، ئۇنىڭ ئېشىپ قالغان قىسمى تولا ھاللاردا تىل كەلمەيدىغان ياكى ئارۇزدا بىرلىككە كەلگەن رۇكنىلارغا ئوخشىمايدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى ئىچكى جۇزۇلىرى ۋە بوغۇملىرىنىڭ تەرتىپىگە قاراپ ئوخشاش ۋەزىندىكى بىرلىككە كەلگەن رۇكنىلارغا ئۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. نەتىجىدە بەزىلىرى ئۆرۈلگەندىن كېيىن شەكىل جەھەتتىن سالىم رۇكنىلارغا ئوخشاپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: «مفعولاتُ» رۇكنىنىڭ مەخبۇنى مەكشۇفتىكى زىهافلىق شەكلى مۇتەقارىب بەھرىنىڭ سالىم شەكلىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئەسلىي رۇكىن «فعولن» بىلەن ئوخشاش. شۇنىڭ ئۈچۈن ئارۇزدا سالىم رۇكنىلار بەزىدە زىهافلىق رۇكنىلارنىڭ ئورنىدىمۇ كېلىۋېرىدۇ. ئۇلارنى پەقەت بەھرلەردىكى ئورنىغا قاراپ سالىم ياكى زىهافلىق رۇكىن ئىكەنلىكىنى ئايرىشقا توغرا كېلىدۇ ۋە ھەرگىز ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، زىهافلىق رۇكنىلارنى ھاسىل قىلىشتا يا سالىم رۇكنىنىڭ ئالدىدىن ياكى ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرىدىن مەلۇم ھەرپ ياكى بوغۇم قىسقارتىۋېتىلىدۇ ياكى ئۇنىڭغا قوشۇلىدۇ. مىسرانىڭ بېشىدا كېلىدىغان رۇكنىنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشتە قوللىنىلىدىغان زىهافلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:



1) خەرم (مفاعيلن رۇكنىدا)
2) خەرب (مفاعيلن رۇكنىدا)
3) سەلم (فعولن رۇكنىدا)
4) سەرم (فعولن رۇكنىدا)
5) شەتەر (مفاعيلن رۇكنىدا)
6) غەزب (مفاعيلن رۇكنىدا)
7) قەسەم (مفاعيلن رۇكنىدا)
8) جەمەم (مفاعيلن رۇكنىدا)
9) ئەقس (مفاعيلن رۇكنىدا)

رۇكنىلارنىڭ ئاخىرقى قىسمىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشتە تۆۋەندىكى زىهافلار كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| 1) ھەزف | 2) قەتئ | 3) قەسر |
| 4) قەتف | 5) ھەزەز | 6) سەلم (ثلم) |
| 7) ۋەقف | 8) كەشف | 9) بەتر |
| 10) قەبز | 11) كەف | 12) جەب |

بىرىنچى بۆلىكىگە بىر بوغۇم قوشۇشتىن ھاسىل بولىدىغان زىهاف:

ھەزم

رۇكنىنىڭ ئاخىرقى قىسمىغا «آ» ياكى سەبەبى خەفىفنى قوشۇشتىن ھاسىل بولىدىغان زىهافلار:

1) ئىسباغ 2) ئىزالەت 3) تەرفىل

## 4. پارس ـ تاجىك ئارۇزىغا خاس يەتتە سالىم رۇكىن ۋە ئەرەب ئارۇزىغا خاس ئۈچ سالىم رۇكنىدىن زىهافلىق رۇكنىلارنى ھاسىل قىلىشنىڭ يوللىرى

پارس ـ تاجىك ئارۇزىغا خاس يەتتە رۇكنىدىن ھاسىل قىلىنىدىغان زىهافلار

**(1) «مفاعيلن» رۇكنىدىن ياسىلىدىغان زىھافلىق رۇكنىلار**

پارس ـ تاجىك ئارۇزىدا مەفائىلۇننىڭ زىھافلىرى جەمئىي ئون ئىككى بولۇپ، ئۇلاردىن «تەخنىق» ئادەتتە «خەبن» زىھافىنىڭ ئوخشىمىغان بىر ۋارىيانتى دەپ قارىلىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

[1] ھەزف　[2] قەبز　[3] كەف　[4] خەرم
[5] خەرب　[6] شەتەر　[7] قەسر　[8] ھەتم
[9] جەب　[10] زەلەل(زەلل)　[11] بەتر
[12] ئىسباغ (تەسبىغ)　[13] تەخنىق

بۇ ئون ئۈچ زىھافتىن زىھافلىق رۇكنىلار تۆۋەندىكى يوللار بىلەن ياسىلىدۇ:

**[1]** [ھەزف ــ حذف (تاشلىۋەتمەك، چىقىرىۋەتمەك)] رۇكنىنىڭ ئاخىرىدىن سەبەبى خەفىفنى قىسقارتىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مفاعيلن» نىڭ ئاخىرىدىن سەبەبى خەفىف «لن» نى قىسقارتساق، «مفاعى» قالىدۇ. ئارۇزنىڭ بىرلىككە كەلگەن رۇكنىلىرى ئىچىدە «مفاعى» دېگەندەك رۇكنى يوق. شۇڭا، ئۇنى ۋەزىن جەھەتتە ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئالماشتۇرساق، ئۇ «فعولن»[①] گە توغرا كېلىدۇ. «مفاعيلن» دىن يۇقىرىدىكى ئۇسۇلدا ھاسىل قىلىنغان «فعولن» مەھزۇف ــ مَحزوف (ھەزفنىڭ تۇرلەنگەن شەكلى بولۇپ، تاشلىۋېتىلگەن، چىقىرىۋېتىلگەن دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ) دەپ ئاتىلىدۇ.

**[2]** [قەبز ــ قبض (چاڭگاللاپ ئېلىش)] رۇكنىنىڭ بەشىنچى ساكىن ھەرپىنى قىسقارتىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مفاعيلن» دىكى بەشىنچى ساكىن «اي»

① «فعولن» رۇكنى ھەم ئەسلىي ۋە ھەم فەرئىي رۇكنىلار قاتارىدا ئۇچرايدۇ.



بولۇپ، بۇ ساكىننى قىسقارتساق ئۇنىڭدىن «مفاعلن» قالىدۇ ۋە ئۇ «مەقبۇز»ــ مقبوض («قەبز» نىڭ تۇرلەنگەن شەكلى بولۇپ، قولغا كەلتۈرۈلگەن، چاڭگالغا ئېلىنغان دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدۇ.

**[3]** [كەف ــ كفّ (ئالىقان، توختاتماق، تۆگە تاپىنىنى كەسمەك)] سەبەبى خەفىف بىلەن ئاخىرلاشقان رۇكنىنىڭ يەتتىنچى ھەرپىنى قىسقارتىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مفاعيلن» نىڭ ئاخىرىدىن يەتتىنچى ھەرپ «ن» نى قىسقارتساق، «مفاعيلُ» قالىدۇ ۋە بۇ «مەكفۇف» ــ مكفوف («كەف» نىڭ تۇرلەنگەن شەكلى بولۇپ، يېپىلغان، توختىتىلغان دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ) دەپ ئاتىلىدۇ.

**[4]** [خەرم ــ خرم (بۇرنى تېشىلگەن، بۇرنىدىن تۆشۈك ئېچىلغان)] رۇكنىنىڭ بېشىدىكى ۋەتەدى مەجمۇئىنىڭ بىرىنچى ھەرىكەتلىك ھەرپىنى قىسقارتىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مفاعيلن» نىڭ بېشىدىكى بىر ھەرىكەتلىك ھەرپنى قىسقارتساق، ئۇ «فاعيلن» شەكلىگە كېلىدۇ ۋە ئۇنى ۋەزىنداش، بىرلىككە كەلگەن رۇكنى بىلەن ئالماشتۇرساق «مفعولن» گە توغرا كېلىدۇ. بۇ زىھاف «ئەخرەم» ــ اخرم («خەرم» نىڭ تۇرلەنگەن شەكلى بولۇپ، بۇرنى تېلىنغان، كېسىۋېتىلگەن دېگەن مەنە ئىپادىلەيدۇ) دەپ ئاتىلىدۇ.

**[5]** [خەرب ــ خرب (ۋەيران قىلماق)] خەرم ۋە كەفنىڭ بىرلىكىدىن ھاسىل بولىدىغان زىھافنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مفاعيلن» گە خەرم ئۆزگەرتىشى كىرگۈزسەك يەنى ئۇنىڭ بېشىدىكى بىر ھەرىكەتلىك ھەرپىنى قىسقارتساق، ئۇ «فاعيلن» شەكلىگە كېلىدۇ. «فاعيلن» گە يەنە بىر قېتىم كەف ئۆزگەرتىشى كىرگۈزسەك، يەنى ئۇنىڭ يەتتىنچى ھەرپىنىمۇ قىسقارتساق، ئۇ «فاعيل»

شەكلىگە كېلىدۇ. بۇنى ئۇنىڭ بىلەن ۋەزىنداش بولغان بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئالماشتۇرساق، ئۇ «مفعولُ» گە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئىككى خىل ئۆزگىرىشتىن ئۆتكەن زىھاف «ئەخرەب» — اخرب («خەرب» نىڭ تۈرلەنگەن شەكلى بولۇپ، ۋەيران بولغان، بۇزۇلغان دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ) دەپ ئاتىلىدۇ.

[6] [شەتەر — شتر (كېسىلمەك، ئەيىب ۋە نۇقسان، ئاستىنقى لەۋنىڭ تېشىلىشى، قاپاقنىڭ قايرىلىشى)] قەبز ۋە خەرمنىڭ بىرلىكىدىن ھاسىل بولىدىغان زىھافنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مفاعيلن» رۇكنىغا قەبز ئۆزگەرتىشى كىرگۈزسەك يەنى ئۇنىڭ بەشىنچى ساكىن ھەرپىنى قىسقارتساق، ئۇنىڭدىن «مفاعلن» قالىدۇ. يەنە ئۇنىڭغا خەرم ئۆزگەرتىشى كىرگۈزسەك يەنى ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ۋەتەدى مەجمۇئنىڭ بىرىنچى ھەرىكەتلىك ھەرپىنى قىسقارتساق، ئۇنىڭدىن «فاعلن» قالىدۇ. يۇقىرىدىكى ئۇسۇلدا ھاسىل قىلىنغان «فاعلن» «ئەشتەر»— اشتر («شەتر» نىڭ تۈرلەنگەن شەكلى بولۇپ، كېسىلگەن دېگەن مەنىنى بېرىدۇ) دەپ ئاتىلىدۇ.

[7] [قەسر — قصر (قىسقارتماق، يېتىشمەسلىك)] رۇكنىنىڭ ئاخىرىدىكى سەبەبنىڭ ساكىن ھەرپىنى قىسقارتىپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرىكەتلىك ھەرپىنى ساكىنلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مفاعيلن» نىڭ ئاخىرىدىكى ساكىن «ن» نى قىسقارتساق، ئۇنىڭدىن «مفاعيل» قالىدۇ ۋە ئەسلىدە بوغۇم بېشى يەنى ھەرىكەتلىك ھەرپ بولغان «ل» بوغۇم ئاخىرى يەنى ساكىنغا ئۆزگىرىدۇ. بۇ ئارۇزدا «مەقسۇر» — مقسور («قەسر» نىڭ تۈرلەنگەن شەكلى بولۇپ، قىسقارتىلغان دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ) دەپ ئاتىلىدۇ.



[8] [ھەتم — ھتم (چىشنى يىلتىزىدىن سۇندۇرۇش)] ھەزف ۋە قەسردىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۆزگەرتىشتىن ھاسىل قىلىنغان زىھافنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مفاعيلن» گە ھەزف ئۆزگەرتىشى كىرگۈزسەك يەنى بۇ رۇكنىنىڭ ئاخىرىدىكى سەبەبى خەفىفنى قىسقارتىۋەتسەك، ئۇنىڭدىن «مفاعى» قالىدۇ. يەنە ئۇنىڭغا قەسر ئۆزگەرتىشى كىرگۈزسەك يەنى ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى سەبەبنىڭ ساكىن ھەرپىنى قىسقارتىپ، ھەرىكەتلىك ھەرپىنى ساكىنلاشتۇرساق، ئۇ «مفاع» ھالىتىگە كېلىدۇ. بۇنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆرىسەك، ئۇ «فعول» گە توغرا كېلىدۇ. يۇقىرىقىدەك ئىككى خىل ئۆزگەرتىش بىلەن ياسالغان زىھاف ئارۇز ئىلمىدە «ئەھتەم» — اھتم («ھەتم» نىڭ تۈرلەنگەن شەكلى بولۇپ، سۇنۇق چىش دېگەن مەنىنى بېرىدۇ) دەپ ئاتىلىدۇ.

[9] [جەب — جبّ (ئاختا قىلىنغان، پىنھانلاشتۇرۇلغان)] رۇكنىنىڭ ئاخىرىدىن ھەر ئىككى سەبەبنى قىسقارتىۋېتىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مفاعيلن» نىڭ ئاخىرىدىن ئىككى سەبەب قىسقارتىلسا، «مفا» قالىدۇ. بۇنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئالماشتۇرساق، ئۇ «فعل» گە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل ئۆزگەرتىشتىن ياسالغان زىھاف ئارۇز ئىلمىدە «مەجبۇب» — مجبوب (جەبنىڭ تۈرلەنگەن شەكلى بولۇپ، ئاختا قىلىنغان دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ) دەپ ئاتىلىدۇ.

[10] [زەلەل — زلل (تېيىلىش، خاتالىشىش)] ھەتم ۋە خەرمنىڭ بىرلىكىدىن ھاسىل قىلىنىدىغان زىھافنى

كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ھەتمىنىڭ ئۆزى ھەزف ۋە قەسرنىڭ بىرلىكى بولۇپ، «مفاعيلن» بۇ ئىككى خىل ئۆزگەرتىشتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، قالغان قىسمى ۋەزىنداش رۇكنىغا سېلىنسا، ئۇ «فعول» ھالىتىگە كېلىدۇ. بۇنىڭغا يەنە خەرم ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە يەنى ئۇنىڭ ۋەتەدى مەجمۇئىدىكى بىرىنچى ھەرىكەتلىك ھەرپى تاشلىۋېتىلسە، ئۇنىڭدىن «عول» ئېشىپ قالىدۇ. بۇنى بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا سالساق، ئۇ «فاع» گە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئۇسۇلدا ياسالغان زىھاف ئارۇز ئىلمىدە «ئەزەل» — ازل («زەلەل» نىڭ تۇرلەنگەن شەكلى بولۇپ، گۆشسىز يوتا-پاچاق دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدۇ.

[11] [بەتر — بتر (قۇيرۇقىنى كېسىۋەتمەك، قىسقارتماق)] پارس-تاجىك ئارۇزچىلىقىدا جەب ۋە خەرمنىڭ بىرلىكىدىن ھاسىل قىلىنىدىغان زىھافنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مفاعيلن» رۇكنىغا جەب ئۆزگەرتىشى كىرگۈزسەك يەنى ئۇنىڭ ئاخىرىدىن ھەر ئىككى سەبەبنى قىسقارتىۋەتسەك «مفا» قالىدۇ. بۇنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش، بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆرسەك، ئۇ «فعول» گە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭغا يەنە خەرم ئۆزگەرتىشى كىرگۈزسەك يەنى ۋەتەدى مەجمۇئىنىڭ بىرىنچى ھەرىكەتلىك ھەرپىنى قىسقارتساق، ئۇنىڭدىن «فع» شەكلىلا قالىدۇ. بۇ ئارۇز ئىلمىدە «ئەبتەر» — ابتر («بەتر»نىڭ تۇرلەنگەن شەكلى بولۇپ، قۇيرۇقى قىرقىلغان دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدۇ.

[12] [ئىسباغ — اسباغ (تولۇق، تاۋلانغان. بەزىدە تەسبىغ — تسبيغ ‹ تولۇقلانماق، مۇكەممەللەشمەك › شەكلىدىمۇ ئۇچرايدۇ)] رۇكنىنىڭ ئاخىرىدىكى سەبەبكە بىر



ئەلىف قوشۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئەلىف سەبەبدىكى ساكىنىنىڭ ئالدىغا قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: «مفاعيلن» گە ئىسباغ ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە يەنى ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى سەبەبنىڭ ساكىنى بولغان «ن» نىڭ ئالدىغا «آ» ھەرپى قوشۇلسا، بۇ چاغدا «ل» بىلەن «ن» نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زەممە «ـُ» يوقاپ، رۇكىن «مفاعيلان» شەكلىگە كېلىدۇ. بۈگۈنكى سۆز بىلەن ئېيتقاندا، رۇكنىنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى قىسقا سوزۇق تاۋۇش «اُ» نىڭ ئورنىغا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش «آ» قويۇلىدۇ. بۇنداق ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ياسالغان رۇكىن ئارۇز ئىلمىدە «مۇسەببەغ» — مسبغ («ئىسباغ» نىڭ تۇرلەنگەن شەكلى بولۇپ، تولۇقلانغان دېگەن مەنىدە) نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.

[13] [تەخنىق — تخنيق (بوغماق)] بېيىتنىڭ بىرىنچى رۇكنىدىن باشقا رۇكنىلىرىدا كېلىدىغان «خەرم» بەزىدە «تەخنىق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەرەب ئارۇزىدا خەرم بولسا «سەدر» دەپ ئاتىلىدىغان رۇكنىدىن باشقا رۇكنىلاردا كەلمەيدۇ. ئەمما، پارس-تاجىك ئارۇزىدا «خەرم» باشقا رۇكنىلاردىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ ئىككى خىل ئەھۋالنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئارۇز ئىلمىدە «سەدر» دىن باشقا رۇكنىلاردا خەرم ئۆزگىرىشى كۆرۈلگەن بولسا، بۇنداق زىھاف «مۇخەننەق» — مخنق (تەخنىقنىڭ تۇرلەنگەن شەكلى بولۇپ، بوغقۇچى دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدۇ.

**(2) «مستفعلن» رۇكنىدىن ياسىلىدىغان زىھافلىق رۇكنىلار**

پارس-تاجىك ئارۇزىدا مۇستەفئىلۇننىڭ زىھافلىرى جەمئىي ئون تۆت بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

[1] خەبن　　[2] تەي

[3] خەبل　　[4] قەتئ

[5] ئىزالەت　　[6] قەتئ ۋە خەبن

[7] خەبن ۋە ئىزالەت

[8] تەي ۋە ئىزالەت

[9] خەبل ۋە ئىزالەت

[10] تەرفىل

[11] خەبن ۋە تەرفىل

[12] تەي ۋە تەرفىل

[13] تەتۋىل

[14] مەقتۇئىيى مۇسەببەغ

مەزكۇر زىھافلاردىن تۆۋەندىكى ئۇسۇللاردا زىھافلىق رۇكنلار ھاسىل قىلىنىدۇ:

[1] [ خەبن — خبن (ئېتىكى قىرقىلغان، يوشۇرۇنغان)] رۇكنىدىكى ئىككىنچى ساكىن ھەرپنى قىسقارتىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مستفعلن» دىن ئىككىنچى ساكىن «س» قىسقارتىلسا، «متفعلن» قالىدۇ. بۇنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆزىسەك «مفاعلن» غا توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا ھاسىل قىلىنغان زىھاف ئارۇز ئىلمىدە «مەخبۇن» — مخبون («خەبن» نىڭ تۇرلەنگەن شەكلى بولۇپ، ئېتىكى كېسىلگەن، يوشۇرۇنغان دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ) دەپ ئاتىلىدۇ.

[2] [تەي — طي (ئۆتمەك، ئۆتۈش)] رۇكنىنىڭ بېشىدا ئارقىمۇئارقا كەلگەن ئىككى سەبەبى خەفىفتىن تۆتىنچى ھەرپ (ئەرەبچىدە) نى قىسقارتىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مستفعلن» دىن تۆتىنچى ھەرپ «ف» تاشلىۋېتىلسە، «مستعلن» قالىدۇ. ئۇنى ئوخشاش ۋەزىندىكى، بىرلىككە كەلگەن ئەفائىلگە سالساق، ئۇ «مفتعلن» گە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئۇسۇلدا ياسالغان زىھاف ئارۇز ئىلمىدە «مەتۋى» — مطوي («تەي» نىڭ تۇرلەنگەن شەكلى بولۇپ، يۆگەلگەن، ئۆتۈپ كەتكەن دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدۇ.

[3] [خەبل — خبل (قول - پۇتى كېسىلگەن)] تەي ۋە خەبنىنىڭ بىرلىكتە كېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:



«مستفعلن» غا تەي ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ۋەزىنداش رۇكنىغا ئۆزگەرتىلسە، «مفتعلن» ھالىتىگە كېلىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە خەبن ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە يەنى ئۇنىڭدىكى ئىككىنچى ساكىن ھەرپ «ف» قىسقارتىلسا، «متعلن» شەكلىگە توغرا كېلىدۇ. بۇنى ۋەزىنداش، بىرلىككە كەلگەن ئەفائىلگە ئالماشتۇرساق، ئۇ «فعلتن» گە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئىككى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان زىھاف «فاعلتن» ئارۇز ئىلمىدە مەخبۇل — مخبول (قول - پۇتى كېسىلگەن دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدۇ.

[4] [ قەتئ — قطع (كەسمەك، ئىخچاملىماق)] رۇكنىنىڭ تەركىبىدىكى ۋەتەدى مەجمۇئنىڭ ئاخىرىدىن بىر ساكىننى تاشلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرىكەتلىك ھەرپنى ساكىنلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مستفعلن» نىڭ ئاخىرىدىن «ن» قىسقارتىلىپ، «ل» ساكىنلاشتۇرۇلسا، ئۇ «مستفعل» شەكلىگە كېلىدۇ. بۇنى ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئالماشتۇرساق، ئۇ «مفعولن» گە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىشتىن ئۆتكەن رۇكىن ئارۇز ئىلمىدە «مەقتۇئ» — مقطوع («قەتئ»نىڭ تۇرلەنگەن شەكلى بولۇپ، قاتلانغان دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدۇ.

[5] [ئىزالەت — اذالت (ئېتەك ياپماق، كىيمەك)] رۇكنىنىڭ ئاخىرىدىكى ۋەتەدى مەجمۇئنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ساكىن ھەرپىنىڭ ئالدىغا يەنە بىر ئەلىف قوشۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ھالەتتە زەممە تەلەپپۇزدىن قالىدۇ. مەسىلەن: «مستفعلن» گە يۇقىرىدىكى قائىدە بويىچە «آ» قوشۇلسا، «مستفعلان» بولىدۇ. بۇ زىھاف ئارۇز ئىلمىدە «مۇزال» — مذال («ئىزالەت» نىڭ تۇرلەنگەن شەكلى

بولۇپ، ئىپتىكى قىرقىلغان دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدۇ.

[6] [مەقتۇئىي مەخبۇن — مقطوع مخبون (قەتئ ۋە خەبن)] ئاۋۋال «مستفعلن» مەقتۇئ شەكلى يەنى «مفعولن» ھالىتىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا يەنە خەبن ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە «معولن» شەكلىگە كېلىدۇ. ئۇنى بىرلىككە كەلگەن، ۋەزىنداش رۇكنىغا ئۆزرىسەك «فعولن» گە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق يول بىلەن ھاسىل قىلىنغان «فعولن» ئارۇز ئىلمىدە مەقتۇئىي مەخبۇن دەپ ئاتىلىدۇ.

[7] [ مەخبۇنى مۇزال — مخبون مذال (خەبن ۋە ئىزالەت)] ئاۋۋال «مستفعلن» مەخبۇن شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ يەنى ئۇنىڭغا خەبن ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە «متفعلن» شەكلىگە كېلىدۇ. ئۇنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆرىگەندە «مفاعلن» گە توغرا كېلىدۇ. ئاندىن يەنە «مفاعلن» گە ئىزالەت ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە، يەنى ئاخىرقى ساكىنىنىڭ ئالدىغا بىر «آ» قوشۇلسا، ئۇنىڭدىن «مفاعلان» ھاسىل بولىدۇ. بۇ تەرزدە ياسالغان زىھاف ئارۇز ئىلمىدە مەخبۇنى مۇزال دەپ ئاتىلىدۇ.

[8] [ مەتۋىيى مۇزال — مطوي مذال (تەي ۋە ئىزالەت) «مستفعلن» گە تەي ۋە ئىزالەتتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق يېڭى زىھافلىق رۇكىن ھاسىل قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مستفعلن» گە تەي ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە يەنى ئۇنىڭدىن تۆتىنچى ھەرپ قىسقارتىلسا، «مستعلن» شەكلىگە كېلىدۇ. ئۇنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆرىسەك «مفتعلن» گە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە ئىزالەت ئۆزگەرتىشى كىرگۈزسەك يەنى ئاخىرقى ساكىنىنىڭ ئالدىغا



بىر «آ» قوشساق، «مفتعلان» ھالىتىگە كېلىدۇ. بۇنداق يول بىلەن ياسالغان زىھاف ئارۇز ئىلمىدە مەتۋىيى مۇزال دەپ ئاتىلىدۇ.

[9] [مەخبۇلى مۇزال – مخبول مذال (خەبل ۋە ئىزالەت)] ئاۋۋال «مستفعلن» گە تەي ۋە خەبندىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈپ، «فعلتن» شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۇنىڭغا ئىزالەت ئۆزگەرتىشى كىرگۈزسەك، يەنى ئاخىرقى ساكىنىنىڭ ئالدىغا بىر «آ» قوشساق، «فعلتان» ھالىتىگە كېلىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، «مستفعلن» گە ئىزالەت، تەي ۋە خەبلدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق ياسالغان زىھاف ئارۇز ئىلمىدە مەخبۇلى مۇزال نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.

[10] [تەرفىل — ترفيل (ئېتەك تارتىش، ئۇزارتىش)] «مستفعلن» نىڭ ئاخىرىدىكى ۋەتەدگە يەنە بىر سەبەبى خەفىفنى قوشۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مستفعلن» نىڭ كەينىگە يەنە بىر سەبەبى خەفىف «تن» قوشۇلسا، «مستفعلتن» ھالىتىگە كېلىدۇ. بۇنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن تەفائىلگە ئۆرىسەك، ئۇ «مستفعلاتن» گە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا ياسالغان زىھاف ئارۇز ئىلمىدە «مۇرەففەل» — مرفل («تەرفىل»نىڭ تۈرلەنگەن شەكلى بولۇپ، ئېتىكى يېيىلغان دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدۇ.

[11] [مەخبۇنى مۇرەففەل — مخبون مرفل (خەبن ۋە تەرفىل)] ئاۋۋال «مستفعلن» گە خەبن ئۆزگەرتىشى كىرگۈزسەك «مفاعلن» ھاسىل بولىدۇ. ئۇنى يەنە مۇرەففەل ئۆزگەرتىشىدىن ئۆتكۈزسەك، يەنى ئۇنىڭ ئاخىرىغا يەنە بىر سەبەبى خەفىف «تن» نى قوشساق، «مفاعلتن»

شەكلىگە كېلىدۇ. بۇنى ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆرىسەك، «مفاعلاتن» گە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئۇسۇلدا قولغا كەلتۈرۈلگەن «مفاعلاتن» ئارۇز ئىلمىدە مەخبۇنى مۇرەففەل نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.

[12] [مەتۋيى مۇرەففەل — مطوي مرفل (تەي ۋە تەرفىل) ئالدى بىلەن «مستفعلن» گە تەي ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلۈپ، «مفتعلن» شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئاندىن يەنە ئۇنىڭغا تەرفىل ئۆزگەرتىشى كىرگۈزسەك «مفتعلتن» شەكلىگە كېلىدۇ. بۇنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئايلاندۇرساق، «مفتعلاتن» گە توغرا كېلىدۇ. بۇ يول بىلەن ھاسىل قىلىنغان «مفتعلاتن» ئارۇز ئىلمىدە مەتۋيى مۇرەففەل نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.

[13] [تەتۋىل — تطويل (ئۇزارتماق)] پارس - تاجىك ئارۇزچىلىرىدىن بەزىلىرى «مستفعلن» غا مۇرەففەل ئۆزگەرتىشى كىرگۈزگەندە، رۇكنىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلىدىغان «تن» نىڭ ئورنىغا «تان» قوشۇپ، ئۇنىڭدىن «مستفعلاتان» نى ھاسىل قىلىشقان ۋە ئۇنى «مۇتەۋەل» — مطول (ئۇزارتىلغان دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتاشقان. تارىختىكى بەزى ئارۇزچىلار (جۈملىدىن شەمس قەيس رازى) بۇ زىھافتا يېزىلغان شېئىرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىشمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھاسىل قىلىنىش يوللىرىغا ئانچە قوشۇلمايدۇ. شۇڭا بىزمۇ بۇ زىھافنى مەزكۇر بابنىڭ ئاخىرىدىكى خۇلاسە جەدۋىلىگە كىرگۈزمىدۇق.

[14] [مەقتۇئيى مۇسەببەغ — مقطوع مسبغ (قەتئ ۋە ئىسباغ)] «مستفعلن» رۇكنىغا قەتئ ۋە ئىسباغدىن



ئىبارەت ئىككى ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مستفعلن» گە قەتئ ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە، يەنى رۇكنىنىڭ تەركىبىدىكى ۋەتەدى مەجمۇئنىڭ ئاخىرىدىن بىر ساكىننى تاشلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرىكەتلىك ھەرپ ساكىنلاشتۇرۇلسا، ئۇ «مستفعل» شەكلىگە كېلىدۇ. ئۇنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆرىسەك «مفعولن» گە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە ئىسباغ ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە، يەنى رۇكنىنىڭ ئاخىرىدىكى سەبەبنىڭ ساكىن ھەرپىنىڭ ئالدىغا بىر ئەلىف قوشۇلسا، «مفعولان» شەكلىگە كېلىدۇ. بۇنداق ئۇسۇلدا ھاسىل قىلىنغان «مفعولان» رۇكنى ئارۇز ئىلمىدە مەقتۇئيى مۇسەببەغ دەپ ئاتىلىدۇ.

**(3) «فاعلاتن» رۇكنىدىن ياسىلىدىغان زىھافلىق رۇكنلار**

پارس - تاجىك شېئىرىيىتىدە فائىلاتۇننىڭ زىھافلىرى ئون ئالتە بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

| | | |
|---|---|---|
| [1] خەبن | [2] كەف | [3] شەكل |
| [4] قەسر | [5] سەلم (صلم) | [6] ھەزف |
| [7] ئىسباغ | [8] تەشئىس | [9] جەھف |
| [10] رەبئ | [11] تەۋسىئ | [12] مەخبۇنى مەقسۇر |
| [13] مەخبۇنى مۇسەببەغ | | [14] مەخبۇنى مەھزۇف |
| [15] مەجھۇفى مۇسەببەغ | | [16] ئەسلەمى مۇسەببەغ |

بۇ ئون ئالتە زىھافتىن زىھافلىق رۇكنلار تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇللاردا ھاسىل قىلىنىدۇ:

[1] [خەبن — خبن (ئېتىكى قىرقىلغان، يوشۇرۇنغان)] رۇكنىنىڭ بېشىدىكى سەبەبدىن ساكىننى قىسقارتىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «فاعلاتن» نىڭ ئالدىنقى بوغۇمىدىكى ساكىن «آ» نى قىسقارتساق، «فعلاتن» شەكلىگە كېلىدۇ ۋە بۇ ئارۇز ئىلمىدە «مەخبۇن» — مخبون

(«خەبن»نىڭ تۈرلەنگەن شەكلى بولۇپ، ئېتىكى كېسىلگەن، يوشۇرۇنغان دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ) دەپ ئاتىلىدۇ.

[2] [كەف — كف (ئالىقان، توختاتماق، تۆگە تاپىنىنى كەسمەك)] رۇكنىنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن سەبەبى خەفىفتىكى ساكىنىنى قىسقارتىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «فاعلاتن» نىڭ ئاخىرىدىكى سەبەبى خەفىفتىن ساكىنى قىسقارتىلسا، «فاعلاتُ» قالىدۇ ۋە بۇ ئارۇز ئىلمىدە «مەكفۇف» — مكفوف («كەف»نىڭ تۈرلەنگەن شەكلى بولۇپ، بوغۇلغان، توسۇلغان، قارىغۇ دېگەن مەنىلەردە) دەپ ئاتىلىدۇ.

[3] [شەكل — شكل (ھايۋانلارنى بەنت قىلىش)] خەبن بىلەن كەفنىڭ «فاعلاتن» دا تەڭ كېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «فاعلاتن» دا خەبن ئۆزگەرتىشى ئېلىپ بېرىلسا، «فعلاتن» شەكلىگە كېلىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە كەف ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە، «فعلاتُ» شەكلىلىنىدۇ. بۇ خىل زىھاف ئارۇز ئىلمىدە «مەشكۇل» — مشكل («شەكل»نىڭ تۈرلەنگەن شەكلى بولۇپ، رام قىلىنغان، كۆندۈرۈلگەن دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ) دەپ ئاتىلىدۇ.

[4] [قەسر — قصر (قىسقارتماق، يېتىشمەسلىك)] رۇكنىنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن سەبەبى خەفىفتىكى ساكىنىنى قىسقارتىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنى ساكىنلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «فاعلاتن» نىڭ ئاخىرىدىكى سەبەبى خەفىفنىڭ ساكىنى بولغان «ن» قىسقارتىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ ساكىنلاشتۇرۇلسا، «فاعلات» ھالىتىگە كېلىدۇ. ئۇنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆرىسەك «فاعلان» گە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئارۇزدا «مەقسۇر» — مقصور («قەسر»نىڭ



تۈرلەنگەن شەكلى بولۇپ، قىسقارتىلغان دېگەن مەنىنى بېرىدۇ) دەپ ئاتىلىدۇ.

[5] [سەلم — صلم (قۇلاقنى تۈۋىدىن كەسمەك)] رۇكنىنىڭ ئاخىرىدىكى سەبەبنى تاشلىۋېتىش ۋە ئۇنىڭ ۋەتەدىگە قەتئ ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «فاعلاتن» نىڭ ئاخىرىدىكى سەبەبى تاشلىۋېتىلسە، «فاعلا» قالىدۇ. ئۇنىڭغا قەتئ ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە يەنى ئاخىرىدىكى ساكىنى قىسقارتىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ ساكىنلاشتۇرۇلسا، «فاعل» شەكلىگە كېلىدۇ. ئۇنى ئوخشاش ۋەزىندىكى رۇكنىغا ئۆرىسەك، «فعلن» گە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق يول بىلەن ياسالغان زىھاف ئارۇز ئىلمىدە «ئەسلەم» — اصلم («سەلم»نىڭ تۈرلەنگەن شەكلى بولۇپ، مۇستەھكەم، زىچ دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ) دەپ ئاتىلىدۇ.

[6] [ھەزف — حزف (تاشلىۋەتمەك، چىقىرىۋەتمەك)] رۇكنىنىڭ ئاخىرىدىن سەبەبى خەفىفنى قىسقارتىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «فاعلاتن» نىڭ ئاخىرىدىن سەبەبى خەفىف «تن» قىسقارتىلسا، «فاعلا» قالىدۇ. ئۇنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆرىگەندە «فاعلن» گە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئۇسۇلدا ياسالغان «فاعلن» زىھافى «مەھزۇف» — محزوف (ھەزفنىڭ تۈرلەنگەن شەكلى بولۇپ، تاشلىۋېتىلگەن، چىقىرىۋېتىلگەن دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدۇ.

[7] [ئىسباغ — اسباغ (تولۇق، تاۋلانغان)] رۇكنىنىڭ ئاخىرىدىكى سەبەبنىڭ ساكىن ھەرپىنىڭ ئالدىغا بىر ئەلىفنىڭ قوشۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «فاعلاتن» نىڭ ئاخىرىدىكى سەبەب «تن» نىڭ ساكىنى بولغان «ن» نىڭ ئالدىغا بىر ئەلىف قوشۇلسا، ئۇ

«فاعلاتان» بولىدۇ. بۇنى بىرلىككە كەلگەن ۋەزىنداش ئەفائىل بىلەن ئالماشتۇرساق «فاعلىيان» گە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق زىھاف ئارۇز ئىلمىدە «مۇسەببەغ» — مسبغ («ئىسباغ»نىڭ تۇرلەنگەن شەكلى بولۇپ، تولۇقلانغان، مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدۇ.

[8] [تەشئىس — تشعيث (تارقالماق، چېچىلماق)] رۇكنىنىڭ ۋەتەدى مەجمۇئىدىكى تۇنجى ھەرىكەتلىك ھەرپىنى قىسقارتىۋېتىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «فاعلاتن» دىكى تۇنجى ۋەتەدى مەجمۇئ «علا» دىن «ع» ھەرپى قىسقارتىلسا، «فالاتن» قالىدۇ. بۇنى ئۆزى بىلەن ئوخشاش ۋەزىندىكى بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆرىسەك «مفعولن» گە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئۇسۇلدا ھاسىل قىلىنغان زىھاف ئارۇز ئىلمىدە «مۇشەئەس» — مشعس («تەشئىس»نىڭ تۇرلەنگەن شەكلى بولۇپ، چېچىلغان، پەرىشان بولغان دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدۇ.

[9] [جەھف — جحف (يوق بولماق، ئىزدىمەك)] ئاۋۋال «فاعلاتن» گە خەبن ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈپ، ئاندىن ئۇنىڭدىن فاسىلەيى سۇغرانى قىسقارتىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «فاعلاتن» گە خەبن ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلگەندە يەنى رۇكنىدىكى ئىككىنچى ساكىن ھەرپ قىسقارتىلسا، ئۇ «فعلاتن» شەكلىگە كېلىدۇ. ئۇنىڭدىكى فاسىلەيى سۇغرا «فعلا» تاشلىۋېتىلسە، «تن» قالىدۇ. قالغان قىسمىنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆرىگەندە «فع» گە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق يول بىلەن ياسالغان زىھاف ئارۇز ئىلمىدە «مەجھۇف» — مجحوف («جەھف» نىڭ تۇرلەنگەن شەكلى بولۇپ، نۇقسانلىق دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدۇ.



[10] [رەبئ — ربع (ئۆي، تۆتكە بۆلمەك)] ئاۋۋال «فاعلاتن» رۇكنىغا سەلم ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭدىن «فاعل» ھاسىل قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا يەنە مەخبۇن ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭدىن «فَعل» ھاسىل قىلىنىدۇ. بۇنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان ئەفائىلگە ئۆرىسەك «فَعُل» گە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق يول بىلەن ياسالغان زىھاف ئارۇز ئىلمىدە «مەربۇئ» — مربوع (تۆتكە بۆلۈنگەن دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدۇ. «فَعُل» گە يەنە ئىسباغ ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈپ، ئاخىرقى رۇكنى ئۇزارتىلسا، ئۇ «فَعول» شەكلىگە كېلىپ، مەربۇئى مۇسەببەغ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.

[11] [تەۋسىئ — توسيع (كېڭەيتمەك)] «فاعلاتن» رۇكنىنىڭ كەينىگە بىر سەبەبى خەفىف يەنى بىر ئۇزۇن بوغۇم قوشۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «فاعلاتن» رۇكنىنىڭ كەينىگە بىر ئۇزۇن بوغۇم «تن» قوشۇلسا، «فاعلاتتن» شەكىللىنىدۇ. ئۇنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆرىسەك، «فاعلىياتن» گە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا ھاسىل قىلىنغان زىھافلىق رۇكىن «فاعلىياتن» ئارۇز ئىلمىدە «مۇۋەسسەئ» — موسع («تەۋسىئ» نىڭ تۇرلەنگەن شەكلى بولۇپ، كېڭەيتىلگەن دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئاز ئۇچرايدىغان زىھافلىق رۇكىن بولغاچقا مەزكۇر بابنىڭ ئاخىرىدىكى جەدۋەلگە كىرگۈزۈلمىدى.

[12] [مەخبۇنى مەقسۇر — مخبون مقصور (خەبن ۋە قەسر)] «فاعلاتن» رۇكنىنى ئارقىمۇئارقا خەبن ۋە قەسردىن ئىبارەت ئىككى ئۆزگەرتىشتىن ئۆتكۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئاۋۋال ئۇنىڭغا خەبن ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلىدۇ يەنى رۇكنىنىڭ بېشىدىكى سەبەبدىن ساكىنى

قىسقارتىلىپ، «فعلاتن» شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. كېيىندىن يەنە بۇنىڭغا قەسر ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلىدۇ. يەنى رۇكنىنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن سەبەبى خەفىفتىكى ساكىن قىسقارتىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ ساكىنلاشتۇرۇلىدۇ. نەتىجىدە ئۇ «فعلات» شەكلىگە كىرىدۇ. بۇنى ئۆزى بىلەن ئوخشاش ۋەزىندىكى بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆرىگەندە، ئۇ «فعلان» گە توغرا كېلىدۇ. مۇشۇ تەرتىپتىكى ئىككى خىل ئۆزگەرتىشتىن ھاسىل قىلىنغا زىھاف ئارۇز ئىلمىدە مەخبۇنى مەقسۇر نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.

[13] [مەخبۇنى مۇسەببەغ — مخبون مسبغ (خەبن ۋە ئىسباغ)] «فاعلاتن» رۇكنىنى ئارقىمۇئارقا خەبن ۋە ئىسباغدىن ئىبارەت ئىككى ئۆزگەرتىشتىن ئۆتكۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئاۋۋال ئۇنىڭغا خەبن ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلىدۇ. يەنى رۇكنىنىڭ بېشىدىكى سەبەبدىن ساكىنى قىسقارتىلىپ، «فعلاتن» شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. كېيىندىن يەنە بۇنىڭغا ئىسباغ ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلىدۇ. يەنى رۇكنىنىڭ ئاخىرىدىكى سەبەبىنىڭ ساكىن ھەرپىنىڭ ئالدىغا بىر ئەلىف قوشۇلۇپ، «فعلاتان» شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. بۇنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆرىگەندە «فعليان» گە توغرا كېلىدۇ. بۇ تەرتىپتە ھاسىل قىلىنغان زىھاف ئارۇز ئىلمىدە مەخبۇنى مۇسەببەغ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.

[14] [مەخبۇنى مەھزۇف — مخبون محزوف (خەبن ۋە ھەزف)] «فاعلاتن» رۇكنىنى ئارقىمۇئارقا خەبن ۋە ھەزفدىن ئىبارەت ئىككى ئۆزگەرتىشتىن ئۆتكۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئاۋۋال ئۇنىڭغا خەبن ئۆزگەرتىشى



كىرگۈزۈلىدۇ. يەنى رۇكنىنىڭ بېشىدىكى سەبەبدىن ساكىنى قىسقارتىلىپ، «فعلاتن» شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. كېيىندىن يەنە بۇنىڭغا ھەزف ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلىدۇ. يەنى رۇكنىنىڭ ئاخىرىدىن سەبەبى خەفىفى قىسقارتىلىپ، «فَعِلا» شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان ئەفائىلگە ئۆرىگەندە «فَعِلُن» گە توغرا كېلىدۇ. بۇ تەرتىپتە ھاسىل قىلىنغان زىھاف رۇكىن ئارۇز ئىلمىدە مەخبۇنى مەھزۇف نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.

[15] [مەجھۇفى مۇسەببەغ — مجحوف مسبغ (جەھف ۋە ئىسباغ)] «فاعلاتن» رۇكنىنغا جەھف ۋە ئىسباغ ئۆزگەرتىشلىرىنى كىرگۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئاۋۋال «فاعلاتن» رۇكنىنغا جەھف ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلىدۇ. جەھف ئۆزگەرتىشىنىڭ ئۆزىلا «فاعلاتن» گە خەبن ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈپ، ئاندىن ئۇنىڭدىن فاسىلەيى سوغرانى قىسقارتىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «فاعلاتن» گە خەبن ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلگەندە يەنى «فاعلاتن» رۇكنىدىكى ئىككىنچى ساكىن ھەرپ قىسقارتىلغاندا، ئۇ «فعلاتن» شەكلىگە كېلىدۇ. ئۇنىڭدىكى فاسىلەيى سوغرا «فاعلا» تاشلىۋېتىلسە، «تن» قالىدۇ. قالغان بۇ قىسمىنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆرىگەندە «فع» گە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا يەنە ئىسباغ ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلىدۇ. يەنى رۇكنىنىڭ ئاخىرىدىكى سەبەبىنىڭ ساكىن ھەرپىنىڭ ئالدىغا بىر ئەلىف قوشۇلىدۇ. «فع» دىكى ساكىن «ع» نىڭ ئالدىغا بىر ئەلىف قوشۇلسا، ئۇ «فاع» شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ. بۇ تەرزدە ياسالغان زىھافلىق رۇكىن ئارۇز ئىلمىدە مەجھۇفى مۇسەببەغ نامى بىلەن

ئاتىلىدۇ.

[16] [ئەسلەمى مۇسەببەغ — اصلم مسبغ (سەلم ۋە ئىسباغ)] «فاعلاتن» رۇكنىنغا سەلم ۋە ئىسباغدىن ئىبارەت ئىككى ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «فاعلاتن» رۇكنىنغا سەلم ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە، يەنى ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى سەبەب قىسقارتىلسا، «فاعلا» شەكلىگە كېلىدۇ. ئۇنىڭ ۋەتەدى قەتئ قىلىنسا، يەنى ئاخىرىدىكى ساكىنى قىسقارتىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ ساكىنلاشتۇرۇلسا، «فاعل» شەكلىگە كېلىدۇ. ئۇنى ئوخشاش ۋەزىندىكى رۇكنىغا ئۆرىسەك «فعلن» گە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭغا يەنە ئىسباغ ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە، يەنى رۇكنىنىڭ ئاخىرىدىكى سەبەبنىڭ ساكىن ھەرپىنىڭ ئالدىغا بىر ئەلىف قوشۇلسا، «فعلان» ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. بۇنداق يول بىلەن ياسالغان زىھافلىق رۇكىن ئارۇز ئىلمىدە ئەسلەمى مۇسەببەغ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.

**(4) «مفعولاتُ» رۇكنىدىن ياسىلىدىغان زىھافلىق رۇكنىلار**

پارس ـ تاجىك شېئىرىيىتىدە «مفعولاتُ» رۇكنىنىڭ زىھافلىرى ئون تۆت بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

| | | |
|---|---|---|
| [1] خەبن | [2] تەي | [3] ۋەقف |
| [4] كەشف | [5] رەفئ | [6] سەلم |
| [7] جەدئ | [8] نەھر | [9] مەخبۇل |
| [10] مەخبۇنى مەۋقۇف | [11] مەخبۇنى مەكشۇف | |
| [12] مەكشۇفى مەتۋى | [13] مەتۋىيى مەۋقۇف | |
| [14] مەخبۇنى مەتۋىيى مەكشۇف | | |

بۇ ئون تۆت زىھافتىن فەرئىي (تارماق) رۇكنىلار تۆۋەندىكى ئۇسۇللاردا ھاسىل قىلىنىدۇ:



[1] [خەبن — خبن (ئېتىكى قىرقىلغان، يوشۇرۇنغان)] «مفعولاتُ» رۇكنىنىڭ بېشىدىكى سەبەبدىن ساكىنىنى قىسقارتىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مفعولاتُ» نىڭ ئالدىنقى بوغۇمىدىكى ساكىن «ف» نى قىسقارتساق، «معولاتُ» شەكلىگە كېلىدۇ. ئۇنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆرىسەك «مفاعيلُ» گە توغرا كېلىدۇ. «مفعولاتُ» دىن يۇقىرىدىكى ئۇسۇلدا ھاسىل قىلىنغان «مفاعيلُ» ئارۇز ئىلمىدە «مەخبۇن» — مخبون («خەبن»نىڭ تۇرلەنگەن شەكلى بولۇپ، ئېتىكى كېسىلگەن، يوشۇرۇنغان دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ) دەپ ئاتىلىدۇ.

[2] [تەي — طي (ئۆتمەك، ئۆتۈش)] «مفعولاتُ»رۇكنىنىڭ بېشىدا ئارقىمۇئارقا كەلگەن ئىككى سەبەبى خەفىفتىن تۆتىنچى ھەرپ (ئەرەبچىدە) نى قىسقارتىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مفعولاتُ» دىن تۆتىنچى ھەرپ «و» تاشلىۋېتىلسە، «مفعلاتُ» قالىدۇ. ئۇنى ئوخشاش ۋەزىندىكى، بىرلىككە كەلگەن ئەفائىلگە سالساق، ئۇ «فاعلاتُ» گە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئۇسۇلدا ياسالغان زىھافلىق رۇكىن ئارۇز ئىلمىدە «مەتۋى» — مطوي («تەي»نىڭ تۇرلەنگەن شەكلى بولۇپ، يۆگەلگەن، ئۆتۈپ كەتكەن دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدۇ.

[3] [ۋەقف — وقف (توختىماق، توختاتماق)] «مفعولاتُ» رۇكنىنىڭ ئاخىرىدىكى ھەرىكە «ـُـ» نى تەلەپپۇزدىن ساقىت قىلىپ، رۇكىن ئاخىرىدىكى «ت» نى ساكىنلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مفعولاتُ» (مەفئۇلاتۇ) نىڭ ئاخىرىدىكى قىسقا سوزۇق تاۋۇش «ئۇ» تەلەپپۇز قىلىنمىسا، «مفعولات» (مەفئۇلات) شەكلىگە كېلىپ، «ت» ساكىنلىشىدۇ يەنى بوغۇم ئاخىرى بولۇپ

قالىدۇ. «مفعولات» نى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكىنغا ئۆرىسەك، ئۇ «مفعولان» گە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا ياسالغان زىھافلىق رۇكىن ئارۇز ئىلمىدە «مەۋقۇف» — موقوف (كەينىگە سۈرۈلگەن، توختىتىلغان دېگەن مەنىلەردە) دەپ ئاتىلىدۇ.

[4] [ كەشف — كشف (ئاشكارىلىماق، يالىڭاچلىماق، ئاچماق)] «مفعولاتُ» رۇكىنىنىڭ ئاخىرىدىكى «ت» ھەرپىنى قىسقارتىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مفعولاتُ» دىن «ت» ھەرپى قىسقارتىلسا، «مفعولا» ئېشىپ قالىدۇ. ئۇنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن ئەفائىلگە ئۆرىگەندە «مفعولن» گە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئۇسۇلدا ھاسىل قىلىنغان «مفعولن» ئارۇز ئىلمىدە «مەكشۇف» — مكشوف («كەشف»نىڭ تۈرلەنگەن شەكلى بولۇپ، يالىڭاچلانغان، ئاشكارا دېگەن مەنىلەردە) نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.

[5] [رەفئ — رفع (يوقاتماق، بىر تەرەپ قىلماق)] ئىككى سەبەب ئارقىمۇئارقا كەلگەن رۇكىندا بىرىنچى سەبەبنى قىسقارتىۋېتىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مفعولاتُ» دىن بىرىنچى سەبەب «مف» قىسقارتىلسا، «عولاتُ» قالىدۇ. ئۇنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكىنغا ئۆرىگەندە «مفعولُ» گە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئۇسۇلدا ھاسىل قىلىنغان زىھاف ئارۇز ئىلمىدە «مەرفۇئ» — مرفوع («رەفئ»نىڭ تۈرلەنگەن شەكلى بولۇپ، بىر تەرەپ قىلىنغان، كۆتۈرۈۋېتىلگەن دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدۇ.

[6] [سەلم — صلم (قۇلاقنى تۈۋىدىن كەسمەك)] رۇكىننىڭ ئاخىرىدىن بىر ۋەتەدى مەفرۇق يەنى بىر ئۇزۇن ۋە بىر قىسقا بوغۇمنى تاشلىۋېتىشنى كۆرسىتىدۇ.



مەسىلەن: «مفعولاتُ» نىڭ ئاخىرىدىكى سەبەبى «لاتُ» تاشلىۋېتىلسە، «مفعو» قالىدۇ. ئۇنى ئوخشاش ۋەزىندىكى رۇكىنغا ئۆرىسەك «فعلن» گە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق يول بىلەن ياسالغان زىھافلىق رۇكىن ئارۇز ئىلمىدە «ئەسلەم[①]» — اصلم («سەلم»نىڭ تۈرلەنگەن شەكلى بولۇپ، مۇستەھكەم، زىچ دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ) دەپ ئاتىلىدۇ.

[7] [جەدئ — جدع (قول ۋە قۇلىقى كېسىلگەن)] «مفعولاتُ» رۇكىنىنىڭ بېشىدىن ھەر ئىككى سەبەبى خەفىفنى قىسقارتىۋېتىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مفعولاتُ» دىن ھەر ئىككى سەبەبى خەفىف قىسقارتىلسا، «لاتُ» قالىدۇ. ئارۇزچىلار ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى «ت» نى ساكىنلاشتۇرۇپ، «لات» شەكلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۆزى بىلەن ئوخشاش ۋەزىندىكى بىرلىككە كەلگەن رۇكىن «فاع» گە ئۆرۈپ، «مەجدۇئ» — مجدوع («جەدئ» نىڭ تۈرلەنگەن شەكلى بولۇپ، بۇرنى كېسىلگەن، قۇلىقى كېسىلگەن دېگەن مەنىلەردە) دەپ ئاتاشقان.

[8] [نەھر — نَحر (بوغۇزلىماق)] «مفعولاتُ» رۇكىنىدا كەشف ۋە جەدئ ئۆزگىرىشىنىڭ بىرلىكتە كېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مفعولاتُ» رۇكىنىغا كەشف ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە، يەنى ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى «ت» ھەرپى قىسقارتىلسا، «مفعولا» شەكلىگە كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۇنىڭغا جەدئ ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلىدۇ. يەنى رۇكىنىنىڭ بېشىدىن ھەر ئىككى

① «مفعولاتُ» رۇكىنىدىكى سەلم ئۆزگەرتىشىدە «فاعلاتن» رۇكىنىدىكىگە ئوخشاش ئايرىم قەتئى ئۆزگەرتىشى بولمايدۇ.

سەبەبى خەفىف قىسقارتىۋېتىلىدۇ. نەتىجىدە پەقەت «لا» ئېشىپ قالىدۇ. بۇنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن ئەفائىلگە ئۆرىگەندە، ئۇ «فع» گە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئۇسۇلدا ھاسىل قىلىنغان زىھافلىق رۇكىن ئارۇزچىلار تەرىپىدىن مەنھۇر – منحور («نەھر» نىڭ تۈرلەنگەن شەكلى بولۇپ، بوغۇزلانغان، مەيدىسى تىلىنغان دېگەن مەنىلەردە) دەپ ئاتالغان.

[9] [خەبل – خبل (قول - پۇتى كېسىلگەن)] «مفعولاتُ» رۇكنىدا خەبن ۋە تەيدىن ئىبارەت ئىككى ئۆزگەرتىشنى ئارقىمۇئارقا ئېلىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مفعولاتُ» غا خەبن ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە، يەنى رۇكنىنىڭ بېشىدىكى سەبەبىنىڭ ساكىنى بولغان «ف» قىسقارتىلسا، «معولاتُ» قالىدۇ. يەنە ئۇنىڭغا تەي ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈپ، ئەسلىدىكى سالىم شەكلى بولغان «مفعولاتُ» نى ئاساس قىلىپ، ئۇنىڭ بېشىدا ئارقىمۇئارقا كەلگەن ئىككى سەبەبى خەفىفتىن تۆتىنچى ھەرپ (ئەرەبچىدە) «و» قىسقارتىلسا، «مَعُلاتُ» قالىدۇ. ئۇنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن ئەفائىلگە ئۆرىگەندە «فعلاتُ» گە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئۇسۇلدا ھاسىل قىلىنغان «فعلاتُ» ئارۇز ئىلمىدە «مەخبۇل» – مخبول («خەبل»نىڭ تۈرلەنگەن شەكلى بولۇپ، قول - پۇتى كېسىۋېتىلگەن دېگەن مەنە ئىپادىلەيدۇ) نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.

[10] [مەخبۇنى مەۋقۇف – مخبون موقوف (خەبن ۋە ۋەقف)] «مفعولاتُ» رۇكنىدا مەخبۇن ۋە مەۋقۇفتىن ئىبارەت ئىككى ئۆزگەرتىشنى ئارقىمۇئارقا ئېلىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مفعولاتُ» رۇكنىغا خەبن ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە ، يەنى ئۇنىڭ بېشىدىكى



سەبەبتىن ساكىنى قىسقارتىۋېتىلسە، «معولاتُ» قالىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە ۋەقف ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە، يەنى رۇكنىنىڭ ئاخىرىدىكى ھەرىكە «ــُـ» نى تەلەپپۇزدىن ساقىت قىلىپ، رۇكنى ئاخىرىدىكى «ت» ساكىنلاشتۇرۇلسا، «معولات» ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئۇنى ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆرىسەك «فعولان» گە توغرا كېلىدۇ. «مفعولاتُ» دىن يۇقىرىدىكىدەك ئۇسۇلدا ھاسىل قىلىنغان «فعولان» ئارۇز ئىلمىدە مەخبۇنى مەۋقۇف نامى بىلەن ئاتالغان.

[11] [مەخبۇنى مەكشۇف – مخبون مكشوف (خەبن ۋە كەشف)] «مفعولاتُ» رۇكنىدا مەخبۇن ۋە مەكشۇفتىن ئىبارەت ئىككى ئۆزگەرتىشنى ئارقىمۇئارقا ئېلىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مفعولاتُ» رۇكنىغا كەشف ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە، يەنى رۇكنىنىڭ ئاخىرىدىكى «ت» ھەرپى قىسقارتىلسا، «مفعولا» قالىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە مەخبۇن ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە، يەنى ئۇنىڭ بېشىدىكى سەبەبدىن ساكىنى (بىرىنچى بوغۇمنىڭ ئاخىرقى ھەرپى) قىسقارتىۋېتىلسە، «معولا» قالىدۇ. ئۇنى ئوخشاش ۋەزىندىكى بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆرىسەك، «فعولن» گە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئۇسۇلدا ھاسىل قىلىنغان «فعولن» ئارۇز ئىلمىدە مەخبۇنى مەكشۇف[1] نامى بىلەن ئاتالغان.

[12] [مەكشۇفى مەتۋى – مكشوف مطوي (كەشف ۋە تەي)] «مفعولاتُ» رۇكنىدا مەكشۇف ۋە مەتۋىدىن

[1] بۇ زىھاف بەزى مەنبەلەردە يۇقىرىدىكىگە ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا ھاسىل قىلىنغان. ئۇنىڭدا ئاساسەن «مفعولاتُ» رۇكنىغا خەبن ۋە كەشف ئۆزگەرتىشىنى بىرلا ۋاقىتتا كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭدىن «معولا» ھاسىل قىلىنغان. ۋەزىنداش رۇكنى بولغان «فعولن» گە ئۆرۈلۈپ، مەخبۇنى مەكشۇف دەپ ئاتالغان.

ئىبارەت ئىككى ئۆزگەرتىشنى ئارقىمۇئارقا ئېلىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مفعولاتُ» غا كەشف ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە، يەنى رۇكىنىنىڭ ئاخىرىدىكى «ت» ھەرپى قىسقارتىلسا، «مفعولا» قالىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە تەي ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە يەنى رۇكىنىنىڭ بېشىدا ئارقىمۇئارقا كەلگەن ئىككى سەبەبى خەفىفتىن تۆتىنچى ھەرپ «و» قىسقارتىلسا، «مفعلا» قالىدۇ. ئۇنى ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكىنغا ئۆزگەرتەندە «فاعلن» گە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق يول بىلەن ھاسىل قىلىنغان «فاعلن» ئارۇز ئىلمىدە مەكشۇفى مەتۋى نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.

[13] [مەتۋىيى مەۋقۇف — مطوي موقوف (تەي ۋە ۋەقف)] «مفعولاتُ» رۇكىنىدا مەتۋى ۋە مەۋقۇفتىن ئىبارەت ئىككى ئۆزگەرتىشنى ئارقىمۇئارقا ئېلىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مفعولاتُ» غا تەي ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە، يەنى رۇكىنىنىڭ بېشىدا ئارقىمۇئارقا كەلگەن ئىككى سەبەبى خەفىفتىن تۆتىنچى ھەرپ «و» قىسقارتىلسا، «مفعلاتُ» قالىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە ۋەقف ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە يەنى رۇكىنىنىڭ ئاخىرىدىكى ھەرەكە «ـُ» نى تەلەپپۇزدىن ساقىت قىلىپ، رۇكىن ئاخىرىدىكى «ت» ساكىنلاشتۇرۇلسا، «مفعلات» ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئۇنى بىرلىككە كەلگەن، ۋەزىنداش رۇكىنغا ئۆزگەرتسەك، «فاعلان» غا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئۇسۇلدا ھاسىل قىلىنغان «فاعلان» ئارۇز ئىلمىدە مەتۋىيى مەۋقۇف نامى بىلەن ئاتالغان.

[14] [مەخبۇنى مەتۋىيى مەكشۇف — مخبون مطوي مكشوف (خەبن، تەي ۋە كەشف)] «مفعولاتُ» رۇكىنىدا مەخبۇن، مەتۋى ۋە مەكشۇفتىن ئىبارەت ئۈچ ئۆزگەرتىشنى



ئارقىمۇئارقا ئېلىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مفعولاتُ» غا خەبن ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە، يەنى ئۇنىڭ بېشىدىكى سەبەبدىن ساكىنى قىسقارتىۋېتىلسە، «معلاتُ» ئېشىپ قالىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە تەي ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە، يەنى رۇكىنىنىڭ بېشىدا ئارقىمۇئارقا كەلگەن ئىككى سەبەبى خەفىفتىن تۆتىنچى ھەرپ «و» قىسقارتىلسا، «معلاتُ» قالىدۇ. بۇنىڭغا يەنە كەشف ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە، يەنى رۇكىنىنىڭ ئاخىرىدىكى «ت» ھەرپى قىسقارتىلسا، «معلا» قالىدۇ. ئۇنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكىنغا ئۆزگەرتسەك «فعلن» گە توغرا كېلىدۇ. بۇ يول بىلەن ھاسىل قىلىنغان زىھافلىق رۇكىن «فعلن» ئارۇز ئىلمىدە مەخبۇنى مەتۋىيى مەكشۇف دەپ ئاتالغان.

(5) «فاعلاتن»[①] رۇكىنىدىن ياسىلىدىغان زىھافلىق رۇكىنلار

پارس - تاجىك شېئىرىيىتىدە فائىلاتون رۇكىنىنىڭ زىھافلىرى ئالتە بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

| | | |
|---|---|---|
| [1] كەف | [2] قەسر | [3] ھەزف |
| [4] سەلخ | [5] تەمس | [6] ئىسباغ |

بۇ ئالتە زىھاف تۆۋەندىكىدەك زىھافلىق رۇكىنلارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ:

[1] [كەف — كف (ئالىقان، توختاتماق، تۆگە تاپىنىنى كەسمەك)] «فاع+لا+تن» دا يەتتىنچى ھەرپنى قىسقارتىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «فاعلاتن» دا يەتتىنچى ھەرپ «ن» قىسقارتىلسا، «فاعلاتُ» قالىدۇ. بۇ ئارۇز ئىلمىدە «مەكفۇف» — مكفوف («كەف»نىڭ

① بۇ يەردىكى «فاعلاتن» نىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشى مۇنداق: «فاع + لا + تن». يەنى ئۇ بىر ۋەتەدى مەفرۇق ۋە ئىككى سەبەبى خەفىفتىن تەركىب تاپىدۇ.

تۇرلەنگەن شەكلى بولۇپ، يىپىلغان، توختىتىلغان دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ) دەپ ئاتىلىدۇ.

[2] [قەسىر – قصر (قىسقارتماق، يىپتىشمەسلىك)] رۇكنىنىڭ ئاخىرىدىكى سەبەبنىڭ ساكىن ھەرپىنى قىسقارتىپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرىكەتلىك ھەرپىنى ساكىنلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «فاعلاتن» دا قەسىر «فاعلات» بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا «فاعلان» قويۇلۇپ، «مەقسۇر» – مقصور (قىسقارتىلغان) دەپ ئاتىلىدۇ.

[3] [ھەزف – حزف (تاشلىۋەتمەك، چىقىرىۋەتمەك)] رۇكنىنىڭ ئاخىرىدىن سەبەبى خەفىفنى قىسقارتىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «فاعلاتن» نىڭ ئاخىرىدىن سەبەبى خەفىف «تن» نى قىسقارتساق، «فاعلا» قالىدۇ. ئۇنى ۋەزىنداش، بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆزگەرسەك «فاعلن» گە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا ھاسىل قىلىنغان «فاعلن» ئارۇز ئىلمىدە «مەھزۇف» – مَحزوف (تاشلىۋېتىلگەن، چىقىرىۋېتىلگەن) دەپ ئاتىلىدۇ.

[4] [سەلخ – سلخ (تېرىسىنى شىلماق)] رۇكنىدىكى ھەر ئىككى سەبەبى خەفىفنى قىسقارتىپ، ۋەتەدى مەفرۇقنىڭ ئاخىرىدىكى ھەرىكەتلىك ھەرپىنى ساكىنلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «فاعلاتن» ئىككى سەبەبى خەفىف «لاتن» قىسقارتىلسا، «فاع» قالىدۇ. ئۇنىڭدىكى «ع» ئەسلىدە ئىككىنچى بوغۇمنىڭ باشلىنىش ھەرپى يەنى ھەرىكەتلىك ھەرپ بولۇپ، بۇ يەردە بوغۇم ئاخىرى يەنى ساكىنغا ئايلىنىدۇ. بۇ شەكىلدە ياسالغان زىھافلىق رۇكىن ئارۇز ئىلمىدە «مەسلۇخ» – مسلوخ («سەلخ»نىڭ تۇرلەنگەن شەكلى بولۇپ،



ئۆلتۈرۈلگەن ياكى تېرىسى شىلىنغان ھايۋان دېگەن مەنىدە) نامى بىلەن ئاتالغان.

[5] [تەمس – طمس (يوق قىلماق، نابۇت قىلماق، چىرىمەك)] رۇكنىدىكى ھەر ئىككى سەبەبى خەفىف ۋە ۋەتەدى مەفرۇقنىڭ ئاخىرىدىكى ھەرىكەتلىك ھەرپىنى قىسقارتىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «فاعلاتن» ئىككى سەبەبى خەفىف «لاتن» ۋە ۋەتەدى مەفرۇقنىڭ ئاخىرىدىكى ھەرىكەتلىك ھەرپ «ع» قىسقارتىلسا، «فا» قالىدۇ. ئۇنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆزگەرسەك، «فع» گە تەڭ بولىدۇ. بۇ خىل زىھاف ئارۇز ئىلمىدە «مەتمۇس» – مطموس («تەمس»نىڭ تۇرلەنگەن شەكلى بولۇپ، نابۇت قىلىنغان، چىرىگەن، دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ) دەپ ئاتىلىدۇ.

[6] [ئىسباغ – اسباغ[1] (تولۇق، تاۋلانغان)] رۇكنىنىڭ ئاخىرىدىكى سەبەبكە بىر ئەلىف قوشۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئەلىف سەبەبدىكى ساكىننىڭ ئالدىغا قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: «فاعلاتن» دا ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى ساكىن «ن» نىڭ ئالدىغا بىر ئەلىف قوشۇلسا، ئۇ «فاعلاتان» شەكلىگە كېلىدۇ. ئۇنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان رۇكنىغا ئۆزگەرسەك، «فاعليان» گە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل زىھافلىق رۇكىن ئارۇز ئىلمىدە «مۇسەببەغ» – مسبغ («ئىسباغ»نىڭ تۇرلەنگەن شەكلى بولۇپ، تولۇقلانغان، مۇكەممەللەشكەن دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ) دەپ ئاتىلىدۇ.

[1] شەمس قەيس رازى: «ئەل-مۇجەم» دە بۇ رۇكىننى تىلغا ئالمايدۇ. «ئەل-مۇجەم» 51-بەتكە قارالسۇن.

(6) «مستفعلن»[①] رۇكنىدىن ياسالغان زىهافلىق رۇكنلار

پارس ـ تاجىك شېئىرىيىتىدە موستەفئىلۇن رۇكنىنىڭ زىهافلىرى بەش بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

[1] خەبن [2] قەسر [3] كەف

[4] شەكل [5] مەخبۇنى مەقسۇر

بۇ بەش زىهافتىن تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇللاردا زىهافلىق رۇكنلار هاسىل قىلىنىدۇ:

[1] [خەبن — خبن (ئېتىكىنى قىرقىش، يوشۇرۇنۇش)] رۇكنىنىڭ بېشىدىكى سەبەبدىن ساكىنىنى قىسقارتىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مستفعلن» رۇكنىنىڭ بېشىدىكى سەبەبدىن ساكىن «س» قىسقارتىلسا، ئۇ «متفعلن» هالىتىگە كېلىدۇ. ئۇنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكنغا ئۆرىسەك، «مفاعلن» غا توغرا كېلىدۇ. بۇ تەرزدە هاسىل قىلىنغان «مفاعلن» رۇكنى ئارۇز ئىلمىدە «مەخبۇن» — مخبون (ئېتىكى كېسىۋېتىلگەن، يوشۇرۇنغان) دەپ ئاتىلىدۇ.

[2] [قەسر — قصر (قىسقارتماق، يېتىشمەسلىك)] رۇكنىنىڭ ئاخىرىدىكى سەبەبنىڭ ساكىن هەرپىنى قىسقارتىپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى هەرىكەتلىك هەرپىنى ساكىنلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مستفعلن» گە قەسر ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە، «مستفعل» هاسىل بولىدۇ. ئۇنى ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكنغا ئۆرىسەك، «مفعولن» گە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئۇسۇلدا هاسىل قىلىنغان «مفعولن» ئارۇز ئىلمىدە «مەقسۇر» — مقصور (قىسقارتىلغان) دەپ ئاتىلىدۇ.

---

① بۇ «مستفعلن» نىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشى مۇنداق: «مس+تفع+لن» يەنى ئۇ ئىككى سەبەبى خەفىفنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر ۋەتەدى مەفرۇقنى قىستۇرۇشتىن هاسىل قىلىنغان.



[3] [كەف — كف (ئالىقان، توختاتماق، تۆگە تاپىنىنى كەسمەك)] سەبەبى خەفىف بىلەن ئاخىرلاشقان رۇكنىنىڭ يەتتىنچى هەرپىنى قىسقارتىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مستفعلن» دا يەتتىنچى هەرپ «ن» قىسقارتىلسا، «مستفعلُ» قالىدۇ. بۇ موستەفئىلو دەپ ئوقۇلۇپ، ئارۇز ئىلمىدە مەكفۇف — مكفوف (يېپىلغان، توختىتىلغان) نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.

[4] [شەكل — شكل (هايۋانلارنى بەنت قىلىش)] خەبن بىلەن كەفنىڭ «مستفعلن» دا تەڭ كېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مستفعلن» دا خەبن ئۆزگەرتىشى ئېلىپ بېرىلسا، يەنى ئۇنىڭ بېشىدىكى سەبەبدىن ساكىنى قىسقارتىلسا، «متفعلن» شەكلىگە كېلىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە كەف ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە يەنى رۇكنىنىڭ يەتتىنچى هەرپى «ن» قىسقارتىلسا، «متفعلُ» شەكىللىنىدۇ. ئۇنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكنغا ئۆرىسەك، «مفاعلُ» گە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل زىهافلىق رۇكىن ئارۇز ئىلمىدە «مەشكۇل» («مشكل ـ شەكل» نىڭ تۈرلەنگەن شەكلى بولۇپ، رام قىلىنغان، كۆندۈرۈلگەن دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ) دەپ ئاتىلىدۇ.

[5] [مەخبۇنى مەقسۇر — مخبون مقصور (خەبن ۋە قەسر)] «مستفعلن» رۇكنىدا خەبن ۋە قەسر ئۆزگەرتىشىنى ئارقىمۇئارقا ئېلىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مستفعلن» گە خەبن ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە يەنى رۇكنىنىڭ بېشىدىكى سەبەبدىن ساكىنى قىسقارتىۋېتىلسە، «متفعلن» هالىتىگە كېلىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە قەسر ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە، يەنى رۇكنىنىڭ ئاخىرىدىكى سەبەبنىڭ ساكىن هەرپى قىسقارتىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى هەرىكەتلىك هەرپ ساكىنلاشتۇرۇلسا،

«متفعل» ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئۇنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆرسەك، «فعولن» گە توغرا كېلىدۇ. «مستفعلن» دىن بۇ يول بىلەن ھاسىل قىلىنغان «فعولن» ئارۇز ئىلمىدە مەخبۇنى مەقسۇر دەپ ئاتالغان.

**(7) «فعولن» رۇكنىدىن ياسىلىدىغان زىھافلىق رۇكنلار**

پارس-تاجىك شېئىرىيىتىدە فەئۇلۇن رۇكنىغا تەۋە زىھافلارنىڭ سانى ئالتە بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

| | | |
|---|---|---|
| [1] قەبز | [2] قەسر | [3] ھەزف |
| [4] سەلم | [5] سەرم | [6] بەتر |

مەزكۇر زىھافلاردىن تۆۋەندىكى ئۇسۇللاردا زىھافلىق رۇكنلار ياسىلىدۇ:

[1] [قەبز — قبض (چاڭگاللاپ ئېلىش)] رۇكنىنىڭ بەشىنچى ساكىن ھەرپىنى قىسقارتىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «فعولن» دىكى بەشىنچى ساكىن «ن» بولۇپ، بۇ ساكىننى قىسقارتساق، ئۇنىڭدىن «فعولُ» قالىدۇ ۋە ئۇ مەقبۇز — مقبوض («قەبز»نىڭ تۇرلەنگەن شەكلى بولۇپ، قولغا ئېلىنغان، قولغا كەلتۈرۈلگەن دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ) دەپ ئاتىلىدۇ.

[2] [قەسر — قصر (قىسقارتماق، يېتىشمەسلىك)] رۇكنىنىڭ ئاخىرىدىكى سەبەبنىڭ ساكىن ھەرپىنى قىسقارتىپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرىكەتلىك ھەرپىنى ساكىنلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «فعولن» غا قەسر ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە، «فعول» بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا ھاسىل قىلىنغان «فعول» ئارۇز ئىلمىدە «مەقسۇر» — مقصور (قىسقارتىلغان) نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.



[3] [ھەزف — حزف (تاشلىۋەتمەك، چىقىرىۋەتمەك)] رۇكنىنىڭ ئاخىرىدىن سەبەبى خەفىفنى قىسقارتىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «فعولن» نىڭ ئاخىرىدىن سەبەبى خەفىف «لن» نى قىسقارتساق، «فعو» قالىدۇ. ئۇنى ۋەزىن جەھەتتە ئۆزىگە تەڭ كېلىدىغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئالماشتۇرساق، «فعل» گە توغرا كېلىدۇ. «فعولن» دىن يۇقىرىدىكى ئۇسۇلدا ھاسىل قىلىنغان «فعل» «مەھزۇف» — محزوف (تاشلىۋېتىلگەن، چىقىرىۋېتىلگەن دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدۇ.

[4] [سەلم — ثلم[1] (تېشىپ ئۆتمەك، رەخنە قىلماق)] رۇكنىنىڭ ئالدىدىن ھەرىكەتلىك ھەرپىنى قىسقارتىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «فعولن» نىڭ ئالدىدىكى ھەرىكەتلىك ھەرپ «ف» قىسقارتىلسا، «عولن» قالىدۇ. بۇ ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئالماشتۇرۇلسا، «فعلن» گە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئۇسۇلدا ھاسىل قىلىنغان زىھافلىق رۇكن «فعلن» ئارۇز ئىلمىدە «ئەسلەم» — اثلم («سەلم»نىڭ تۇرلەنگەن شەكلى بولۇپ، تېشىلگەن، يوچۇق ئېچىلغان دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ) دەپ ئاتىلىدۇ.

[5] [سەرم — ثرم (ئالدىدىكى چىشنى سۇندۇرۇش)] رۇكنىدا قەبز ۋە سەلم ئۆزگەرتىشنىڭ بىرلىكتە ئېلىپ

[1] ئارۇز ئىلمىدە سەلم ياكى ئەسلەمدىن ئىككىسى بار بولۇپ، ئەرەبچىدە ئايرىم ھالدا صلم-اصلم (ۋەتەدى مەفرۇقنى قىسقارتىش) ۋە ثلم-اثلم (رۇكنى بېشىدىكى ھەرىكەتلىك ھەرپنى قىسقارتىش) شەكلىدە پەرقلەندۈرۈلۈپ يېزىلىدۇ. ئۇيغۇرچىدا ئۇلارنى تەلەپپۇز جەھەتتە پەرقلەندۈرۈشكە ئامال يوق. شۇڭا، ئىرناق ئىچىدىكى ئەرەبچىسىگە قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

بىرلىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «فعولن» غا قەبز ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە، يەنى رۇكنىنىڭ بەشىنچى ساكىن ھەرپى قىسقارتىلسا، ئۇ «فعولُ» شەكلىگە كېلىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە سەلم ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە، يەنى رۇكنىنىڭ ئالدىدىكى ھەرىكەتلىك ھەرپ قىسقارتىلسا، ئۇ «عولُ» شەكلىگە كېلىدۇ. بۇنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكنغا ئۆرىگەندە، «فعلُ» گە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئۆزگەرتىشلەر ئارقىلىق ياسالغان زىھافلىق رۇكن «فعلُ» ئارۇز ئىلمىدە «ئەسرەم» — اثرم (چىشى سۇنۇق دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدۇ.

[6] [بەتر — بتر (قۇيرۇقىنى كېسىۋەتمەك، قىسقارتماق)] «فعولن» رۇكنىدىكى بەتر بولسا سەلم ۋە ھەزفنىڭ بىرلىكىدىن ھاسىل قىلىنىدىغان زىھافلىق رۇكننى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «فعولن» رۇكنىغا سەلم ئۆزگەرتىشى كىرگۈزسەك، «فعلن» ھاسىل بولىدۇ. ئۇنىڭدا يەنە ھەزف ئۆزگەرتىشى ئېلىپ بارساق، يەنى ئاخىرىدىكى سەبەبىنى قىسقارتساق، «فع» ئېشىپ قالىدۇ. «فعولن» دىن بۇنداق ئۇسۇلدا ھاسىل قىلىنغان «فع» ئارۇز ئىلمىدە «ئەبتەر» — ابتر («بەتر»نىڭ تۈرلەنگەن شەكلى بولۇپ، قۇيرۇقى كېسىلگەن دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدۇ.

**(8) «فاعلن» رۇكنىدىن ياسىلىدىغان بەزىبىر زىھافلىق رۇكنلار**

«فاعلن» رۇكنىدىن ياسىلىدىغان زىھافلىق رۇكنلار كۆپىنچە مۇتەدارىك بەھرىنىڭ زىھافلىق شەكىللىرىدە ئۇچرايدۇ. ئارۇز ئىلمى ئۇستازلىرىنىڭ كۆپ قىسمى «فاعلن» رۇكنىنىڭ بەش خىل زىھافىنى تىلغا ئېلىشىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:



[1] خەبن [2] قەتئ [3] ئىزالەت
[4] ھەزەز [5] مەخبۇنى مەقتۇئ

بۇ زىھافلاردىن تۆۋەندىكىدەك زىھافلىق رۇكنلار بارلىققا كېلىدۇ:

[1] [خەبن — خبن (ئېتىكى قىرقىلغان، يوشۇرۇنغان)] رۇكنىنىڭ بېشىدىكى سەبەبدىن ساكىنىنى قىسقارتىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «فاعلن» رۇكنىنىڭ بېشىدىكى سەبەبدىن ساكىن «آ» قىسقارتىلسا، ئۇ «فعلن» ھالىتىگە كېلىدۇ. بۇ تەرزدە ھاسىل قىلىنغان «فعلن» رۇكنى ئارۇز ئىلمىدە «مەخبۇن» — مخبون (ئېتىكى كېسىۋېتىلگەن، يوشۇرۇنغان) دەپ ئاتىلىدۇ.

[2] [قەتئ — قطع (كەسمەك، ئىخچاملىماق)] رۇكنىنىڭ تەركىبىدىكى ۋەتەدى مەجمۇئنىڭ ئاخىرىدىن بىر ساكىننى تاشلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرىكەتلىك ھەرپىنى ساكىنلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «فاعلن» نىڭ ئاخىرىدىن «ن» قىسقارتىلسا، ئۇ «فاعل» شەكلىگە كېلىدۇ. بۇنى ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكنغا ئالماشتۇرساق، ئۇ «فعْلن» گە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىشتىن ئۆتكەن رۇكن ئارۇز ئىلمىدە مەقتۇئ — مقطوع دەپ ئاتىلىدۇ.

[3] [ئىزالەت — اذالت (ئېتەك ياپماق، كېڭەيمەك)] «فاعلن» دىكى ئىزّالەت رۇكنىنىڭ ئاخىرىدىكى ۋەتەدى مەجمۇئ «علن» دىكى قىسقا سوزۇق تاۋۇش «ــُـ» نىڭ ئورنىغا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش «آ» نى ئالماشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «فاعلن» غا يۇقىرىدىكىدەك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلسە، ئۇ «فاعلان» شەكلىگە كېلىدۇ. بۇ خىل زىھاف ئارۇز ئىلمىدە «مۇزال» — مذال دەپ ئاتىلىدۇ.

[4] [ھەزەز — حذذ (قۇيرۇقىنى كېسىش)] ھەزەز

«فاعلن» رۇكنىدا ۋەتەدى مەجمۇئ ھېسابلىنىدىغان «علن» نى قىسقارتىۋېتىشنى كۆرسىتىدۇ. قالغان قىسمى «فا» نىڭ ئورنىغا ئوخشاش ۋەزىندىكى بىرلىككە كەلگەن رۇكىن «فع» قويۇلۇپ، ئەھەز (احذ) دەپ ئاتىلىدۇ.

[5] [مەخبۇنى مەقتۇئ – مخبون مقطوع (خەبن ۋە قەتئ)] «فاعلن» رۇكنىنىڭ مەخبۇن شەكلى بولغان «فعلن» گە يەنە قەتئ ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە يەنى ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى «أن» قىسقارتىلسا، «فَعل» ھالىتىگە كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا بىرلىككە كەلگەن ئەفائىل «فَعَل» قويۇلۇپ، مەخبۇنى مەقتۇئ دەپ ئاتىلىدۇ.

**(9) «مفاعلتن» رۇكنىدىن ياسىلىدىغان بەزىبىر زىھافلىق رۇكنىلار**

«مفاعلتن» رۇكنىدىن ياسىلىدىغان زىھافلار ئەسلىدە ئەرەب شېئىرىيىتىگە خاس بولۇپ، بۇ ئاساسەن ۋافىر بەھرىنىڭ بوغۇم بىرلىكلىرى تەركىبىدە ئۇچرايدۇ. بۇ زىھافلار بەزىدە پارس-تاجىك شېئىرىيىتىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. كۆپرەك ئىشلىتىلىدىغانلىرىنىڭ سانى ھەرقايسى مەنبەلەردە بەزىدە ئالتە ۋە بەزىدە سەككىز دەپ كۆرسىتىلگەن. ئەمما، تارىخچىلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇنىڭدىن پەقەت ئۈچىنىڭلا بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىشىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

[1] ئەسب [2] نەقس [3] قەتف

بۇ زىھافلاردىن تۆۋەندىكىدەك زىھافلىق رۇكنىلار بارلىققا كېلىدۇ:

[1] [ئەسب – عصب (دەرەخ شاخلىرىنى كېسىشكە تەييارلاش، ئېغىز قۇرۇش)] ئەسب «مفاعلتن» رۇكنىدا «ل» ھەرپىنى ساكىنلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مفاعلاتن» دىكى «ل» ھەرپى ساكىنلاشتۇرۇلسا، يەنى ئۇ



بوغۇم ئاخىرى قىلىنسا، «مفاعلتن» شەكلىگە كېلىدۇ. ئۇنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆرىگەندە «مفاعيلن» گە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا ھاسىل قىلىنغان زىھاف «مفاعيلن» ئارۇز ئىلمىدە «مەئسۇب» – معصوب («ئەسب»نىڭ تۇرلەنگەن شەكلى بولۇپ، تەييارلانغان، قۇرۇغان دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ) نامى بىلەن ئاتالغان.

[2] [نەقس – نقص (ئەيىب، كەمچىللىك، كېمەيتمەك)] نەقس «مفاعلتن» رۇكنىدا ئەسب ۋە كەفنىڭ بىرلىكتە كېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك، «مفاعلتن» ئەسب ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئاخىرقى ھېسابتا «مفاعيلن» گە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدا يەنە كەف ئۆزگەرتىشى ئېلىپ بېرىلسا يەنى ئاخىرىدىكى «ن» ھەرپى قىسقارتىلسا، «مفاعيل» شەكىللىنىدۇ. بۇ ئارۇز ئىلمىدە «مەنقۇس» – منقوص («نەقس»نىڭ تۇرلەنگەن شەكلى بولۇپ، ئەيىبلىك، نۇقسانلىق دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ) دەپ ئاتىلىدۇ.

[3] [قەتف – قطف (ئۈزۈمنى تەكتىن ئاجرىتىش)] قەتف «مفاعلتن» رۇكنىدا ئەسب ۋە ھەزفنىڭ بىرلىكتە كېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. «مفاعلتن» دا ئەسب ئۆزگەرتىشى بىلەن ئاخىرى «مفاعيلن» نى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە ھەزف ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە، يەنى رۇكنىنىڭ ئاخىرىدىكى سەبەبى خەفىف «لن» نى قىسقارتساق، «مفاعي» قالىدۇ. ئۇنى ئۆزى بىلەن تەڭ ۋەزىندىكى، بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆرىگەندە، «فعولن» گە تەڭ كېلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا ھاسىل قىلىنغان «فعولن» ئارۇز ئىلمىدە «مەقتۇف» – مقطوف («قەتف»نىڭ تۇرلەنگەن شەكلى بولۇپ، ئۈزۈم ئۈزۈش،

مېۋە تېرىش دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ) نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.

**(10) «متفاعلن» رۇكنىدىن ياسىلىدىغان بەزىبىر زىھافلىق رۇكنىلار**

«متفاعلن» رۇكنىدىن ياسىلىدىغان زىھافلارمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاشلا ئەسلىدە ئەرەب شېئىرىيىتىگە خاس بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن كامىل بەھرىنىڭ بوغۇم بىرلىكلىرى تەركىبىدە ئۇچرايدۇ. بۇ زىھافلارمۇ بەزىدە پارس-تاجىك شېئىرىيىتىدە ئىشلىتىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلاردىن كۆپرەك ئىشلىتىلىدىغانلىرىنىڭ سانى ھەرقايسى مەنبەلەردە ئالتە دەپ كۆرسىتىلىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

[1] ئىزمار (مۇزمەر) [2] قەتئ (مەقتۇئ)
[3] ھەزەز (ئەھەز) [4] ئىزالەت (مۇزال)
[5] تەرفىل (مۇرەففەل) [6] ۋەقس (مەۋقۇس)

مەزكۇر زىھافلىق رۇكنىلار تۆۋەندىكى ئۇسۇللاردا ياسىلىدۇ:

**[1]** [ئىزمار – اضمار (ئورۇقلىتىش)] «متفاعلن» (موتەفائىلون) دىكى ئىزمار ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئىككىنچى ھەرپ «ت» نى ساكىنلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئەگەر «مُتَفاعلن» دىكى «ت» ساكىنلاشتۇرۇلسا يەنى بوغۇم ئاخىرى قىلىنسا، ئۇ «متفاعلن» (موتفائىلون) شەكلىگە كېلىدۇ. ئۇنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش، بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆرىسەك، ئۇ «مستفعلن» گە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئۇسۇلدا ھاسىل قىلىنغان «مستفعلن» ئارۇز ئىلمىدە «مۇزمەر» – مضمر («ئىزمار»نىڭ تۈرلەنگەن شەكلى بولۇپ، كۆڭۈلدە بار، يېپىق، مەخپىي دېگەن مەنىلەردە) نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.



**[2]** [قەتئ – قطع (كەسمەك، ئىخچاملىماق)] قەتئ «متفاعلن» رۇكنىدا ۋەتەدى مەجمۇئ ھېسابلىنىدىغان «علن» دىن «ن» ھەرپىنى قىسقارتىپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنى ساكىنلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «متفاعلن» نىڭ ۋەتەدى مەجمۇئدىن «ن» قىسقارتىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى «ل» ساكىنلاشتۇرۇلسا، «متفاعل» شەكىللىنىدۇ. ئۇنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆرىگەندە، «فعلاتن» (فەئىلاتون) گە توغرا كېلىدۇ. بۇ زىھاف ئارۇز ئىلمىدە «مەقتۇئ» – مقطوع (قەتئنىڭ تۈرلەنگەن شەكلى بولۇپ، توختىتىلغان دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدۇ.

**[3]** [ھەزەز – حذذ (قۇيرۇقى كېسىۋېتىلگەن)] ھەزەز «متفاعلن» رۇكنىدا ۋەتەدى مەجمۇئ ھېسابلىنىدىغان «علن» نى قىسقارتىۋېتىشنى كۆرسىتىدۇ. قالغان قىسمى «متفا» نىڭ ئورنىغا ئوخشاش ۋەزىندىكى بىرلىككە كەلگەن رۇكنى «فعلن» قويۇلۇپ، «ئەھەز» – احذ («ھەزەز»نىڭ تۈرلەنگەن شەكلى بولۇپ، قىسقارتىلغان، قۇيرۇقى كېسىلگەن دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتالغان.

**[4]** [ئىزالەت – اذالت (ئېتەك ياپماق، كېڭەيمەك)] «متفاعلن» دىكى ئىزالەت رۇكنىنىڭ ئاخىرىدىكى ۋەتەدى مەجمۇئسى «علن» دىكى قىسقا سوزۇق تاۋۇش «ـَ» نىڭ ئورنىغا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش «آ» نى ئالماشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «متفاعلن» غا يۇقىرىدىكىدەك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلسە، ئۇ «متفاعلان» شەكلىگە كېلىدۇ. بۇ خىل زىھاف ئارۇز ئىلمىدە «مۇزال» – مذال («ئىزالەت»نىڭ تۈرلەنگەن شەكلى بولۇپ، ئېتەك ياپغان

دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدۇ.

[5] [تەرفىل – تەرفيل (ئېتەك يېيىش، ئۇزارتىش)] «متفاعلن» دىكى تەرفىل رۇكنىنىڭ ئاخىرىدىكى ۋەتەدى مەجمۇئنىڭ كەينىگە يەنە بىر سەبەبى خەفىق يەنى «تن» نى قوشۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «متفاعلن» نىڭ ئاخىرىغا يەنە بىر سەبەبى خەفىق قوشۇلسا، ئۇ «متفاعلتن» شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ. ئۇنى مۇشۇ شەكىل بىلەن ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆرىسەك، «متفاعلاتن» گە توغرا كېلىدۇ. بۇ زىھافلىق رۇكىن ئارۇز ئىلمىدە «مورەففەل» – مرفل («تەرفىل»نىڭ تۈرلەنگەن شەكلى بولۇپ، ئېتەك يايغان دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدۇ.

[6] [ۋەقس – وقص (گەدەن سۇنماق)] «متفاعلن» رۇكنىدا ئىزمار ۋە خەبنىنىڭ بىرلىكتە كېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «متفاعلن» غا ئىزمار ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە، يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇ «متفاعلن» (موتفائېلون) شەكلىگە كېلىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە خەبن ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلسە، يەنى ئىككىنچى ھەرپى تاشلىۋېتىلسە، «مُفاعلن» (موفائېلون) شەكىللىنىدۇ. بۇنى ئوخشاش ۋەزىندىكى بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆرىسەك، ئۇ «مفاعلن» گە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل يول بىلەن ياسالغان زىھاف ئارۇز ئىلمىدە «مەۋقۇس» – موقوص («ۋەقس»نىڭ تۈرلەنگەن شەكلى بولۇپ، گەدەن سۇنۇق، بوينى سۇنغان، دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ) نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.



يۇقىرىدا بىز تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندەك، پارس-تاجىك ئارۇزىغا خاس 5(7) سالىم رۇكىن ۋە ئەرەب شېئىرىيىتىگە خاس 2 سالىم رۇكنىدا ياسالغان زىھافلىق رۇكنىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 81 بولۇپ، بەزىلىرى ئاددىي شەكىللەردە ياسالغان بولسا، يەنە بەزىلىرى مۇرەككەپ شەكىلدە يەنى بىر نەچچە زىھافنىڭ بىر رۇكنىدا ئارقىمۇ ئارقا كېلىشى بىلەن ھاسىل قىلىنغان. بۇ زىھافلىق رۇكنىلارنى ياساشقا قاتناشقان زىھافلارنىڭ سانى بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن 47 زىھاف دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇلاردىن بەزىلىرى ئوخشىمىغان رۇكنىلاردا تەكرار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «خەبن» زىھافى «مستفعلن، فاعلاتن، مفعلاتُ» دا، «تەي» زىھافى «مستفعلن، مفعلاتُ» دا، «ئىسباغ» زىھافى «فاعلاتن، مفاعيلن» دا ۋەھاكازا. ئەگەر يۇقىرىدىكى 81 زىھافلىق رۇكنىنى بارلىققا كەلتۈرگەن زىھافلاردىكى تەكرارلىقنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، پەقەت ئاددىي ۋە مۇرەككەپ تەركىبتىكى زىھافلارنىڭ نامىنىلا ھېسابقا ئالىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ سانى 55 كە يېتىدۇ. شۇنىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئەسكەرتىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇكى، پەقەت ئەرەب شېئىرىيىتىگىلا خاس بولغان، پارس-تاجىك شېئىرىيىتىدە ئادەتتە ئۇچرىمايدىغان نۇرغۇن زىھافلارنى بىز بۇ قاتارغا كىرگۈزمىدۇق. ئاددىي ۋە مۇرەككەپ تۈزۈلۈشتىكى بۇ زىھافلارنى ئۇلارنىڭ نامىغا ئاساسلانغان ھالدا سەككىز سالىم رۇكنىدا جەدۋەل شەكلىدە خۇلاسىلەپ باقايلى. شۇندىلا قايسى زىھافلارنىڭ قايسى

رۇكنىلارغا تەۋەلىكىنى ۋە ئۇلاردىن قانداق زىھافلىق رۇكنىلار بارلىققا كەلگەنلىكىنى، شۇنداقلا قايسى زىھافلارنىڭ قايسى رۇكنىلاردا قانچە قېتىم تەكرارلىنىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. زىھافلىق رۇكنىلارنىڭ بۇ خىل ناملىرى ئۇلاردىن ھاسىل قىلىنغان زىھافلىق بەھرلەردىمۇ ئوخشاش شەكىلدە قوللىنىلىدۇ.

پارس-تاجىك ئارۇزىدىكى زىھافلىق رۇكنىلار ئارۇز نەزەرىيەسى تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتكە تەتبىقلانغاندىن كېيىن تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىمۇ بىردەك قوللىنىلغان. تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا يەنە يېڭى زىھاف ياكى زىھافلىق رۇكنىلارنىڭ ئىجاد قىلىنغانلىقى مەلۇم ئەمەس. نەۋايى بىلەن بابۇرمۇ ئارۇز ئىلمىگە ئائىت ئەسەرلىرىدە يۇقىرىدىكى قائىدىلەرنى چۈشەندۈرۈش بىلەن چەكلىنىدۇ. بۇ توغرۇلۇق بىز كىتابىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك بابلىرىدا تېخىمۇ تەپسىلىي توختىلىمىز. بۇ يەردە ئەسكەرتىپ قويۇشقا تېگىشلىكى شۇكى، بىز تۆۋەندىكى جەدۋەلدە خۇلاسە شەكلىدە يىغىنچاقلايدىغان زىھافلىق رۇكنىلار تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىمۇ كەڭ قوللىنىلىدىغان زىھافلىق رۇكنىلار ھېسابلىنىدۇ.

زىھافلىق رۇكنىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تۆۋەندىكى جەدۋەل شەكلىدە كۆرۈپ باقايلى:



| № | زىھافلار | مفاعيلن | فاعلاتن | مستفعلن | مفعولاتُ | فعولن | فاعلن | مفاعلتن | متفاعلن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | مەقبۇز | مفاعلن | | | | فعولُ | | | |
| 2 | مەكفۇف | مفاعيلُ | فاعلاتُ | مستفعلُ | | | | | |
| 3 | مەقسۇر | مفاعيل | فاعلان | مفعولن | | فعول | | | |
| 4 | ئەخرەم | مفعولن | | | | | | | |
| 5 | ئەخرەب | مفعولُ | | | | | | | |
| 6 | مەھزۇف | فعولن | فاعلن | | | فَعَل | | | |
| 7 | ئەھتەم | فعول | | | | | | | |
| 8 | مەجبۇب | فَعل | | | | | | | |
| 9 | ئەشتەر | فاعلن | | | | | | | |
| 10 | ئەزەل | فاع | | | | | | | |
| 11 | ئەبتەر | فع | | | | فع | | | |
| 12 | مۇسەببەغ | مفاعيلان | فاعليان | | | | | | |
| 13 | مۇۋەسسەئ | | فاعلياتن | | | | | | |
| 14 | مەخبۇن | | فعلاتن | مفاعلن | مفاعيلُ | | فَعِلن | | |
| 15 | مەشكۇل | | فعلاتُ | مفاعلُ | | | | | |

| № | زىھافلار | مفاعيلن | فاعلاتن | مستفعلن | مفعولاتُ | فعولن | فاعلن | مفاعلتن | متفاعلن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 16 | موتەۋەل | | | مستفعلاتان | | | | | |
| 17 | مەخبۇنى مەقسۇر | | فَعلان | فعولن | | | | | |
| 18 | مەخبۇنى مەھزۇف | | فَعَلن | | | | | | |
| 19 | ئەسلەم - ا صلم | | فَعْلن | | فَعْلن | | | | |
| 20 | مۇشەئەس | | مفعولن | | | | | | |
| 21 | ئەسلەمى مۇسەببەغ | | فَعلان | | | | | | |
| 22 | مەخبۇنى مۇسەببەغ | | فَعَليان | | | | | | |
| 23 | مەربۇئ | | فَعُل | | | | | | |
| 24 | مەجھۇفى مۇسەببەغ | | فاع | | | | | | |
| 25 | مەجھۇف | | فع | | | | | | |
| 26 | مەتۋى | | | مفتعلن | فاعلاتُ | | | | |
| 27 | مەقتۇئ | | | مفعولن | | | فَعْلن | | فَعلاتن |
| 28 | مەخبۇنى مەقتۇئ | | | فعولن | | | فَعَل | | |
| 29 | مەخبۇل | | | فعلتن | فعلاتُ | | | | |



| № | زىھافلار | مفاعيلن | فاعلاتن | مستفعلن | مفعولاتُ | فعولن | فاعلن | مفاعلتن | متفاعلن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 31 | مۇزال | | | مستفعلان | | | فاعلان | | متفاعلان |
| 32 | مەخبۇنى مۇزال | | | مفاعلان | | | | | |
| 33 | مەتۋىيى مۇزال | | | مفتعلان | | | | | |
| 34 | مەخبۇلى مۇزال | | | فعلتان | | | | | |
| 35 | مۇرەففەل | | | مستفعلاتن | | | | | متفاعلاتن |
| 36 | مەتۋىيى مۇرەففەل | | | مفتعلاتن | | | | | |
| 37 | مەخبۇنى مۇرەففەل | | | مفاعلاتن | | | | | |
| 38 | ئەھەز | | | فعلُن | | | فع | | فعلن |
| 39 | مەۋقۇف | | | | مفعولان | | | | |
| 40 | مەكشۇف | | | | مفعولن | | | | |
| 41 | مەخبۇنى مەكشۇف | | | | فعولن | | | | |
| 42 | مەخبۇنى مەۋقۇف | | | | فعولان | | | | |
| 43 | مەكشۇفى مەتۋى | | | | فاعلن | | | | |
| 44 | مەتۋىيى مەۋقۇف | | | | فاعلان | | | | |

| № | زىھافلار | مفاعيلن | فاعلاتن | مستفعلن | مفعولاتُ | فعولن | فاعلن | مفاعلتن | متفاعلن |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| 45 | مەخبۇلى مەتۋىيى مەكشۇف | | | | فَعِلُن | | | | |
| 46 | مەرفۇئ | | | فاعلُن | مفعولُ | | | | |
| 47 | مەجدۇئ | | | | فاع | | | | |
| 48 | مەنھۇر | | | | فع | | | | |
| 49 | مەئسۇب | | | | | | | مفاعيلن | |
| 50 | مەنقۇس | | | | | | | مفاعيلُ | |
| 51 | مەقتۇف | | | | | | | فعولن | |
| 52 | مۇزمەر | | | | | | | | مستفعلن |
| 53 | مەۋقۇس | | | | | | | | مفاعلن |
| 54 | ئەسرەم | | | | | فعْلُ | | | |
| 55 | ئەسلەم ـ ائلم | | | | | فعلن | | | |
| 56 | مەتمۇس | | فع | | | | | | |
| 57 | مەسلۇخ | | فاع | | | | | | |



ئەسكەرتىپ قويۇشقا تېگىشلىك بىر ئىش شۇكى، بىز زىھافلار ۋە ئۇلاردىن زىھافلىق رۇكنىلارنىڭ قانداق يوللار بىلەن ياسىلىدىغانلىقىنى شەرھلىگىنىمىزدە، «فاعلاتن» ۋە «مســـتفعلن» رۇكنىلىــرىنىڭ تــەركىبىي تۈزۈلۈشـــتە ئوخشىمايدىغان ۋارىيانتلىرى بولغان «فــاع+لا+تــن» ۋە «مــس+تفــع+لــن» نىڭ زىھافلىرى ۋە ئۇلاردىــن ھاسـىل قىلىنغان زىھافلىق رۇكنىلارنى ئايرىم تونۇشتۇرغانىدۇق. ئــەمما، جــەدۋەلدە بولســا ئۇلاردىـــن ھاســـىل قىلىنغـان زىھـافلىق رۇكنــلار ئــايرىم بېرىلمــەي، ئــۆزلىرى بىلــەن شەكىلداش بولغان رۇكنىلارنىڭ قاتارىغا قوشۇۋېتىلدى.

## يەتتىنچى باب

# پارس ـ تاجىك ئارۇزچىلىقىدىكى دائىرە تەلىماتلىرى

ئارۇز بەھرلىرىنى دائىرە (چەمبەر) شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈش بۇ ئىلىمنىڭ ئاساسچىسى خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ ئىختىراسى بولۇپ، ئۇ كېيىنكى ئارۇزچىلار تەرىپىدىنمۇ ئوخشاشلا ۋارىسلىق قىلىندى. خەلىل ئىبنى ئەھمەد بەھرلەرنى دائىرە شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئەسلىدە بىر قەدەر مۇرەككەپلىككە ئىگە بولغان ھەرقايسى بەھرلەرنى ئەستە ساقلاشقا ئاسانلىق تۇغدۇرۇشنى كۆزلىگەنىدى. شۇڭا، ئۇ بەھرلەرنى دائىرەلەرگە تەقسىم قىلغاندا ھەرقايسى بەھرلەرنى ھاسىل قىلغۇچى رۇكنلارنىڭ ئىچكى جۇزۇلىرىنىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشى جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى ۋە مىقدار جەھەتتىن تەڭ بولۇشىنى ئاساسىي پىرىنسىپ قىلىپ تاللاپ، شۇ ئاساستا ئەرەب ئارۇزىدىكى 15 سالىم بەھرنى 5 دائىرەگە يىغىنچاقلاپ ئەكس ئەتتۈردى. خەلىل ئىبنى ئەھمەد تۈزۈپ تۇراقلاشتۇرغان ئەرەب ئارۇزىنىڭ بەشىنچى دائىرەسى «مۇنفەرىدە» نامى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، مۇتەقارىبتىن ئىبارەت بىرلا بەھرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ ئارۇز نەزەرىيەسى جۈملىدىن دائىرە توغرىسىدىكى تەلىماتلىرى ئىلان قىلىنغاندىن كېيىن. ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە بىر ئەرەب تىلى ئالىمى ئەخفەشى ئەكبەر بۇ دائىرەدىكى رۇكنىنى ئىككى جۇزۇغا بۆلۈپ، ئۇنىڭدىن بىر يېڭى بەھر ھاسىل قىلدۇ ۋە بۇ بەھرنى «مۇتەدارىك»



دەپ ئاتايدۇ. دائىرەنىڭ نامىنىمۇ «مۇتتەفىقە» گە ئۆزگەرتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەرەب ئارۇزىدىكى بەھرلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 16 گە يېتىدۇ. ئەرەب ئارۇزىدىكى دائىرەلەر شۇ بەش شەكىلدە تۇراقلىشىپ، ئومۇم تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغانىدى. كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ ئۇلارغا ھېچقانداق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلمىگەن.

ئارۇز ئىلمىدىكى دائىرە تەلىماتىنىڭ شۇنچە كەڭ ئومۇملىشىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب شۇكى، ئۇ ھەرقايسى بەھرلەرنى ئەستە ساقلاش ۋە ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈشنى ئاسانلاشتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى يېڭى بەھرلەرنى ئىجاد قىلىشتىمۇ مەلۇم تۈرتكىلىك رولغا ئىگە ئىدى. مەشھۇر ئالىم ئەخفەشى ئەكبەرمۇ دەل «مۇنفەرىدە» دائىرەسىدە سەككىز كۆزنەككە ئورۇنلاشتۇرۇلغان «فعولن» رۇكنىنى «فعو» (V —) ۋە «لن» (لون) (—) دىن ئىبارەت ئىككى جۇزۇغا بۆلۈپ، ئۇنى «لن/فعو» (—V/—) شەكلىدە دائىرەدە ئون ئالتە كۆزنەككە ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق مۇتەدارىك بەھرىنى كەشىپ قىلغانىدى. ئارۇز ئىلمى پارس ـ تاجىك شېئىرىيىتىگە تەتبىقلىنىپ، پارس شېئىرىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ۋەزىن ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان نەزەرىيەۋى سىستېما ئۈستىدە ئىزدىنىش باشلانغاندىن تارتىپلا، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بەھرلەرنى دائىرە شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈش ھەرقايسى دەۋرلەردىكى نەزەرىيەچىلەرنىڭ ئەڭ كۆپ كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەيدىغان تېمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى. ھەرقايسى دەۋرلەردىكى نەزەرىيەچىلەرنىڭ ئارۇز ئىلمى ساھەسىدىكى تۈرلۈك تەشەببۇسلىرى ۋە ئۆز ئالدىغا ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن يېڭىلىقلىرى كۆپىنچە دەل دائىرە تەلىماتلىرى ئاساسىدا

مەيدانغا كېلەتتى ۋە يەنە كېلىپ كۆپىنچىسى شۇ دائىرە شەكلىدە ئەكس ئەتتۇرۇلەتتى. شۇڭا، مەلۇم بىر نەزەرىيەۋى ئەسەردىكى دائىرە توغرىسىدىكى چۈشەنچە ۋە تەلىماتنى مىكرو جەھەتتىن شۇ ئەسەر ئاپتورىنىڭ ئارۇز ئىلمىدە قانچىلىك مەلۇماتقا ئىگە ئىكەنلىكى ۋە قانداق يېڭىلىقلار بىلەن بۇ ساھەنى بېيىتقانلىقىنى، ماكرو جەھەتتە بولسا شۇ ئاپتور تەۋە بولغان ئەدەبىياتتا ئارۇز ئىلمىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى، شېئىرىيەتنىڭ ئىچكى قانۇنلىرىنى قانچىلىك دەرىجىدە ئىنچىكە ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلىگەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

پارس - تاجىك ئەدەبىياتىدىكى ئارۇز ئىلمىدە دائىرە تەلىماتى باشتىنلا ئومۇملاشقان تەلىماتلارنىڭ بىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەرەب ئەدەبىياتىدىكىدەك تۇراقلىق بىر قېلىپقا كىرىپ بولالمىغان. تارىختىكى نەزەرىيەچىلەرنىڭ دائىرە تەلىماتلىرىدا پىكىر ئىختىلاپلىرى خېلىلا كۆپ. دائىرىلەرنىڭ سانى ۋە ئۇلاردا بەھرلەرنى ئەكس ئەتتۇرۇش ئۇسۇللىرى نۇرغۇن جەھەتتىن ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ. بۇنداق پەرقلەرنى ئېنىق ئايرىش ئۈچۈن، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئارۇزچىلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەلىماتلىرى ئۈستىدە ئايرىم - ئايرىم توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

پارس - تاجىك ئەدەبىياتى تارىخىدا ئارۇز ئىلمى ساھەسىدە بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەرنىڭ سانى خېلىلا كۆپ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ نەزەردىن ئۆتكۈزۈش، چۈشەنچە جەھەتتە بىر خىل قالايمىقانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. شۇڭا، بىز ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ھەم ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە نەزەرىيەچىلەردىن بىرقانچىسىنىڭ بۇ ساھەدىكى كۆز



قاراشلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقساقلا كۇپايىدۇر.

ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ئىلمى گەرچە 9 - ئەسىردىن باشلاپلا پارس - تاجىك ئەدەبىياتىغا تەتبىقلىنىپ، بۇ ساھەدە كۆپلىگەن ئىلمىي ئەسەرلەر يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. بىز پەقەت كېيىنكى دەۋرلەردىكى تەزكىرە ۋە ئىلمىي ئەسەرلەردىن ئۇلار توغرۇلۇق ئاز - تولا مەلۇماتقا ئىگە بولالايمىز. پارس - تاجىك ئارۇزچىلىقىغا ئائىت دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمكى ئەسەرلەر ئىچىدە شەمس قەيس رازىنىڭ «ئەل - مۇجەم فى مەئايىرى ئەشئار ئىل ئەجەم» (ئەجەم[1] شېئىرىيىتى ئۆرنەكلىرى لۇغىتى) بىلەن ناسىرۇددىن تۇسىنىڭ «مېيارۇل ئەشئار» (شېئىرلار ئۆلچىمى) ناملىق ئەسىرى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە نوپۇزلۇق ئەسەرلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەر ئىككى ئەسەر 13 - ئەسىرگە تەئەللۇق بولۇپ، ئۇلاردا تۆت يۈز يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولۇپ قالغان پارس - تاجىك ئارۇزچىلىقىنىڭ تۇرلۇك مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئەتراپلىق خۇلاسىلەنگەن. بىز بۇ ئەسەرلەردىكى دائىرە تەلىماتلىرىغا نەزەر سېلىپ باقايلى:

**شەمس قەيس رازى** بەھرلەر ۋە ئۇلارنى دائىرە شەكلىدە ئەكس ئەتتۇرۇشكە ئائىت تەلىماتلىرىدا، ئەرەب ئارۇزىدىكى بەش دائىرەدىن «مۇختەلىفە» دائىرەسى ۋە بۇ دائىرە ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق بەھرلەر (تەۋىل، مەدىد، بەسىت) بىلەن «مۇئتەلىفە» دائىرەسى ۋە بۇ دائىرەگە كىرگۈزۈلگەن بەھرلەر (ۋافىر، كامىل) نى پارس - تاجىك شېئىرىيىتىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكلىرىگە ماس كەلمەيدۇ،

[1] ئەجەم — غەيرىي ئەرەب، پارس - تاجىكلار.

دەپ قارايدۇ. ئۇ ئەرەب ئارۇزىدا ھەزەج، رەجەز ۋە رەمەل بەھرلىرىدىن تۈزۈلگەن ئۈچىنچى ئورۇندىكى «مۇجتەلىبە» ناملىق دائىرەنى «مۇئتەلىفە» نامى بىلەن ئاتاپ، ئۇنى پارس - تاجىك ئارۇزىدا بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. ئەرەب ئارۇزىدا بۇ دائىرەدىكى بەھرلەر مۇسەددەس (ئالتىلىك) شەكلىدە بېرىلگەن بولسا، شەمس قەيس رازى ئۇنى مۇسەممەن (سەككىزلىك ) شەكلىگە ئۆزگەرتىدۇ. دائىرەدىكى بەھرلەرنى چۈشەندۈرگەندە مەزكۇر دائىرە ئۆز ئىچىگە ئالغان بەھرلەردە تۆتلىك (مۇرەببەئ) ۋە ئالتىلىك شەكلىدىمۇ شېئىر يېزىشقا بولىدىغانلىقىنى مىسال بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

ئەرەب ئارۇزىدىكى ئالتە سالىم بەھر (مۇنسەرىھ، مۇزارىئ، مۇجتەس، سەرىئ، مۇقتەزەب ۋە خەفىف) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆتىنچى دائىرە «مۇشتەبىھە» نى شەمس قەيس رازى ئىككى دائىرەگە بۆلۈپ، بىرىنى «مۇختەلىفە»، يەنە بىرىنى «مونتەزىئە» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ «مۇختەلىفە» دائىرەسىگە تۆت بەھر (مۇنسەرىھ، مۇزارىئ، مۇقتەزەب، مۇجتەس) نى كىرگۈزىدۇ. يەنە بىر ئۆزگىچىلىك شۇكى، مەزكۇر دائىرەگە كىرگۈزۈلگەن بۇ بەھرلەر سالىم ۋە ئالتىلىك شەكلىدە ئەمەس، بەلكى سەككىزلىك ۋە زىھافلىق شەكلىدە كىرگۈزۈلگەن.

سەرىئ ۋە خەفىف بەھرىنى شەمس قەيس رازى «مۇنتەزىئە» ناملىق دائىرەگە كىرگۈزىدۇ. بۇلارمۇ سالىم شەكلىدە ئەمەس، بەلكى زىھافلىق شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. شەمس قەيس رازى ئەرەب شېئىرىيىتىدە ئىشلىتىلمەيدىغان ۋە پارس - تاجىك شېئىرىيىتىدە كۆپ ئۇچرايدىغان قەرىب، جەدىد ۋە مۇشاكىلدىن ئىبارەت ئۈچ بەھرنىمۇ «مۇنتەزىئە» دائىرەسىگە كىرگۈزگەن. بۇ دائىرە



شۇنىڭ بىلەن بەش بەھردىن تەركىب تاپقان.

خۇلاسىلىگەندە، شەمس قەيس رازى پارس - تاجىك شېئىرىيىتى ئۈچۈن تۆت دائىرەنىلا لايىق كۆرىدۇ. ئاپتورنىڭ «مۇئتەلىفە» (بىرلەشكەن، بىر گەۋدىگە ئايلانغان) نامى بىلەن ئاتالغان بىرىنچى دائىرەسى تۆۋەندىكى شەكىلدە تۈزۈلگەن:




شەمس قەيس رازى ئۆزىدىن ئىلگىرى پارس - تاجىك شېئىرىيىتىگە خاس بەھرلەردىن دائىرە تۈزگەنلەرنى ئەيىبلەپ: «مۇقەددىمىدىلا بۇ جامائەتنىڭ بەھرلەر توغرىسىدىكى بايانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىرە شەكلىدە خاتىرىلىنىشىگە ئائىت بەزى بولمىغۇر چۈشەنچىلىرى توغرۇلۇق توختىلىشقا توغرا كەلدى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ پەندىكى

خاتا ۋە قارىغۇلارچە تەقسىملەشلىرى مەلۇم بولىدى. توغرىسى شۇدۇركى، بۇ باپتا ئۇلارنىڭ ئۇزۇن، خاتا ھەم نەتىجىسىز بولغان تەقسىملەش ئۇسۇللىرىغا ئىلتىپات قىلماي، ئەجەم شېئىرىيىتىگە خاس بەھرلەرنى تۆت دائىرەگە قويايلى»[1] دەپ ئېيتىدۇ. ئاپتور دائىرەگە «مۇئتەلىفە» دەپ نام بېرىلگەنلىكىنى ئۇنىڭدىكى بەھرلەرنىڭ تەرتىپ ۋە تەركىب جەھەتتىن بىر-بىرىگە مۇۋاپىق كەلگەنلىكىدىن دەپ چۈشەندۈرىدۇ[2]. كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، شەمس قەيس رازى تۈزگەن بىرىنچى دائىرە ھەزەج، رەجەز ۋە رەمەلدىن ئىبارەت ئۈچ بەھرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1) دائىرەدىكى شېئىرىي مىسرا ئەگەر ھەزەج بەھرىنىڭ مەخرەجىدىن باشلاپ بىر قېتىم ئوقۇلسا، «مفاعيلن» (V———) ھەر مىسرادا تۆت قېتىم تەكرارلىنىپ، ھەزەج بەھرىنىڭ سەككىزلىك سالىم شەكلى ھاسىل بولىدۇ:

دلا بس چن/د از اين سودا/ى آن دلدا/ر پروردن/
مفاعيلن/ مفاعيلن/ مفاعيلن/ مفاعيلن/
/———V /———V /———V /———V
/———V /———V /———V /———V

2) دائىرەدىكى مىسرا ئەگەر رەجەز بەھرىنىڭ مەخرەجىدىن ئوقۇلسا، «مستفعلن» ھەر مىسرادا تۆت قېتىم تەكرارلىنىدۇ. بۇ رەجەز بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلىدۇر:

[1] شەمس قەيس رازى: «ئەل-مۇجەم»، دۇشەنبە، 1991-يىلى نەشرى، 80-بەت.

[2] دائىرەگە ئائىت شەرھلەردە «مۇئتەلىفە» دائىرەسى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما، ئاپتورنىڭ بىز پايدىلانغان ئەسىرىدە «مۇختەلىفە» دائىرەسى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭ قانداق بولۇپ ئالمىشىپ كەتكەنلىكى ئېنىق ئەمەس. شۇڭا، بىز دائىرەلەرنىڭ شەرھلىرىدىكى رەت تەرتىپىنى ئاساس قىلدۇق.



بس چند ازاين/ سوداى آن/ دلدار پر/ وردن دلا/
مستفعلن/ مستفعلن/ مستفعلن/ مستفعلن/
/—V—— /—V—— /—V—— /—V——
/—V—— /—V—— /—V—— /—V——

3) دائىرەدىكى مىسرا ئەگەر رەمەل بەھرىنىڭ مەخرەجىدىن ئوقۇلسا، «فاعلاتن» ھەر مىسرادا تۆت قېتىم تەكرارلىنىدۇ. بۇ رەجەز بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلىدۇر:

چند ازاين سو/داى آن دل/دار پرور/دن دلابس/
فاعلاتن/ فاعلاتن/ فاعلاتن/ فاعلاتن/
/——V— /——V— /——V— /——V—
/——V— /——V— /——V— /——V—

شەمس قەيس رازى تۈزگەن يۇقىرىدىكى دائىرەدىن مەلۇمكى، ئۇ دائىرە تۈزۈشتە خەلىل ئىبنى ئەھمەد ياكى ئارۇز ئىلمى تارىخىدىكى باشقا نەزەرىيەچىلەرگە قارىغۇلارچە تەقلىد قىلماستىن، ئۆزگىچە يول تۇتقان. بۇنىڭدىكى يېڭىلىقلارنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ ھەر بىر دائىرەگە شۇ دائىرەدىكى بەھرلەرنى ھاسىل قىلىشقا بولىدىغان بىردىن شېئىرىي مىسرا سەپلىگەن. بۇ مىسرانىڭ ئالدىدىن بىر سۆز ئۇنىڭ كەينىگە يۆتكەلسە، دائىرەدىكى ئىككىنچى بىر بەھر بارلىققا كېلىدۇ.

شەمس قەيس رازى تۈزگەن ئىككىنچى دائىرە «مۇختەلىفە» (خىلمۇخىل) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭغا مۇنسەرىھ، مۇزارىئ، مۇقتەزەب ۋە مۇجتەستىن ئىبارەت تۆت بەھرنىڭ زىھافلىق شەكىللىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئاپتور بۇ دائىرەدىكى بەھرلەر رۇكىن جەھەتتىن خىلمۇ خىللىقتا ئىكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا **«مۇختەلىفە»** دەپ نام قويغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. دائىرە تۆۋەندىكى شەكىلدە تۈزۈلگەن:




بۇ دائىرەگە تۆۋەندىكى تۆت بەھر كىرگۈزۈلگەن:

1) دائىرەدىكى شېئىرىي مىسرا ئەگەر مۇنسەرىھ بەھرىنىڭ مەخرەجىدىن باشلاپ بىر قېتىم ئوقۇلسا، «مُفتَعلُن فاعلاتُ» (—VV—/—V—V) ھەر مىسرادا ئىككى قېتىم تەكرارلىنىپ، مۇنسەرىھ بەھرىنىڭ مەتۇى (ئۆرۈلگەن، تولغاشقان، چىرماشقان) شەكلى ھاسىل بولىدۇ:

باز زمن / دل ربود / يار زمن / رخ نُهفت /
مُفتعلُن / فاعلاتُ / مُفتعلُن / فاعلاتُ /
/V—V—/—VV— / V—V /—VV—
/V—V—/—VV— / V—V—/—VV—

2) ئەگەر مىسرا مۇزارىئ بەھرىنىڭ مەخرەجىدىن باشلاپ



ئوقۇلسا، «مَفاعيلُ فاعلاتُ» (V—V—/—V— —V) ھەر مىسرادا ئىككى قېتىم تەكرارلىنىدۇ. بۇنىڭدىن مۇزارىئ بەھرىنىڭ مەكفۇف (بوغۇلغان ياكى قارىغۇ) شەكلى بارلىققا كېلىدۇ:

زمن دل ربود يار / زمن رخ نُ / هفت باز /
مَفاعيلُ / فاعلاتُ / مَفاعيلُ / فاعلاتُ /
/V—V—/ V——V/V—V— /V——V
/V—V—/ V——V/V—V— /V——V

3) دائىرەدىكى مىسرا ئەگەر مۇقتەزەب بەھرىنىڭ مەخرەجىدىن باشلاپ بىر قېتىم ئوقۇلسا، «فاعلاتُ مُفتَعلُن» (—V—V/—VV—) ھەر مىسرادا ئىككى قېتىم تەكرارلىنىپ، مۇقتەزەب بەھرىنىڭ مەتۇى شەكلى ھاسىل بولىدۇ:

دل ربود / يار زمن / رخ نُهفت / باز زمن /
فاعلاتُ / مُفتَعلن / فاعلاتُ / مُفتعلن /
/—VV—/V—V—/ —VV—/V—V—
/—VV—/V—V—/ —VV—/V—V—

4) دائىرەدىكى مىسرا مۇجتەس بەھرىنىڭ مەخرەجىدىن باشلاپ ئوقۇلسا، «مَفاعلُن فعلاتُن» (V—V—/VV——) ھەر مىسرادا ئىككى قېتىم تەكرارلىنىدۇ. بۇ مۇجتەس بەھرىنىڭ مەخبۇن (ئېتىكى قىرقىلغان، يۇشۇرۇنغان) شەكلىدۇر:

ربود يا / ر زمن رخ / نُهفت با / ز زمن دل /
مَفاعلُن / فعلاتُن / مَفاعلُن / فعلاتُن /
/ ——VV/—V—V/ ——VV/—V—V
/ ——VV/—V—V/ ——VV/—V—V

«ئەل - مۇجەم» دىكى ئۈچىنچى دائىرە «مۇنتەزىئە»[①] (ئاجرالغان، جۇدا بولغان) نامى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، ئۇ سەرىئ، جەدىد، قەرىب، خەفىف ۋە مۇشاكىلدىن ئىبارەت

① ئارۇزغا ئائىت بەزى كىتابلاردا بۇ دائىرە تۆتىنچى ئورۇنغا قويۇلغان. ئەمما، ئاپتورنىڭ دائىرەلەرگە ئائىت شەرھلىرىدە ئۇ ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

بەش بەھرنىڭ زىھافلىق ئالتىلىك شەكىللىرىدىن تۈزۈلگەن. ئاپتور بۇ دائىرەدىكى بەھرلەرنى ئۈلارنىڭ ھەممىسى ئالتە جۈزۇدىن تەركىب تاپىدىغان رۇكنىلار بىرلىكىدىن ھاسىل بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۈلارنى بىر دائىرەگە قويغانلىقىنى ۋە بۇ دائىرەدىكى بەھرلەر «مۇختەلىفە» دائىرەسىدىكى بەھرلەردىن ئاجرىتىپ ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى «مۇنتەزىئە» نامى بىلەن ئاتىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ. دائىرە تۆۋەندىكى شەكىلدە تۈزۈلگەن:




1) دائىرەدىكى شېئىرىي مىسرا ئەگەر سەرىئ بەھرىنىڭ مەخرەجىدىن باشلاپ بىر قېتىم ئوقۇلسا، «مُفتَعِلُن مُفتَعِلُن



فاعلاتُ» (V—V—/—VV—/—VV—) ھەر بېيىتتا ئىككى قېتىم تەكرارلىنىدۇ. بۇ سەرىئ بەھرىنىڭ مەتۋى شەكلىدۇر:

روكە ربو/ دي زدلم/ صبر باز/

مُفتَعِلُن / مُفتَعِلُن /فاعلاتُ/

/ V—V—/—VV—/—VV—

/ V—V—/—VV—/—VV—

2) دائىرەدىكى مىسرا ئەگەر جەدىد (غەرىب) بەھرىنىڭ مەخرەجىدىن باشلاپ ئوقۇلسا، «فعلاتُن فعلاتُن مَفاعِلُن» (VV——/V V——/V— V—) ھەر بېيىتتا ئىككى قېتىم تەكرارلىنىپ، جەدىد بەھرىنىڭ مەخبۇن شەكلى ھاسىل بولىدۇ:

كە ربودي/ زدلم صب/ر باز رو/

فعلاتُن / فعلاتُن / مَفاعِلُن /

/—V— V/——VV/——VV

/—V— V/——VV/——VV

3) دائىرەدىكى مىسرا ئەگەر قەرىب بەھرىنىڭ مەخرەجىدىن باشلاپ ئوقۇلسا، ھەر بىر بېيىتتا «مَفاعيلُ مفاعيلُ فاعلاتُ» (V—V—/V——V/V——V) ئىككى قېتىم تەكرارلىنىپ، قەرىب بەھرىنىڭ مەكفۇف شەكلىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ:

ربودي ز/ دلم صبر/ باز روكە/

مَفاعيلُ / مَفاعيلُ / فاعلاتُ /

/ V—V—/V——V/V——V

/ V—V—/V——V/V——V

4) دائىرەدىكى شېئىرىي مىسرا ئەگەر خەفىف بەھرىنىڭ مەخرەجىدىن باشلاپ ئوقۇلسا، ئۇ بىر قېتىم «فعلاتُن مَفاعِلُن فعلاتُن» (VV——/V—V—/VV——) غا تەڭ

بولىدۇ. بۇ خەفىق بەھرىنىڭ مەخبۇن شەكلىدۇر:

ز دلم صبر/ بازرو/ كه ربودى/
فعلاتن / مفاعلن/ فعلاتن/
/ ——VV/—V—V/——VV
/ ——VV/—V—V/——VV

5) دائىرەدىكى مىسرا ئەگەر مۇشاكىل بەھرىنىڭ مەخرەجىدىن باشلاپ ئوقۇلسا، ئۇ بىر قېتىم «فاعلاتُ مَفاعيلُ مَفاعيلُ» (V——V/V——V/V—V—) گە تەڭ كېلىدۇ. بۇ مۇشاكىل بەھرىنىڭ مەكفۇف شەكلىدۇر:

باز روكه/ ربودى ز/ دلم صبر/
فاعلاتُ/ مَفاعيلُ/ مَفاعيلُ/
/ V——V/V——V/V—V—
/ V——V/V——V/V—V—

«ئەل-مۇجەم» دىكى تۆتىنچى دائىرە «مۇتتەفىقە» (بىرلەشكەن، بىر گەۋدىگە ئايلانغان) نامى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، مۇتەدارىك ۋە مۇتەقارىبدىن ئىبارەت ئىككى بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاپتور بۇ دائىرەنى ئەرەب ئارۇزىدىكى دائىرەچىلىك ئەنئەنىسىگە ئاساسەن «مۇتتەفىقە» دەپ ئاتىغانلىقىنى شەرھلەپ ئۆتىدۇ. شەمس قەيس رازى تۈزگەن «مۇتتەفىقە» دائىرەسى بۇ دائىرەگە سەپلەنگەن، ئۇنىڭدىكى ئىككى بەھرنى ھاسىل قىلىشقا بولىدىغان شېئىرىي مىسرانى ھېسابقا ئالمىغاندا، تەركىب جەھەتتىن ئەرەب ئارۇزىدىكى «مۇتتەفىقە» دائىرەسىدىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدۇ. شەمس قەيس رازى بۇ دائىرە ئارقىلىق ئۇنىڭدىكى مۇتەقارىب ۋە مۇتەدارىك بەھرلىرىنىڭ پارس-تاجىك شېئىرىيىتىدىمۇ كەڭ قوللىنىلىدىغان بەھرلەردىن ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ قويۇشنى مەقسەت قىلغان بولسا



كېرەك. بۇ دائىرە تۆۋەندىكى شەكىلدە تۈزۈلگەن:




بۇ دائىرەدىكى شېئىرىي مىسرا ئەگەر مۇتەقارىب بەھرىنىڭ مەخرەجىدىن باشلاپ ئوقۇلسا، «فعولن» (V——) ھەر بېيىتتا سەككىز قېتىم تەكرارلىنىدۇ. ئەگەر مىسرا مۇتەدارىك بەھرىنىڭ ئىپتىداسىدىن باشلاپ ئوقۇلسا، «فاعلن» (—V—) ھەر بېيىتتا سەككىز قېتىم تەكرارلىنىدۇ. ئالدىنقىسى مۇتەقارىب بەھرىنىڭ ۋە كېيىنكىسى مۇتەدارىك بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلىدۇر:

مۇتەقارىب مەخرەجىدىن:

مكن بر/ من اى ماه/ رواين/ ستمها/

فعولن / فعولن / فعولن / فعولن /

/ — — V / — — V / — — V / — — V

/ — — V / — — V / — — V / — — V

مۇتەدارىك ئىپتىداسىدىن:

بر من اي / ماه رو / اين ستم / ها مكن /

فاعلن / فاعلن / فاعلن / فاعلن /

/ — V — / — V — / — V — / — V —

/ — V — / — V — / — V — / — V —

شەمس قەيس رازى تۈزگەن يۇقىرىدىكى تۆت دائىرەگە جەمئىي ئون تۆت بەھر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن توققۇزى زىھافلىق بەھرلەردۇر. ئاپتور: «ئىلگىرى تۈزۈلگەن (مۇشتەبىھە) دائىرەسىدىكى سالىم بەھرلەردە يېزىلغان شېئىرلارنىڭ ھېچقايسىسى قۇلاققا يېقىشلىق ئەمەس»[1] دەپ قاراپ، ئۇلارنى دائىرەگە كىرگۈزمەيدۇ. دېمەك، ئۇ دائىرە تۈزۈشتە بەھرلەرنىڭ رىتىم ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ ئۇلارنى دائىرەگە كىرگۈزۈشنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى دەپ قارىغان. شۇنىمۇ ئەسكەرتىشكە توغرا كېلىدۇكى، شەمس قەيس رازى گەرچە دائىرەلەر توغرىسىدىكى قاراشلىرىنىڭ باشلىنىشىدىلا ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئارۇز دائىرەلىرى بابىدا تۈرلۈك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلارنى ئەيىبلەپ: «... ۋە مەن بەھر ۋە دائىرەلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئۇسۇللىرىدىن ھالقىپ، دائىرەلەرنىڭ ئىچىدىن بىرىنى شەرھلەپ ئۆتسەيكى، ئىلىم ئەھلى ئۇلارنىڭ ئەقلىنىڭ يېنىكلىكى ۋە تەبىئىتىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئىبرەت ئالسۇن، ھەددىدىن زىيادە نادانلىق ۋە ئىلىمدىكى

[1] شەمس قەيس رازى: «ئەل-مۇجەم»، دۇشەنبە، 1991-يىلى نەشرى، 80-بەت.



تەكەببۇرلۇقىدىن ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىشسۇن»[1] دەپ ئېيتقان ۋە دائىرەلەرنى تۈزۈشتە خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ پرىنسىپلىرىنى ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، لېكىن، دائىرەلەرنىڭ مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئىلىم ئەھلىنى سۆزسىز قايىل قىلالايدىغان ۋە ئومۇم بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان يېڭى پرىنسىپلارنى ئوتتۇرىغا قويالمىغان.

خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئۆزى تۇراقلاشتۇرغان بەش دائىرەگە بەھرلەرنىڭ سالىم شەكىللىرىنى كىرگۈزگەن ۋە ھەر بىر دائىرەدە بەھرلەرنىڭ رۇكنلىرىدىكى سەبەب، ۋەتەد ۋە فاسىلەنىڭ مىقدار جەھەتتىكى باراۋەرلىكى ئاساسىي پرىنسىپ قىلىنغانىدى. بۇنىڭدا بىرلا رۇكنىدىكى جۇزۇلارنىڭ تەرتىپىنى ئىلگىرى-كېيىن ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق شۇ دائىرەدىكى بارلىق بەھرلەرنى ھاسىل قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. ئەمما، شەمس قەيس رازى بولسا پارس-تاجىك شېئىرىيىتىگە خاس بولغان ئىككى دائىرە — «مۇختەلىفە» ۋە «مۇنتەزىئە» نى تۈزۈشتە خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئوخشىمىغان ھالدا ئۇنىڭغا زىھافلىق (تارماق) بەھرلەرنى كىرگۈزگەن. شۇ زامانلارغىچە پارس-تاجىك شېئىرىيىتىدە كەڭ قوللىنىلىۋاتقان بەزى سالىم بەھرلەرنى رىتىم جەھەتتىن قۇلاققا يېقىشلىق ئەمەس دەپ قاراپ، دائىرەگە كىرگۈزمىگەن. ھەربىر دائىرەدىكى بەھرلەرنى ھاسىل قىلىش ئۇسۇلىنىمۇ ئۆزگەرتىلگەن. ئەمما، بۇ ئۆزگەرتىشلەرنىڭ قانداق پرىنسىپلار ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغانلىقىغا يېتەرلىك دەلىل كۆرسىتىلمىگەن. بۇلار

[1] شەمس قەيس رازى: «ئەل-مۇجەم»، دۇشەنبە، 1991-يىلى نەشرى، 79-بەت.

شەمس قەيس رازىنىڭ ئارۇز ئىلمىدىكى ئەنئەنىۋى دائىرە تەلىماتلىرىغا ئىجادىي ياندىشىشتەك ئاكتىپ پوزىتسىيەسىنى تولۇق نامايان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دائىرەگە كىرگۈزۈلىدىغان بەھرلەرنى يېڭى شەرتلەر ئاساسىدا تاللاپ، ئۇنى ئادەتتىكى ئاددىملەر ئاسانلىقچە چۈشىنەلمەيدىغان نەزەرىيەۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى ئەسلىدىلا بەھرلەرنى تۈتۈۋېلىشنى ئاسانلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئىجاد قىلىنغان دائىرە تەلىماتىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇۋەتكەن. شۇڭا، پارس-تاجىك ئەدەبىياتى تارىخىدىكى كېيىنكى نەزەرىيەچىلەر دائىرەلەرنىڭ تەرتىپىدە ۋە تۈزۈش ئۇسۇلىدا شەمس قەيس رازىنىڭ قاراشلىرىنى ئاساس قىلىشسىمۇ، ئەمما، دائىرەلەرنىڭ تەركىبىدە ھەرقايسىلىرى ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان. بۇ ھال ناسىرۇددىن تۇسىنىڭ دائىرەگە ئائىت قاراشلىرىدا تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ.

پارس-تاجىك ئارۇزچىلىقىدا دائىرە تۈزۈش ئەركىن تۇس ئالغاچقا، دائىرەگە ئائىت مەسىلىلەردە ناسىرۇددىن تۇسى شەمس قەيس رازىگە بەزى جەھەتتىن ئوخشىمايدىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. تۇسى دائىرەگە ئائىت مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەبلەردىكى دائىرە بەشتۇر. ئۇلار ‹مۇختەلىفە›، ‹مۇئتەلىفە›، ‹مۇجتەلىبە›، ‹موشتەبىھە›، ‹مۇتتەفىقە› دىن ئىبارەت. ئەجەملەردىكى دائىرەمۇ بەشتۇر. ئۇلا، ‹مۇجتەلىبەيى سالىمە›، ‹مۇجتەلىبەيى مۇزاھەفە›، ‹مۇشتەبىھەيى مۇسەممەنە›، ‹مۇشتەبىھەيى مۇسەددەسە›،



‹مۇتتەفىقە› »[1].

يۇقىرىدىكى بايانىدىن شۇ نەرسە ئايانكى، ناسىرۇددىن تۇسىمۇ ئالدى بىلەن خۇددى شەمس قەيس رازىغا ئوخشاش ئەرەب ئارۇزىدىكى «مۇختەلىفە» دائىرەسى ۋە بۇ دائىرە ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق بەھرلەر (تەۋىل، مەدىد، بەسىت) بىلەن «مۇئتەلىفە» دائىرەسى ۋە بۇ دائىرەگە كىرگۈزۈلگەن بارلىق بەھرلەر (ۋافىر، كامىل) نى پارس-تاجىك شېئىرىيىتىنىڭ خاس دائىرەلىرى قاتارىغا قوشمىغان.

ناسىرۇددىن تۇسى پارس-تاجىك شېئىرىيىتىدىكى دائىرەلەرنىڭ سانىنى بەش دەپ قارايدۇ. بۇ جەھەتتىن ئۇ شەمس قەيس رازىدىن پەرقلىنىدۇ. دائىرەلەرنىڭ نامىمۇ شەمس قەيس رازىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ھەر قايسى دائىرەلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان بەھرلەرمۇ سان ۋە دائىرەلەرگە بۆلۈنۈش قاتارلىق جەھەتلەردىن شەمس قەيس رازىنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ. ناسىرۇددىن تۇسىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئەرەب ۋە پارس-تاجىك شېئىرىيىتىگە خاس بەھرلەرنى دائىرە شەكلىدىمۇ سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنى تەپسىلىي شەرھلەيدۇ. بىز بۇ بابنىڭ ھەجىم جەھەتتىن چوڭقىيىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن دائىرەلەرنىڭ شەكلىنى قويۇپ، پەقەت ھەر بىر دائىرەدىكى بەھرلەر بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتەيلى:

ناسىرۇددىن تۇسىنىڭ «مېيارۇل-ئەشئار» ىدىكى بىرىنچى دائىرەسى «مۇختەلىفە» نامى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، ئۇ تەۋىل، مەدىد، ئەرىز، بەسىت ۋە ئەمىقتىن

[1] ناسىرۇددىن تۇسى: «مېيارۇل-ئەشئار»، دۇشەنبە، 1992-يىللى نەشرى، 30-بەت.

ئىبارەت بەش بەھرنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۇسى تۇزگەن بۇ دائىرەگە ئەرەب شېئىرىيىتىگە خاس ئۈچ بەھر بىلەن پارس ـ تاجىك شېئىرىيىتىگە خاس ئىككى بەھر كىرگۈزۈلگەن. دائىرەگە ئاپتور بۇ بەش بەھرنى ھاسىل قىلىشقا بولىدىغان بىر شېئىرىي مىسرا ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، بەھرلەر تۆۋەندىكى تەرزدە ھاسىل بولىدۇ:

1) تەۋىل بەھرى:

به من بر/گذر ای مه/ به من در/نگر گه گه/

فعولن/ مفاعيلن/ فعولن/ مفاعيلن/

/ — — — v/ — — v/ — — — v/ — — v

/ — — — v/ — — v/ — — — v/ — — v

2) مەدىد بەھرى:

برگذر ای/ مه به من/ درنگر گه/ گه به من/

فاعلاتن/ فاعلن/ فاعلاتن/ فاعلن/

/ — v — / — — v — / — v — / — — v —

/ — v — / — — v — / — v — / — — v —

3) ئەرىز بەھرى:

گذر ای مه/ به من در/نگر گه گه/ به من بر/

مفاعيلن/ فعولن/ مفاعيلن/ فعولن/

/ — — v/ — — — v/ — — v/ — — — v

/ — — v/ — — — v/ — — v/ — — — v

4) بەسىت بەھرى:

ای مه به من/ درنگر/ گه گه به من/ بر گذر/

مستفعلن/ فاعلن/ مستفعلن/ فاعلن/

/ — v — / — v — — / — v — / — v — —

/ — v — / — v — — / — v — / — v — —



5) ئەمىق بەھرى:

مه به من/ درنگر گه/ گه به من/ بر گذر ای/

فاعلن/ فاعلاتن/ فاعلن/ فاعلاتن/

/ — — v — / — v — / — — v — / — v —

/ — — v — / — v — / — — v — / — v —

خەلىل ئىبنى ئەھمەد تۇزگەن «مۇختەلىفە» دائىرەسىدە يۇقىرىدىكى بەھرلەردىن پەقەت ئۈچىلا (بىرىنچى، ئىككىنچى، تۆتىنچى) ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. قالغان ئىككىسى (ئۈچىنچى ۋە بەشىنچى) ئەرەب شېئىرىيىتىدە ئىشلىتىلمەيدۇ. ئەرىز ۋە ئەمىق ناملىرى بىلەن ئاتالغان بۇ بەھرلەرنى 11 ـ ئەسىردىكى پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتى نەزەرىيەچىلىرىدىن «بەھرامى سەرەخسى ۋە بوزورگمېھرى قايىنى قاتارلىقلار خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ ‹مۇختەلىفە› دائىرەسىدىن ئاجرىتىپ چىقارغان»[1]. بۇ بەھرلەر بىر نەچچە ئەسىرلىك ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە ئىشلىتىلگەندىن كېيىن، ئاجىزلىق تەرەپلىرى بايقىلىپ، مۇستەقىل بىر بەھر سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنمىغان. بۇ بەھرلەرنىڭ ئىنكار قىلىنىشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئۇلارنىڭ باشقا بەھرلەرگە ئوخشاش ئۆزىگىلا تەئەللۇق بولغان رۇكنى ۋە تارماقلىرى بولمىغان. ناسىرۇددىن تۇسىمۇ بۇ بەھرلەردە ئەرەبچە شېئىر يېزىلمايدىغانلىقىنى ۋە بەھرامى سەرەخسىنىڭ بۇ بەھرلەردە پارسچە شېئىرلارنى كۆرگەنلىكىنى، شۇنداقلا ئەرىز بەھرىنىڭ يەنە مەقلۇبى تەۋىل (تەۋىلنىڭ تەتۇرى ياكى ئۆرۈلمىسى) نامى بىلەن

[1] ئۇرۇۋەتۇللا تائىروف: «ئەجەم ئارۇزى ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، دۇشەنبە، 1991 ـ يىلى نەشرى، 315 ـ بەت.

ئاتىلىدىغانلىقىنى شەرھلەپ ئۆتىدۇ[1].

«مېيارۇل - ئەشئار» دىكى ئىككىنچى دائىرە «مۇئتەلىفە» نامى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ۋافىر ۋە كامىلدىن ئىبارەت ئىككى بەھرنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى كىرگۈزۈلگەن. ئاپتور بۇ دائىرەدە يەنە بىر يېڭى بەھرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىمۇ تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ۋەزنىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمما، بۇ بەھر ھازىرغىچە ھېچقايسى تىلدىكى شېئىرىيەتتە ئىشلىتىلمىگەن. دائىرەگە ئىشلەنگەن شېئىري مىسرا **«بگو دل من كجا طلبم ز بهر خدا»** «مفاعلتن» (V—VV—) نىڭ ھەر مىسرادا ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىشىغا تەڭ بولۇپ، ئۇ ۋافىر بەھرىنىڭ ئالتىلىك سالىم شەكلىدۇر. ئەگەر مىسرا ئالدىدىكى «بگو» سۆزى مىسرا ئاخىرىغا يۆتكەلسە، ئۇ ھالدا مىسرا ئۈچ قېتىم «متفاعلن» (VV—V—) گە تەڭ بولىدۇ. بۇ كامىل بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلىدۇر. يۇقىرىدىكى مىسرا «من» سۆزىدىن باشلاپ ئوقۇلسا، تۇسى بۇ دائىرەدە بايقىغان يېڭى بەھرنىڭ ۋەزنى شەكىللىنىدۇ. ناسىرۇددىن تۇسى يۇقىرىدىكى بەھرلەرنىڭ ئەرەبلەرگە تەقلىدىي يېزىلغان شېئىرلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پارس تىللىق شېئىرىيەتتە ئىشلىتىلمەيدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.

«مېيارۇل - ئەشئار» دىكى ئۈچىنچى دائىرە «مۇجتەلىبە» (جەلپ قىلغۇچى، ئۆزىگە تارتقۇچى) نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ دائىرە ھەزەج، رەجەز ۋە رەمەلدىن ئىبارەت ئۈچ بەھرنىڭ سالىم شەكلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاپتور بۇ دائىرەدىكى بەھرلەرنىڭ ئەرەب شېئىرىيىتىدە

[1] ناسىرۇددىن تۇسى: «مېيارۇل - ئەشئار»، دۇشەنبە، 1992 - يىلى نەشرى، 30 - بەت.



ئالتىلىك ۋە پارس - تاجىك شېئىرىيىتىدە سەككىزلىك شەكىلدە كۆپرەك ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى شەرھلەپ، دائىرەنى ھەر ئىككى خىل شەكىلنى ھاسىل قىلغىلى بولىدىغان تەرزدە تۈزىدۇ. دائىرەنىڭ ئالتىلىك شەكلىنى «مۇجتەلىبە» ۋە ئۇنىڭ سەككىزلىك شەكلىنى «مۇجتەلىبەيى زائىدە» نامى بىلەن ئاتايدۇ. دائىرەدىكى بەھرلەرنىڭ سالىم ئالتىلىك ۋە زىھافلىق شەكىللىرى ھاسىل بولىدىغان شېئىري مىسرالارمۇ ئايرىم بېرىلگەن. ئۇنىڭ ئالتىلىك شەكلىگە ئىشلەنگەن مىسراسى **«مرا دل بى دلارامى نيارامد»** دىن ئىبارەت بولۇپ، شۇ شەكىلدە ئۇ «مفاعيلن» (V———) نىڭ ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىشىغا تەڭ كېلىدۇ. بۇ ھەزەج بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىكىدۇر. مىسرا بېشىدىكى «مرا» سۆزى مىسرا ئاخىرىغا يۆتكەلسە، ئۇ «مستفعلن» (——V—) ئۈچ قېتىم تەكرارلانغانغا تەڭ بولىدۇ ۋە رەجەز بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىكىنى ھاسىل قىلىدۇ. مىسرا ئەگەر **«بى دلارامى»** سۆزىدىن باشلاپ ئوقۇلسا، ئۇ ئۈچ قېتىم «فاعلاتن» (—V——) تەكرارلانغانغا تەڭ كېلىدۇ. بۇنىڭدىن رەمەل بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىكى ھاسىل بولىدۇ. ئاپتور يەنە بۇ ئۈچ بەھرنىڭ زىھافلىق شەكىللىرى ئۈچۈنمۇ بىر دائىرە ئىشلەپ، ئۇنى «مۇجتەلىبەيى زائىدەيى مۇزاھەفە» نامى بىلەن ئاتايدۇ. ئۇنىڭغا ھەزەجنىڭ مەكفۇف، رەجەزنىڭ مەتۋى ۋە رەمەلنىڭ مەخبۇن شەكلى كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئۈچ بەھرنى «مرا كس ندهد داد، مرا كس نكند شاد» دېگەن مىسرادىن يۇقىرىدىكىدەك ئۇسۇلدا ھاسىل قىلىشقا بولىدۇ.

«مۇجتەلىبە» دائىرەسى ئەرەب ئارۇزچىلىقىدا ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرسىمۇ، پارس - تاجىك ئارۇزچىلىقىدا بىرىنچى

ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ دائىرەدىكى بەھرلەر بولۇپمۇ ھەزەج بەھرى ئەرەب شېئىرىيىتىدە كۆپ ئىشلىتىلمەيدۇ. ئەمما، پارس ـ تاجىك شېئىرىيىتىدە بولسا بولار ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بەھرلەردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ زىھافلىق شەكىللىرىمۇ ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك، ناسىرۇددىن تۇسىمۇ بۇ دائىرەدىكى بەھرلەرنىڭ سالىم ۋە زىھافلىق شەكىللىرىنى نىسبەتەن تەپسىلىي شەرھلەپ، دائىرە ۋە ئايرىم شېئىرىي مىسرالار شەكلىدە ئۇلارنىڭ پەرقىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

ناسىرۇددىن تۇسى تۈزگەن تۆتىنچى دائىرە «مۇشتەبىھە» (ئوخشايدىغانلار) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دائىرەگە جەمئىي توققۇز بەھر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىككىسىنى ئاپتور يېڭى بەھرلەر قاتارىدا تىلغا ئالىدۇ. بۇ دائىرەدىكى بەھرلەرنىڭ سانى كۆپ ۋە ئۇنىڭدا ناسىرۇددىن تۇسىنىڭ ئىنچىكە پىكىرلىكى ۋە ئىجادچانلىقى ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەچكە، ھەر بىر بەھرنى ئۇنىڭدىكى شېئىرىي مىسرالار ئارقىلىق تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئاپتور دائىرەدە ھەممە بەھرنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلىنى ھاسىل قىلىشقا بولىدىغان بىر شېئىرىي مىسرا ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، بەھرلەر ئۇنىڭدىن تۆۋەندىكى تەرزدە ھاسىل بولىدۇ:

1) سەرىئ بەھرى:

باده به من / ده تو بُتا / هم یک بار /

مستفعلن / مستفعلن / مفعولات /

/V———/—V——/—V——

/V———/—V——/—V——

2) جەدىد بەھرى:

ده به من ده / تو بُتا هم / یک باربا /



فاعلاتن / فاعلاتن / مستفعلن /

/—V——/——V—/——V—

/—V——/——V—/——V—

3) قەرىب بەھرى:

به من ده تو / بُتا هم یک / بارباده /

مفاعیلن / مفاعیلن / فاعلاتن /

/——V—/———V/———V

/——V—/———V/———V

4) مۇنسەرىھ بەھرى:

ده تو بُتا / هم یک بار / باده به من /

مستفعلن / مفعولات / مستفعلن /

/—V——/V———/—V——

/—V——/V———/—V——

5) خەفىف بەھرى:

تو بُتا هم / یک باربا / ده به من ده /

فاعلاتن / مستفعلن / فاعلاتن /

/——V—/—V——/——V—

/——V—/—V——/——V—

6) مۇزارىئ بەھرى:

بُتا هم یک / بارباده / به من ده تو /

مفاعیلن / فاعلاتن / مفاعیلن /

/———V/——V—/———V

/———V/——V—/———V

7) مۇقتەزەب بەھرى:

هم یک بار / باده به من / ده تو بُتا /

مفعولات / مستفعلن / مستفعلن /

/—V——/—V——/V———

/—V——/—V——/V———

8) مۇجتەس بەھرى:

یک باریا / ره به من دم / تو بُتا هم /

مستفعلن / فاعلاتن / فاعلاتن /

/ — —V— / — —V— / —V— —

/ — —V— / — —V— / —V— —

9) مۇشاكىل بەھرى:

بارباده / بِم من ده تو / بُتا هم یک /

فاعلاتن / مفاعیلن / مفاعیلن /

/ — — —V / — — —V / — —V—

/ — — —V / — — —V / — —V—

ئەسكەرتىپ قويۇشقا تېگىشلىكى شۇكى، ناسىرۇددىن تۇسى بۇ دائىرەدە ئىككى يېڭى بەھرنى (ئىككىنچى ۋە توققۇزىنچى ئورۇندا) بايقاپ، ئۇنىڭ ۋەزنىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارغا ئايرىم نام قويمىغان. ئەمەلىيەتتە بۇ بەھرلەردىن بىرى (جەدىد) 11 - ئەسىردىكى پارس - تاجىك ئارۇزچىلىرىدىن بوزۇرگىمېھرى قايىنى تەرىپىدىن بايقىلىپ، ئۇنىڭ ۋەزنى تۇراقلاشتۇرۇلغان ۋە ئىجادىيەتتە ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. يەنە بىرى مۇشاكىل نامىدا ئاتالغان بولۇپ، ئۇنىڭ دەسلەپتە كىم تەرىپىدىن بايقالغانلىقى مەنبەلەردە ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن. ناسىرۇددىن تۇسى ئۇلارنى يېڭى بەھرلەر دەپ ئاتاپ، ۋەزنلىرىنى قايتا كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۇلارغا نام قويمىغان. بەلكىم بۇ بەھرلەر شۇ دەۋرلەرگىچە تېخى ئۇنچە كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلمىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، بۇ بەھرلەرنى ناسىرۇددىن تۇسىنىڭ ئىختىراسى دەپ قارايدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. قانداقلا بولمىسۇن بۇ بەھرلەر كېيىنچە پارس - تاجىك شېئىرىيىتىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان خاس بەھرلەردىن بولۇپ قالغان. ئاپتور بۇ توققۇز بەھرنىڭ سالىم



شەكىللىرىگە قارىغاندا زىھافلىق شەكىللىرىنىڭ كۆپرەك ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، ئۇلارنىمۇ ئايرىم بىر دائىرەگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە ئۇ دائىرەنى «مۇشتەبىھەيى مۇزاھەفە» نامى بىلەن ئاتايدۇ. «مۇشتەبىھەيى مۇزاھەفە» دە سەرىئ، مۇنسەرىھ ۋە مۇقتەزەب بەھرلىرى مەتۋى شەكلىدە، قەرىب ۋە مۇزارىئ بەھرلىرى مەكفۇف شەكلىدە، خەفىف ۋە مۇجتەس بەھرلىرى مەخبۇن شەكلىدە بېرىلگەن. ئاپتور بۇ بەھرلەردىن بەزىلىرىنىڭ ئالتىلىك ۋە سەككىزلىك شەكىللەردە ئوخشاشلا كۆپ قوللىنىلىدىغانلىقىنىمۇ تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنى ئايرىم دائىرە ۋە مىساللار بىلەن شەرھلەيدۇ.

«مېيارۇل - ئەشئار» دىكى بەشىنچى دائىرە «مۇتتەفىقە» (ئاھاڭداش) نامى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، ئۇ مۇتەقارىب ۋە مۇتەدارىك بەھرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۇسى مۇتەدارىك بەھرىنىڭ ئەرەب ۋە پارس تىللىق شېئىرىيەتنىڭ ھەر ئىككىسىدە كۆپ قوللىنىلمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ بۇ بەھرنى غەرىب، رەكز ۋە مۇنەسسەق ناملىرى بىلەنمۇ ئاتىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا يېتەرلىك مىسال تاپالمىغانلىقىنىمۇ ئەسكەرتىدۇ. دائىرەگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان مىسرا «مرا بی دلارام شادی نیاید» «فعولن» (V— —) نىڭ ھەر مىسرادا سەككىز قېتىم تەكرارلانغىنىغا تەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدىن مۇتەقارىب بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلى بارلىققا كېلىدۇ. مىسرا بېشىدىكى «مرا» سۆزى مىسرا ئاخىرىغا ئېلىنسا، ئۇ «فاعلن» (—V—) نىڭ ھەر مىسرادا تۆت قېتىم تەكرارلانغانلىقىغا تەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدىن مۇتەدارىك بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىكى ھاسىل بولىدۇ.

ناسىرۇددىن تۇسى ئاخىرىدا بەھرلەرگە ئائىت

بايانلىرىنى خۇلاسىلەپ: «بۇ دائىرىلەردىن ھاسىل قىلىشقا بولىدىغان بەھرىلەرنىڭ سانى جەمئىي يىگىرمە ئىككىدۇر»[1]، ئۇنىڭدىن ئەرەبلەر ئىشلەتمەيدىغان بەھرىلەر ئون ئالتە: تەۋىل، مەدىد، بەسىت، ۋافىر، كامىل، ھەزەج، رەجەز، رەمەل، سەرىئ، مۇنسەرىھ، خەفىف، مۇزارىئ، مۇقتەزەب، مۇجتەس، مۇتەقارىب، غەرىب (مۇتەدارىك) ۋە قالغانلىرى ئىشلىتىلمەيدۇ. ئەجەم شېئىرىيىتىدە ئىشلىتىلىدىغانلىرى ئوندۇر،[2] ھەزەج، رەجەز، رەمەل، سەرىئ، قەرىب، مۇنسەرىھ، خەفىف، مۇزارىئ، مۇجتەس، مۇتەقارىب. زىھافلار ۋە ئىككى «مۇشتەبىھە» دائىرىسىدىكى كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بەھرىلەرنىڭ

[1] ئاپتور تىلغا ئالغان يىگىرمە ئىككى بەھر — ئەرەب ئارۇزىغا خاس ئون ئالتە بەھر، پارس-تاجىك ئارۇزچىلىرى ئىختىرا قىلغان ئەرىز، ئەمىق ۋە قەرىب قاتارلىق ئۈچ بەھر، ئاپتور ئۆزى «مۇشتەبىھە» دائىرىسىدە بايقىغان ھەم كېيىنچە جەدىد ۋە مۇشاكىل ناملىرى بىلەن ئاتالغان ئىككى بەھر، شۇنداقلا ئاپتور يەنە «مۇئتەلىفە» دائىرىسىدە بايقىغان، ئەمما ھېچقايسى تىلدىكى شېئىرىيەتتە ئىشلىتىلمىگەن بىر يېڭى بەھردىن ئىبارەتتۇر.

[2] ئاپتور بۇ سانغا مۇتەدارىك ۋە مۇقتەزەب بەھرلىرىنى ھەمدە ئۆزى بايقىغان ئىككى يېڭى بەھر (جەدىد ۋە مۇشاكىل) نى كىرگۈزمىگەن. ئارۇز تارىخىدىن شۇ نەرسە ئايانكى، مۇتەدارىك بەھرى ئەرەب ئارۇزىغا خەلىل ئىبنى ئەھمەدتىن كېيىن ئەخفەشى ئەكبەر تەرىپىدىن قوشۇلغان. بۇ بەھر پارس-تاجىك شېئىرىيىتىدىمۇ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بەھرلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇقتەزەب بەھرىنىمۇ خەلىل ئىبنى ئەھمەد بىر نەچچە مىسال بىلەن ئەرەب شېئىرىيىتىگە خاس بەھرلەر قاتارىغا قوشقان بولسىمۇ، ئەمما ئەخفەشى ئەكبەر بۇ بەھردە يېزىلغان شېئىرلارنى تاپالمىغاچقا، ئۇنى مۇزارىئ بەھرى بىلەن بىرگە ئەرەب شېئىرىيىتىگە خاس بەھرلەر قاتارىدىن چىقىرىۋەتكەن. كېيىنكى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىمۇ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مۇقتەزەب بەھرى ئەرەب شېئىرىيىتىگە قارىغاندا پارس-تاجىك شېئىرىيىتىدە كەڭرەك قوللىنىلغان بولۇپ، 14-ئەسىردىن كېيىن ئۇنىڭ سالىم شەكلىدىلا ئەمەس، بەلكى زىھافلىق شەكىللىرىدىمۇ ئاز بولمىغان ئەسەرلەر يېزىلغان. ھازىرقى ۋاقىتتىمۇ بۇ بەھر پارس-تاجىك شېئىرىيىتىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان بەھرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.



ھەممىسى ھېسابقا ئېلىنسا، بۇلارنىڭ سانى تېخىمۇ ئارتىدۇ»[1] دەپ يازىدۇ. ناسىرۇددىن تۇسى تۈزگەن بەش دائىرىگە جەمئىي ئوتتۇز تۆت بەھر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن ئون ئىككىسى زىھافلىق بەھرلەردۇر. ئۇ «مۇختەلىفە»[2] ۋە «مۇئتەلىفە» دائىرىسىدىكى بەھرلەرنى ئەرەب شېئىرىيىتىگىلا خاس، «مۇجتەلىبە»، «مۇشتەبىھە»، «مۇسەددەسە» ۋە «مۇتتەفىقە» دائىرىسىدىكى بەھرلەرنى ئەرەب ۋە پارس-تاجىك شېئىرىيىتىگە ئورتاق، «مۇجتەلىبەيى مۇزاھەفە»، «مۇشتەبىھەيى مۇسەممەن» دائىرىسىدىكى بەھرلەرنى پەقەت پارس-تاجىك شېئىرىيىتىگىلا خاس دەپ ئايرىيدۇ.

ناسىرۇددىن تۇسىنىڭ ئەڭ چېلىقارلىق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئەرەب ۋە پارس-تاجىك شېئىرىيىتىگە خاس بەھرلەرنى دائىرە شەكلىدىمۇ سېلىشتۇرۇپ، ئۇلاردىكى ئورتاقلىق ۋە خاسلىقلارنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەرەب ئارۇزىدىن چەتنىگەن ھالدا پارس تىللىق شېئىرىيەتنىڭ ۋەزنى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە قارشى تۇرغاندەك، ئەرەب ئارۇزچىلىقى قېلىپلىرىغىلا ئېسىلىۋېلىپ، پارس تىللىق شېئىرىيەتنىڭ مىللىي خاسلىقى ئۈستىدە ئىزدەنمەسلىكنىمۇ ياقتۇرمايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ دائىرە تەلىماتلىرىدا خەلىل ئىبنى ئەھمەد بىلەن شەمس قەيس رازىدەك پارس-تاجىك ئارۇزچىلىرىنىڭ بەھرلەرگە ئائىت قاراشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىرىدە ئەكس ئەتتۇرۇلۇش ئۇسۇللىرى ئوخشاش سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

[1] ناسىرۇددىن تۇسى: «مېيارۇل-ئەشئار»، دۇشەنبە، 1992-يىلى نەشرى، 39-بەت.

[2] بۇ دائىرىدىكى ئەرىز ۋە ئەمىقتىن ئىبارەت ئىككى بەھر پارس تىللىق شېئىرىيەتكىلا خاستۇر. بۇ بەھرلەر «مۇختەلىفە» دائىرىسىدىن ئايرىپ چىقىلغاچقا، يەنە شۇ دائىرە ئىچىگە قويۇلغان.

پارس ـ تاجىك ئارۇزچىلىقىدا دائىرە تەلىماتى ئەركىن تۇس ئېلىپ، بەھرلەرنى دائىرەلەردە خالىغان شەكىللەردە ئەكس ئەتتۈرۈش بىر ئەنئەنە سۈپىتىدە داۋاملاشقاچقا. ۋاھىد تەبرىزى (15 ـ ئەسىر) نىڭ بۇ جەھەتتىكى قاراشلىرىمۇ باشقىلاردىن پەرقلىنىدۇ. ئۇ «جەمئى مۇختەسەر» ناملىق ئەسىرىدە پارس ـ تاجىك شېئىرىيىتىگە خاس دائىرەنىڭ سانىنى ئالتە دەپ قارايدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكى تەركىبتە تۈزۈلگەن:

1) «مۇختەلىفە» دائىرەسى (سالىم سەككىزلىك شەكلىدىكى ھەزەج، رەجەز، رەمەل بەھرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

2) «مۇتتەفىقە» دائىرەسى (سالىم سەككىزلىك شەكلىدىكى ۋافىر، كامىل بەھرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

3) «مۇجتەلىبە» دائىرەسى (سالىم سەككىزلىك شەكلىدىكى تەۋىل، مەدىد، بەسىت بەھرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

4) «موشتەبىھە» دائىرەسى (سالىم سەككىزلىك شەكلىدىكى مۇتەقارىب ۋە مۇتەدارىك بەھرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

5) «مۇختەلىفە» دائىرەسى (زىھافلىق سەككىزلىك شەكلىدىكى مۇنسەرىھ، مۇزارىئ، مۇقتەزەب، مۇجتەس بەھرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

6) «مۇنتەزئە» دائىرەسى (زىھافلىق سەككىزلىك شەكلىدىكى سەرىئ، غەرىب، قەرىب، خەفىف، مۇشاكىل بەھرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)[1].

[1] ۋاھىد تەبرىزى (ۋەھىد تەبرىزى): «جەمئى مۇختەسەر»، موسكۋا، 1959 ـ يىلى نەشرى، 45 ــ 50 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.



ۋاھىد تەبرىزىنىڭ بەھرلەر توغرىسىدىكى بايانلىرىدىن مەلۇمكى، ئۇ ئەرەب شېئىرىيىتىگە خاس بولغان «مۇختەلىفە» ۋە «مۇئتەلىفە» دائىرەلىرىنىمۇ پارس ـ تاجىك شېئىرىيىتىگە خاس دائىرەلەر قاتارىغا قوشىدۇ. ئۇنىڭ دائىرەگە ئائىت قاراشلىرى مەلۇم جەھەتتىن مۇھەممەد غىياسۇددىن بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ.

پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتى تارىخىدا بارلىققا كەلگەن نەزەرىيەۋى ئەسەرلەر ئىچىدە 19 ـ ئەسىردە يېزىلغان مۇھەممەد غىياسۇددىننىڭ «مىراجۇل ـ ئارۇز» ناملىق ئەسىرىمۇ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگىدۇر. ئاپتور ئارۇزنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى قاتارىدا دائىرە مەسىلىسى ئۈستىدىمۇ تەپسىلىي توختىلىپ مۇنداق پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «خەلىل ئىبنى ئەھمەد ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر مەلۇم بەھرنى باشقا بەھرلەردىن ئايرىپ پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئاسانلىقى ئۈچۈن، بەش دائىرە تۈزۈشكەن ۋە ھەر دائىرەگە ئايرىم مۇناسىپ نام قويۇشقانىدى. كېيىن پارس تىللىق خەلقلەر ئۇنىڭغا ‹مۇنتەزئە› نامىدا بىر دائىرە قوشۇپ، جەمئىي ئالتە دائىرە بەلگىلەشكەن»[1]. ئۇ تىلغا ئالغان ئالتە دائىرەنى مۇنداق تەركىبتە كۆرسىتىدۇ:

1) «مۇختەلىفە» دائىرەسى (تەۋىل، مەدىد، بەسىتتىن ئىبارەت ئۈچ بەھرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

2) «مۇئتەلىفە دائىرەسى» (ۋافىر ۋە كامىلدىن ئىبارەت ئىككى بەھرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

3) «مۇجتەلىبە» دائىرەسى (ھەزەج، رەجەز، رەمەل بەھرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

4) «مۇشتەبىھە» دائىرەسى (مۇزارىئى مەكفۇف،

[1] مۇھەممەد غىياسۇددىن: «غىياسۇل ـ لۇغەت»، دۇشەنبە، 1988 ـ يىلى نەشرى، 50 ـ بەت.

مۇقتەزەبى مەتۋى، مۇجتەسى مەخبۇن، مۇنسەرىئى مەتۋى قاتارلىق بەھرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

5) «مۇنتەزىئە» دائىرەسى (سەرىئى مەتۋى، جەدىدى مەخبۇن، قەرىبى مەكفۇف، خەفىف مەخبۇن).

6) «مۇتتەفىقە» دائىرەسى (مۇتەقارىب، مۇتەدارىك بەھرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

يۇقىرىدىكىلەردىن شۇ نەرسە ئايانكى، شەمس قەيس رازى ۋە ناسىرۇددىن تۇسىگە ئوخشىمىغان ھالدا ئەرەب شېئىرىيىتىگە خاس بولغان «مۇختەلىفە» ۋە «مۇئتەلىفە» دائىرىلىرىنىمۇ مۇھەممەد غىياسۇددىن پارس - تاجىك شېئىرىيىتىگە خاس دائىرىلەر قاتارىغا قوشىدۇ. كىلاسسىك نەزەرىيەچىلەردىن سەيفى ئارۇزىمۇ «ئارۇزى سەيفى» ناملىق ئەسىرىدە يۇقىرىدىكى ئىككى دائىرەنى پارس - تاجىك شېئىرىيىتىگە خاس دائىرىلەر قاتارىغا قوشىدۇ. ۋاھىد تەبرىزىمۇ «جەمئى مۇختەسەر» دە ۋافىر ۋە كامىل بەھرلىرىنى «مۇتتەفىقە» دائىرەسىگە، تەۋىل، مەدىد ۋە بەسىت بەھرلىرىنى «مۇجتەلىبە» دائىرەسىگە كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى پارس - تاجىك شېئىرىيىتىگە خاس بەھرلەردىن ھېسابلايدۇ①.

كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، يۇقىرىدىكى نوپۇزلۇق ئارۇزچىلارنىڭ پىكرىدە خېلى زور ئىختىلاپلار مەۋجۇت. ئالدى بىلەن دائىرىلەرنىڭ سانى ئوخشىمايدۇ. دائىرىلەرنىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشى يەنى ھەرقايسى دائىرە ئۆز ئىچىگە ئالغان بەھرلەردىمۇ خېلى چوڭ پەرقلەر مەۋجۇت.

يېقىنقى زامان ئارۇزچىلىرىدىن ئىران تېھران

① ئۇرۇۋەتۇللا تائىروف: «ئەجەم ئارۇزى ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، دۇشەنبە، 1991 - يىلى نەشرى، 61 - بەت.



ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى پەرۋىز ناتىل خانلەرىنىڭ دائىرەگە ئائىت قاراشلىرى ئۆزگىچىلىككە ئىگە. ئۇ پارس شېئىرىيىتىدىكى بەھرلەرنى ئون بەش دائىرەگە قويۇشقا بولىدۇ دەپ قارايدۇ. پەرۋىز ناتىل خانلەرىنىڭ دائىرە تەرتىپى تۆۋەندىكىچە:

**1 - دائىرە:**

① ھەزەج، ② رەجەز، ③ رەمەل بەھرلىرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلىدە.

**2 - دائىرە:**

① ھەزەجى مۇسەددەسى ئەخرەبى مەكفۇف (ھەر بېيىتتا ئىككى قېتىم «مَفعولُ مَفاعيلُ مَفاعيلُن »).

② رەجەزى مۇسەممەنى مەتۋى (ھەر بېيىتتا سەككىز قېتىم «مُفتَعلُن »).

③ رەمەلىَ مۇسەممەنى مەخبۇن (ھەر بېيىتتا سەككىز قېتىم «فعلاتُن » ).

④ ھەزەجى مۇسەممەنى مەكفۇف(ھەر بېيىتتا سەككىز قېتىم «مَفاعيلُ »).

**3 - دائىرە:**

① مۇنسەرىھى مۇسەممەنى مەتۋى (تۆت قېتىم «مُفتَعلُن فاعلاتُ »).

② خەفىفى مۇسەممەنى مەخبۇن (تۆت قېتىم «فعلاتُن مَفاعلُن »).

③ مۇزارىئى مۇسەممەنى مەكفۇف (تۆت قېتىم «مَفاعيلُ فاعلاتُ »).

④ مۇزارىئى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇف (ئىككى قېتىم «مَفعولُ فاعلات مَفاعيلُ فاعلاتُن »).

⑤ مۇقتەزەبى مۇسەممەنى مەتۋى (تۆت قېتىم «فاعلاتُ مُفتَعلُن »).

⑥ مۇجتەسسى مۇسەممەنى مەخبۇن (تۆت قېتىم «مَفاعيلُن فاعلاتُن»).

**4 ـ دائىرە ـ:**

① رەمەلى مۇسەممەنى مەشكۇل (تۆت قېتىم «فعلاتُ فاعلاتُن»).

② ھەزەجى مۇسەممەنى مەكفۇفى مەقبۇز (ئىككى قېتىم «مَفاعيلُ مَفاعلُن مَفاعيلُن مَفاعيلُ»).

③ رەجەزى مۇسەممەنى مەخبۇنى مەتۋى (ئىككى قېتىم «مَفاعلُن مُفتَعلُن مَفاعلُن مُفتَعلُن»).

④ ھەزەجى مۇسەممەنى مەكفۇفى مەقبۇز (ئىككى قېتىم «مَفاعيلُ مَفاعلُن مَفاعيلُ مَفاعلُن»)

⑤ رەجەزى مۇسەممەنى مەتۋىيى مەخبۇن (ئىككى قېتىم «مُفتَعلُن مَفاعلُن مُفتَعلُن مَفاعلُن»).

**5 ـ دائىرە:**

① رەجەزى مۇسەممەنى مەخبۇن (سەككىز قېتىم «مَفاعلُن»).

② رەمەلى مۇسەممەنى مەكفۇف (سەككىز قېتىم «فاعلاتُ»).

**6 ـ دائىرە:**

① مۇتەقارىبى مۇسەممەنى سالىم (سەككىز قېتىم «فعولُن»).

② مۇتەدارىكى مۇسەممەنى سالىم (سەككىز قېتىم «فاعلُن»).

**7 ـ دائىرە:**

① سەرىئىيى مۇسەددەسى مەتۋى (ئىككى قېتىم «مُفتَعلُن مَفاعلُن فاعلاتُ»).

② جەدىدى مۇسەددەسى مەخبۇن (ئىككى قېتىم «فعلاتُن فعلاتُن مَفاعلُن»).



③ قەرىبى مۇسەددەسى مەكفۇف (ئىككى قېتىم «مَفاعيلُ مَفاعيلُ فاعلاتُ»).

④ قەرىبى مۇسەددەسى ئەخرەبى مەكفۇف (ئىككى قېتىم «مَفعولُ مَفاعيلُ فاعلاتُن»).

⑤ خەفىفى مۇسەددەسى مەخبۇن (ئىككى قېتىم «فاعلاتُن مَفاعلُن فاعلاتُن»).

⑥ مۇشاكىلى مۇسەددەسى مەكفۇف (ئىككى قېتىم «فاعلاتُ مَفاعيلُ مَفاعيل»).

**8 ـ دائىرە:**

① كامىلى مۇسەممەنى سالىم (سەككىز قېتىم «مُتَفاعلُن»).

② ۋافىرى مۇسەممەنى سالىم (سەككىز قېتىم «مَفاعلتُن»).

**9 ـ دائىرە:**

① ھەزەجى مۇسەممەنى مەقبۇز (سەككىز قېتىم «مَفاعلُن»).

② رەمەلى مۇسەممەنى مەكفۇف (تۆت قېتىم «فاعلاتُ فاعلاتُن»).

③ رەجەزى مەخبۇن ۋە سالىم (تۆت قېتىم «مَفاعلُن مُتفعلُن»).

④ رەجەزى سالىم ۋە مەخبۇن (تۆت قېتىم «مُستَفعلُن مَفاعلُن»).

**10 ـ دائىرە:**

① مۇزارىئى مۇسەممەنى مەقبۇز (تۆت قېتىم «مَفاعلُن فاعلاتُن»).

② مۇقتەزەبى مۇسەممەنى مەتۋى (تۆت قېتىم «فاعلاتُ مفتعلُن»).

③ مۇقتەزەبى مۇسەممەنى مەخبۇن (تۆت قېتىم

«مَفاعيلُ مُستَفعلُن »).

④ قەرىبى مۇسەممەنى مەكفۇف (تۆت قېتىم «مَفاعيلُ فاعلاتنُ »).

11 - دائىرە:

① مۇقتەزەبى مۇسەممەنى مەخبۇنى مەتۋى (تۆت قېتىم «مَفاعيلُ مُفتَعلُن »).

② مۇشاكىلى مۇسەممەنى مەكفۇفى مەقبۇز (تۆت قېتىم «فاعلاتُ مَفاعلُن »).

③ مۇجتەسى مۇسەممەنى مەشكۇل (تۆت قېتىم «مَفاعلُ فاعلاتنُ »).

12 - دائىرە:

① مۇنسەرىھى مۇسەددەسى مەتۋى (ئىككى قېتىم «مُستَفعلُن فاعلاتن مُستَفعلُن »).

② خەفىف مۇسەددەسى مەخبۇن (ئىككى قېتىم «فاعلاتنُ مَفاعلُن فاعلاتنُ »).

③ مۇنسەرىھى مۇسەددەسى مەرفۇئ (ئىككى قېتىم مُستَفعلُن مَفعولُ مُستَفعلُن »).

④ جەدىدى مۇسەددەسى مەخبۇن (ئىككى قېتىم «فاعلاتنُ فاعلاتنُ مَفاعلُن »).

13 - دائىرە:

مۇتەدارىكى مۇسەممەنى مەخبۇن (سەككىز قېتىم «فعلنُ »).

14 - دائىرە :

① بەسىتى مۇسەممەنى سالىم (تۆت قېتىم «مُستَفعلُ فاعلنُ »).

② مەدىدى مۇسەممەنى سالىم (تۆت قېتىم «فاعلاتن فاعلن »).

③ تەۋىلى مۇسەممەنى سالىم (تۆت قېتىم «فعولُ



مفاعيلُن »).

④ ئەرىزى مۇسەممەنى سالىم (تۆت قېتىم «مَفاعيلُن فعولُن »).

⑤ ئەمىقى مۇسەممەنى سالىم (تۆت قېتىم «فاعلُن فاعلاتنُ »).

يۇقىرىدىكىلەردىن كېيىنلا پەرۋىز ناتىل خانلەرى رۇبائىي ۋەزنى ۋە شەجەرىلەرنى 15 - ئورۇنغا قويىدۇ[1]. ئۇ ھېچقايسى دائىرەگە ئايرىم نام ئىشلەتمەيدۇ. پەرۋىز ناتىل خانلەرىنىڭ دائىرەلەر ھەققىدىكى تەشەببۇسلىرىنى كىلاسسىك ئارۇزچىلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەرقىنىڭ ناھايىتى چوڭلۇقىنى ھېس قىلىمىز. مەزكۇر بابنىڭ ھەجىم چەكلىمىسى تۈپەيلى بىز بۇ پەرقلەرنى شەرھلەشنى توغرا تاپمىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى مەسىلىلەر كېيىنكى بابلاردا ئۆزلۈكىدىن روشەنلىشىپ كېتىدۇ.

يۇقىرىدىكىلەردىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئارۇز ئىلمىدە بەھرلەرنى ئەستە ساقلاشنى ئاسانلاشتۇرۇش مەقسىتىدە تۈزۈلگەن دائىرەلەر ئۇزاق دەۋرلەر جەريانىدا ئۆزى بىر مۇرەككەپ سىستېمىغا ئايلىنىپ، ئارۇز قائىدىلىرىنى چۈشىنىشنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرىۋەتكەن. شۇڭا، زامانىمىزدىكى بەزى ئالىملار ئارۇزدىكى دائىرەلەرنى ئىشلىتىشنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق دەپ قارىشىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئارۇز ئىلمى توغرۇلۇق باشلانغۇچ ساۋاتقا ئىگە بولغۇچىلارغا قارىتىلغان سۆز. ئەمما، ئارۇز توغرىسىدا مۇكەممەل چۈشەنچە ھاسىل قىلىشنى ئىستىگۈچىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، دائىرەلەر

[1] پەرۋىز ناتىل خانلەرى: «پارس شېئىرىيىتىنىڭ ۋەزنى»، تېھران، ھىجرىيە 1361 - يىلى نەشرىنىڭ 186 - 216 - بەتلىرىگە قارالسۇن.

ھەققىدە ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولماي تۇرۇپ ئارۇز ئىلمىنىڭ باشقا قائىدىلىرىنى تولۇق ئىگىلەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

بىزنىڭ دائىرەلەر توغرىسىدا بىر قەدەر تەپسىلىي توختالغىنىمىز، مىراسلارنى قېزىش مەقسىتىدە بولماستىن، بەلكى كېيىنكى بابلاردا ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان سالىم ۋە زىھافلىق بەھرلەرنىڭ تۈزۈلۈش قائىدىلىرىنى چۈشىنىشكە قولايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈندۇر. ئارۇزدا بولۇپمۇ ئەرەب ئارۇزىدا سالىم بەھرلەر كۆپرەك ئىشلىتىلىسىمۇ، لېكىن پارس ـ تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتتىكى شېئىرىيەتتە زىھافلىق بەھرلەر سالىم بەھرلەرگە قارىغاندا كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. شۇڭا، سالىم ۋە زىھافلىق بەھرلەرنىڭ تۈزۈلۈش قانۇنلىرى ھەققىدە چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولماي تۇرۇپ، شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ ۋەزنىنى ئايرىش ۋە ۋەزنىدىن ئاڭلىق پايدىلىنىپ شېئىرىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش ئىمكانىيىتىگە تولۇق ئېرىشكىلى بولمايدۇ.



## سەككىزىنچى باب

# تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى ئارۇز

ئارۇز ئىلمىنىڭ تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتكە تەتبىقلىنىشى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغان جەريانلارنى بېسىپ ئۆتكەن بولۇپ، ئەدەبىيات تارىخىدا بۇ ساھەگە ئائىت يېتەرلىك مەلۇمات بېرىلمىگەنلىكى ئۈستىگە، ھازىرقى ۋاقىتتىمۇ ئارۇز ئىلمىنىڭ تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى ئورنى تېخى تولۇق تەتقىق قىلىنىپ، ئىلىم ساھەسى ھەممە جەھەتتىن قايىل بولغىدەك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگىنى يوق. ئارۇز ئىلمىنىڭ تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتقا سىڭىپ كىرىشى ۋە ئۇنىڭ تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسىغا ئايلىنىشى بەزىدە كىشىگە تاسادىپىي بىر ھادىسىدەكمۇ تۇيۇلىدۇ. چۈنكى، ئەگەر بىز تۈركىي تىللىق خەلقلەر (ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار ۋە ئۆزبېكلەر) نىڭ ئەدەبىيات تارىخلىرىدا بىردەك يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ 1069 — 1070 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا خاقانىيە ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتتا تۇنجى بولۇپ ئارۇز ۋەزنىدە يارىتىلغان يىرىك ئەسەر دېگەن خۇلاسىسىنى ئېتىراپ قىلىدىغان بولساق، كاللىمىزدا دەرھاللا تۈركىي تىللىرىدا ئارۇز ئىلمىگە ئائىت ھېچقانداق نەزەرىيەۋى ئەسەر يارىتىلمىغان ۋە تۈركىي تىللىرىنىڭ ئارۇزدىكى ئۆلچەملىرى تېخى تولۇق بەلگىلەنمىگەن بىر شارائىتتا يەنى تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتتا ئارۇز ئىلمىگە ئائىت ھېچقانداق نەزەرىيەۋى ئاساس بولمىغان بىر

شارائىتتا ئارۇزدىكى شېئىرىي ئۆرنەكلەر ئاساس قىلىنغان بۇنداق بىر يىرىك ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇمكىنمۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتتا ئارۇز ئىلمىگە ئائىت تۇنجى ئەسەر ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «مىزانۇل ـ ئەۋزان» (شېئىرلار ئۆلچىمى) ى بولۇپ، ئۇ 15 ـ ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىللىرى، ئېنىقراقى «1499 ـ يىلى ياكى ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك يېزىلغان»[1]. تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتتا ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان تۇنجى بەدىئىي ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن ئارۇز ئىلمىي نەزەرىيەسىگە بېغىشلانغان تۇنجى ئىلمىي ئەسەر «مىزانۇل ـ ئەۋزان» نىڭ ئارىلىقىدا تەخمىنەن بەش ئەسىرلىك ۋاقىت پەرقى مەۋجۇت. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارۇز ۋەزنىدە ئاۋۋال يىرىك بەدىئىي ئەسەر مەيدانغا كېلىپ، بەش يۈز يىلدىن كېيىن ئاندىن ئارۇز نەزەرىيەسىگە ئائىت تۇنجى ئىلمىي ئەسەر بارلىققا كەلگەن. ئەگەر «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «مىزانۇل ـ ئەۋزان» نىڭ ئورنى ئالماشقان بولسا، يەنى ئالدى بىلەن ئىلمىي ئەسەر بارلىققا كېلىپ، ئارۇزنىڭ تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى قائىدىلىرى بېكىتىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىلمىي نەزەرىيەنىڭ تۈرتكىسىدە بەدىئىي ئەسەر يارىتىلغان بولسا، بىزنىڭچە، ئۇ ھالدا بۇ نەزەرىيەۋى ئىلىم ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىغا ئۇيغۇن كەلگەن ۋە كىشىگە ھېچقاچان تاسادىپىيلىقتەك تۇيۇلمىغان بولاتتى. بۇنداق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، ئارۇز تۈركىي تىللىق

[1] رەھىم مۇسۇلمانقۇلوف: «نەۋايى ‹مىزانۇل ـ ئەۋزان› ىنىڭ پارس مەنبەلىرى». «تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاخباراتى» ژۇرنىلى، 1991 ـ يىللىق 3 ـ سان.



ئەدەبىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىدىن خۇلاسىلەپ چىقىرىلغان نەزەرىيە ئەمەس، ئۇ باشقا خەلقلەر ئەدەبىياتىدىن ئېلىنغان ۋە تەتبىقلانغان نەزەرىيە. مۇشۇ بىرلا مەسىلىدىن بىز ئارۇز ئىلمىنىڭ تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتقا تەتبىقلىنىشى مۇرەككەپ بىر جەرياننى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى ۋە ئۇ باشلىنىشىدىلا ئىستىخىيەلىك خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ مەسىلە يەنە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى ئارۇزنىڭ قائىدىلىرىنى بۇ ئەدەبىياتنىڭ ئۆز ئىچىدىن ئەمەس، بەلكى ئەرەب ۋە پارس ـ تاجىك شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ئىلمىدىن ئىزدەشكە ۋە شۇ نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنىمۇ ئېنىق رەۋىشتە كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ:

ئەرەبچە، تاجىكچە كىتابلار تولا،
بىزنىڭ تىلىمىزدە بۇ يالغۇز، شۇلا. (73 ـ بېيىت)

دېگەن سۆزىمۇ باشقا ساھەلەر بىلەن بىرگە شۇ دەۋرگىچە ئەرەب ۋە پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىجادىيىتىدە نەزەرىيەۋى ئاساس سۈپىتىدە قوللىنىلغان ئارۇز ئىلمىگە ئائىت كۆپلىگەن نوپۇزلۇق ئەسەرلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالسا كېرەك. ئەگەر بىز ئارۇز ئىلمىنىڭ تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتكە تەتبىقلىنىشىنى ئىسلام دىنىنىڭ شەرقتە كەڭ تارقىلىشى بىلەن يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى ئوخشىمىغان ئىرق ۋە مەدەنىيەت سىستېمىلىرىغا تەۋە خەلقلەرنىڭ ھەر ساھەدىكى ئالاقىلىرى قويۇق تۈس ئالغان چوڭ مەدەنىي مۇھىت ئىچىگە قويۇپ، ئۇنى مۇشۇ چوڭ مۇھىت ئىچىدە كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قانداق بولۇپ ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغانلىقى

تاسادىپىي بىر ھادىسە بولۇپ تۇيۇلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئارۇز ئىلمىنىڭ تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتكە تەتبىقلىنىش جەريانىدىكى كۆپلىگەن چىگىش سوئاللارغىمۇ قايىل قىلارلىق جاۋابلارنى تېپىپ چىققىلى بولىدۇ.

ئارۇز ئىلمىنىڭ تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتكە تەتبىقلىنىشى، ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، خېلىلا مۇرەككەپ بولغان جەريانلارنى باشتىن كەچۈرگەن. ئۇنىڭدا خۇددى ئەرەب ۋە پارس-تاجىك شېئىرىيىتىدىكى ئارۇزدەك ئارۇز ئىلمىدە مەۋجۇت بولغان ئومۇمىي قائىدىلەرمۇ ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتنىڭ ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان خاس قائىدىلەرمۇ مەۋجۇت. تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى ئارۇزدا ئىپادىلىنىدىغان بۇ خىل ئومۇمىيلىق بىلەن خاسلىقنى توغرا چۈشىنىشتە، ئارۇز ئىلمىنىڭ تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى كونكرېت قائىدىلىرى بىلەن تەپسىلىي تونۇشۇپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ ئەسكەرتىشكە توغرا كېلىدۇكى، ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ئەرەب تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزىنى ئەمەس، بەلكى سۆزلەرنىڭ يېزىقتىكى ئىپادىلىنىشىنى ئاساس قىلىدۇ. قىسمەن قوشۇمچە قائىدىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ خىل ئەنئەنە پارس-تاجىك ئارۇزىدىمۇ ساقلاپ قېلىنغان. تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىمۇ ئارۇز ۋەزنىنىڭ قوللىنىلىشى ئەرەب يېزىقىنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا ئومۇملىشىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش. ئەمما تۈركىي تىللاردا قوللىنىلىدىغان ئەرەب يېزىقى ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىكىدەك مەۋجۇت



تاۋۇشلارنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. يېزىق بىلەن سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى ئوتتۇرىسىدا خېلىلا چوڭ پەرق مەۋجۇت. بۇ خىل پەرق ئاخىرقى ھېسابتا تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى ئارۇز قائىدىلىرىنىڭ قېلىپلىشىشىغا ناھايىتى كۆپ توسالغۇلارنى پەيدا قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرگەن. بۇنىڭدىن باشقا ئەرەب ۋە پارس تىللىرى ئارۇز ئىلمى كەشىپ قىلىنغان مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئاساسەن ئۆزگەرمىگەن. مىڭ يىل ئىلگىرى رۇدەكى ئىجاد قىلغان ئەسەرلەرنى بۈگۈنكى پارس تىللىق خەلقلەر ئۆز ئارگىنالىدا ئوقۇشالا كۆرەلەيدۇ. ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنىڭ يېزىقتىكى ئىملاسىمۇ مىڭ يىل ئىلگىرىكى ئىملا بىلەن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدۇ. ئەمما، تۈركىي تىللىرى تەخمىنەن مىڭ يىللىق بۇ جەرياندا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈردى. نەتىجىدە ئارۇز ئۆرنەكلىرىدە يېزىلغان تۇنجى ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تىلى بۈگۈنكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر، جۈملىدىن بۇ يىرىك ئەسەرنىڭ بىۋاسىتە ۋارىسلىرى بولغان ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن چۈشىنىش تەس بولغان، ھەتتا تەرجىمىسىز تولۇق چۈشەنگىلى بولمايدىغان ھالەتكە يەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈركىي تىللىرىدا ئىشلىتىلىۋاتقان ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى يېزىقنىڭ ئىملاسىغىمۇ، كېيىنكى دەۋرلەردىكى لاتىن ۋە سىلاۋيان يېزىقلىرىدىكى ئىملاغىمۇ بىر نەچچە قېتىم ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈزۈلدى. تۈركىي تىللىرىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئارۇز قائىدىلىرىگە مايىللىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەرقايسى تىللار لېكسىكىسىنىڭ دائىم ئۆزگىرىپ تۇرۇشى ۋە ھەرقايسى يېزىقلاردىكى

ئىسلاھاتلارنىڭ ھەممىسى تارىختا تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتتا كېيىنكىلەر ئالدىنقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن خەۋەرسىز قالىدىغان، ئەدەبىياتنىڭ ئۆزى ئەنئەنە جەھەتتە بىر ئۈلىنىپ، بىر ئۈزۈلۈپ قالىدىغان، دائىم تەسىرگە ئۇچرايدىغان ئورۇندا تۇرۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى ئارۇز ئىلمىنىڭ قېلىپلىشىشىغىمۇ ناھايىتى زور سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەن تەرەپلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى ئارۇز قائىدىلىرى بىلەن تەپسىلىي تونۇشقىنىمىزدا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سەلبىي تەسىرلەرنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلالايمىز.

## 1. تۈركىي تىللىرىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ يېزىقتا ئىپادىلىنىشى

ئارۇز ئۆلچەملىرىدە ئۇزۇن ۋە قىسقا بوغۇم ئاساس قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا بوغۇملارنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىنى بەلگىلەيدىغان سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ رولى ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. خاقانىيە تىلىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە بولۇپمۇ ئۇنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدە خېلى ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغان تىلشۇناس، ئالىملىرىمىزدىن خەمىت تۆمۈر، مىرسۇلتان ئوسمانوف، ئامىنە غاپپار قاتارلىقلار تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتتا تۇنجى قېتىم ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تىلىدا «a, ə, i, o, ɵ, u, ü» دىن



ئىبارەت يەتتە سوزۇق تاۋۇش فونېمىسى بار»[1] دەپ قارىشىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا «i» تاۋۇشىنىڭ يەنە «ī» دىن ئىبارەت بىر ۋارىيانتىنىڭ بارلىقىنى ۋە بۇ ۋارىيانتىنىڭ بىر بوغۇملۇق سۆزلەردە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۇزۇك تاۋۇشلار بىلەن ماسلىشىش رولىنى، كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئاھاڭداشلىقىنى راۋانلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى، شۇ دەۋرگىچە قوللىنىلغان يېزىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇلارنىڭ بىرلا ھەرپ بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكىنى تەكىتلىشىدۇ. ئەمما، ئۇلار بۇ دەۋردىكى تىلنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات بەرمەيدۇ.

تونۇلغان تىلشۇناسلاردىن مىرسۇلتان ئوسمانوف بىلەن خەمىت تۆمۈر ئەپەندى چاغاتاي تىلىدىمۇ «سوزۇق تاۋۇش فونېمىلىرى يەتتە، يەنى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار تۆت: o, ɵ, u, ü، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار ئۈچ: a, ə, i»[2] دەپ قارىشىدۇ. يەنە بەزىلەر چاغاتاي تىلىدا سەككىز سوزۇق تاۋۇش بار ئىدى دېگەن قاراشنى ياقلايدۇ[3]. دېمەك، مەيلى خاقانىيە تىلىدا بولسۇن ياكى چاغاتاي تىلىدا بولسۇن، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ سانى ۋە تەلەپپۇزىدا ئاساسەن چوڭ پەرق كۆرۈلمەيدۇ. ئارۇز ئىلمى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، گەپ

[1] خەمىت تۆمۈر قاتارلىقلار: «‹قۇتادغۇ بىلىك› تە ئىپادىلەنگەن ئەدەبىي تىل توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1995-يىللىق 2-سان، 47-بەت.

[2] مىرسۇلتان ئوسمانوف، خەمىت تۆمۈر: «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز»، «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993-يىللىق 1-سان، 20-بەت.

[3] ئابلىمىت ئەھەد: «چاغاتاي تىلى» (ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېرىياللار بۆلۈمى 1998-يىلى باستۇرغان، 59-بەت.

ئۇلارنىڭ قانچە بولۇشى ۋە تەلەپپۇزدىكى پەرقىدە ئەمەس، بەلكى يېزىقتا قانداق ئىپادىلەنگەنلىكىدە بولۇپ، تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى ئارۇزدا دۇچ كېلىدىغان قىيىن مەسىلىلەرمۇ دەل شۇنىڭدىن باشلىنىدۇ.

بۈگۈنكى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئەرەب تىلىدىمۇ، پارس تىلىدىمۇ ئالتە سوزۇق تاۋۇش بار بولۇپ، بۇلاردىن ئۈچى ئوخشاشلا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش، ئۇلار يېزىقتا ئايرىم ھەرپلەر (آ، او، اى) بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. يەنە ئۈچى قىسقا سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، ئۇلار ئايرىم شەرتلىك بەلگىلەر (اَ، اُ، اِ) بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەيلى ئەرەب تىلى ياكى پارس تىلىدا بولسۇن، بىر ھەرپ ياكى شەرتلىك بەلگە بىلەن بىرنەچچە سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادىلەيدىغان ئەھۋال يوق. بۇ نۇقتىدىن ئەرەب ۋە پارس تىلىنىڭ ھەر ئىككىسىدە سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن ئۇنىڭ يېزىقتا ئىپادىلىنىشىدە چوڭ پەرق كۆرۈلمەيدۇ. ئەمما، تۈركىي تىللىرىغا تەتبىقلانغان ئەرەب يېزىقى، قىسمەن ئىلاۋىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دەسلەپتە ئەرەب تىلىدا قوللىنىلىۋاتقان شەكىلدە، كېيىنچە پارس تىلىدا قوللىنىلىۋاتقان شەكىلدە ئەينەن قوبۇل قىلىنغاچقا، ئۇ تۈركىي تىللىرىدا مەۋجۇت تاۋۇشلارنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن. بۇنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

1) يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۈركىي تىللىرىدىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار تۆت (o, ө, u, ü) بولۇپ، ئۇلار ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىقتا بىر ھەرپ (او) ۋە بىر شەرتلىك بەلگە (اُ) بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئۈچ لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش (a, ə, i) يېزىقتا ئىككى ھەرپ (آ، اي) ۋە بىر شەرتلىك بەلگە (اَ) بىلەن



ئىپادىلەنگەن. يەنى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر يازما ئەدەبىي تىلىدىمۇ ۋە كېيىنكى چاغاتاي تىلىدىمۇ يەتتە تاۋۇش ئۈچ ھەرپ ۋە ئۈچ شەرتلىك بەلگە ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. بۇ ھال يېزىق بىلەن سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى ئوتتۇرىسىدا خېلى چوڭ پەرقلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇنىڭدىن باشقا بەزى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئىملادىكى ئىپادىلىنىش قائىدىلىرى تۇراقسىز بولۇپ، گاھىدا ھەرپ بىلەن ئىپادە قىلىنسا، گاھىدا ھەرىكە (شەرتلىك بەلگە) بىلەن ئىپادىلەنگەن. نەتىجىدە سۆز تەركىبىدىكى بۇنداق سوزۇق تاۋۇشلارنى قانداق تەلەپپۇز قىلىشتا يېزىققا ئەمەس، تىل تەجرىبىسى ياكى تۇيغۇغا تايىنىشقا توغرا كەلگەن. بۇ ئەھۋال يېزىق تىلىدا مەقسەتنى ئىپادىلەشكە بەك چوڭ تەسىر كۆرسەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن تۈركىي تىللىق شائىرلار ئۈچۈن سۆزلەرنى ئارۇز قېلىپلىرىغا چۈشۈرۈشتە ناھايىتى چوڭ ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرغان.

2) بۈگۈنكى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئەرەب ۋە پارس تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار قىسقا ۋە ئۇزۇندىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئارۇز كەشىپ قىلىنغان دەۋرلەردە تاۋۇشلارنى ئۇزۇن ۋە قىسقا دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈش ئادەت بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەلەپپۇز ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ ئۇزۇنراق تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىرى يەنى سوزۇشقا بولىدىغانلىرى ئايرىم ھەرپلەر (آ، او، اي) بىلەن ئىپادىلىنىپ، ئۇلار ھەم ئۇزۇك تاۋۇشلار ۋە ھەم ئوخشىمايدىغان تۈردىكى سوزۇق تاۋۇشلاردىن پەرقلەندۇرۇلگەن ھالدا «ھەرفى ئىللە» نامى بىلەن ئاتالغان. قىسقا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ۋە سوزۇشقا بولمايدىغان سوزۇق تاۋۇشلار يېزىقتا شەرتلىك بەلگىلەر (اَ، اُ، اِ ياكى ـَ، ـُ، ـِ) بىلەن ئىپادىلىنىپ،

«ھەرەكە» نامى بىلەن ئاتالغان. يەنى مەيلى ئەرەب تىلى ياكى پارس تىلىدا بولسۇن، ئۇزۇن ۋە قىسقا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان سوزۇق تاۋۇشلار يېزىقتىمۇ روشەن رەۋىشتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شۇڭا، سۆزلەرنى ئارۇز قائىدىلىرى بويىچە بوغۇملارغا ئايرىغاندا، ئۇلارنىڭ يېزىقتىكى ئىپادىلىنىشىگە قاراپلا بوغۇمنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقىلىقى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇ. تەركىبىدە ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بار يەنى ھەرفى ئىللە بىلەن يېزىلغان سۆزلەر ھېچۋاقىت قىسقا بوغۇم بولالمايدۇ. بىر قىسقا سوزۇق تاۋۇش تاكى ئۇنىڭغا يەنە بىر ئۈزۈك تاۋۇش قوشۇلغانغا قەدەر ھېچۋاقىت ئۇزۇن بوغۇم بولالمايدۇ. قىسقا سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇملار تەركىبىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ سانى ئىككىگە يەتكەندىلا ئاندىن ئۇ ئۇزۇن بوغۇم بولالايدۇ. بۇ ئەرەب تىلىدىكى ئارۇزدىمۇ، پارس تىللىق شېئىرىيەتتىكى ئارۇزدىمۇ قېلىپلاشقان قائىدە. ئەمما، تۈركىي تىللىرىدا سوزۇق تاۋۇشلارنى ئۇزۇن ۋە قىسقا دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىش ئەزەلدىنلا مەۋجۇت ئەمەس. خەمىت تۆمۈر قاتارلىق ئالىملارمۇ تۈنجى قېتىم ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان «‹ قۇتادغۇ بىلىك › تە سوزۇلما سوزۇق تاۋۇش فونېمىلىرىنى كۆرسىتىدىغان ھەرپلىك بەلگىلەر يوق»[①] دەپ قارىشىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ «گەرچە بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ باش بوغۇمىدا بوغۇم بېشى بولۇپ كەلگەن بەزى سوزۇق تاۋۇشلار ھەرپى لىن (آ، او، اي)[②] نىڭ قاتنىشىشى بىلەن يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن مۇنداق سۆزلەرنىڭ ئىملاسى باشتىن - ئايا

① خەمىت تۆمۈر قاتارلىقلار: «‹ قۇتادغۇ بىلىك › تە ئىپادىلەنگەن ئەدەبىي تىل توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1995 - يىللىق 2 - سان، 4 - بەت.

② بۇلار ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپلەر بولۇپ، ئارۇز ئىلمىدە «ھەرفى ئىللە» دەپ ئاتىلىدۇ.



ئىزچىل ئەمەس»[①] دەپ كۆرسىتىلگەن. يىغىپ ئېيتقاندا، تۈركىي تىللىرىدا تەركىبىدە a/ آ/، u، /ü/ او، /i/ اى تاۋۇشلىرى بار سۆزلەر ئارۇز نۇقتىسىدىن ھەم ئۇزۇن بوغۇم، ھەم قىسقا بوغۇم بولالايدۇ. ئەمما، بۇ ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان سۆزلەر ئەرەب ۋە پارس ئارۇزچىلىقىدا پەقەت ئۇزۇن بوغۇملا ھېسابلىنىدۇ. قالايمىقانچىلىق شۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇكى، چاغاتاي تىلىدا زور تۈركۈمدىكى ئەرەب، پارس سۆزلۈكلىرى مەۋجۇت. بۇ سۆزلەر چاغاتاي تىلىنىڭ ئىملاسىدىمۇ ئاساسەن ئۆز ئەسلىنى ساقلاپ قالالىغان. ئارۇز ئىلمىدە مۇنداق سۆزلەرنى بوغۇملارغا بۆلگەندىمۇ ئەرەب ۋە پارس ئارۇزىدىكى تەقتىئ قائىدىلىرى رىئايە قىلىنىدۇ. يەنى بوغۇملارنىڭ تەركىبىدە ھەرفى ئىللە (آ، او، اي) بولغان بولسا، بۇنداق بوغۇملار ئادەتتە قىسقا بوغۇم دەپ قارالمايدۇ. ئەمما، تۈركىي تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان، تەركىبىدە ھەرفى ئىللە (آ، او، اي) كەلگەن سۆزلەر بولسا يۇقىرىدىكى قائىدىگە بويسۇنمىغان ھالدا بەزىدە قىسقا، بەزىدە ئۇزۇن بوغۇم بولۇپ قالىدۇ. شۇ مەنىدە «سادىق مىرزايېفنىڭ تەكىتلىشىچە، ئۆزبېك ئارۇزىدا ھەربىر سۆزنى بىر نەچچە ئىسخىمىدا كەلتۈرۈش مۇمكىن. مەسىلەن: ‹ بىرى › سۆزىنى ئىككى ئۇزۇن بوغۇم (— —)، بىر قىسقا، بىر ئۇزۇن بوغۇم (V —)، بىر ئۇزۇن، بىر قىسقا بوغۇم (— V)، ئىككى قىسقا بوغۇم (VV) تۆت خىل شەكىلدە ۋەزنىگە چۈشۈرسە بولىۋېرىدۇ»[②]. بۇ سۆزدىنمۇ تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى ئارۇزدا يۇقىرىدىكى سەۋەبلەر

① خەمىت تۆمۈر قاتارلىقلار: «‹قۇتادغۇ بىلىك› تە ئىپادىلەنگەن ئەدەبىي تىل توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1995 - يىللىق 2 - سان، 50 - بەت.

② ئۆمەت تويچىيېف: «ئۆزبېك پوئېزىيەسىدە ئارۇز سىستېمىسى»، تاشكەنت، 1985 - يىلى نەشرى، 95 - بەت.

تۈپەيلى بەزى جەھەتلەردە بىرلىككە كەلگەن قائىدىنىڭ يوقلۇقى چىقىپ تۇرىدۇ. «ئارۇز يازما پوئېزىيەدە يېزىق ئارقىلىق رېئاللىشىدۇ. ئارۇز تەقتىئى ئەرەب يېزىقى بىلەن باغلىقتۇر»①. ئەمما، بۇ سۆزنى پەقەت ئەرەب ۋە پارس شېئىرىيىتىدىكى ئارۇزغىلا تەتبىقلاشقا بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىككى تىلدىكى ئارۇزدا سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ يېزىقتىكى شەكلى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇلىدۇ. تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە بولسا سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن يېزىقتا ئىپادىلىنىشىدە خېلى چوڭ پەرق مەۋجۇت بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تەلەپپۇزىنى ئاساس قىلماي، پەقەت يېزىقتىكى شەكلىگە قاراپلا بوغۇملارنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ. بولۇپمۇ تۈركىي تىللاردىكى ھەرپى ئىللە (آ، او، اي) بىلەن يېزىلىدىغان سۆزلەرنىڭ بوغۇمدىكى تۇراقسىزلىقى ئارۇزدا بۇنىڭغا ئائىت مەلۇم قائىدە بەلگىلەشكە قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئارۇز ۋەزنىدە ئىجادىيەت ئېلىپ بارغۇچىلارنىمۇ تولا ۋاقىتلاردا قايمۇقتۇرۇپ قويىدۇ. داڭلىق تۈركولوگ ئى. ۋ. ستېبلېۋا خانىمنىڭ «ئارۇزنى تۈركىي تىلغا ماسلاشتۇرۇش ماھارەتكە ھەم باغلىق»② دېيىشىدىمۇ مۇشۇنداق بىر ئەمەلىيەت كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

3) تۈركىي تىللاردا قەدىمكى ئەسەرلەرنى بۈگۈنكى يېزىققا ئۆزگەرتىشتىمۇ نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار كېلىپ چىقىدۇ. بۇ بىرىنچىدىن، تۈركىي تىللىرىنىڭ ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا ھەرقايسى تەرەپتىن خېلى كۆپ

① ئۆمەت توپچىيېف: «ئۆزبېك پوئېزىيەسىدە ئارۇز سىستېمىسى»، تاشكەنت، 1985 - يىلى نەشرى، 84 - بەت.
② يۇقىرىقى ئەسەر، 95 - بەت.



ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى بىلەن، ئىككىنچىدىن، يېزىقتىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۆزبېكىستانلىق ئالىم ئۆمەت توپچىيېۋ بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختىلىپ: «ئىلگىرىكى ئارۇز ۋەزنىدە شېئىر يازغان شائىرلار شېئىرلىرىنى ئاساسەن ئەرەب يېزىقىدا يازغان (چۈنكى ھازىرغىچە ئارۇزنىڭ رۇس گرافىكىسى ئاساسىدىكى مۇكەممەل نەزەرىيەسى يارىتىلمىدى). ئەرەب يېزىقىدا ئىجاد قىلىنغان شېئىر رۇس گرافىكىسىغا ئۆرۈلگەندە بەزى چەلكەشلىكلەر كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر ئارۇزدىكى شېئىر توغرىدىن توغرا رۇس گرافىكىسى ئاساسىدىكى ھازىرقى ئۆزبېك يېزىقىدا يېزىلسا، بۇنداق چەلكەشلىك كېلىپ چىقماسلىقى مۇمكىن. بۇنىڭدىكى ئەيىب ئەرەب گرافىكىسىدا دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. گەپ «و» نى ھازىر «ئۇۋ - ув»، «у»، «اي» نى «ئى - и»، «ئىي - ий» شەكىللىرىدە يېزىشقا بولىدىغانلىقى ئۈستىدە كېتىۋاتىدۇ. «سۇۋ - Сув» سۆزى ئەرەب يېزىقىدا «سو» شەكلىدە يېزىلىدۇ. بۇ شۇ يېزىق نۇقتىئىنەزەرىدىن قىسقا بوغۇمدۇر. لېكىن بۇ سۆز ھازىرقى رۇس گرافىكىسىغا ئۆرۈلسە، «сув» شەكلىدە يېزىلىدۇ ۋە ئۇ ئۇزۇن بوغۇمغا ئايلىنىدۇ»①.

ئۆمەت توپچىيېفنىڭ بۇ سۆزىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە بۇ تىلدا قوللىنىلىۋاتقان يېزىققىمۇ تەتبىقلاشقا بولىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلىۋاتقان ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىق ئوتتۇرا ئەسىر ۋە چاغاتاي تىلى دەۋرىدىكىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. ئەڭ

① ئۆمەت توپچىيېف: «ئۆزبېك پوئېزىيەسىدە ئارۇز سىستېمىسى»، تاشكەنت، 1985 - يىلى نەشرى، 101 - بەت.

تېپىك پەرقلەرنىڭ بىرى شۇكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سەككىز سوزۇق تاۋۇشنىڭ ھەممىسى ئايرىم ھەرپلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. تەلەپپۇز بىلەن يېزىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق يوق دېيەرلىك. شۇنداقتىمۇ كىلاسسىك شېئىرلارنى ھازىرقى يېزىققا ئۆرىگەندە، خۇددى ئۇممەت تويچىيېف ئېيتىپ ئۆتكەندەك، سۆزلەرنىڭ بوغۇملىرىدا ئۆزگىرىش كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ھازىرقى تەلەپپۇزى ئىلگىرىكىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىدا بولۇپ، بۇنداق پەرق يېزىقتىمۇ ئەكس ئېتىدۇ. مەسىلەن، چاغاتاي تىلىدىكى «ساۋۇق»[1] سۆزى شۇ شەكىلدە ئىككى ئۇزۇن بوغۇم (— —) دىن تەركىب تاپقان بولسا، ئۇنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەلەپپۇزى بىلەن «سوغۇق» شەكلىدە يازىدىغان بولساق، بىر قىسقا ۋە بىر ئۇزۇن بوغۇم (V —) غا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، يەنە چاغاتاي تىلىدا ئەرەب، پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردە ئەسلىدىكى تەلەپپۇز ساقلانغان، ئەمما، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ خىل سۆزلەر ئۇيغۇرچىغا ماسلاشتۇرۇلغان ھالدا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ۋە يېزىقتىمۇ شۇ تەرزدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، چاغاتاي تىلىدىكى «جەفا» سۆزى بىر قىسقا ۋە بىر ئۇزۇن بوغۇملۇق (V —) سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەلەپپۇز شەكلى «جاپا» نى ئىككى ئۇزۇن بوغۇم (— —) دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. كىلاسسىك شېئىرلارنى ھازىرقى ئۇيغۇر يېزىقىغا ئۆرىگەندە، بوغۇملارنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىنى ئۆزگەرتمەسلىك...

[1] خەمىت تۆمۈر، ئابدۇرۇپ پولات: «چاغاتاي تىلى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى، 13—15 - بەتلەر.



ۋەزنىدە قالايمىقانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يەنە باشقا ئامىللارمۇ بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئامىللارنى تەپسىلىي ئېنىقلاپ چىقىش ناھايىتى زور كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىلمىي ئەمگەك. شۇڭا، بىز بۇ تېمىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، تۈركىي تىللىق ئارۇزدىكى رۇكنىغا ئائىت قائىدىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ باقايلى.

## 2. تۈركىي تىللىق ئارۇزدىكى رۇكنىغا ئائىت چۈشەنچىلەر

تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتتا ئارۇز ۋەزنىدە تۇنجى قېتىم ئىجاد قىلىنغان ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىك» مەيدانغا كەلگەندىن تاكى تۈركىي تىلدا ئارۇز ئىلمىگە ئائىت تۇنجى ئىلمىي ئەسەر «مىزانۇل - ئەۋزان» بارلىققا كەلگۈچە بولغان تەخمىنەن بەش ئەسىرلىك ۋاقىت جەريانىدا تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە ئارۇز ئىلمىگە دائىر تۈركىي تىللىرى ۋە بۇ تىللاردىكى شېئىرىيەتنىڭ خاس قانۇنىيەتلىرىگە ماس كېلىدىغان بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم ياكى قوللانما بولمىغان. بۇ دەۋرلەردە ئارۇز ۋەزنىدە شېئىر ئىجاد قىلغان تۈركىي تىللىق شائىرلار تۈركىي تىللىرىنىڭ پارس تىلى بىلەن فونېتىكا ۋە بوغۇم تۈزۈلۈشى جەھەتلىرىدىكى يېقىنچىلىقىغا تايىنىپ، ھەر كىم ئۆزى بىلگەنچە پارس تىللىق شېئىرىيەتتىكى ئارۇز ئۆلچەملىرىنى ئۆز ئەسەرلىرىگە تەتبىقلاپ، ئۇنىڭ ۋەزنىنى تەڭشىگەن، يەنى بۇ ئىشتا تۈركىي تىللىق شائىرلار بىرلىككە كەلگەن قائىدىگە ئەمەس، بەلكى خۇددى ئى. ۋ. ستېبلېۋا خانىم ئېيتقاندەك، ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ماھارەتلىرىگە تايىنىشقان.

ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «مىزانۇل - ئەۋزان» ى ۋە ئۇنىڭدىن

كېيىن زەھىرىددىن بابۇرنىڭ «مۇختەسەر» ى بارلىققا كەلگەندىن كېيىنمۇ، قىسمەن قائىدىلەر بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىقىدەك ئەنئەنە يەنىلا داۋاملىشىۋەرگەن. چۈنكى، تۈركىي تىلدا ئارۇز ئىلمىگە بېغىشلانغان بۇ ھەر ئىككى ئەسەردە ئوخشاشلا ئاپتورلار ئارۇز ۋەزنىنىڭ تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتكە ماس كېلىدىغان ۋە كەلمەيدىغان تەرەپلىرىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن. ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئارۇز قائىدىلىرىنى بۇ ۋەزىندە شېئىرىي ئىجادىيەت ئېلىپ بارىدىغان بارلىق خەلقلەر ئۈچۈن بىرلىككە كەلگەن ئورتاق قائىدە دەپ قاراشقان. ئۆزبېكىستانلىق ئالىم ئۇممەت تويچىيېۋ ئوتتۇرا ئەسىردىكى تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتنى نوقۇل ھالدا ئۆزبېك شېئىرىيىتى دەپ ئاتاپ، بۇ ھەقتە شۇنداق پىكىرلەرنى بايان قىلىدۇ: «ئۆزبېك ئارۇزى ھەققىدىكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر تەلىماتى ئومۇمەن ئەرەب، پارس - تاجىك ئارۇزى ئاساسىدا، خۇسۇسەن پارس - تاجىك ئارۇزى ئاساسىدا شەكىللەندى. بۇ تەلىماتقا ئاساسلانغان پوئېتىك مەنبە پەقەت ئىنقىلابقىچە (ئۆكتەبىر ئىنقىلابى كۆزدە تۇتۇلغان - ز. س.) بولغان ئۆزبېك پوئېزىيەسى ۋە خەلق ئاغزاكى شېئىرىيىتىدىلا ئەمەس، بەلكى پارس - تاجىك پوئېزىيەسىدىن ھەم ئىبارەت ئىدى. چۈنكى، ئۆزبېك ئارۇزشۇناسلىرى ئارۇزنىڭ ئاساسى ئۇ قوللىنىلىپ كېلىنگەن تۈرلۈك تىللاردىكى پوئېزىيە ئۈچۈن ئومۇمىي دەپ بىلىشكەن. بۇنى بابۇرنىڭ ئارۇزغا پارس - تاجىك شېئىرلىرىدىن دەلىللەر كەلتۈرۈشىدە ھەم كۆرۈش



مۇمكىن»[1]. يۇقىرىدىكىدەك سەۋەبلەر نەتىجىسىدە تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتتا ئارۇز ئىلمىگە بېغىشلانغان ئىلمىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەندىن كېيىنمۇ ئارۇز ئىلمىي نۇقتىسىدىن تۈركىي تىللىرى فونېتىكىسىدىكى ئۆزىگە خاسلىق ۋە پەرقلەر تولۇق ئېچىپ بېرىلمىگەن. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرى خىلمۇ خىل بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، بىزنىڭ قارىشىمىزچە، يەنىلا تۈركىي تىللىرى لېكسىكىسىنىڭ دائىم ئۆزگىرىپ تۇرۇشى، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ كۆپ ۋاقىتلاردا ئىزچىللىقنى ساقلاپ قالالماسلىقى، نەتىجىدە كېيىنكىلەرنىڭ ئالدىنقىلار ئىجادىيىتىدىن خەۋەرسىز قېلىشى بۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئارۇز قائىدىلىرىدەك بىر مۇكەممەل نەزەرىيەۋى سىستېمىنى مەلۇم بىر تىلدىكى شېئىرىيەتنىڭ ئىچكى قانۇنلىرىغا ماسلاشتۇرۇشتا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ نەچچە ئەسىرلىك ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، خاسلىق ۋە ئۆزگىچىلىكلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە ئەنئەنە ۋە خەلقنىڭ ئېستېتىك تەلەپلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئارۇزدىكى رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىق ئۈستىدىمۇ تاللاش ئېلىپ بېرىشقا، ئەنئەنىگە ماس كېلىدىغان رىتىملىق بەھرلەرنى ئىمكانىيەتكە قاراپ كېڭەيتىشكە، راۋاجلاندۇرۇشقا، ئەنئەنىگە ماس كەلمەيدىغان، شۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەرگە يات تۇيۇلىدىغان رىتىملىق

[1] ئۇممەت تويچىيېۋ: «ئۆزبېك پوئېزىيەسىدە ئارۇز سىستېمىسى»، تاشكەنت، 1985 - يىلى نەشرى، 54 - بەت.

بەھرلەرنى شاللىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەرەب ئارۇز قائىدىلىرىنىڭ پارس-تاجىك شېئىرىيىتىگە تەتبىقلىنىشى بۇنىڭ تىپىك مىسالى. ۋەھالەنكى، تۈركىي تىللىرى لېكسىكىسىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى، ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان «قۇتادغۇ بىلىك» تەك يىرىك ئەسەر تىلىنىڭ نەۋايى ۋە بابۇر دەۋرىگە كەلگەندە ئۇلارغا چۈشىنىش تەس بولغان بىر تىلغا ئايلىنىپ قېلىشى نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ بۇنداق بىر يىرىك ئەسەردىن خەۋەرسىز قالغانلىقى ئارۇز ئىلمىگە ئائىت ئىلمىي ئەسەر يازغان نەۋايىغىمۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بابۇرغىمۇ بۇنداق ئىمكانىيەت بەرمىگەن. نەۋايى «مىزانۇل-ئەۋزان» ىدا رۇكن ۋە بەھرلەردىن قايسىسىنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىدە مەۋجۇت بولغان رىتىملارغا ماس كېلىدىغانلىقى ۋە قايسىلىرىنىڭ ماس كەلمەيدىغانلىقى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇ ھەجمى ئانچە چوڭ بولمىغان بۇ ئەسىرىدە ئەرەب ۋە پارس-تاجىك شېئىرىيىتىدە قوللىنىلىۋاتقان بارلىق بەھرلەرگە ئۆزىنىڭ ئىجادىي شېئىرلىرى ئارقىلىق مىسال كۆرسىتىپ، كېيىنكىلەرنى شۇ يولدا يېتەكلەشكە تىرىشىدۇ. بابۇر بولسا ئارۇز ئىلمىدىكى قائىدىلەرنى ئەرەب، پارس-تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەت ئۈچۈن ئومۇمىيلىققا ئىگە دەپ قاراپ، ئۇلارنى شۇ نۇقتىدىن شەرھلەيدۇ ۋە كۆپىنچە مىساللىرىنى پارس-تاجىك شېئىرىيىتىدىن كەلتۈرىدۇ. شۇڭا، نەۋايى ۋە بابۇرنىڭ ئەسەرلىرىدە رۇكن ۋە بەھرنىڭ سانى ئارۇزدىكى ئەڭ يۇقىرى چەكتە كۆرسىتىلىدۇ. بۇنىڭدا



ئەرەب ۋە پارس شېئىرىيىتىدىكى پەرقلەر تىلغا ئېلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن كۆپىنچە ھاللاردا بۇلاردىن قانچىسىنىڭ تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا پىكىر بايان قىلىنمايدۇ. يەنى ئۇلار بۇ جەھەتتە سانلىق مەلۇمات بەرگەندە ئەرەب ۋە پارس-تاجىك ئەدەبىياتىدا مەۋجۇت بولغان رۇكن ۋە بەھرلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى بىلەن بىز تۆۋەندىرەك تونۇشىمىز.

ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز قائىدىلىرىدە ئەرەب تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى چىقىش قىلىنغان ھالدا ئەرەب شېئىرىيىتىدە 8(10) سالىم رۇكن مەۋجۇت، دەپ قارىلىدۇ. ئارۇز پارس-تاجىك ئەدەبىياتىغا تەتبىقلانغاندىن كېيىن، پارس-تاجىك ئارۇزچىلىرى شېئىرىيەتنىڭ نەچچە ئەسىرلىك ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ۋە خەلقنىڭ رىتىم ھەم ئاھاڭدارلىقىغا بولغان ئەنئەنىۋى تەلەپلىرىنى چىقىش قىلىپ، بۇ 8(10) سالىم رۇكنىدىن پەقەت 5(7) سىنىڭلا پارس-تاجىك شېئىرىيىتىگە ماس كېلىدىغانلىقىنى بايقىغان. شۇڭا، پارس-تاجىك شېئىرىيىتىدىكى بەھرلەر مۇشۇ بەش رۇكن ئاساسىدا شەكىللەندۈرۈلىدۇ. ئەمما، تۈركىي تىللىق كىلاسسىك ئارۇزچىلار سالىم رۇكنلارنىڭ سانىنى تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئومۇمىي ئارۇزشۇناسلىق نۇقتىسىدىن بايان قىلىپ، خۇددى ئەرەب ئارۇزچىلىقىغا ئوخشاشلا سالىم رۇكنلارنى 8 دەپ كۆرسىتىدۇ. پەقەت نەۋايىلا بۇ سەككىز رۇكنىدىن 5 ىنىڭ تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتكە

ماس كېلىشى مۇمكىنلىكى توغرىسىدا گۇمانىي قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. نەۋايى بۇ توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «بەس مەۋزۇن كەلام تەئلىفىدە بۇ ئەركان تەركىبىدىن گۈزىر يوقتۇر ۋە ئەرەب ۋە ئەجەم شۇئەراسىنىڭ جەمئىي ئەشئارى مۇرەككەپ بۇ ئەركان ئىجتىمائىدىندۇر ۋە ئارۇز ئەھلى ئانى ‹ئەفائىل› ۋە ‹تەفائىل› دېرلەر ۋە ئۇل سېككىز فەسىلغە مۇنھەسىردۇر»[1] . نەۋايى 8 رۇكىننىڭ ئىسمىنى بىرمۇ بىر ئاتاپ بولغاندىن كېيىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «ۋە ئۇلچە سېككىز ئۇسۇلدىن فارسى شېئىردە كەسىرۇلۋۇقۇئدۇر-بېشىدۇر. 1) مفاعيلُن، 2) فاعلاتُن، 3) مستفعلُن، 4) مفعولاتُ، 5) فعولُن ۋە تۈركچە شېئىردە ھەم ئۇلچە مۇلاھەزە قىلىلىبدۇر، بۇ ئەركاندىن ئۆزگە ۋۇقۇئ تاپمەس، مەگەر تەكەللۇف بىلە»[2] دەپ يازىدۇ. نەۋايىنىڭ بۇ سۆزىدىن تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىمۇ ئەگەر ئىجادىيەت تەكەللۇپسىز بولسا يەنى زورىغا باشقا رۇكىنلاردا شېئىر يېزىلمىسا، پارس-تاجىك شېئىرىيىتىگە خاس بولغان بەش رۇكىن دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدىغانلىقى ۋە بۇ مەسىلە ئۈستىدە بەزى مۇنازىرىلەرنىڭمۇ بولغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭدا قەتئىي بىر يەكۈن يوق.

زەھىرىددىن بابۇرمۇ ئارۇزنىڭ رۇكىنلىرى توغرىسىدا توختىلىپ: «فۇسەھا ئەجزانى ھەر بىرى بىلە تەركىب قىلىپ رۇكىنلەر ئېتىبار قىلدىلەر. بۇ ئەركان سۈرەتتە سېككىزدۇر، ھەقىقەتتە ئون. ئارۇزىيلار بۇ ئەركاننى ئۇسۇلى

[1] «نەۋايى ئەسەرلىرى» («مىزانۇل-ئەۋزان») تاشكەنت. 1967-يىلى نەشرى، 14-توم، 139-بەت.
[2] يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش.



ئەفائىلۇ تەفائىل، ئەۋزانى مەۋازىن دېرلەر ... ھېچ رۇكىن بېش ھەرفتىن كەمراق ۋە يېتتە ھەرفتىن كۆپراق كېلمەيدۇر»[1] دەپ يازىدۇ. بابۇر بۇ سەككىز رۇكىندىن قانچىسىنىڭ تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتكە ماس كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق پىكىر بايان قىلمايدۇ. بۇ ھەر ئىككى ئەسەردىن مەلۇمكى، شۇ دەۋرلەردىمۇ ئارۇزنىڭ تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتكە ماس كېلىدىغان مۇستەقىل رۇكىنلار سىستېمىسى تېخى ئىشلەنمىگەن. ئەلىشىر نەۋايى بىلەن زەھىرىددىن بابۇر تىلغا ئالغان 8(10) سالىم رۇكىن ۋە بۇ رۇكىنلارنى ئارلىقا كەلتۈرگۈچى جۈزۋلار، رۇكىنلارنىڭ جۈزۋلاردىن تۈزۈلۈش قانۇنىيەتلىرى ئەينەن ئەرەب ئارۇزچىلىرىغا خاس ئۇسۇلدا تونۇشتۇرۇلغان. نەۋايى بىلەن بابۇرنىڭ زىھافلارغا ئائىت بايانلىرىدىمۇ خېلى كۆپ پەرقلەر مەۋجۇت.

ئارۇز ئىلمىدە ئادەتتە رۇكىنلاردىن كېيىنلا زىھافلار توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلىدۇ. چۈنكى زىھافلار ئارۇز ئىلمىنىڭ سالىم رۇكىنلاردىن زىھافلىق رۇكىنلار (تارماق رۇكىنلار) نى ھاسىل قىلىشنىڭ قائىدىلىرىنى كۆرسىتىدىغان قىسمىدۇر. ئەلىشىر نەۋايى «مىزانۇل-ئەۋزان» دا زىھافلارنى تونۇشتۇرۇشتا پارس-تاجىك ئارۇزچىلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى نەزەرىيەلىرىگە ئاساسلىنىدۇ. يەنى ئۇ پەقەت پارس-تاجىك ئارۇزىغا خاس 5(7) سالىم رۇكىن ۋە شۇ ئاساستا ياسىلىدىغان زىھافلىق رۇكىنلارنىلا ھېسابقا ئالىدۇ. ئارۇزدىكى 5(7) سالىم رۇكىنغا تەۋە زىھافلارنى ئۇ تۆۋەندىكى تەرتىپتە ھەرقايسى رۇكىنلارغا

[1] زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «مۇختەسەر»، تاشكەنت، 1971-يىلى نەشرى، 18-بەت.

بولىدۇ: «مَفاعيلُن» نىڭ زىھافى ئون بىر (قەبز، كەف، خەرم، خەرب، شەتەر، ھەزف، قەسر، ھەتم، جەب، زەلەل، بەتر)، «فاعلاتُن» نىڭ زىھافى ئون (خەبن، كەف، شەكل، ھەزف، قەسر، قەتئ، تەشئىس، جەھف، تەسبىغ، رەبئ)، «مُستَفعلُن» نىڭ زىھافى توققۇز (خەبن، تەي، قەتئ، تەخلىئ، ھەزەج (توغرىسى ھەزەز)، رەفئ، خەبل، ئىزالە، تەرفىل)، «مَفعولاتُ» نىڭ زىھافى توققۇز (خەبن، تەي، خەبل، ۋەقف، كەشف، سەلم-صلم، جەد، نەھر، رەفئ)، «فَعولُن» نىڭ زىھافى ئالتە (قەبز، قەسر، ھەزف، سەلم-ثلم، سەرم، بەتر)①. نەۋايىنىڭ كۆرسەتمىسىدە زىھافلارنىڭ ئومۇمىي سانى 45 بولسىمۇ، لېكىن بىر نەچچە زىھاف تەكرارلىنىپ كەلگەن. مەسىلەن، «قەبز» زىھافى «مَفاعيلُن، فَعولُن» رۇكنىلىرىدا، «كەف» زىھافى «مَفاعيلُن، فاعلاتُن» رۇكنىلىرىدا، «ھەزف» زىھافى «مَفاعيلُن، فاعلاتُن، فَعولُن» رۇكنىلىرىدا، «قەسر» زىھافى «مَفاعيلُن، فاعلاتُن، فَعولُن» رۇكنىلىرىدا، «خەبن» زىھافى «فاعلاتُن، مُستَفعلُن، مَفعولاتُ» رۇكنىلىرىدا، «بەتر» زىھافى «مَفاعيلُن، فَعولُن» رۇكنىلىرىدا، «قەتئ» زىھافى «فاعلاتُن، مُستَفعلُن» رۇكنىلىرىدا، «تەي» زىھافى «مُستَفعلُن، مَفعولاتُ» رۇكنىلىرىدا، «رەفئ» زىھافى «مُستَفعلُن، مَفعولاتُ» رۇكنىلىرىدا، «خەبل» زىھافى «مُستَفعلُن، مَفعولاتُ» رۇكنىلىرىدا تەكرارلىنىدۇ. زىھافلاردىكى بۇنداق تەكرارلىقنى چىقىرىۋەتسەك، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى 32 قالىدۇ. زىھافلاردىن زىھافلىق رۇكنىلارنىڭ قانداق ئۇسۇللاردا ھاسىل قىلىنىدىغانلىقىنى

① «نەۋايى ئەسەرلىرى» («مىزانۇل-ئەۋزان») تاشكەنت 1967-يىلى نەشرى، 14-توم، 139—142-بەتلەر.



بىز پارس-تاجىك ئارۇزىنىڭ زىھافلارغا ئائىت بۆلىكىدە تەپسىلىي سۆزلىگەنىدۇق. ئېيتقىنىمىزدەك، زىھافلىق رۇكنىلارنى ھاسىل قىلىشتا ئىككى ياكى ئۈچ زىھاف بىرلىشىپ كېلىپ، بىر مۇرەككەپ زىھافلىق رۇكنىنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ. نەۋايى زىھافلارنىڭ مۇفرەد (يالغۇز) ياكى بىرلىشىپ زىھافلىق رۇكنىلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىكى مەۋجۇت ئىمكانىيەتلىرىنى «فورۇئ» دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھەرقايسى رۇكنىلاردا مەۋجۇت بولغان فورۇئلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: مەقبۇز، مەكفۇف، ئەخرەم، ئەخرەب، ئەشتەر، مەھزۇف، مەقسۇر، ئەھتەم، مەجبۇب، ئەزەل، ئەبتەر، مەخبۇن، مەشكۇل، مەخبۇنى مەقسۇر، مەخبۇنى مەھزۇف، مەقتۇئ، مۇشەئەس، مەقتۇيى مۇسەببەغ، مەربۇئ، مۇسەببەغ، مەخبۇنى مۇسەببەغ، مەجھۇفى مۇسەببەغ، مەجھۇف، مەتۋى، مۇخەللە(مەقتۇئىيى مەخبۇن ياكى مەخبۇنى مەقتۇئنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى)، مەھزۇز (ئەھەزنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى)، مەرفۇئ، مەخبۇل، مەتۋىيى مۇزال، مۇزال، مەخبۇنى مۇزال، مەخبۇنى مۇرەففەل، مەتۋىيى مۇرەففەل، مۇرەففەل، مەۋقۇف، مەكشۇف، مەخبۇنى مەكشۇف، مەخبۇنى مەۋقۇف، ئەسلەم (اصلم)، مەتۋىيى مەۋقۇف، مەتۋىيى مەكشۇف، مەخبۇنى مەتۋىيى مەكشۇف، مەجدۇئ، مەنھۇر، ئەسلەم (اثلم)، ئەسرەم①. كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، نەۋايى شەرھلىگەن بۇ زىھافلار ئىچىدە تاجىك-پارس ئارۇزىدا ئۇچرايدىغان زىھافلاردىن پەقەت توققۇز (ئەسلەمى مۇسەببەغ، مەتۋىيى مۇزال، مەئسۇب، مەنقۇس، مۇزمەر،

① «نەۋايى ئەسەرلىرى» («مىزانۇل-ئەۋزان») تاشكەنت. 1967-يىلى نەشرى، 14-توم، 139—142-بەتلەر.

مەقتۇف، مەتمۇس، مەۋقۇس، مەسلۇخ) زىھافلا كەم. قالغانلىرى پەرقلەنمەيدۇ.

نەۋايىنىڭ بىزنىڭ قولىمىزدىكى «مىزانۇل-ئەۋزان» ناملىق ئەسىرىدىن بىرى ئۆزبېكىستانلىق ئەدەبىياتشۇناس ئىززەت سۇلتان تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، 15 توملۇق نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ 14-تومىغا كىرگۈزۈلگەن نۇسخىسىدۇر. مەزكۇر ئەسەرنىڭ زىھافلار قىسمىدا ناھايىتى كۆپ خاتالىق مەۋجۇت. بۇ خاتالىقلارنىڭ بەزىلىرى نەشرگە تەييارلىغۇچى تەرىپىدىن كەتكۈزۈپ قويۇلغان خاتالىقلار ئىكەنلىكى ئېنىق بولسىمۇ، يەنە بەزىلىرى ئاپتورغا ياكى تارىختىكى كۆچۈرگۈچى كاتىپلارغا ۋە ياكى ئۇنىڭ ھازىرقى ئۆزبېك تىلىدىكى نۇسخىسىنى نەشرگە تەييارلىغان ئىززەت سۇلتان ئەپەندىگە تەۋەلىكىنى ئايرىيالمايمىز. بىز ئېيتىۋاتقان خاتالىقلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: زىھافلارنىڭ نامىدىن «ھەزف» ئىككى يەردە خاتا ھالدا «ھەفز» (140-بەت)[1]، «خەبن» ئىككى يەردە خاتا ھالدا «ھەبن» (140- ۋە 141-بەت)، «ھەزەز» خاتا ھالدا «ھەزەج» (142-بەت)، «بەتر» ئىككى يەردە خاتا ھالدا «بەتەر» (140- ۋە 142-بەت) شەكلىدە يېزىلغان. زىھافلىق رۇكنىلاردىكى خاتالىق تېخىمۇ كۆپ بولۇپ، «مَفاعيلُن» نىڭ ئەخرەم شەكلى بولغان «مَفعولُن» خاتا ھالدا «مَفَعُلُن» (140-بەت)، ئۇنىڭ ئەخرەب شەكلى بولغان «مَفعولُ» خاتا ھالدا «مَفَعُلُ» (140-بەت)، مەھزۇف شەكلى بولغان «فعولُن» خاتا ھالدا «فعُلُن» (140-بەت)، ئەھتەم شەكلى بولغان «فعول» خاتا ھالدا «فَعُل» (140-بەت)، «ئەزەل» سۆزى خاتا ھالدا

[1] كۆرسىتىلگەن بەتلەرنىڭ ھەممىسى يۇقىرىدىكى ئەسەرگە قارالسۇن.



«ئەسەل» (140-بەت) شەكلىدە يېزىلغان. «فاعلاتُن» نىڭ مەكفۇف شەكلىدە «مەكفۇف» سۆزىنىڭ ئۆزى خاتا ھالدا «مەكفۇر» ۋە ئۇنىڭ زىھافى بولغان «فاعلاتُ» خاتا ھالدا «فاعلاتُن» (141-بەت)، «فاعلاتُن» نىڭ مەخبۇنى مەھزۇف شەكلى بولغان «فَعِلُن» خاتا ھالدا «فاعلُن» (141-بەت)، ئەسلەم شەكلى بولغان «فَعلُن» خاتا ھالدا «مەقتۇئ» (141-بەت)، مۇشەئەس شەكلى بولغان «مفعولُن» خاتا ھالدا «مفعلُن» (141-بەت)، ئەسلەمى مۇسەببەغ شەكلى بولغان «فَعلان» خاتا ھالدا «مەقتۇئىي مۇسەببەغ» (141-بەت)، «مەجھۇف» خاتا ھالدا «مەھجۇف» (141-بەت) دەپ يېزىلغان. «مُستَفعِلُن» نىڭ زىھافلىرىدىن ئۇنىڭ مەقتۇئ شەكلى بولغان «مَفعولُن» خاتا ھالدا «مَفعلُن» (141-بەت)، مۇخەللەئ شەكلى بولغان «فعولُن» خاتا ھالدا «فعلُن» (141-بەت)، مەھزۇز شەكلى بولغان «فعْلُن» خاتا ھالدا «فَعلُن» (141-بەت)، مەتۋيى مۇزال شەكلى بولغان «مفتَعلان» خاتا ھالدا «مفاعلان» (141-بەت)، ئۇنىڭ مۇزال شەكلى بولغان «مُستَفعلان» خاتا ھالدا «مُستَفعلن» (141-بەت)، مەخبۇنى مۇزال شەكلى بولغان «مفاعلان» خاتا ھالدا «فَعلَتان» (141-بەت)، مۇرەففەل شەكلى بولغان «مُسَتَفعلاتن» خاتا ھالدا «مُستَعلاتن» (141-بەت) شەكلىدە يېزىلغان. «مَفعولاتُ» نىڭ زىھافلىق رۇكنىلىرىدىن ئۇنىڭ مەۋقۇف شەكلى بولغان «مَفعولان» خاتا ھالدا «مَفعُلان» (142-بەت)، مەكشۇف شەكلى بولغان «مَفعولُن» خاتا ھالدا «مَفعُلُن» (142-بەت)، مەخبۇنى مەكشۇف شەكلى بولغان «فعولُن» خاتا ھالدا «فعُلن» (142-بەت)، مەخبۇنى مەۋقۇف شەكلى بولغان «فعولان» خاتا ھالدا «فَعُلان» (142-بەت)، مەرفۇئ

شەكلى بولغان «مفعولُ» خاتا ھالدا «مفعُلُ» (142 - بەت) شەكلىدە يېزىلغان. «فَعولُن» نىڭ زىھافلىرىدىن ئۇنىڭ مەقبۇز شەكلى بولغان «فَعولُ» خاتا ھالدا «فَعلُ» (142 - بەت)، ئۇنىڭ مەقسۇر شەكلى «فَعول» خاتا ھالدا «فَعلُ» (142 - بەت) شەكلىدە يېزىلغان. مەلۇم بولغىنىدەك خاتالىقنىڭ كۆپ قىسمى رۇس گرافىكىسىدا رۇكىنلارنى يېزىقتا ئىپادىلەشتە «او -ў; ای -ий» قاتارلىق ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار «اُ-у، ا - и ( ـُ ، ـِ )» قاتارلىق ھەرىكەلەر يەنى قىسقا سوزۇق تاۋۇشلاردىن پەرقلەندۈرۈلمىگەچكە كېلىپ چىققان. بۇنى ئەسەرنىڭ رۇس گرافىكىسىدىكى ھازىرقى ئۆزبېكچە نۇسخىسىنى نەشرگە تەييارلىغان ئىززەت سۇلتان ئەپەندى يول قويغان خاتالىقلار دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. ئەمما، خاتالىقنىڭ ھەممىسى بۇ ئەمەس. «فاعلاتُن» نىڭ ئەسلەم شەكلى بولغان «فَعلُن» نىڭ خاتا ھالدا «مەقتۇئ» نامىدا ۋە ئۇنىڭ ئەسلەمى مۇسەببەغ شەكلى بولغان «فَعلان» نىڭ خاتا ھالدا «مەقتۇئىي مۇسەببەغ» نامىدا ئاتىلىشىغا ئوخشىغان ئاز بولمىغان خاتالىقلار رۇس گرافىكىسى بىلەن تامامەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىمگە تەۋەلىكىنى ئېنىقلاش بىزنىڭ ئەسلىدىكى قول يازمىلار بولمىغان بۇ شارائىتىمىزدا قىيىن بىر ئىشتۇر. شۇڭا، بۇ مەسىلىلەرنى ئېنىقلاشنى كېيىنكە قالدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

زەھىرىددىن بابۇرنىڭ زىھافلارغا ئائىت شەرھلىرىدە نەۋايىدىن پەرقلىنىدىغان تەرەپلەر خېلىلا كۆپ. بابۇر «جەمئىي زىھافات قىرق تۆرتتۇر»[1] دەپ قارايدۇ. بابۇر بۇ

[1] زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «مۇختەسەر»، تاشكەنت، 1971 - يىلى نەشرى، 19 - بەت.



قىرىق تۆت زىھافنى تۆۋەندىكى ناملار بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ: ئىزمار، ئەسب، ۋەقف، خەبن، تەي، قەبز، كەف، كەسف (كەشف)، تەشئىس، جەزم، غەسب، سەلم (ثلم)، ھەزف، ھەزەز، سەلم (صلم)، رەفئ، جەب، قەسر، قەتئ، ۋەقس، ئەقل، جەزل، نەقس، خەبل، شەكل، كەبل، قەتف، بەتر، جەزئ، خەتم، جەھف، زەلەل، نەھر، رەبئ، قەسم، جەم، نەقس، شەتەر، خەرب، سەرم، تەسبىغ، ئىزالە، تەرفىل، خەرم[1]. بۇلاردىن ئوتتۇز سەككىز زىھاف پارس - تاجىك ئەدەبىياتىدىكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئالتىسى (جەزم، غەسب، جەزل، كەبل، خەزئ، قەسم) پەرقلىنىدۇ. پەرقلىنىدىغان بۇ ئالتە زىھاف ئادەتتە پەقەت ئەرەب ئارۇزچىلىقىدا ئۇچرايدۇ. پارس - تاجىك ئارۇزىغا خاس زىھافلاردىن توققۇزى (تەرەفان، جەدئ، تەمس، تەخنىق، سەلخ، تەۋسىئ، تەزفىت، تەتۋىل، تەخلىئ) نىڭ نامى بۇ قاتاردا ئۇچرىمايدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بابۇر زىھافلارنى تونۇشتۇرغاندا ئۇلارنى ئەرەب، پارس - تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەت نۇقتىسىدىن ئايرىماي، ئومۇمىي ئارۇزشۇناسلىق نۇقتىسىدىن شەرھلىگەن. بۇ نۇقتىنى ئۇنىڭ زىھافلىق رۇكىنلار توغرىسىدىكى شەرھلىرىدىن تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بابۇرنىڭ قارىشىچە، «مَفاعيلُن» نىڭ زىھافى ئون بىر (قەبز، كەف، خەرم، خەرب، شەتەر، ھەزف، قەسر، ھەتم، جەب، زەلەل، تەسبىغ)، فەرئىيلىرى (بۆلۈنمىلىرى) ئون ئىككى (مەقبۇز، مەكفۇف، ئەخرەم، مەھزۇف، مەجبۇب، مەقسۇر، ئەھتەم، ئەزەل، ئەشتەر، ئەخرەب، ئەخرەمى مەجبۇب، مۇسەببەغ). نەۋايىنىڭ قارىشىچىمۇ زىھافلار ئون بىر (قەبز، كەف، خەرم، خەرب، شەتەر، ھەزف، قەسر، ھەتم، جەب،

[1] زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «مۇختەسەر»، 19 - بەت.

زەلەل، بەتر) ۋە فەرئيىلىرىمۇ ئۇن بىردۇر (مەقبۇز، مەكفۇف، ئەخرەم، ئەخرەب، ئەشتەر، مەھزۇف، مەقسۇر، ئەھتەم، مەجبۇب، ئەزەل، ئەبتەر). بابۇر بىلەن نەۋايى ئوتتۇرىسىدا پەقەت ئىككى زىھافتىلا پەرق بار (تەسبىغ ‹مۇسەببەغ›، بەتر ‹ئەبتەر›). بابۇرنىڭ قارىشىچە، «فاعلاتُن» نىڭ زىھافى ئوندۇر (خەبن، كەف، شەكل، بەتر، ھەزف، قەسر، تەشئىس، جەھف، تەسبىغ[1]، رەبئ) ۋە فورۇئ ئۇن بەشتۇر (مەخبۇن، مەكفۇف، مۇشەئەس، مەھزۇف، مەقسۇر، مەشكۇل، ئەبتەر، مەجھۇف، مەربۇئ، مۇسەببەغ، مەخبۇنى مەھزۇف، مەخبۇنى مەقسۇر، مەخبۇنى مۇسەببەغ، ئەبتەرى مۇسەببەغ، مەجھۇفى مۇسەببەغ). نەۋايىنىڭ قارىشىچە بولسا، «فاعلاتُن» نىڭ زىھافى ئوندۇر (خەبن، كەف، شەكل، ھەزف، قەسر، قەتئ، تەشئىس، جەھف، تەسبىغ، رەبئ) ۋە فەرئيىلىرى ئون بەش[2] (مەخبۇن، مەكفۇف، مەشكۇل، مەھزۇف، مەخبۇنى مەقسۇر، مەخبۇنى مەھزۇف، مەقتۇئ، مۇشەئەس، مەقتۇيى مۇسەببەغ (توغرىسى ئەسلەمى مۇسەببەغ)، مەربۇئ، مۇسەببەغ، مەخبۇنى مۇسەببەغ، مەجھۇفى مۇسەببەغ، مەجھۇف). بۇنىڭدا بابۇر بىلەن نەۋايى ئوتتۇرىسىدا بەتر (ئەبتەر) بىلەن قەتئ (مەقتۇئ)، ئەبتەرى مۇسەببەغ بىلەن مەقتۇيى مۇسەببەغ ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ. بابۇرنىڭ قارىشىچە، «مُستَفعلُن» نىڭ زىھافى ئون بىر (خەبن، تەي، كەف، ھەزز، رەفئ، قەتئ، خەبل، شەكل، كەبل، ئىزالە، تەرفىل)، فورۇئ بولسا ئون سەككىزدۇر (مەخبۇن، مەتۋى، ئەھەز، مەرفۇئ، مەقتۇئ، مەخبۇل، مەكفۇف، مەشكۇل،

①[1] «مۇختەسەر» دە كۆپىنچە ھاللاردا «تەسنىئ» شەكلىدە خاتا يېزىلغان. «مۇختەسەر»، 22 — 23 - بەتلەرگە قارالسۇن.
②[2] ئەمەلىيەتتە «قەسر» نىڭ فەرئيىسى چۈشۈپ قېلىپ، ئون تۆت فەرئيي كۆرسىتىلگەن. «مىزانۇل - ئەۋزان»، 141 - بەتكە قارالسۇن.



مەكبۇل، مۇزال، مۇرەففەل، مەخبۇنى ئەھەز، مەخبۇنى مۇزال، مەخبۇنى مۇرەففەل، مەتۋىيى مۇزال، مەتۋىيى مۇرەففەل، مەرفۇئى مۇزال، مەرفۇئى مۇرەففەل). نەۋايىنىڭ قارىشىچە، «مُستَفعلُن» نىڭ زىھافى توققۇز (خەبن، تەي، قەتئ، تەخلىئ، ھەزز، رەفئ، خەبل، ئىزالە، تەرفىل)، فورۇئ ئون تۆت (مەخبۇن، مەتۋى، مەقتۇئ، مۇخەللەئ، مەھزۇز، مەرفۇئ، مەخبۇل، مەتۋىيى مۇزال، مۇزال، مەخبۇنى مۇزال، مەخبۇنى مۇرەففەل، مەتۋىيى مۇرەففەل، مۇرەففەل[1]). بابۇرنىڭ كۆرسەتمىسىدە زىھافلار نەۋايىنىڭكىدىن ئىككىسى (كەف، شەكل) ئارتۇق، بىرى (كەبل - تەخلىئ) ئوخشىمايدۇ. فەرئيىلەردە بولسا بابۇرنىڭ كۆرسەتمىسىدە بەشى (مەكفۇف، مەشكۇل، مەخبۇنى ئەھەز، مەرفۇئى مۇزال، مەرفۇئى مۇرەففەل) ئارتۇق ۋە بىرى (مەكبۇل - مۇخەللەئ ) پەرقلىنىدۇ. بابۇرنىڭ قارىشىچە، «مَفعولاتُ» نىڭ زىھافى توققۇز (خەبن، تەي، ۋەقف، كەشف، سەلم، رەفئ، خەبل، جەزئ، نەھر)، فورۇئ ئون بەش (مەخبۇن، مەتۋى، مەۋقۇف، مەكشۇف، ئەسلەم، مەرفۇئ، مەخبۇل، مەجزۇئ، مەنھۇر، مەخبۇنى مەۋقۇف، مەخبۇنى مەكشۇف، مەتۋىيى مەۋقۇف، مەتۋىيى مەكفۇف، مەخبۇلى مەۋقۇف، مەتۋىيى مەخبۇنى مەكشۇف). نەۋايىنىڭ قارىشىچە، «مَفعولاتُ» نىڭ زىھافى توققۇز (خەبن، تەي، خەبل، ۋەقف، كەشف، سەلم - صلم، جەد، نەھر، رەفئ)، فورۇئ بولسا ئون تۆت (مەخبۇن، مەتۋى، مەخبۇل، مەۋقۇف، مەكشۇف، مەخبۇنى مەكشۇف، مەخبۇنى مەۋقۇف، ئەسلەم، مەتۋىيى مەۋقۇف، مەتۋىيى مەكشۇف، مەخبۇنى مەتۋىيى مەكشۇف، مەرفۇئ، مەجدۇئ، مەنھۇر). بۇنىڭ ئىچىدە بابۇر بىلەن نەۋايى كۆرسەتكەن زىھافلارنىڭ سانى تەڭ بولۇپ،

①[1] ئەمەلىيەتتە ئون ئۈچى كۆرسىتىلگەن. «مىزانۇل - ئەۋزان»، 141 - بەت.

بىرى (جەزئ بىلەن جەدئ) دە پەرق بار. فورۇئىلاردا بولسا بابۇرنىڭ بىرى (مەخبۇلى مەۋقۇف) ئارتۇق، ئىككىسى (مەجزۇئ بىلەن مەجدۇئ ۋە مەتۋىيى مەكفۇف بىلەن مەتۋىيى مەكشۇف) دە پەرق بار. بابۇرنىڭ قارىشىچە، «فَعولُن» نىڭ زىھافى يەتتە (قەبز، سەلم-ثلم ، ھەزف، قەسر، بەتر، سەرم، تەسبىغ)، فورۇئىمۇ يەتتىدۇر (مەقبۇز، ئەسلەم، مەھزۇف، مەقسۇر، ئەبتەر، ئەسرەم، مۇسەببەغ). نەۋايىنىڭ قارىشىچە، «فَعولُن» نىڭ زىھافى ئالتە (قەبز، سەلم-ثلم ، ھەزف، قەسر، بەتر، سەرم)، فورۇئىمۇ ئالتىدۇر (مەقبۇز، مەقسۇر، مەھزۇف، ئەسلەم، ئەسرەم، ئەبتەر). بۇنىڭدا بابۇرنىڭ بىر زىھافى بىلەن ئۇنىڭ فورۇئ (تەسبىغ-مۇسەببەغ) نەۋايى كۆرسەتكەندىن ئارتۇق. نەۋايى يۇقىرىدىكى پارس-تاجىك ئارۇزىغا خاس بولغان بەش رۇكىنىنىڭ زىھافلىرى ۋە فەرئىيلىرىنى شەرھلەش بىلەن زىھافلارغا ئائىت بايانلىرىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئەمما بابۇر بولسا يۇقىرىدىكىدىن باشقا يەنە ئەرەب ئارۇزىغا خاس بولغان ئۈچ رۇكىننى تەپسىلىي شەرھلەپ، «فاعلن» نىڭ تۆت زىھافى ۋە ئالتە فورۇئىنى، «مفاعلاتن» نىڭ سەككىز زىھافى ۋە فورۇئىنى، «متفاعلن» نىڭ يەتتە زىھافى ۋە ئون بەش فورۇئىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ چىقىدۇ. ئاخىرىدا ئۇ بۇلارنى خۇلاسىلەپ: «جەمئىي فورۇئ توقسەن ئالتەدۇر، ئەۋزانى (ۋەزىنلىرى) قىرىق»[1] دەپ كۆرسىتىدۇ. نەۋايى بىلەن بابۇرنىڭ زىھاف ۋە فورۇئىلارنى شەرھلەشتىكى قاراشلىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئورتاقلىقتا قارىغاندا پەرق كۆپرەك. بۇ يەردىكى ئاساسىي پەرق شۇكى، ئۇلار مەزكۇر مەسىلىنى ئوخشىمىغان مەيداندىن ئوخشىمىغان

[1] زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «مۇختەسەر»، تاشكەنت، 1971 - يىلى نەشرى، 23 - بەت.



مەقسەتتە شەرھلەيدۇ. بابۇر ئارۇز ئىلمى تارىخىدا مەۋجۇت بولغان زىھاف ۋە فورۇئىلارنىڭ ھەممىسىنى ئىلاج بار قالدۇرماي ئاتاپ ئۆتۈشكە تىرىشىدۇ. شۇڭا، ئۇ 8 رۇكىنغا تەۋە بولغان زىھاف ۋە ئۇلارنىڭ فورۇئىلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك شەرھلەپ، قايسى رۇكىندىكى زىھاف ۋە فورۇئىلارنىڭ قايسى تىلدىكى شېئىرىيەتكە كۆپرەك ماس كېلىدىغانلىقىغا ئېتىبارسىز قارايدۇ. يەنى ئۇ زىھافلارنىمۇ ئومۇمىي ئارۇزشۇناسلىق نۇقتىسىدىن بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى مىللىيلىك، خاسلىقنى نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ. ئەمما، نەۋايى تۈركىي شېئىرىيىتىدە پەقەت پارس-تاجىك شېئىرىيىتىگە خاس زىھافلار ئىشلىتىلگەچكە، زىھافلار ۋە فورۇئىلارنى ئاتاپ ئۆتۈشتە پارس-تاجىك ئارۇزى دائىرىسىدىن ھالقىمايدۇ. يەنى ئۇ پەقەت پارس-تاجىك شېئىرىيىتىگە خاس بولغان بەش رۇكىننىڭ زىھافلىرى ۋە فورۇئىلىرىنى شەرھلەش بىلەن قانائەتلىنىدۇ. بۇنىڭدا ئۇ تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئۇ ئەرەب شېئىرىيىتىگە خاس قالغان ئۈچ رۇكىنغا تەۋە زىھافلارنى تىلغا ئالمايدۇ. بىز نەۋايى بىلەن بابۇرنىڭ زىھافلارغا ئائىت بايانلىرى بىلەن تەپسىلىي تونۇشقىنىمىزدا، ئۆزبېكىستانلىق ئەدەبىياتشۇناس ئۇممەت تويچىيېفنىڭ «نەۋايى ھەم بابۇر ھەم زىھافنى 44 دەپ كۆرسەتكەن»[1] دېگەن سۆزىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئانچە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلىمىز.

«مىزانۇل-ئەۋزان» بىلەن «مۇختەسەر» نى قايسىلا جەھەتتىن سېلىشتۇرۇپ كۆرمەيلى، «مۇختەسەر» نىڭ

[1] ئۇممەت تويچىيېف: «ئۆزبېك پوئېزىيەسىدە ئارۇز سىستېمىسى»، تاشكەنت. 1985 - يىلى نەشرى، 60 - بەت.

«مىزانۇل - ئەۋزان» غا قارىغاندا خېلىلا تەپسىلىي يېزىلغانلىقىنى، نەزەرىيەۋى مەسىلىلەرنى ئەڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىگىچە شەرھلەپ ئۆتىدىغانلىقىنى ئوڭايلا بايقىيالايمىز. زىھافلارمۇ «مۇختەسەر» دە مۇفرەد (ئاددىي) ۋە مۇرەككەپتىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈپ تەپسىلىي شەرھلىنىدۇ. زىھافلارنىڭ ياسىلىش ئۇسۇللىرىمۇ خېلى چۈشىنىشلىك بايان قىلىنغان. ئەسەردە مىساللارمۇ ناھايىتى كۆپ. بۇ جەھەتتىن ئۇ «مىزانۇل - ئەۋزان» غا قارىغاندا كۆپ ئەۋزەللىككە ئىگە. ئەمما، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي تارىختا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە «مۇختەسەر» دىن كۆرە «مىزانۇل - ئەۋزان» كۆپرەك شۆھرەت قازانغان. بۇنداق بولۇشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى دەل نەۋائىينىڭ «مىزانۇل - ئەۋزان» دا ئارۇز ئىلمىنىڭ مىللىي خاسلىقىغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدىن يەنى گەرچە ئۇ بۇ ئەسەر ئارقىلىق تۈركىي تىللىق شېئىرىيەت ئۈچۈن ماس كېلىدىغان ئارۇز سىستېمىسىنى تولۇق بەلگىلەپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەر بىر مەسىلىنى بايان قىلغىنىدا، ئىمكان بولسىلا ئۇنىڭ تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتكە ماس كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىنى دائىم ئەسكەرتىپ تۇرغىنىدىن بولسا كېرەك. بۇ خۇسۇسىيەت «مىزانۇل - ئەۋزان» نىڭ تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى ئىشلىتىلىش قىممىتىنىمۇ زور دەرىجىدە ئاشۇرغان.



## توققۇزىنچى باب

# تۈركىي تىللىق ئارۇزدا بەھر ۋە دائىرە مەسىلىلىرى

بەھر رۇكنىدىن بارلىققا كېلىدىغان بولغاچقا، ئۇ ئارۇز ئىلمى نەزەرىيەسىدىكى قائىدىلەر تەرتىپىدىمۇ رۇكنىدىن كېيىن قويۇلىدۇ. بەھردە ئارۇز تەلىپىدىن تىلنىڭ تاۋۇش سىستېمىسى بولۇپمۇ بوغۇم تۈزۈلۈشى توغرىسىدىكى قائىدىلەر، سالىم ۋە زىھافلىق رۇكنىلار توغرىسىدىكى قائىدىلەر بىرلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ. يەنى بەھر ئارۇزدىكى تاۋۇش، بوغۇم، رۇكن، زىھاف قاتارلىق ئايرىم نەزەرىيەلەرنىڭ بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ، شېئىر ئىجادىيىتى ئۈچۈن ئەمەلىي ئەندىزىگە ئايلىنىشى بولۇپ، نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشتىكى ئاساسىي ھالقا ھېسابلىنىدۇ.

دائىرە (چەمبەر) بولسا ئەسلىدە بەھرلەرنى ئەستە ساقلاشنى ئاسانلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئىجاد قىلىنغان. شېئىرىيەتتە مەۋجۇت بولغان بەھرلەرنى ئۇلارنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى مەلۇم ئورتاقلىقلىرىنى ئاساس قىلىپ، دائىرەلەرگە بۆلۈش ۋە ئۇنى دائىرە شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈش خەلىل ئىبنى ئەھمەد دەۋرىدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر ئەنئەنىدۇر. دائىرەنىڭ تارىختا يېڭى بەھرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىكى رولىمۇ ناھايىتى چوڭ بولغان. ئەمما، پارس - تاجىك ئەدەبىياتىدا دائىرەلەرنىڭ سانى ۋە ھەر قايسى دائىرەلەرنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بەھرلىرى تۇراقلىق ئەمەس. پارس - تاجىك ئارۇزىدا بەھرلەرنى دائىرە شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈشتە ھەر كىم ئۆز ئىختىيارىچە ئىش كۆرگەن ۋە بۇنىڭدا ئومۇم ئورتاق رىئايە

قىلىدىغان، بىرلىككە كەلگەن قائىدە بولمىغان. تۈركىي تىللىق ئارۇزچىلىقتىمۇ بۇ ئەھۋال ئەينەن داۋاملاشقان. شۇڭا، ئارۇزنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بۇ ئىككى بۆلىكىنى ئايرىم ماۋزۇلارغا بۆلۈپ، تەپسىلىيرەك سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ.

## 1. تۈركىي تىللىق ئارۇزدىكى بەھر مەسىلىلىرى

ئەرەبچىدە ئەسلىدە «تەشمەك، يوچۇق ئاچماق» مەنىسىدىكى «بەھر» سۆزى ئارۇز ئىلمىدە ئوخشىمىغان رىتىملارنى شەكىللەندۈرۈش مەقسىتىدە مەلۇم تەرتىپتە بىرىكتۈرۈلگەن مەۋزۇن (ۋەزىنلىك) سۆزلەرنى ئۇلار شەكىللەندۈرگەن رىتىمىي ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى ئورتاقلىقىغا ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈشنى ۋە بۇ تۈرلەرنىڭ ئورتاق بىر نام بىلەن ئاتىلىشىنى كۆرسىتىدىغان ئۇقۇمدۇر. ئۇ رۇكنىدىن ۋەزىنگە يول ئاچىدىغان مۇھىم تۈگۈن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، «نەۋايىمۇ، بابۇرمۇ ئۆز رىسالىلىرىدە زىھاف ۋە رۇكنىدىن كېيىن تۇرىدىغان ئاساسىي مەسىلە ۋەزىن ئەمەس، بەلكى بەھر ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈشكەن. بۇ ھالەت ئۆزبېك[①] ئارۇزشۇناسلىقىغا ئەرەب ۋە پارس-تاجىك ئارۇزشۇناسلىقىدىن ئەنئەنە سۈپىتىدە ئۆتكەن»[②].

تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە ئارۇزنىڭ باشقا

[①] بۇ يەردىكى «ئۆزبېك» سۆزى «تۈركىي تىللىق خەلقلەر» دېگەن مەنىدە بولغاندىلا قوبۇل قىلىنىشقا بولىدۇ. چۈنكى، ئاپتور نوقۇل ھالدا نەۋايى بىلەن بابۇرنى پەقەت ئۆزبېك ئارۇزچىلىرى ۋە ئۇلار ياراتقان ئەسەرلەرنى پەقەت ئۆزبېك ئارۇزىنىڭلا مىراسلىرى دەپ قارىغان.

[②] ئۇممەت تويچىيېف: «ئۆزبېك پوئېزىيەسىدە ئارۇز سىستېمىسى»، تاشكەنت، 1985-يىلى نەشرى، 74-بەت.



بۆلەكلىرىگە ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى رىتىمىي ئالاھىدىلىكلىرىگە ماس كېلىدىغان قانچە بەھرنىڭ بارلىقى تولۇق ئېنىقلانمىغان بىر مەسىلىدۇر. تۈركىي تىلدا ئارۇز ۋەزنى نەزەرىيەسىگە ئائىت ئەسەر يازغان نەۋايى ۋە بابۇرمۇ بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئېنىق بىر قاراشنى ئوتتۇرىغا قويالمىغان. ئۇلارنىڭ ئارۇزدىكى بەھر مەسىلىسىگە ئائىت بايانلىرىدا ئەرەب ۋە پارس-تاجىك ئارۇزچىلىرىنىڭ بۇ مەسىلىدىكى قاراشلىرى ئاساس قىلىنغان. نەۋايى ۋە بابۇر بەھر چۈشەنچىلىرىنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن شەرھلەيدۇ. ئۇلارنىڭ قاراشلىرىدا خېلىلا چوڭ پەرقلەرمۇ مەۋجۇت. ئەمما، تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى ئارۇزغا ئائىت كېيىنكى دەۋرلەردە يېزىلغان بەزى ئەسەرلەردە، نەۋايى ۋە بابۇرنىڭ بەھر توغرىسىدىكى بايانلىرىنى خاتا شەرھلەپ، تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى بەھرلەرنى قېلىپلاشقان شەكىلدە كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇش خاھىشى خېلىلا گەۋدىلىك دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى نەۋايى ۋە بابۇرنىڭ بەھرگە ئائىت بايانلىرى بىلەن تەپسىلىي تونۇشقىنىمىزدا ناھايىتى ئېنىق ھالدا چۈشىنەلەيمىز.

نەۋايى ئارۇزدىكى بەھرلەر توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «ئەمدى بىلكىم، بۇھۇرىكى بەزىنىڭ تەكرارى ۋە بەزىنىڭ تەركىبى بەزى بىلە ھاسىل بولۇر، ئون تۇققۇزدۇر. بەزى ئەرەبقە مەخسۇس ۋە بەزى ئەجەمقە مەخسۇس ۋە بەزى مۇشتەرەك ۋە تۈرك شۇئەراسىغە مىللەتى ئىستېمالدىن ھېچ قايسى بۇ ۋەقتقە دېگىنچە مەخسۇس ئەمەس ئېرمىش ۋە مۇلايىم تەبلىغ نازىملەر ھەر بەھر ۋە ۋەزىندە كەيفە مۇتتەفەق نەزم ئەيتۇر ئېرمىشلەر، تا بۇ ۋەقت تېگرى ئىنايىتىدىن تۈرك تىلى بىلە شېئىر ئەجەم شۇئەراسىغە

مەخسۇس بۇھۇر ۋە ئەۋزاندەغى نەزم سىلكىغە كىردى»[1].

بىز ئەرەب ئارۇزىدا 8(10) سالىم رۇكىندىن 16 سالىم بەھر ھاسىل قىلىنىدىغانلىقى، پارس - تاجىك شېئىرىيىتىدە بولسا بۇلاردىن 5(7) رۇكىن ۋە 11 بەھر قوبۇل قىلىنغانلىقى ھەم پارس - تاجىك شېئىرىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ئاساس قىلىنىپ، يۇقىرىدىكى 11 بەھرگە يەنە قەرىب، جەدىد ۋە مۇشاكىل نامىدا 3 يېڭى بەھرنىڭ قوشۇلغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن پارس - تاجىك شېئىرىيىتىدىكى سالىم بەھرلەرنىڭ سانى 14 كە يېتىدىغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. نەۋايىمۇ ئەرەب ئارۇزىغا خاس بەش بەھرنىڭ پارس - تاجىك شېئىرىيىتىدە ناھايىتى ئاز قوللىنىلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ: «ۋە ئەجەم شۇئەراسىغە بۇ بېش بىھاردەكىم، مەزكۇر بولدى، نەزم ئاز ۋاقىئ بولمىش بۇلغاي»[2] دەپ يازىدۇ.

نەۋايىنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزىدە ئارۇزدا ئۇن تۇققۇز بەھرنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئۇنىڭدىن بەزىلىرىنىڭ ئەرەب شېئىرىيىتىگە تەۋە ۋە بەزىلىرىنىڭ ئەجەم (پارس - تاجىك) شېئىرىيىتىگە تەۋەلىكى، يەنە بەزىلىرىنىڭ بۇ ئىككى تىلدىكى شېئىرىيەتكە ئورتاق ئىكەنلىكى، تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتكە شۇ ۋاقىتقىچە بۇلاردىن ھېچقايسىسىنىڭ مەخسۇسلىشالمىغانلىقى ھەم مۇلايىم تەبىئەتلىك تۈركىي تىللىق شائىرلارنىڭ خالىغان بەھرلەردە شېئىر يېزىپ كەلگەنلىكى، تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە كېيىنكى ۋاقىتلاردا پارس تىللىق

---

[1] «نەۋايى ئەسەرلىرى» («مىزانۇل - ئەۋزان»)، تاشكەنت، 1967 - يىلى نەشرى، 14 - توم، 142 - بەت.
[2] يۇقىرىدىكى ئەسەر، 143 - بەت.



شېئىرىيەتتە قوللىنىلىۋاتقان بەھر ۋە ۋەزىنلەردىلا شېئىر يېزىش قائىدىگە ئايلانغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلەنگەن. نەۋايى تىلغا ئالغان ئون توققۇز بەھر ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى ئون ئالتە سالىم بەھر بىلەن كېيىن پارس - تاجىك شېئىرىيىتىدە ئۇنىڭغا قوشۇلغان ئۈچ سالىم بەھرنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، بۇ ئارۇز ئىلمىدە مەۋجۇت بەھرلەرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ كۆرسىتىلىشى. شۇ نۇقتىدىن نەۋايى: «بەزى ئەرەبقە مەخسۇس ۋە بەزى ئەجەمقە مەخسۇس» دەپ شەرھلەيدۇ. ئەرەب شېئىرىيىتىگە خاس بەھرلەردىن ئون بىرى پارس - تاجىك شېئىرىيىتىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. بۇلارنى نەۋايى «ۋە بەزى مۇشتەرەك» يەنى بەزىلىرى ئورتاق دەپ چۈشەندۈرىدۇ. نەۋايى ناھايىتى ئېنىق ھالدا: «تۈرك شۇئەراسىغە مىللەتى ئىستېمالدىن ھېچ قايسى بۇ ۋەقتقە دېگىنچە مەخسۇس ئەمەس ئېرمىش» دەپ تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان بەھرلىرى تېخى ئېنىقلانمىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە شۇ سەۋەبتىن تۈركىي تىللىق شائىرلارنىڭ ئۆزلىرى خالىغان بەھرلەردە شېئىر يېزىپ كەلگەنلىكىنى ئەسكەرتىپ: «مۇلايىم تەبلىغ نازىملەر ھەر بەھر ۋە ۋەزىندە كەيفە مۇتتەفەق نەزم ئەيتۇر ئېرمىشلەر» دەپ يازىدۇ. نەۋايى دەۋرىدە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە پارس - تاجىك ئارۇزىغا خاس بەھرلەرنى قوللىنىشنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىقلىقى ئىسپاتلىنىپ، شۇ بەھرلەردە شېئىر يېزىش تۈركىي تىللىق شائىرلار ئۈچۈن ئومۇم ئېتىراپ قىلغان قائىدىگە ئايلانغانىدى. شۇڭا، نەۋايىمۇ بۇ نۇقتىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ: «تا بۇ ۋەقت تېگرى ئىنايىتىدىن تۈرك تىلى بىلە شېئىر ئەجەم شۇئەراسىغە مەخسۇس بۇھۇر ۋە ئەۋزاندەغى نەزم سىلكىغە كىردى» دەپ ئېنىق كۆرسىتىدۇ.

نەۋايىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ھەرگىزمۇ خۇددى ئۇممەت تويچىيېف ئەپەندى ئېيتقاندەك «ئۆزبېك (تۈركىي-ز. س.) ئارۇزىدا مۇتەقارىب، مۇتەدارىك، ھەزەج، رەجەز، رەمەل، ۋافىر، كامىل، تەۋىل، مەدىد، بەسىت، مۇنسەرىھ، مۇزارىئ، مۇقتەزەب، مۇجتەس، سەرىئ، جەدىد، قەرىب، خەفىف، مۇشاكىل كەبى 19 بەھىر بار. نەۋايى بۇ بەھىرلەرنى ئېتىراپ ئەتكەن»[1] دېگەندەك مەنە چىقمايدۇ. نەۋايى تىلغا ئالغان ئون تۇققۇز بەھىر، يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتكە خاس بەھىرلەر بولماستىن، بەلكى ئەرەب ۋە پارس-تاجىك ئارۇزىدا مەۋجۇت بەھىرلەرنىڭ ئومۇمىي سانىدۇر.

زەھىرىددىن بابۇرنىڭ ئارۇز بەھىرلىرى توغرىسىدىكى بايانلىرى تېخىمۇ ئومۇمىي تۈس ئالغان بولۇپ، ئۇ تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتنىڭ بۇ جەھەتتىكى خاسلىقى ئۈستىدە ھېچقانداق سۆز قالدۇرماستىن، بەھىرلەرگە ئائىت چۈشەنچىلەرنى ئومۇمىي ئارۇزشۇناسلىق نۇقتىسىدىن شەرھلەيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە: «ئۇسۇلنىڭ تەكرارىدىن، يا بەزىنىڭ بەزى بىلە تەركىبىدىن بەھىر ھاسىل بولۇر. بۇ بەھىرلەركىم مۇستەمەل ۋە مەشھۇردۇر، ئون توققۇزدۇر»[2]. بابۇر ئون توققۇز بەھىرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئۆتكەندىن كېيىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «يەنە ئىككى بەھىركىم ئەرىز[3] بىلە ئەمىقدۇر، تەۋىل دائىرەسىدىن ھاسىل بولۇر، ئۇل غەيرى مەشھۇردۇر. بۇ بەھىرلەر بىلە جەمئى بوھۇر

[1] ئۇممەت تويچىيېف: «ئۆزبېك پوئېزىيەسىدە ئارۇز سىستېمىسى»، تاشكەنت، 1985-يىلى نەشرى، 74-بەت.
[2] زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «مۇختەسەر»، تاشكەنت، 1971-يىلى نەشرى، 24-بەت.
[3] يۇقىرىدىكى ئەسەردە «ئەرىد» شەكلىدە خاتا بېسىلغان.



يىگىرمە بىر بولغاي»[1] دەپ يازىدۇ.

كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، بابۇرمۇ ئاۋۋال نەۋايىگە ئوخشاشلا ئەرەب ۋە پارس-تاجىك ئارۇزىدىكى بەھىرلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ سانىنى ئون توققۇز دەپ كۆرسىتىدۇ. ئەمما، بابۇر نەۋايىدىن پەرقلەنگەن ھالدا بۇلاردىن قانچىسىنىڭ ئەرەب شېئىرىيىتى ۋە قانچىسىنىڭ پارس-تاجىك شېئىرىيىتىگە خاس ئىكەنلىكى ۋە يەنە قانچىسىنىڭ بۇ ئىككى تىلدىكى شېئىرىيەتكە ئورتاقلىقى، شۇنداقلا تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە قوللىنىلىۋاتقان بەھىرلەر توغرىسىدا ھېچقانداق پىكىر بايان قىلمايدۇ. بابۇر يەنە ئەرىز ۋە ئەمىقتىن ئىبارەت ئانچە مەشھۇر بولمىغان يەنى كۆپ ئىشلىتىلمەيدىغان ئىككى بەھىرنىڭ ئىسمىنىمۇ ئاتاپ، بەھىرلەرنىڭ ئومۇمىي سانىنى يىگىرمە بىرگە يەتكۈزىدۇ. ئەمما، ئۇ تىلغا ئالغان بۇ بەھىرلەر توغرۇلۇق يېتەرلىك مەلۇمات بەرمەيدۇ.

بۇ يەردە بابۇر تىلغا ئالغان ئەرىز ۋە ئەمىق بەھىرلىرى ئۈستىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەرىز (كەڭ، كەڭ ئېچىلغان) 11-ئەسىردىكى پارس-تاجىك ئارۇزچىلىرىدىن «بەھرامى سەرەخسى ۋە بوزۇرگمېھرى قايىنى قاتارلىقلار خەلىل ئىبنى ئەھمەد تۈزگەن ‹مۇختەلىفە› دائىرەسى (چەمبىرى) دىن ئايرىپ چىققان»[2] بەھىر شەكلىدۇر. ئۇنىڭ ئەرىز دەپ نام ئېلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، مەزكۇر بەھىر «مۇختەلىفە» دائىرەسىنىڭ ئۈچىنچى جۇزۋى يەنى تەۋىل، مەدىد ۋە

[1] زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «مۇختەسەر»، 24 - بەت.
[2] ئۇرۇۋەتۇللا تائىروف: «ئەجەم ئارۇزى ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، دۇشەنبە، 1991-يىلى نەشرى، 14-بەت.

بەسىت بەھرلىرىنىڭ رۇكنلىرىدىن ئايرىپ چىقىلغان. ئەرىزنىڭ رۇكنلىرىدا ۋەتەدى مەجمۇئ سەبەبى خەفىفنىڭ ئالدىغا قويۇلغان. بۇ بەھر ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان مەخسۇس رۇكنغا ئىگە ئەمەس. ئۇنىڭ رۇكنى ھەزەج بەھرىنىڭ ئاساسىي رۇكنى بولغان مەفائىلۇن (مفاعيلن) بىلەن مۇتەقارىب بەھرىنىڭ ئاساسىي رۇكنى بولغان فەئۇلۇن (فعولن) نىڭ بىرىكتۈرۈلۈشىدىن ھاسىل قىلىنىدۇ. ئارۇزنىڭ باشقا بەھرلىرىگە ئوخشىمايدىغان يەنە بىر يېرى ئۇنىڭ زىھافلىق (تارماق) شەكىللىرى يوق. 13-ئەسىرگىچە بەزى شائىرلار بۇ بەھرنىڭ پەقەت سەككىزلىك سالىم شەكلى (مەفائىلۇن/ فەئۇلۇن/ مەفائىلۇن/فەئۇلۇن — مفاعيلن/فعولن/مفاعيلن/فعولن) دە بىر قىسىم شېئىرلارنى ئىجاد قىلىشقان. ئۇنىڭ ئالتىلىك ۋە تۆتلىك شەكىللىرىدىمۇ شېئىر يېزىش ئادەت بولمىغان. بۇ بەھرنىڭ رۇكنلىرى تەۋىل بەھرىنىڭ رۇكنلىرى بىلەن ئوخشاپ كەتكەچكە ۋە پەقەت ئورۇنلىشىش جەھەتتىنلا ئۇنىڭدىن پەرقلەنگەچكە، بەزىلەر ئۇنى مەقلۇبى تەۋىل (تەۋىلنىڭ تەتۈر شەكلى، تەۋىلنىڭ ئۆرۈلگەن شەكلى) نامى بىلەنمۇ ئاتاشقان. ئەرىز بەھرى پەقەت پارس-تاجىك شېئىرىيىتىگىلا خاس بولۇپ، ئەرەب شېئىرىيىتىدە بۇ بەھرلەر پەقەتلا ئىشلىتىلمىگەن. بۇ نۇقتىنى بابۇرنىڭ ئۆزىمۇ ئەسكەرتىپ: «بۇ ۋەزىندە تازى (ئەرەبچە) شېئىر تاپمەيدۇرلەر. بۇ بەھرنى ئەجەم شۇئەراسى پەيدا قىلىپ، مەقلۇبى تەۋىل دېپتۇرلەر، ئەرىز ھەم دېرلەر»[①] دەپ يازىدۇ.

ئەرىز بەھرىنىڭ باشقا بەھرلەرگە ئوخشاش پەقەت

① زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «مۇختەسەر»، تاشكەنت، 1971-يىلى نەشرى، 27-بەت.



ئۆزىگىلا تەۋە بولغان خاس رۇكنى ۋە تارماق شەكىللىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، 13-ئەسىردىن كېيىنكى پارس-تاجىك ئارۇزچىلىرى ئەرىز بەھرىنى دائىرەلەردە بەزىدە تىلغا ئېلىشسىمۇ، لېكىن ئۇنى مۇستەقىل بىر بەھر سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىشمىغان ۋە پارس-تاجىك ئارۇزىدا مەۋجۇت بولغان 14 بەھر قاتارىغىمۇ كىرگۈزۈشمىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئەرىز بەھرىدە شېئىر يېزىشمۇ ئاساسەن توختىغان.

ئەمىق (چوڭقۇر، تىرەن) بەھرىمۇ ئەرىز بەھرى بىلەن نۇرغۇن ئورتاقلىققا ئىگە. بۇ بەھرىمۇ 11-ئەسىردىكى پارس-تاجىك ئارۇزچىلىرىدىن بەھرامى سەرەخسى ۋە بۇزۇرگمېھرى قايىنى قاتارلىقلار خەلىل ئىبنى ئەھمەد تۈزگەن «مۇختەلىفە» دائىرەسىنىڭ بەشىنچى جۈزۋىدىن ئاجرىتىپ چىقىشقان. ئۇنىڭ رۇكنلىرىدا سەبەبلەر ۋەتەدگە قارىغاندا كۆپرەك يەنى ئۇزۇن بوغۇملىرى قىسقا بوغۇملارغا قارىغاندا كۆپ، تەلەپپۇزى ئېغىر بولغانلىقتىن ئەمىق نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ بەھرنىڭمۇ ئۆزىگىلا تەۋە بولغان رۇكنى يوق. ئۇنىڭ رۇكنلىرى مۇتەدارىك بەھرىنىڭ ئاساسلىق رۇكنى بولغان فائىلۇن (فاعلن) بىلەن رەمەل بەھرىنىڭ ئاساسلىق رۇكنى بولغان فائىلاتۇن (فاعلاتن) نىڭ بىرىكتۈرۈلۈشىدىن ھاسىل قىلىنغان. ئۇنىڭ پەقەت سەككىزلىك سالىم شەكلى (فائىلۇن/فائىلاتۇن/فائىلۇن/فائىلاتۇن (فاعلن/فاعلاتن/فاعلن/فاعلاتن) دە بىر قىسىم شېئىرلار يېزىلغان. 13-ئەسىردىن كېيىنكى پارس-تاجىك ئارۇزچىلىرى ئەمىق بەھرىنىمۇ مۇستەقىل بىر بەھر سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىشمىغان ۋە ئۇنى پارس-تاجىك ئارۇزىدا مەۋجۇت بولغان 14 بەھر قاتارىغىمۇ كىرگۈزۈشمىگەن. بابۇر بۇ بەھردىمۇ ئەرەبچىدە شېئىر

يوقلۇقىنى ئەسكەرتىپ: «بۇ ۋەزىندە ھەم تازى (ئەرەبچە) شېئىر تاپىلمايدۇر، بەزى بۇ بەھرنى ئەمىق دېپتۇرلەر»① دەپ يازىدۇ.

كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، پارس ـ تاجىك ئارۇزچىلىرى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ۋە بىر نەچچە ئەسىرلىك ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاجىز تەرەپلىرى بايقىلىپ، يەنە شۇ پارس ـ تاجىك ئارۇزچىلىرى تەرىپىدىن مۇستەقىل بىر بەھر سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنماي، ئىنكار قىلىنغان ئەرىز ۋە ئەمىق بەھرلىرىنى زەھىرىددىن بابۇر ئانچە مەشھۇر بولمىغان بەھرلەر نامى بىلەن مۇستەقىل بەھرلەر سۈپىتىدە تىلغا ئېلىپ، ئارۇز تارىخىدىكى بەھرلەرنىڭ ئومۇمىي سانىنى 21 گە يەتكۈزىدۇ. ئەمما، ئۇ بۇ بەھرلەرنىڭ ھەرقايسى تىلدىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ئەمەلىيىتىدىكى كونكرېت ئەھۋالىدىن سۆز ئاچمايدۇ. بولۇپمۇ بەھرلەرنىڭ تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالىنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمايدۇ.

ئېنىقكى، بابۇر ئارۇزدىكى بەھرلەر ئۈستىدە توختالغاندىمۇ شېئىرىيەتنىڭ مىللىيلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، باشقا قائىدىلىرىگە ئوخشاشلا ئارۇز تارىخىدا مەۋجۇت بەھرلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەرقايسى تىلدىكى شېئىرىيەت ئۈچۈن ئومۇمىيلىققا ۋە ئورتاقلىققا ئىگە دەپ قارىغان ۋە ئۇلارنى شۇ نۇقتىدىن شەرھلىگەن. ۋاھالەنكى، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە بابۇر ياشىغان دەۋردىن ئىلگىرىلا ئارۇزدىكى قائىدىلەرنى جۈملىدىن

① زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «مۇختەسەر»، تاشكەنت، 1971 ـ يىلى نەشرى، 27 ـ بەت.



بارلىق بەھرلەرنى ھەرقايسى تىلدىكى شېئىرىيەتتە ئوخشاش شەكىلدە ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقى ئىلمىي جەھەتتىن ئىسپاتلىنىپ بولغان ۋە تېگىشلىك ئىسلاھاتلار، ئۆزگەرتىشلەر ئارقىلىق ئۇلار ھەر قايسى تىللاردىكى شېئىرىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن قېلىپلاشقان شەكىلگە كىرىپ بولغانىدى. شۇڭا، بابۇرنىڭ ئارۇزدىكى قائىدىلەرنىڭ ھەممىسىنى، شۇ جۈملىدىن بارلىق بەھرلەرنى پەقەت ئومۇمىي ئارۇزشۇناسلىق نۇقتىسىدىنلا شەرھلەپ، ئۇنىڭ ئوخشىمىغان تىللاردىكى شېئىرىيەتتە ئىپادىلىنىدىغان خاسلىقلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىشىنى «مۇختەسەر» دىكى ئەڭ گەۋدىلىك ئاجىزلىقلارنىڭ بىرى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە ھېچقانداق يېڭى بەھر ئىجاد قىلىنمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەرەب ئارۇزىدىكى 16 بەھر ياكى پارس ـ تاجىك ئارۇزىدىكى 14 بەھر (ئومۇملاشتۇرۇلغاندا جەمئىي 19 بەھر، چۈنكى 11 بەھر ئەرەب ۋە پارس ـ تاجىك شېئىرىيىتىدە ئورتاق قوللىنىلىدۇ) دىن قانچىسىنىڭ تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتكە مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىمۇ تارىختىن ھازىرغىچە ئىلمىي جەھەتتىن تېخى تولۇق ئېنىقلانمىغان بىر مەسىلە. ئەلۋەتتە تارىختا ئەنئەنىدىن ھالقىپ، مەۋجۇت بەھرلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ئۆز ئىستېداتىنى سىناش ئۈچۈن بىر ـ ئىككى پارچە شېئىر يېزىپ باققان تۈركىي تىللىق شائىرلارمۇ يوق ئەمەس، لېكىن بۇ ئومۇمىي تۈس ئالالمىغان.

كۆپىنچە بەھرلەرنىڭ سالىم شەكىللىرى تۆتلىك، ئالتىلىك ۋە سەككىزلىك شەكىللەردە بولىدۇ. شۇ تەرزدە

ھېسابلىنغاندا، پارس - تاجىك شېئىرىيىتىدىكى 14 سالىم بەھردىن ھاسىل بولىدىغان سالىم ۋەزىننىڭ سانى 40 قا يېتىدۇ. ئەگەر ھەر قايسى بەھرلەرنىڭ زىھافلىق شەكىللىرىنى قوشۇپ ھېسابلايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر پارس - تاجىك شېئىرىيىتىدە قوللىنىلغان ۋەزىنلەرنىڭ 500 دىن ئاشىدىغانلىقى بۇنىڭ بىر تىپىك مىسالىدۇر. ئۆزبېكىستانلىق ئەدەبىياتشۇناس ئۇممەت تويچىيېف تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىنى ئارۇز نۇقتىسىدىن مۇنداق ئىككى چوڭ دەۋرگە بۆلىدۇ: «ئارۇزدا يارىتىلغان پوئېزىيەنى ئىككى قىسىمغا ئايرىش مۇمكىن ۋە ئۇلارنىڭ ئاۋۋالقىسى ئارۇزغا ماس كەلگەن پوئېزىيەدۇر. چۈنكى بۇ پوئېزىيە ئارۇزدا مەخسۇس يېزىلمىغان، لېكىن ئارۇزغا ماس كېلىدۇ. بۇنىڭغا قەدىمكى ئۆزبېك (تۈركىي) شېئىرىيەت، ‹دىۋان› دىكى شېئىرىي پارچىلار ۋە ئۆزبېك خەلق ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادىيىتىنىڭ ئارۇزغا ماس كەلگەن نەمۇنىلىرى كىرىدۇ. كېيىنكىسى ئارۇز ھەققىدىكى نەزەرىيە كېلىپ چىققاندىن كېيىن شۇ تەلىمات ئاساسىدا پەيدا بولغان پوئېزىيەدۇر. ئۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ‹قۇتادغۇ بىلىك› داستانىدىن باشلىنىدۇ ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغىچە بولغان ھەم ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋردە ئارۇزدا بارلىققا كەلگەن يازما پوئېزىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ».[①] ئۇممەت تويچىيېف يەنە «قۇتادغۇ بىلىك» تىن ئىلگىرىكى يەنى 6 - ئەسىردىن 10 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغىچە بولغان تۈركىي تىللىق پوئېزىيەنىڭ ۋەزنى ئۈستىدە توختىلىپ: «بۇ دەۋر

① ئۇممەت تويچىيېف: «ئۆزبېك پوئېزىيەسىدە ئارۇز سىستېمىسى»، تاشكەنت. 1985 - يىلى نەشرى، 89 - بەت.



پوئېزىيەسىدە ئاساسەن 16 ۋەزىن تەكىتلەنگەن بولۇپ، ئۇلار رەجەز، مەدىد، مۇتەقارىب، ھەجەز، رەمەل، مۇنسەرىھ ۋە بەسىت بەھرلىرىگە مەنسۇپتۇر. ئەڭ كۆپ قوللىنىلغىنى رەجەز بەھرىدۇر. ئۇنىڭ بەش تا ۋەزنى قەيت ئېتىلگەن»[①] دەپ يازىدۇ. مەلۇمكى، «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىلگىرىكى تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە ئۇچرايدىغان بەھرلەرنىڭ سانى كۆپ بولغاندىمۇ ئالتىدىن ئوشۇق بولمىغان. بۇنى تۈركىي تىللىق شېئىرىيەت ئەنئەنىسىدە مەۋجۇت بەھرلەر «قۇتادغۇ بىلىك» مەيدانغا كەلگەنگە قەدەر ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ئالتە بەھردىن ئاشمىغان دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. 10 - ئەسىردىن كېيىنكى تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە ئۇچرايدىغان ۋەزىنمۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تۈركولوگلار تەرىپىدىن ئىستاتىستىكا قىلىنغان. ئۇلارنىڭ مەلۇماتىچە، بۇ دەۋردىكى يازما پوئېزىيەدە 424 ساددا ۋەزىن، 9 ئۇزۇن ۋە 6 قوشما ۋەزىن ئىشلىتىلگەن. 424 ساددا ۋەزىندىن پەقەت 100 دىن ئارتۇقى كەڭ قوللىنىلغان. قالغانلىرىنى ئۇممەت تويچىيېف پەقەت ئارۇزغا ئائىت رىسالىلەردىلا ئۇچرايدۇ، دەپ قارايدۇ. ۋەزىنلەرنىڭ كۆپلۈكىگە قارىماي بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلگىنى رەجەز ۋە رەمەلدىن ئىبارەت ئىككىلا بەھردۇر[②]. ئۇممەت تويچىيېف يەنە مەنبەلەردە مەۋجۇت ۋەزىنلەرنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە ئاز ئۇچرايدىغانلىقىنى بايقاپ: «بىر نەچچە يۈزلەپ ۋەزىنلەر نەزەرىيەۋى مەنبەلەردىلا بار بولۇپ، ئۇلار رىتىمىك جەھەتتىن ياخشىدۇر. بۇ ھالەت ئارۇزنى ئىلمىي

① ئۇممەت تويچىيېف: «ئۆزبېك پوئېزىيەسىدە ئارۇز سىستېمىسى»، تاشكەنت، 1985 - يىلى نەشرى ، 90 - بەت.
② يۇقىرىدىكى ئەسەر، 96 - بەت.

ئۆگىنىشىنىڭ قالاقلىقى، شائىرلارنىڭ ئارۇزشۇناسلىقنى ياخشى بىلمەسلىكى ئاقىۋىتىدە ھەم سادىر بولغان. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش لازىمكى، نەۋايى ۋە ئاگاھى ئارۇز ۋەزىنلىرىنى ئۆز پوئېزىيەلىرىدە كەڭرەك قامراپ ئالغان، ئەمما، بۇ پىكىردىن ئۇلار ئارۇزنىڭ ھەممە ۋەزىنلىرىنى ئىشلەتكەن دېگەن مەنە چىقمايدۇ»[1] دەپ يازىدۇ. ئۇممەت تويچىيېفنىڭ بۇ سۆزىدىن تۈركىي تىللىق شائىرلارنىڭ ئارۇزدا مەۋجۇت بەھرلەردىن تولۇق پايدىلانمىغانلىقى توغرىسىدىكى نارازىلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ شېئىر يېزىلمىغان ئاشۇ بەھرلەرنىڭ تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتنىڭ ئەنئەنىسىگە، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىققا بولغان تەلەپلىرىگە ماس كېلىدىغان ـ كەلمەيدىغانلىقى بىلەن ھېسابلاشماي، شائىرلارنى ئارۇزشۇناسلىق ئىلمىنى ياخشى بىلمەسلىكتە ئەيىبلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىجادىيەت ۋە شائىرلارنىڭ ئىجادىيەتتە ئەنئەنىدىن ھالقىشى ئۇنداق ئاددىي نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قايسىلا دەۋردە بولمىسۇن تۈركىي تىللىق شائىرلار ئۈچۈن بۇ تىلدىكى شېئىرىيەتكە ماس كېلىدىغان نەزەرىيەۋى دەستۇرلار يېتەرسىز بولغان. ئۇلار ئىجادىيەتتە كۆپىنچە پارس تىللىق شېئىرىيەتكە ئائىت نەزەرىيەۋى دەستۇرلاردىن پايدىلىنىپ، خۇددى سىنتېبىلېۋا خانىم ئېيتقاندەك، ئۇنى ئۆز ماھارەتلىرىگە تايانغان ھالدا تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاشقان. بۇنداق ئەھۋالدا ئارۇز تارىخىدا مەۋجۇت بولغان بارلىق بەھرلەردىن تولۇق پايدىلىنىش ئاسانغا توختىمايدۇ، ئەلۋەتتە.

[1] ئۇممەت تويچىيېف: «ئۆزبېك پوئېزىيەسىدە ئارۇز سىستېمىسى»، تاشكەنت. 1985 ـ يىلى نەشرى، 97 ـ بەت.



تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە ئۇنىڭ رىتىمىي قانۇنىيەتلىرىگە، مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىگە ھەقىقىي ماس كېلىدىغان، بىر قەدەر ئوموملاشقان، رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىق جەھەتتىن كىشىلەرگە يات تۇيۇلمايدىغان قانچە بەھرنىڭ مەۋجۇتلۇقى توغرىسىدا ئارۇز ۋەزنى تەتقىقاتى خېلى كەڭ دائىرىدە ئېلىپ بېرىلغان بولغىنىغا قارىماي تېخى ئىلىم ساھەسىنى قايىل قىلغۇدەك بىرەر يەكۈن چىقىرىلغىنى يوق. بۇ ساھەدە ئىزدىنىۋاتقانلارنىڭ پىكرى بىر خىل ئەمەس. ئالايلۇق، ئۆزبېكىستاندا ئارۇز ئىلمى ۋە بۇ ئىلىم نۇقتىسىدىن ئۆزبېك شېئىرىيىتىنىڭ ۋەزنى توغرىسىدا خېلى كۆپ تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، بۇ ساھەگە ئائىت نۇرغۇن كونكرېت مەسىلىلەردە جۈملىدىن بەھر مەسىلىسىدە نۇرغۇن پىكىر ئىختىلاپلىرى مەۋجۇت. مەسىلەن، بۇ ساھەدە ئەتراپلىق ئىزدەنگەن ئۆزبېك ئالىملىرىدىن ئۇممەت تويچىيېف تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە 19 بەھرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەكىتلىسە[1]، ئەنۋەر ھاجىئەھمېدوف: «ئۆزبېك ئارۇزىدا 19 بەھردىن 11 سىلا قوللىنىلىدۇ. ئۇلار ھەزەج، رەجەز، رەمەل، مۇنسەرىھ، مۇزارىئ، مۇجتەس، خەفىف، سەرىئ، مۇتەقارىب، مۇتەدارىك، كامىل بەھرلىرىدۇر. ئەرەب شېئىرىيىتىگە خاس بولغان ۋافىر، تەۋىل، مەدىد، بەسىت، قەرىب، مۇشاكىل، غەرىب، مۇقتەزەب بەھرلىرى ئۆزبېك

[1] ئۇممەت تويچىيېف: «ئۆزبېك پوئېزىيەسىدە ئارۇز سىستېمىسى»، تاشكەنت. 1985 ـ يىلى نەشرى، 74 ـ بەت.

ئارۇزىدا قوللىنىلمايدۇ»[1] دەپ يازىدۇ. ئەنۋەر ھاجىئەھمىدوف كۆرسەتكەن 11 بەھر ئەمەلىيەتتە بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئەرەب شېئىرىيىتى بىلەن پارس - تاجىك شېئىرىيىتىگە ئورتاق بولغان 11 بەھر بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەرەب شېئىرىيىتىگىلا خاس بولغان 5 بەھر بىلەن پارس - تاجىك شېئىرىيىتىگە خاس بولغان 3 بەھر كىرگۈزۈلمىگەن. بۇلارنى ئەرەب شېئىرىيىتىگە خاس بەھرلەر دەپ ئاتايدۇ. ۋاھالەنكى، نەۋايى پارس - تاجىك شېئىرىيىتىگە خاس ئۈچ بەھر — قەرىب، مۇشاكىل، غەرىب قاتارلىقلارنى تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە ئەڭ ئاكتىپ بەھرلەردىن ھېسابلايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، تۈركىي تىلدا ئارۇز ئىلمىگە ئائىت ئەسەر يازغان نەۋايى بىلەن بابۇرمۇ ۋە كېيىنچە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى ئارۇزغا ئائىت مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلغان سىتىبلېۋا ۋە ئۇممەت تويچىيېفكە ئوخشاش ئەدەبىياتشۇناسلارمۇ تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە ئۆزىگە خاس بولغان، ئۇنىڭ ئەنئەنىسىگە ھەقىقەتەن ماس كېلىدىغان قانچە بەھرنىڭ بارلىقى توغرۇلۇق ئېنىق بىر خۇلاسە چىقىرالمىغان. شۇ نەرسە ئېنىقكى، تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە ھېچقانداق يېڭى بەھر ئىجاد قىلىنمىغان ياكى بايقالمىغان. ئەگەر بىز نەۋايىنىڭ «تا بۇ ۋەقت تېگىرى ئىنايىتىدىن تۈرك تىلى بىلە شېئىر ئەجەم شۇئەراسىغە مەخسۇس بۇھۇر ۋە ئەۋزاندەغى نەزم

[1] ئەنۋەر ھاجىئەھمىدوف: «مۇمتاز بەدىئىيەت مەلاھەتى»، تاشكەنت. 1998 - يىلى نەشرى، 120 - بەت.



سىلىكىغە كىردى»[1] دېگەن سۆزىگە ئاساسلىنىدىغان بولساق، ئوتتۇرا ئەسىردىكى تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە قوللىنىلىدىغان بەھرلەر پارس - تاجىك شېئىرىيىتىگە خاس بولغان 14 بەھر دائىرىسىدىن ھالقىماسلىقى مۇمكىن. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ئۆزبېك شېئىرىيىتىدە قوللىنىلغان بەھرلەرنىڭ سانى ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا خېلىلا ئازلاپ كەتكەن. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئۇممەت تويچىيېفنىڭ قارىشىچە، «سوۋېت دەۋرىدە ئارۇز ۋەزىنلىرى كەم ئىشلىتىلگەنلىكى بۇ شېئىر سىستېمىسىنىڭ ئەيىبى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئەدەبىي جەريان خاراكتېرى، دەۋر ئۇسلۇبى، ئىنتىلىشى، قىزىقىشى، دىتى بىلەن ئالاقىداردۇر»[2]. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى بەھرلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بولۇپمۇ ئۇنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئۆزگىرىشى بولسا تامامەن تەتقىق قىلىنمىغان ۋە مەخسۇس، جىددىي تەتقىقات تەلەپ قىلىدىغان چوڭ بىر تېما بولۇپ، ھازىرچە بۇ توغرۇلۇق بىز ئېنىق بىر نەرسە ئېيتىشقا ئىلاجسىزمىز.

## 2. تۈركىي تىللىق ئارۇزدىكى دائىرە چۈشەنچىلىرى

رۇكنىلاردىن بەھرلەرنى ھاسىل قىلىش ۋە ئۇنى دائىرە شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈش ئارۇز ئىلمىدە بۇ ئىلىمنىڭ ئىجادچىسى بولغان خەلىل ئىبنى ئەھمەد دەۋرىدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىدۇر. ئەرەب

[1] «نەۋايى ئەسەرلىرى» («مىزانۇل - ئەۋزان»)، تاشكەنت، 1967 - يىلى نەشرى، 14 - توم، 142 - بەت.
[2] ئۇممەت تويچىيېف: «ئۆزبېك پوئېزىيەسىدە ئارۇز سىستېمىسى»، تاشكەنت، 1985 - يىلى نەشرى، 102 - بەت.

شېئىرىيىتىدىكى 16 بەھر بەش دائىرەدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇنىڭدا بەھرلەرنى ئىچكى جەھەتتىكى ئورتاق ئامىللىرى ئاساسىدا تۈرلەرگە بۆلۈش ۋە ئۇلارنى دائىرە شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ پرىنسىپلىرى ناھايىتى ئېنىق بەلگىلەنگەن. خەلىل ئىبنى ئەھمەد تۈزگەن دائىرەدە پەقەت سالىم رۇكنىلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەنىدى. ئارۇز ئىلمى پارس-تاجىك شېئىرىيىتىگە تەتبىقلانغاندىن كېيىن بۇ شېئىرىيەتكە ماس كېلىدىغان 14 بەھرمۇ دائىرە شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ئەمما، بۇنىڭدا خەلىل ئىبنى ئەھمەد بېكىتكەن قېلىپلار بۇزۇپ تاشلىنىپ، ھەر كىم ئۆزى خالىغان ئۇسۇللاردا دائىرە تۈزىدىغان ۋە سالىم بەھرلەرلا ئەمەس، بەلكى زىھافلىق بەھرلەرمۇ دائىرەگە كىرگۈزۈلىدىغان بولدى. نەتىجىدە بەھرلەرنى دائىرە شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈش ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان ئومۇمىي قائىدىدىن ئايرىلىپ، ئەركىن تۈس ئالدى. پارس-تاجىك ئارۇزچىلىقى تارىخىدىكى نەزەرىيەچىلەر تۈزگەن دائىرەلەرنىڭ سان ۋە ئىچكى تەركىب جەھەتتىن ئۆزئارا پەرقلىنىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل شۇ يەردە بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋال بىر ئەنئەنە سۈپىتىدە تۈركىي تىللىق ئارۇزچىلىقتىمۇ ئەينەن داۋاملاشقان.

ئەلىشىر نەۋايى «مىزانۇل-ئەۋزان» نىڭ بېشىدىلا بەھر ۋە دائىرە چۈشەنچىلىرىدىن سۆز ئېچىپ: «نىچچە قائىدە ۋە دائىرە ۋە ۋەزنكىم، ھېچ ئارۇزدا، مىسلى فەن ۋازىئى خەلىل ئىبنى ئەھمەد، ۋە ئىلىم ئۇستادى شەمس قەيس كۇتۇبىدا ۋە خاجە ناسىر تۇسىنىڭ ‹مىيارۇل-ئەشئار› ىدە، بەلكى ھەزرەتى مەخدۇمى (ئابدۇرەھمان جامى) نەۋۋەرە مەرقەدەھۇ نۇران ‹ئارۇز› لىرىدە يوق ئېردىكىم، بۇ فەقىر بۇ فەن ئۇسۇلىدىن ئىستىخراج



قىلىپ ئېردىكىم، بۇ كىتابغە ئىزافە قىلدىم»[①] دەپ ئېيتىدۇ. بىز ئالدى بىلەن نەۋايىنىڭ بەھرلەرنى دائىرەگە بۆلۈشتىكى ئۇسۇللىرى ۋە پرىنسىپلىرى بىلەن تونۇشۇپ باقايلى. شۇندىلا ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيەتكە قانچىلىك ماس كېلىدىغانلىقى ۋە بۇ جەھەتتە قانچىلىك ئۆزگىچە قاراشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

نەۋايى بەھرلەردىن يەتتە دائىرە تۈزگەن بولۇپ، ئۇلاردا ئاپتورنىڭ بەھرلەرگە ئائىت چۈشەنچىلىرى بىلەن بۇ ساھەدىكى ئىزدىنىشلىرى خېلى روشەن رەۋىشتە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. نەۋايى بەھرلەرنى دائىرە شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن ھەربىر دائىرەگە كىرگۈزۈلگەن بەھرلەرنى قىسقىچە شەرھلەپ ئۆتىدۇ. ئۇ «مۇئتەلىفە» (بىرلەشكەن، ئۇيۇشقان) نامىدىكى بىرىنچى دائىرە ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «ئەمما ھەجەز ۋە رەجەز ۋە رەمەل بىناسى تەۋىل ۋە مەدىد ۋە بەسىتنىڭ سۇبائىياتىغە[②] دۇر. ھەزەجى مۇسەممەنى سالىمدە سېككىز قەتلە ‹مفاعيلن› دۇر ۋە رەجەز ئەجزاسى سېككىز قەتلە ‹مستفعلن› دۇر ۋە رەمەل ئەجزاسى سېككىز قەتلە ‹فاعلاتن› دۇر. ۋە بۇ بەھرنى بىر دائىرەغە قويۇپتۇرلەر ۋە ئول دائىرەنى ‹مۇئتەلىفە› دېپتۇرلەر»[③]. كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، «مۇئتەلىفە» دائىرەسىگە كىرگۈزۈلگەن بەھرلەرنىڭ ھەممىسى يەتتە ھەرپلىك رۇكنىلارنىڭ بېيىتتا سەككىز

[①] «نەۋايى ئەسەرلىرى» («مىزانۇل-ئەۋزان»)، تاشكەنت، 1967-يىلى نەشرى، 14-توم، 136-بەت.
[②] سۇبائى-سُبع (يەتتىدىن بىر قىسمى) سۆزىدىن بولۇپ، بۇ يەردە يەتتە ھەرپتىن تەشكىل تاپقان رۇكنىدىن ھاسىل بولىدۇ دېگەن مەنىدە.
[③] «مىزانۇل-ئەۋزان»، 143-بەت.

قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. نەۋايى يۇقىرىدىكى ئۈچ بەھرنىڭ بىر دائىرەگە كىرگۈزۈلۈشىدە دەل يۇقىرىقىدەك ئومۇمىيلىق ئاساس بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. نەۋايىنىڭ «بۇ بەھرنى بىر دائىرەغە قويۇپتۇرلەر ۋە ئول دائىرەنى مۇئتەلىفە دېپتۇرلەر» دېگەن سۆزىدىن ئېنىقكى، «مۇئتەلىفە» دائىرەسى نەۋايىدىن ئىلگىرىلا شۇ شەكىلدە تۈزۈلۈپ بولغان. ئەمما، نەۋايى ئۆزىدىن ئىلگىرى بۇ دائىرەنى تۈزگەن ئارۇزچىلارنىڭ كونكرېت ناملىرىنى ئاتىمايدۇ. ئارۇز تارىخىدىن بىزگە مەلۇمكى، يۇقىرىدىكى ئۈچ بەھرنى خەلىل ئىبنى ئەھمەد ھەم سالىم سەككىزلىك شەكىلدە بىر دائىرەگە قويۇپ، ئۇنىڭ نامىنى «مۇجتەلىبە» دەپ ئاتىغان ۋە ئۇ دائىرەلەر تەرتىپىدە ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. پارس-تاجىك ئارۇزچىلىرىدىن ۋاھىد تەبرىزى بۇ دائىرەنى خەلىل ئىبنى ئەھمەد بىلەن ئوخشاش نام بىلەن ئاتىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى دائىرەلەر تەرتىپىدە شەمس قەيس رازىدەك بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. شەمس قەيس رازى بولسا بۇ دائىرە ئۆز ئىچىگە ئالغان بەھرلەرنىڭ پارس-تاجىك شېئىرىيىتىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۆز ئەسىرىدە ئۇنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەسلىدىكى نامىنى «مۇئتەلىفە» گە ئۆزگەرتىدۇ. بۇنىڭدىمۇ يۇقىرىدىكى ئۈچ بەھر سالىم سەككىزلىك شەكىلدە بېرىلگەن. نەۋايى پەقەت ئۇنىڭدىكى بوغۇملار ئۆلچىمىنى بىلدۈرىدىغان شېئىرىي مىسرانى چاغاتايچىغا ئۆزگەرتكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەزكۇر دائىرەنى شەمس قەيس رازى بىلەن ئوخشاش نام ۋە ئوخشاش شەكىلدە ئۆز ئەسىرىدە بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. «مۇئتەلىفە» دائىرەسىنىڭ «مىزانۇل-ئەۋزان» دىكى تۈزۈلۈشى تۆۋەندىكىچە:






«مۇئتەلىفە» دائىرەسى ئۈچ سالىم بەھر — رەمەل، ھەزەج ۋە رەجەزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر بىز نەۋايىنىڭ رەمەل، ھەزەج ۋە رەجەزنىڭ سالىم سەككىزلىكىدىن تۈزۈلگەن «مۇئتەلىفە» دائىرەسىنى شەمس قەيس رازىنىڭ «ئەل-مۇجەم» دىكى «مۇئتەلىفە» دائىرەسىگە سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىكى پارسچە مىسرا «چند از اين سوداى آن دلدار پروردن / دلا / بس» نىڭ چاغاتايچىغا ئالماشتۇرۇلغاندىن باشقا ھېچقانداق پەرقىنىڭ يوقلۇقىنى بىلەلەيمىز. مەسىلەن:

**دائىرە رەمەل بەھرى مەخرەجىدىن باشلانسا:**

چند از اين سو/ داى آن دل/ دار پرور/ دن دلا بس/(شەمس)
بىل ۋىسالىڭ/دە غمى ھىج/ران خەيالى/دىن كۆڭۈل قان/.(نەۋايى)
فاعلاتن / فاعلاتن / فاعلاتن / فاعلاتن /

— V— — / —V— — / —V— — / —V— — /

**دائىرە ھەزەج بەھرى مەخرەجىدىن باشلانسا:**

دلا بس چند/ از اين سودا/ ى آن دلدا/ ر پروردن/(شەمس)
كۆڭۈل قان بىل/ۋىسالىڭدە/غەمى ھىجران/ خەيالىدىن/. (نەۋايى)

مفاعيلن / مفاعيلن / مفاعيلن / مفاعيلن /
V — — —/ V— — — / V— — — / V— — — /

**دائىرە ئەگەر رەجەز بەھرى مەخرەجىدىن باشلانسا:**

بس چند از اين/ سوداى آن/ دلدار پر / وردن دلا / (شەمس)
قان بىل ۋىسا/لىڭدە غەمى/ھىجران خەيا/لىدىن كۆڭۈل/ (نەۋايى)

مستفعلن / مستفعلن / مستفعلن / مستفعلن / .
— —V— / — —V— / — —V— / — —V— /

كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، شەمس قەيس رازى ۋە نەۋايى تۈزگەن بۇ دائىرەلەرنىڭ ھەر ئىككىسى سالىم سەككىزلىك شەكلىدە بولۇپ، نامىدىمۇ، تۈزۈلۈشىدىمۇ بىر ـ بىرىدىن پەرقلەنمەيدۇ. ناسىرۇددىن تۇسى بولسا بۇ دائىرەدىكى بەھرلەرنى ئەرەبلەردە ئالتىلىك ۋە ئەجەمدە سەككىزلىك شەكلىدە قوللىنىلىدۇ دەپ قاراپ، ھەر ئىككى خىل شەكىلنى دائىرە شەكلىدە شەرھلەيدۇ.

«مىزانۇل ـ ئەۋزان» دىكى ئىككىنچى دائىرە «مۇختەلىفە» (خىلمۇ خىل) نامى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇنسەرىھ، مۇزارىئ، مۇقتەزەب ۋە مۇجتەسىتىن ئىبارەت تۆت بەھرنىڭ زىھافلىق شەكىللىرى جايلاشتۇرۇلغان. نەۋايى بۇ دائىرەگە كىرگۈزۈلگەن بەھرلەرنى شەرھلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇنسەرىھ ۋە مۇزارىئ ۋە مۇقتەزەب ۋە مۇجتەس ۋە سەرىئ ۋە جەدىد ۋە قەرىب ۋە خەفىف ۋە مۇشاكىل بىناسى سۇبائىياتقەدۇركى، ئەندە ئىختىلافدۇر، سالىملارىن بىر دائىرەدە جەمئ قىلمايدۇرلەر. ئەمما، مۇنسەرىھى مەتۋى ۋە مۇزارىئى مەتۋى ۋە مەكفۇف ۋە



مۇقتەزەبى مەتۋى ۋە مۇجتەسى مەكفۇف ۋە مەخبۇنىكى، مۇسەممەنۇل ئەجزادۇرلەر، بىر دائىرەغە قويۇپ، ئۇل دائىرەنى ‹مۇختەلىفە› دېپتۇرلەر»[1]. نەۋايىنىڭ بۇ سۆزىدىن مەلۇمكى، مەزكۇر دائىرەنىمۇ ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئارۇزچىلاردىن ئېلىپ، ئۇنى تۈركىي تىللىق شائىرلار ئۈچۈن شەرھلەپ چۈشەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. ئۇنىڭ «مىزانۇل ـ ئەۋزان» دىكى شەكلى تۆۋەندىكىچە:




ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى شۇكى، نەۋايى بۇ يەردە بىر

[1] «نەۋايى ئەسەرلىرى» («مىزانۇل ـئەۋزان»). تاشكەنت. 1967 ـ يىلى نەشرى، 14 ـ توم، 144 ـ بەت.

نەچچە خاتالىققا يول قويغان. ئالدى بىلەن ئۇ يۇقىرىدىكى بەھرلەرنىڭ سالىم شەكىللىرىنى دائىرىگە قويمايدۇ، دەپ خاتا قاراشتا بولغان. ۋاھالەنكى، ئارۇز تارىخىدا بۇ بەھرلەرنىڭ سالىم شەكلىدىنمۇ بىرنەچچە قېتىم دائىرەلەر تۈزۈلۈپ بولغان. مەسىلەن: خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ «مۇشتەبىھە» ناملىق دائىرىسى، ناسىرۇددىن تۇسىنىڭ «مۇشتەبىھە» ناملىق دائىرىسى قاتارلىقلار نەۋايى ئېيتقان بەھرلەرنىڭ سالىم شەكلىدىن تۈزۈلگەن. شەمس قەيس رازى بۇ بەھرلەرنىڭ سالىم شەكلىگە قارىغاندا زىھافلىق شەكلىنىڭ پارس-تاجىك شېئىرىيىتىدە كۆپرەك ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى بەھرلەرنى «مۇنتەزىئە» ۋە «مۇختەلىفە» دىن ئىبارەت ئىككى دائىرىگە بۆلۈپ، زىھافلىق شەكلىدە شەرھلەيدۇ.

نەۋايى تۈزگەن دائىرىگە كىرگۈزۈلگەن بەھرلەر سەككىزلىك شەكلىدە بېرىلگەن. بۇ دائىرەدە مىسرا ئەگەر مۇنسەرىھ بەھرىنىڭ مەخرەجىدىن باشلاپ ئوقۇلسا، «مفتعلن فاعلاتُ» (—VV—/—V—V) ئىككى قېتىم تەكرارلىنىدۇ. بۇ مۇنسەرىھ بەھرىنىڭ مەتۋى شەكلىدۇر[1]. ئەگەر مىسرا مۇزارىئ بەھرىنىڭ مەخرەجىدىن باشلاپ ئوقۇلسا، «مفاعيلُ فاعلاتُ» (V— —V/ —V— V) ئىككى قېتىم تەكرارلىنىدۇ. بۇ مۇزارىئ بەھرىنىڭ مەتۋى ۋە مەكفۇف شەكلىدۇر. ئەگەر مىسرا مۇقتەزەب بەھرىنىڭ مەخرەجىدىن باشلاپ ئوقۇلسا، «فاعلاتُ مفتعلن» (—V—V/—VV—) ئىككى قېتىم تەكرارلىنىپ، مۇقتەزەب بەھرىنىڭ مەتۋى شەكلى ھاسىل بولىدۇ. ئەگەر مىسرا مۇجتەس

[1] دائىرەلەردىكى بارلىق بەھرلەرنىڭ نامى «مىزانۇل-ئەۋزان» دىكى بىلەن ئوخشاش ئېلىندى.



بەھرىنىڭ مەخرەجىدىن باشلاپ ئوقۇلسا، «مفاعلن فعلاتن» (V—V—/ VV— —) ئىككى قېتىم تەكرارلىنىدۇ ۋە بۇ مۇجتەس بەھرىنىڭ مەكفۇف ۋە مەخبۇن شەكلىدۇر.

شەمس قەيس رازى تۈزگەن «مۇختەلىفە» دائىرىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا نەۋايىنىڭ دائىرىسىدىكى بەھرلەرنىڭ نامىدا پەرق بار. شەمس قەيس رازى مۇزارىئ بەھرىنىڭ بۇ دائىرەدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شەكلىنى مەكفۇف، مۇجتەسنىڭكىنى مەخبۇن دەپ ئاتىغان[1]. ئەمما «مىزانۇل-ئەۋزان» دا مۇزارىئ بەھرىنىڭكى مەتۋى ۋە مەكفۇف، مۇجتەسنىڭكى بولسا مەكفۇف ۋە مەخبۇن دەپ ئاتالغان[2]. مۇزارىئ بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك رۇكنى ھەر بېيىتتا تۆت قېتىم «مفاعيلن فاعلاتن» بولۇپ، ئۇ ئەگەر «مىزانۇل-ئەۋزان» دا ئېيتىلغاندەك مەتۋى ۋە مەكفۇف بولغان بولسا يەنى ئۇنىڭ ئالدىنقى رۇكنىغا تەي ۋە كېيىنكى رۇكنىغا كەف ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلگەن بولسا، ئۇ ھالدا «مفاعيلن» رۇكنىدىكى تۆتىنچى ھەرپ قىسقارتىلىپ «مفايلن» شەكلىگە كەلگەن بولاتتى. ھالبۇكى، بۇنداق زىھاف يوق. ئۇنىڭ ھەر ئىككى رۇكنىغا ئوخشاش كەف ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلگەچكە يەنى رۇكنلارنىڭ ئاخىرقى ھەرپى قىسقارتىلغاچقا، ئۇلاردىن «مفاعيلُ فاعلاتُ» شەكلى ھاسىل بولغان ۋە بۇ خىل شەكىل ئارۇز ئىلمىدە «مىزانۇل-ئەۋزان» دىكىدەك مەتۋى ئەمەس، بەلكى مەكفۇف نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش مۇجتەس بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك

[1] شەمس قەيس رازى: «ئەل-مۇجەم»، دۇشەنبە، 1991-يىلى نەشرى، 88-بەت.
[2] «نەۋايى ئەسەرلىرى» ( «مىزانۇل-ئەۋزان» )، تاشكەنت، 1967-يىلى نەشرى، 14-توم، 144-بەت.

شەكلى ھەر بېيىتتا تۆت قېتىم «مستفعلن فاعلاتن» بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىنقى رۇكنىغا «مىزانۇل ـ ئەۋزان» دا ئېيتىلغاندەك كەف ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلگەن بولسا، ئۇنىڭ شەكلى «مستفعلُ» بولغان بولاتتى. ۋاھالەنكى، بۇ ھەر ئىككى رۇكنىغا خەبن ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلگەن يەنى رۇكنىدىكى ئىككىنچى ساكىن ھەرپ قىسقارتىلىپ، «متفعلن» شەكلى ھاسىل قىلىنغان ۋە ئۇ ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان، بىرلىككە كەلگەن رۇكىن «مفاعلن» غا ئۆرۈلگەن. بۇ خىل ئۇسۇلدا ھاسىل قىلىنغان «مفاعلن» ئارۇز ئىلمىدە مەكفۇف ئەمەس، مەخبۇن دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئىككىنچى رۇكنىمۇ بىرىنچىسىگە ئوخشاش ئۆزگەرتىشتىن ئۆتكۈزۈلگەن. شۇنىمۇ ئەسكەرتىش زۆرۈركى، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان خاتالىقلار بەلكىم تارىختا «مىزانۇل ـ ئەۋزان» نى كۆچۈرگەن قەلەمى يېنىك كاتىپلار ياكى ئۇنى كېيىنكى ۋاقىتلاردا نەشرگە تەييارلىغان خادىملارنىڭ بىخەستەلىكىدىن كېلىپ چىققان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

بۇنىڭدىن باشقا شەمس قەيس رازىنىڭ دائىرەدىكى بەھرلەرنىڭ پەرقىنى كۆرسىتىدىغان پارسچە بىر مىسرا شېئىرى «باز/ زمن/ دل/ رَبود يار زمن رخ نُهُفت» نەۋايىنىڭكىدە چاغاتايچە «ئىشق/ئېتەر/ تەن/ فىگار شەۋق قىلۇر جان زەئىف» گە ئالماشتۇرۇلغان. قايسىلا جەھەتتىن سېلىشتۇرمايلى نەۋايىنىڭ «مىزانۇل ـ ئەۋزان» دىكى بۇ دائىرەنىڭ شەمس قەيس رازىنىڭ «ئەل ـ مۇجەم» دىن ئېلىنغانلىقى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئەرەب ئارۇزىدىكى ئالتە سالىم بەھر (مۇنسەرىھ، مۇزارىئ، مۇجتەس، سەرىئ، مۇقتەزەب ۋە خەفىف) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆتىنچى دائىرە «مۇشتەبىھە» نى شەمس



قەيس رازىنىڭ ئىككىگە بۆلۈپ، بىرىنى «مۇختەلىفە» (مۇنسەرىھ، مۇزارىئ، مۇقتەزەب، مۇجتەس)، يەنە بىرىنى «مۇنتەزىئە» (سەرىئ ۋە خەفىف بەھرلىرىگە يەنە قەرىب، جەدىد ۋە مۇشاكىل بەھرلىرىنى قوشۇپ) دەپ ئاتىغانلىقىنى، بۇ ئىككى دائىرە زىھافلىق بەھرلەردىن تۈزۈلگەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. بۇ ئەينەن «مىزانۇل ـ ئەۋزان» دا تەكرارلىنىدۇ. «مىزانۇل ـ ئەۋزان»دىكى ئۈچىنچى دائىرەمۇ «مۇنتەزىئە» (ئايرىلغان، ئۈزۈلگەن) نامى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، بەش بەھرنىڭ ئالتىلىك زىھافلىق شەكلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ شەكلى تۆۋەندىكىدەك:




بۇ دائىرەدىكى مىسرا ئەگەر سەرىئ بەھرىنىڭ مەخرەجىدىن باشلاپ بىر قېتىم ئوقۇلسا، «مفتعلن مفتعلن

فاعلاتُ » (V_V_ / _VV_ / _VV_) هاسىل بولىدۇ. بۇ سەرىئ بەھرىنىڭ مەتۋى شەكلىدۇر. ئەگەر مىسرا جەدىد بەھرىنىڭ مەخرەجىدىن باشلاپ ئوقۇلسا، «فعلاتن فعلاتن مفاعلن » (_V_V / _ _VV / _ _VV) هاسىل بولىدۇ. بۇ جەدىد بەھرىنىڭ مەخبۇن ۋە مەقبۇز شەكلىدۇر. مىسرا قەرىب بەھرىنىڭ مەخرەجىدىن ئوقۇلسا، «مفاعيلُ مفاعيل فاعلاتُ» (V_V_/ V_ _V / V_ --V) هاسىل بولىدۇ. بۇ قەرىب بەھرىنىڭ مەكفۇف ۋە مەتۋى شەكلىدۇر. مىسرا خەفىف بەھرىنىڭ مەخرەجىدىن ئوقۇلغاندا، «فعلاتن مفاعلن فعلاتن » (VV_ _/ V_V_/ VV_ _) گە تەڭ بولىدۇ. بۇ خەفىف بەھرىنىڭ مەخبۇن ۋە مەقبۇز شەكلىدۇر. مىسرانى مۇشاكىل بەھرىنىڭ مەخرەجىدىن ئوقۇغاندا، «فاعلاتُ مفاعيلُ مفاعيلُ» (_V_V / V_ _V / V_ _V) گە تەڭ بولىدۇ. بۇ مۇشاكىلنىڭ مەكفۇف ۋە مەقسۇر شەكلىدۇر.

ئەسكەرتىپ قويۇشقا تېگىشلىكى شۇكى، بۇ دائىرەدىمۇ بەھرلەر زىھافلىرىنىڭ ئاتىلىشىدا پەرق مەۋجۇت. «ئەل - مۇجەم » دە دائىرەدىكى بەھرلەرنىڭ ئىككىنچىسى جەدىدى مەخبۇن، ئۈچىنچىسى قەرىبى مەكفۇف، تۆتىنچىسى خەفىفى مەخبۇن، بەشىنچىسى مۇشاكىلى مەكفۇف دەپ ئاتالغان. «مىزانۇل - ئەۋزان » دا بولسا، جەدىد بەھرى مەخبۇن ۋە مەقبۇز، قەرىب بەھرى مەكفۇف ۋە مەتۋى، خەفىف بەھرى مەخبۇن ۋە مەقبۇز، مۇشاكىل بەھرى مەكفۇف ۋە مەقسۇر دەپ ئاتىلىپ، خاتالىقا يول قويۇلغان. بۇ خاتالىقلارنى ھەرقانداق ئادەم يۇقىرىدىكى دائىرەدە كۆرسىتىلگەن تەجرىبىگە ئاساسلىنىپ چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. شۇڭا، بىز بۇ يەردە ئۇنى تەپسىلىي شەرھلىمەيمىز. بۇنىڭدىن باشقا «ئەل - مۇجەم» دە مەزكۇر دائىرەنىڭ بەھر پەرقى ئۈچۈن ئىشلەنگەن بىر مىسرا پارچە



شېئىر «رو/ كه/ ربودي/ زدلم صبر/ باز» نەۋايىنىڭكىدە چاغاتايچە «سەن/ بۇ/ جەفانى/ مەڭا كۆپ قىلما/ يار» غا ئالماشتۇرۇلغان. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا باشقا ھېچقانداق پەرق يوق.

«مىزانۇل - ئەۋزان» دىكى تۆتىنچى دائىرە «مۇتتەفىقە» (بىرلەشكەن، ئۇزلەشكەن) نامى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، مۇتەقارىب ۋە مۇتەدارىكتىن ئىبارەت ئىككى بەھرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى تۆۋەندىكىدەك:




بۇ دائىرەدىكى شېئىرىي مىسرا ئەگەر مۇتەقارىب بەھرى مەخرەجىدىن ئوقۇلسا،«فعولن » تۆت قېتىم تەكرارلىنىدۇ. مىسرا ئەگەر مۇتەدارىك بەھرىنىڭ مەخرەجىدىن ئوقۇلسا،

«فاعلن» تۆت قېتىم تەكرارلىنىدۇ. ئالدىنقىسى مۇتەقارىب بەھرىنىڭ، كېيىنكىسى مۇتەدارىك بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلىدۇر. بۇ دائىرەمۇ شەمس قەيس رازى تۈزگەن مۇتتەفىقە دائىرەسى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، پەقەت ئۇنىڭدىكى پارسچە مىسرا «مكن/برمن اى ماه روى اين ستمها» نەۋايى تەرىپىدىن چاغاتايچە «كېلىپ/ دەردىمە چارە قىلساڭ نې بولغاي» گە ئالماشتۇرۇلغان. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا باشقا ھېچقانداق پەرق يوق.

«مىزانۇل - ئەۋزان» دىكى بەشىنچى دائىرە «مۇجتەمىئە» (جەملەنگەن، يىغىلغان) نامى بىلەن ئاتىلىپ، ئۇنىڭغا توققۇز بەھر كىرگۈزۈلگەن. نەۋايى بۇ دائىرە توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىپ: «ئەگەر مۇنسەرىھ ۋە مۇزارىئ ۋە مۇقتەزەب ۋە مۇجتەس بەھرىغە زىھافات يول بېرىپ، مۇسەممەن قىلىپ بىر دائىرە قويۇپتۇرلەر ۋە سەرىئ ۋە جەدىد ۋە قەرىب ۋە خەفىف ۋە مۇشاكىل بەھرىغە دەغى زىھافات قىلىپ، يەنە بىر دائىرە قويۇپتۇرلەر. ئەمما، بۇلارنىڭ سالىمىنىكى، ئەنگە ھېچ زىھاف كىرمەمىش بۇلغاي، ھېچ دائىرەغە تەرتىپ بىلە زەبت قىلمايدۇرلەر. بۇ مەزكۇر بولغان توققۇز ئەسل بەھرنىڭ سالىمىنىكى، زىھافات دۇخۇلىدىن سالامەت قالمىش بۇلغەيلەر، بىر دائىرەيى ئەزىمەدە جەمئ قىلىپ، ھەر بىرىنىڭ ئورنىغە ئەلاھىدە مىسال كېلتۇرۇپ، توققۇز تەسىنى يەنە بىر مىسرادىن ھەم ئىستىخراج قىلىپ، ئۇل ‹دائىرەيى مۇجتەمىئە› دېيىلدى»[①] دەپ يازىدۇ. بۇ دائىرەنىڭ «مىزانۇل - ئەۋزان» دىكى تۈزۈلۈشى تۆۋەندىكىچە:

① «نەۋايى ئەسەرلىرى» («مىزانۇل - ئەۋزان»)، 14 - توم، 147 - بەت.






نەۋايىنىڭ «مۇجتەمىئە» دائىرەسى توغرىسىدىكى يۇقىرىدا ئېيتىلغان سۆزىدىن مەلۇم بولغاندەك، بۇ دائىرەنى نەۋايى ئۆزىنىڭ ئىختىراسى دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، نەۋايى بۇ يەردىمۇ يېڭىلىشقان. بىز پارس - تاجىك ئارۇزچىلىقىنىڭ دائىرەلەر تەلىماتىغا ئائىت قىسمىدا ناسىرۇددىن تۇسىنىڭ نەۋايى يۇقىرىدا تىلغا ئالغان توققۇز بەھرنىڭ سالىم شەكلىدىن بىر دائىرە تۈزۈپ، ئۇنى «مۇشتەبىھە» نامى بىلەن ئاتىغانلىقىنى ۋە

بۇ دائىرەدە ئىككى يېڭى بەھرنى بايقىغانلىقىنى، كېيىنچە بۇ بەھرلەرنىڭ بىرى جەدىد ۋە يەنە بىرى مۇشاكىل نامى بىلەن ئاتىلىپ، پارس - تاجىك شېئىرىيىتىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان بەھرلەردىن بولۇپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. نەۋايىنىڭ يۇقىرىدىكى دائىرەسىنى ناسىرۇددىن تۇسىنىڭ «مۇشتەبىھە» دائىرەسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بەھرلەر ئۆلچىمىگە ئىشلىگەن بىر مىسرا پارسچە شېئىرنىڭ ئورنىغا چاغاتايچە شېئىر سەپلەنگەنلىكىنى ۋە يەنە ھەربىر بەھر ئۈچۈن بىردىن ئايرىم مىسرا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھېچقانداق پەرق تاپقىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن نەۋايى گەرچە «مىزانۇل - ئەۋزان» دا دائىم ناسىرۇددىن تۇسىنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ «مېيارۇل - ئەشئار» ىدىن تولۇق خەۋەردار ئەمەسلىكىنى بايقىۋېلىش تەس ئەمەس ۋە بىز پىروفېسسور رەھىم مۇسۇلمانقۇلوفنىڭ: «‹مىزانۇل - ئەۋزان› نى تەتقىق قىلىشتىن شۇ نەرسە ئايانكى، نەۋايى ئىسمى ئاتالغان ئاپتورلار (خەلىل ئىبنى ئەھمەد، شەمس قەيس رازى، ناسىرۇددىن تۇسى ۋە ئابدۇرەھمان جامىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ) نىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلانغان. ئەمما، بىۋاستە ئەمەس، بەلكى ۋاستىلىك - ئاتائۇللاھ ھۆسەيىنىنىڭ ‹بەدايىئۇس - سەنايى› سى ئارقىلىق پايدىلانغان»[1] دېگەن سۆزىنىڭ ئەمەلىيەتكە ھەقىقەتەن ئۇيغۇنلۇقىغا قايىل بولماي تۇرالمايمىز. زەھىرىددىن بابۇرمۇ يۇقىرىدىكى دائىرە ئۈستىدە توختالغاندا

[1] رەھىم مۇسۇلمانقۇلوف: «نەۋايى ئارۇزىنىڭ پارسچە مەنبەلىرى». «تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاخباراتى» (ئىلمىي ژۇرنال). 1991 - يىللىق 3 - سان، 4 - بەت.



نەۋايىدىن ئىلگىرىلا بۇ بەھرلەرنىڭ سالىم شەكلىدىن دائىرە تۈزۈلۈپ بولغانلىقىنى ۋە نەۋايىنىڭ «مېيارۇل - ئەشئار» دىن تولۇق خەۋەردار ئەمەسلىكىنى تەكىتلەپ: «مىر ئەلىشىر نەۋايى بۇ توققۇز بەھرنىڭ دائىرەسىن ئۆزىگە ئىسناد قىلىپتۇر، غالىبەن «مېيارۇل - ئەشئار» نى مۇتالەئە قىلماغەندۇر»[1] دەپ ئېيتىدۇ. تۆۋەندە بىز بۇ بەھرلەرنى ناسىرۇددىن تۇسى ۋە نەۋايى ئىشلىگەن شېئىرىي مىسرالارغا سېلىپ تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ باقايلى:

1) سەرىئ بەھرى:

باده به من / ده تو بُتا / هم یک بار / (تۇسى)
ۋەھ ۋەھ يىگىت/بىربىريەنگىب/كېلگىل بىزگە/ (نەۋايى)
مستفعلن / مستفعلن / مفعولاتُ /
/ V — — — / — V — — / — V — —

2) جەدىد بەھرى:

ده به من ده / تو بُتا هم / یک باربا /[2] (تۇسى)
ۋەھ يىگىتبىر/بىريەنگىب كېل/گىل بىزگە ۋەھ/ (نەۋايى)
فاعلاتن / فاعلاتن / مستفعلن /
/— V — — / — — V — / — — V —

3) قەرىب بەھرى:

به من ده تو / بُتا هم یک / بارباده / (تۇسى)
يىگىتبىربىر/يەنگىب كېلگىل/ بىزگە ۋەھ ۋەھ/ (نەۋايى)
مفاعيلن / مفاعيلن / فاعلاتن /
/ — — V — / — — — V / — — —V

[1] زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «مۇختەسەر»، تاشكەنت، 1971 - يىلى نەشرى، 30 - بەت.

[2] ناسىرۇددىن تۇسى بۇ دائىرەدىكى ئىككىنچى ۋە توققۇزىنچى بەھرنى يېڭىدىن بايقاپ، ئۇنىڭ ۋەزنىنى كۆرسەتكەن، ئەمما، شېئىرىي مىسرادا شەرھلىمىگەن.

4) مۇنسەرىھ بەھرى:

دە تو بُتا/ هم يک بار/باده به من/ (تۇسى)
بىربىريەنگىب/ كېلگىل بىزگە/ ۋەھ ۋەھ يىگىت/ (نەۋايى)
مستفعلن/ مفعولاتُ/ مستفعلن/
/ _ V _ _ / V _ _ _ / _ V _ _

5) خەفىف بەھرى:

تو بُتا هم/ يک باربا/دو به من ده/ (تۇسى)
بىريەنگىب كېل/گىل بىزگە ۋەھ/ ۋەھ يىگىت بىر/ (نەۋايى)
فاعلاتن/ مستفعلن/ فاعلاتن/
/ _ _ V _ / _ V _ _ / _ _ V _

6) مۇزارىئ بەھرى:

بُتا هم يک/ بارباده/ به من ده تو/ (تۇسى)
يەنگىب كېلگىل/ بىزگە ۋەھ ۋەھ/ يىگىت بىربىر/ (نەۋايى)
مفاعيلن/ فاعلاتن/ مفاعيلن/
/ _ _ _ V / _ _ V _ / _ _ _ V

7) مۇقتەزەب بەھرى:

هم يک بار/باده به من/ ده تو بُتا/ (تۇسى)
كېلگىل بىزگە/ ۋەھ ۋەھ يىگىت/ بىربىر يەنگىب/ (نەۋايى)
مفعولاتُ/ مستفعلن/ مستفعلن/
/ _V_ _ / _V_ _ / V _ _ _

8) مۇجتەس بەھرى:

يک باربا/ده به من ده/تو بُتاهم/ (تۇسى)
گىل بىزگە ۋەھ/ ۋەھ يىگىت بىر/بىر يەنگىب كېل/ (نەۋايى)
مستفعلن/ فاعلاتن/ فاعلاتن/
/ _ _ V_ / _ _V _ / _ V _ _

9) مۇشاكىل بەھرى:

بارباده/ به من ده تو/ بُتاهم يک/ (تۇسى)
بىزگە ۋەھ ۋەھ/يىگىت بىربىر/يەنگىب كېلگىل/ (نەۋايى)



فاعلاتن/ مفاعيلن/ مفاعيلن/
/_ _ _V /_ _ _V / _ _V _

نەۋايى تۇزگەن بۇ دائىرەدە ئالدىدىكى بىر سۆزنى كەينىگە يۆتكەش ئۇسۇلى ئارقىلىق دائىرەدىكى ھەممە بەھرلەرنى ھاسىل قىلىشقا بولىدىغان بىر مىسرادىن باشقا، ھەرقايىسى بەھرلەرنىڭ مىسرالاردا تېخىمۇ ئېنىقراق ئىپادىلىنىشى ئۈچۈن ھەربىر بەھرگە يەنە بىردىن ئايرىم مىسرامۇ سەپلەنگەن. بۇ خىل ئۇسۇل ئاروز تارىخىدا دائىرە ئىشلىگەن باشقا نەزەرىيەچىلەردە ئادەتتە كەم ئۇچرايدىغان يېڭىلىقلاردىن بىرى بولۇپ، نەۋايىنىڭ نەزەرىيەۋى مەسىلىلەردىكى ئىنچىكە پىكىرلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان تەرەپلەردىن بىرى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) سەرىئ بەھرىگە:
كېلسەڭ نە بول/غاي بىر كېچە/ كۆلبەم بېرى/

2) جەدىد بەھرىگە:
ۋەھكى ھىجرىڭ/دىن قەرارىم/ زايىل دورۇر/

3) قەرىب بەھرىگە:
نە بولغاي بىر/ نەزەر قىلساڭ/ بەندە سەرى/

4) مۇنسەرىھ بەھرىگە:
كەلسەڭ بېرى/ ئەي گۈلچېھرە/ جان تالغەيمەن

5) خەفىف بەھرىگە:
ئي جەمالىڭ/ خۇرشىددەك/ ئالەم ئارا/

6) مۇزارىئ بەھرىگە:
سېنى كۆرگەچ/ كەتتى سەبرىم/ تەرەھھۇم قىل/

7) مۇقتەزەب بەھرىگە:
ئي رۇخسارى/ ھۆرو پەرى/نىڭ غەيرەتى/

8) مۇجتەس بەھرىگە:

ئايدىڭ يۈزۈڭ/ كۆز ياشىمنى/ ئەنجۇم ئېتتى/

9) مۇشاكىل بەھرىگە:

ۋەسل ئۈمىدى/ مەنى زارۇ /ھەزىن قىلمىش/

«مىزانۇل - ئەۋزان» دىكى ئالتىنچى دائىرە «مۇختەلىتە» (ئارىلاشما) نامىدا بولۇپ، ئۇ ۋافىر ۋە كامىلدىن ئىبارەت ئىككى بەھرنىڭ سەككىزلىك سالىم شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پارس - تاجىك ئارۇزچىلىرىدىن شەمس قەيس رازى ۋە ۋەھىدى تەبرىزى قاتارلىقلار ۋافىر ۋە كامىل بەھرلىرىنى ئەرەب شېئىرىيىتىگە خاس دەپ قارىشىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرى تۈزگەن دائىرەلەرگە كىرگۈزۈشمىگەن. ئەمما، بەھرلەرنى سېلىشتۇرۇپ ۋە قىسمەن شائىرلارنىڭ بۇ بەھرلەردە شېئىر يازىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ناسىرۇددىن تۇسى خۇددى خەلىل ئىبنى ئەھمەدكە ئوخشاشلا مەزكۇر بەھرلەرنى «مۇئتەلىفە» دائىرەسىگە كىرگۈزگەن. خەلىل ئىبنى ئەھمەد تۈزگەن دائىرەدە «مفاعلتن» رۇكنىنى «مفا» ۋە «علتن» دىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈپ، ئۇن ئالتە كۆزنەككە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. نەۋايىمۇ بۇ ئىككى بەھردە شېئىرنىڭ ئازلىقىنى تەكىتلەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ خەلىل ئىبنى ئەھمەد ۋە ناسىرۇددىن تۇسىدەك بۇ بەھرلەردىن دائىرە تۈزۈشنى لايىق كۆرىدۇ. نەۋايى تۈزگەن دائىرە ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ، رۇكنىلار تولۇق بېرىلگەن. يەنە ئۇنىڭغا ھەر ئىككى بەھرنى ھاسىل قىلىشقا بولىدىغان شېئىري مىسرامۇ قوشۇلغان، نامى «مۇختەلىتە» گە ئۆزگەرتىۋېتىلگەن. بۇ نەۋايى تۈزگەن دائىرەدىكى ئۆزگىچىلىكلەردۇر. دائىرەنىڭ «مىزانۇل - ئەۋزان» دىكى تۈزۈلۈشى تۆۋەندىكىچە:






بۇ دائىرەدىكى مىسرا ئەگەر ۋافىر بەھرىنىڭ مەخرەجىدىن باشلاپ ئوقۇلسا، «مفاعلتن» (V — V V —) تۆت قېتىم تەكرارلىنىدۇ. بۇ ۋافىر بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلىدۇر. مىسرا ئەگەر كامىل بەھرىنىڭ مەخرەجىدىن باشلاپ ئوقۇلسا، «متفاعلن» (V V — V —) تۆت قېتىم تەكرارلىنىدۇ. بۇ كامىل بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلىدۇر.

«مىزانۇل - ئەۋزان» دىكى يەتتىنچى دائىرە «مۇشتەبىھە» (ئوخشايدىغانلار) نامى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، ئەرەب شېئىرىيىتىگىلا خاس بولغان، پارس - تاجىك شېئىرىيىتىدە قوللىنىلمايدىغان تەۋىل، مەدىد ۋە بەسىتتىن ئىبارەت ئۈچ بەھرنىڭ سالىم سەككىزلىك

شەكلىدىن تۈزۈلگەن. بۇ بەھرلەر خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ «مۇختەلىفە» نامى بىلەن ئاتالغان بىرىنچى دائىرەسىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، نەۋايى خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ «مۇختەلىفە» دائىرەسىدىكى ئەرەب شېئىرىيىتىگە خاس بولمىغان يەنە ئىككى بەھر — مەقلۇبى تەۋىل (ئەرىز) بىلەن يەنە بىر نامسىز بەھر (كېيىن ئەمىق نامى بىلەن ئاتالغان) نى قىسقارتىۋېتىپ، قالغان ئۈچ سالىم بەھرنى ساقلاپ قالغان ۋە دائىرەنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتكەن. نەۋايىنىڭ ئەرىز ۋە ئەمىق بەھرلىرىنى دائىرەگە كىرگۈزمەسلىكى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. يۇقىرىدىكى بابلاردا ئېيتقىنىمىزدەك، بۇ ئىككى بەھر كېيىنكى دەۋرلەردە پارس - تاجىك ئارۇزچىلىرى تەرىپىدىن مۇستەقىل بەھر سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنمىغانىدى. نەۋايى بۇ دائىرەگە كىرگۈزۈلگەن بەھرلەرنى شەرھلەپ: «تەۋىل ۋە مەدىد ۋە بەسىت بەھرى ئەرەب شۇئەراسىنىڭ مەخسۇسىدۇر، ئەلەر ئارۇزلىرىدە دائىرەغە كىيۈرۈپتۇرلەر ۋە ئەجەم شۇئەراسى ئەنگە مەشغۇل بولمايدۇرلەر، ئەلەرنى داغى بىر دائىرەغە كىيۈرۈپ، بۇ مۇختەسەرغە داخىل قىلىندىكىم، ئۇل دائىرەدىن ئارىي بولمەغەي»[1] دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆزدىن مەلۇمكى، نەۋايى پەقەت بۇ بەھرلەرنىڭ دائىرەدىن چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈنلا ئۇلارنى بىر دائىرەدە ئەكس ئەتتۈرگەن. تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە بۇ بەھرلەر ئىشلىتىلمەيدۇ، يوق، بۇ توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمىگەن. ئەگەر ئىشلىتىلگەن بولسا، نەۋايى ئەسكەرتمەي قالمايتتى.

[1] «نەۋايى ئەسەرلىرى» («مىزانۇل - ئەۋزان»)، تاشكەنت، 1967 - يىلى نەشرى، 14 - توم، 149 - بەت.



ئەلۋەتتە. دائىرە تۆۋەندىكى شەكىلدە تۈزۈلگەن:




يىغىپ ئېيتقاندا، نەۋايى تۈزگەن يەتتە دائىرەدە يىگىرمە سەككىز بەھر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئون توققۇزى سالىم ۋە توققۇزى زىھافلىق (تارماق) بەھرلەردۇر. ئالدىنقى بەش دائىرەدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئون تۆت سالىم بەھردىن ئون بىرى ئەرەب ۋە پارس - تاجىك شېئىرىيىتى ئۈچۈن ئورتاق بولۇپ، قالغان ئۈچى پەقەت پارس - تاجىك شېئىرىيىتىگىلا خاس بولغان بەھرلەر ھېسابلىنىدۇ. ئاخىرقى ئىككى دائىرەگە پەقەت ئەرەب شېئىرىيىتىگە خاس بولغان، پارس - تاجىك شېئىرىيىتىدە ئىشلىتىلمەيدىغان بەش بەھرنىڭ سالىم شەكلى كىرگۈزۈلگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئەرەب شېئىرىيىتىگە خاس ئىكەنلىكى توغرىسىدىمۇ قىسقىچە چۈشەنچە بېرىلگەن.

نەۋايىنىڭ بەھرلەردىن دائىرە تۈزۈشتىكى ئىجادچانلىقى ئۇ تۈزگەن بەشىنچى دائىرە «مۇجتەمىئە» دە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. بۇ دائىرە نەۋايىدىن بۇرۇن شۇ شەكىلدە تۈزۈلۈپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئاپتور ئۇنىڭدىن خەۋەرسىز قالغان. شۇڭا، بۇ جەھەتتە نەۋايىنى مەلۇم مەنىدىن ئىجادچانلىق كۆرسەتكەن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. نەۋايى تۈزگەن باشقا دائىرەلەردە چاغاتاي تىلىدا شېئىرىي مىسرالار سەپلىگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئارۇزچىلار تۈزگەن دائىرەلەرنى تۈركىي تىلىدا چۈشەندۈرۈشنى ئاساس قىلغان. شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىشكە توغرا كېلىدۇكى، بىر دائىرەگە كىرگۈزۈلگەن بىر نەچچە بەھرنى تەڭ ھاسىل قىلىشقا بولىدىغان شېئىرىي مىسرالارنى تۈزۈشنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل ماھارەت بولۇپ، نەۋايى بۇ ئىشنى ناھايىتى ياخشى ئورۇنلىيالىغان. دائىرەلەرنىڭ رەت تەرتىپىدە پارس-تاجىك نەزەرىيەچىلىرىنىڭ دائىرە تەرتىپى ئاساسەن رىئايە قىلىنغان . دائىرەلەرگە بېرىلگەن ئىزاھلار ناھايىتى ئىخچام. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، دائىرەلەردە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ۋەزنى ۋە ئۇلارنى دائىرە شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئائىت بىر ئېغىز سۆزمۇ ئۇچرىمايدۇ.

زەھىرىددىن بابۇرنىڭ «مۇختەسەر» ىدە بەھرلەر توققۇز دائىرەدە ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. بىز بۇ بابنىڭ ھەجىم جەھەتتىن چوڭىيىپ كېتىشىدىن ساقلىنىپ، دائىرەلەرنىڭ ئەسلىي شەكلىنى كەلتۈرمەستىن، ئۇلارغا كىرگۈزۈلگەن بەھرلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىمىز.

«مۇختەسەر» دىكى بىرىنچى دائىرە «مۇتتەفىقە»



(بىرلەشكەن، ئۇيۇشقان) نامى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇتەقارىب ۋە مۇتەدارىك بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكىللىرى كىرگۈزۈلگەن. دائىرەدىكى شېئىرىي مىسرا «يۈزى / رەشكى خۇرشىدى ئەنۋەر بولۇپتۇر» نىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، «مىزانۇل - ئەۋزان» دا تۆتىنچى ئورۇندا قويۇلغان ئوخشاش نامدىكى دائىرە بىلەن ھېچقانداق پەرقى يوق. ئۇنىڭدىكى مىسرا يۇقىرىدىكى تەرتىپتە ئوقۇلسا، «فعولــن» تۆت قېتىم تەكرارلىنىدۇ. ئەگەر مىسرا بېشىدىكى «يۈزى» سۆزى مىسرا ئاخىرىغا ئېلىنسا، «فاعلن» تۆت قېتىم تەكرارلىنىدۇ. ئالدىنقىسى مۇتەقارىب ۋە كېيىنكىسى مۇتەدارىك بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلىدۇر.

«مۇختەسەر» دىكى ئىككىنچى دائىرە «مۇجتەلىبە» (جەلپ قىلارلىق، جەلپ قىلغۇچى) نامى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا رەجەز، رەمەل ۋە ھەزەجدىن ئىبارەت ئۈچ بەھر كىرگۈزۈلگەن. بۇ «مىزانۇل ئەۋزان» دىكى بىرىنچى دائىرە «مۇئتەلىفە» بىلەن تەركىبتە ئوخشاش، پەقەت نامى ۋە شېئىرىي مىسراسىلا پەرقلىنىدۇ. بابۇر بۇ دائىرەنىڭ نامىنى شەمس قەيس رازى بىلەن ئوخشاش قوللىنىدۇ. ئۇنىڭدىكى مىسرا «كۆپ / قىلمە ئېيمەھۋەش جەفا، سېنىدىن دۇرۇر ناخۇش / جەفا» تەرتىپىدە ئوقۇلسا، «مستفعلن» تۆت قېتىم تەكرارلىنىدۇ. بۇ رەجەز بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلىدۇر. مىسرا ئالدىدىكى «كۆپ» سۆزى ئەگەر مىسرا كەينىگە ئېلىنسا، «فاعلاتن» تۆت قېتىم تەكرارلىنىدۇ. بۇ رەمەل بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلى بولىدۇ. ئەگەر يۇقىرىدىكى مىسرانىڭ ئاخىرىدىكى «جەفا» سۆزى مىسرا ئالدىغا

ئېلىنىپ ئوقۇلسا، «مفاعيلن» تۆت قېتىم تەكرارلىنىدۇ ۋە بۇ ھەزەج بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلىدۇر.

«مۇختەسەر» دىكى ئۈچىنچى دائىرە «مۇجتەلىبەيى مۇزاھەفە» (زىھافلىق مۇجتەلىبە) دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا يۇقىرىدىكى ئۈچ بەھرىنىڭ زىھافلىق شەكىللىرى كىرگۈزۈلگەن. نەۋايى بۇ دائىرەنى ئىشلىمىگەن. بابۇر مەزكۇر دائىرەنى شەرھلەپ: «بەزى بۇ ئۈچ بەھر (مۇجتەلىبە دائىرەسىدىكى ئۈچ سالىم بەھر كۆزدە تۇتۇلىدۇ) نىڭ مۇزاھەفىغە ھەم بىر دائىرە قويۇپتۇرلار، ھەزەجى مەكفۇف، رەجەزى مەتۋى، رەمەلى مەخبۇن بولغاي»[1] دەپ يازىدۇ. بۇ سۆزدە ئېيتىلغان «بەزى» لەرنىڭ بىرى دەل بابۇر دائىم تىلغا ئالىدىغان ناسىرۇددىن تۇسى بولۇپ، ئۇ پارس-تاجىك شېئىرىيىتىدە يۇقىرىدىكى بەھرلەرنىڭ سالىم شەكلىگە قارىغاندا، زىھافلىق شەكىللىرىدە شېئىرنىڭ كۆپرەك يېزىلىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، «مېيارۇل-ئەشئار» دا ئۇلارنىڭ زىھافلىق شەكىللىرى ئۈچۈن مەخسۇس بىر دائىرە تۈزىدۇ ۋە ئۇنى «مۇجتەلىبەيى زايىدەيى مۇزاھەفە» نامى بىلەن ئاتايدۇ. ناسىرۇددىن تۇسى بۇ توغرۇلۇق مۇنداق چۈشەنچە بېرىدۇ: «ۋە بۇ بەھرلەر ھەزەجى مەكفۇف، رەجەزى مەتۋى ۋە رەمەلى مەخبۇن دەپ ئاتىلىدۇ ۋە ئۇلار يۇقىرىدىكى قىياستا (يەنى بۇ بەھرلەرنىڭ سالىم شەكىللىرىدىن تۈزۈلگەن دائىرە كۆزدە تۇتۇلىدۇ) دائىرەگە قويۇلۇپ، ‹مۇجتەلىبەيى زايىدەيى مۇزاھەفە› دەپ ئاتىلىدۇ»[2] . بابۇر ناسىرۇددىن تۇسىنىڭ بۇ دائىرەگە ئىشلىگەن شېئىرىي مىسراسى «مرا كس ندهد داد / مراكس

---

① زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «مۇختەسەر»، تاشكەنت، 1971-يىلى نەشرى، 25-بەت.

② ناسىرۇددىن تۇسى: «مېيارۇل-ئەشئار»، دۈشەنبە، 1992-يىلى نەشرى، 35-بەت.



نكند شاد» نى چاغاتايچە «مېنى كىم كۆرەدۇر يار / مېنى كىم سۆرەدۇر يار» غا ئۆزگەرتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلاردا ھېچقانداق پەرق يوق. ئۇلارنى بەھرلەر بويىچە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ باقساق بۇ نۇقتا تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ:

1) **ھەزەجى مەكفۇف:**

مرا كس نه / دهد داد / مراكس نه / كند شاد / (تۇسى)
مېنى كىم كۆ/رە دۇر يار/مېنى كىم سۆ/رەدۇر يار/ (بابۇر)
مفاعيلُ / مفاعيلُ / مفاعيلُ / مفاعيلُ /
/ V_ _V/V_ _V / V_ _V/V_ _V

2) **رەجەزى مەتۋى:**

كس نه دهد / داد مرا /كس نه كند / شاد مرا / (تۇسى)
كىم كۆرە دۇر/ يار مېنى/ كىم سۆرەدۇر/ يار مېنى/ (بابۇر)
مفتعلن / مفتعلن / مفتعلن / مفتعلن /
/_V V_/_V V_/_V V_/_V V_

3) **رەمەلى مەخبۇن:**

نه دهد دا/د مراكس / نه كند شا/د مرا كس / (تۇسى)
كۆرە دۇر يا/رمېنى كىم/ سۆرەدۇر يا/ر مېنى كىم/ (بابۇر)
فعلاتن / فعلاتن / فعلاتن / فعلاتن /
/_ _VV /_ _VV/ _ _VV/_ _VV

كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، بابۇر تۈزگەن «مۇجتەلىبەيى مۇزاھەفە» دائىرەسى بىلەن ناسىرۇددىن تۇسى تۈزگەن «مۇجتەلىبەيى زايىدەيى مۇزاھەفە» دائىرەسىدە شېئىرىي مىسرالارنىڭ ئىككى تىلدا بولۇشىدىن باشقا ھېچقانداق پەرق كۆرۈلمەيدۇ.

«مۇختەسەر» دىكى تۆتىنچى دائىرە «مۇجتەلىبەيى مۇختەرىئە» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەزەج ۋە رەمەلدىن ئىبارەت ئىككى بەھرنىڭ زىھافلىق شەكلى كىرگۈزۈلگەن. بابۇر ئۆزى ئىختىرا قىلغان بۇ دائىرەنى شەرھلەپ: «ھەزەجى مەقبۇز بىلە رەمەلى مەكفۇفتىن يەنە

بىر دائىرە مۇمكىندۇر. ھەزەج ‹مفاعلن›، تۆرت قەتلە. رەمەل ‹فاعلاتُ›، تۆرت قەتلە، مىسرەئىكىم دائىرەدە بىتىلىب، بۇ ئىككى ۋەزىن ئاندىن ئوقۇلغەي، بۇدۇر. ھەزەجى مەقبۇز ۋەزىن: ‹مېنىڭچە كىم قىلۇر ۋەفا، مېنىڭچە كىم چېكەر جەفا›»[①]. بۇ مىسرا «مفاعلن» تۆت قېتىم تەكرارلانغانغا تەڭ بولۇپ، ھەزەج بەھرىنىڭ مەقبۇز شەكلىدۇر. ئەگەر مىسرا بېشىدىكى «مېنىڭچە» سۆزى مىسرا ئاخىرىغا يۆتكەلسە، ئۇ «فاعلاتُ» رۇكنى تۆت قېتىم تەكرارلانغانغا تەڭ بولىدۇ. بۇ رەمەل بەھرىنىڭ مەكفۇف شەكلىدۇر. بابۇر ئۆزى ئىجاد قىلغان بۇ دائىرەنىڭ «مۇختەسەر» دىكى شەكلى تۆۋەندىكىچە:




① زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «مۇختەسەر»، تاشكەنت، 1971 - يىلى نەشرى، 26 - بەت.



بابۇر تۇزگەن يۇقىرىدىكى دائىرە ئارۇز ئىلمى تارىخىدىكى دائىرە تۈزۈش ئەنئەنىسىدىن قارىغاندا ھەر جەھەتتىن مۇكەممەل تۈزۈلگەن بولۇپ، ئاپتورنىڭ ئىجادچانلىقىنى، ئىنچىكە پىكىرلىكىنى تولۇق نامايان قىلالايدۇ.

«مۇختەسەر» دىكى بەشىنچى دائىرە «مۇئتەلىفە» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇ ۋافىر ۋە كامىلدىن ئىبارەت ئىككى بەھردىن تۈزۈلگەن. بۇ «مىزانۇل - ئەۋزان» دىكى «مۇختەلىتە» دائىرەسى بىلەن نامى ۋە شېئىرىي مىسراسىلا (نەۋايىنىڭ ‹بەلا بارىشىڭ، ئەلەم تۇرۇشۇڭ، جەفا قىلىشىڭ، سىتەم باقىشىڭ› بابۇرنىڭكىدە ‹مەنگە سەنەما جەفا قىلەسەن ۋەفا قىلە كۇر› غا ئالماشتۇرۇلغان) ئوخشىمايدۇ. باشقا جەھەتتىن ھېچقانداق پەرق يوق. ئۇنىڭدىكى مىسرا يۇقىرىدىكى تەرتىپتە ئوقۇلسا، «مفاعلتن» تۆت قېتىم تەكرارلانغانغا باراۋەر بولۇپ، ئۇ ۋافىر بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلىدۇر. ئەگەر مىسرا بېشىدىكى «مەنگە» سۆزى مىسرا ئاخىرىغا ئېلىنسا، ئۇ «متفاعلن» تۆت قېتىم تەكرارلانغانغا تەڭ بولىدۇ ۋە بۇ كامىل بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلىدۇ.

«مۇختەسەر» دىكى ئالتىنچى دائىرە «مۇختەلىفە» نامى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا بەسىت، ئەمىق، تەۋىل، مەدىد ۋە ئەرىزدىن ئىبارەت بەش بەھر كىرگۈزۈلگەن. بۇ دائىرە ئەمىق ۋە ئەرىزدىن ئىبارەت ئىككى بەھرنىڭ قوشۇلغانلىقىنى ھېسابلىمىغاندا نەۋايى تۈزگەن «مۇشتەبىھە» دائىرەسىدىن پەرقلەنمەيدۇ. بىز ئەمىق ۋە ئەرىز بەھرلىرىنى پارس - تاجىك ئارۇزچىلىرىنىڭ خەلىل ئىبنى ئەھمەد تۈزگەن «مۇختەلىفە» دائىرەسىدىن ھاسىل قىلغانلىقىنى ۋە بۇ ئىككى بەھر ئۆزىگە تەۋە بولغان

رۇكىنغا ئىگە بولمىغانلىقى سەۋەبلىك كېيىن ئومۇمنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىگەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتكەندۇق. ئەمما، بابۇر يەنىلا ئۇلارنى دائىرەگە كىرگۈزگەن. بۇ دائىرەدىكى تەۋىل، مەدىد ۋە بەسىت بەھرلىرى پارس-تاجىك شېئىرىيىتىدە قوللىنىلمايدۇ. ئەمىق ۋە ئەرىز بەھرلىرى بولسا ئەكسىچە ئەرەب شېئىرىيىتىدە قوللىنىلمايدۇ. بۇ نۇقتىنى بابۇرنىڭ ئۆزىمۇ ئەسكەرتىپ: «بۇ ۋەزىندە تازى (ئەرەبچە) شېئىر تاپمەيدۇرلەر»[1] دەپ يازىدۇ. دائىرە تۈزۈلۈش جەھەتتىن ناسىرۇددىن تۇسىنىڭ شۇ نامدىكى دائىرەسىدىن قىلچە پەرقلەنمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭدىكى شېئىري مىسرا: «اي مه به من درنگر گه گه به من در گذر» بابۇرنىڭكىدە «سېن كېل مەنگە قىل نەزەر، سېن كېل مەنگە قىل گۇزەر» گە ئالماشتۇرۇلغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ ئىككى مىسرا ئوخشاش دېگۈدەك مەنىدە بولۇپ، ئۇلاردىن بەھرلەر تۆۋەندىكى تەرزدە ھاسىل بولىدۇ:

1) **بەسىت بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىكى:**

اي مه به من/ برنگر /گه گه به من/ در گذر/ (تۇسى)
سېن كېل مەنگە/قىل نەزەر/ سېن كېل مەنگە/قىل گۇزەر/ (بابۇر)
مستفعلن/ فاعلن/ مستفعلن/ فاعلن/
— — V — / — V — / — — V — / — V — /

2) **ئەمىق بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىكى:**

مه به من/ درنگر گه/ گه به من/ بر گذر اي/[2] (تۇسى)
كېل مەنگە/قىل نەزەر سېن/ كېل مەنگە/قىل گۇزەر سېن/ (بابۇر)

[1] زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «مۇختەسەر»، تاشكەنت، 1971-يىلى نەشرى، 27-بەت.
[2] ناسىرۇددىن تۇسى «ئەمىق» بەھرىگە مىسال كەلتۈرمىگەن. ئەمما، ئۇنى يۇقىرىدىكىدەك شەكىلدە مىسال بىلەن كۆرسىتىشكە بولىدۇ.



فاعلن/ فاعلاتن/ فاعلن/ فاعلاتن/
— V — / — — V — / — V — / — — V — /

3) **تەۋىل بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىكى:**

به من در/نگر گه گه/ به من بر/ گذر اي مه/ (تۇسى)
مەنگە قىل/ نەزەر سېن كېل/ مەنگە قىل/ گۇزەر سېن كېل/ (بابۇر)
فعولن/ مفاعيلن/ فعولن/ مفاعيلن/
— — V / — — — V / — — V / — — — V /

4) **مەدىد بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىكى:**

بر گذر اي/ مه به من/ درنگر گه/ گه به من/ (تۇسى)
قىل گۇزەر سېن/ كېل مەنگە/قىل نەزەر سېن/كېل مەنگە/ (بابۇر)
فاعلاتن/ فاعلن/ فاعلاتن/ فاعلن/
— V — — / — V — / — V — — / — V — /

5) **ئەرىز بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىكى:**

گذر اي مه/ به من در/نگر گه گه/ به من بر/ (تۇسى)
گۇزەر سېن كېل/مەنگەقىل/ نەزەر سېن كېل/ مەنگە قىل/ (بابۇر)
مفاعيلن/ فعولن/ مفاعيلن/ فعولن/
— — — V / — — V / — — — V / — — V /

بۇ ئىككى دائىرەنىڭ مۇناسىۋىتى توغرۇلۇق ئارتۇقچە ھېچقانداق چۈشەندۈرۈشنىڭ لازىمى بولمىسا كېرەك.

«مۇختەسەر» دىكى يەتتىنچى دائىرە «مۇشتەبىھە» دەپ ئاتالغان ۋە ئۇنىڭغا مۇنسەرىھ، مۇزارىئ، مۇقتەزەب ۋە مۇجتەسسىن ئىبارەت تۆت بەھر كىرگۈزۈلگەن. ئۇ شەمس قەيس رازى ۋە نەۋايى ئەسەرلىرىدىكى «مۇختەلىفە» نامى بىلەن ئاتالغان دائىرەلەر بىلەن تامامەن ئوخشاش بولۇپ، پەقەت نامى ۋە شېئىري مىسراسىلا ئالماشتۇرۇلغان. بابۇر بۇ دائىرەگە ئىشلىگەن مىسرا «ھۆسن سەنگە بار زەرىف، تەبئ سەنگە بار لەتىف» تىن ئىبارەت بولۇپ، شۇ شەكىلدە ئۇ «فاعلاتُ مفتعلن» نىڭ ئىككى نۆۋەت تەكرارىغا تەڭ

كېلىدۇ. بۇ مۇنسەرىھ بەھرىنىڭ مەتۋى شەكلىدۇر. يۇقىرىدىكى مىسرادىكى «ھۆسن» سۆزى مىسرا ئاخىرىغا يۆتكەلسە، «مفاعيلُ فاعلاتُ» ئىككى قېتىم تەكرارلىنىدۇ. بۇ مۇزارىئ بەھرىنىڭ مەكفۇف شەكلىدۇر. مىسرا ئەگەر «بار زەرىف تەب» دېگەن سۆزدىن باشلاپ ئوقۇلسا، «فاعلاتُ مفتعلن» ئىككى قېتىم تەكرارلىنىپ، مۇقتەزەب بەھرىنىڭ مەتۋى شەكلى ھاسىل بولىدۇ[①]. مىسرا «زەرىف تەب» سۆزىدىن باشلاپ ئوقۇلسا، «مفاعلن فعلاتن» ئىككى قېتىم تەكرارلانغانغا تەڭ بولۇپ، بۇ مۇجتەس بەھرىنىڭ مەخبۇن شەكلى بولىدۇ.

«مۇختەسەر» دىكى سەككىزىنچى دائىرە «مۇنتەزىئە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭغا سەرىئ، جەدىد، قەرىب، خەفىف ۋە مۇشاكىلدىن ئىبارەت بەش بەھرىنىڭ زىھافلىق شەكلى كىرگۈزۈلگەن. بۇ دائىرە شەمس قەيس رازى ۋە نەۋايىنىڭ شۇ ناملىق دائىرەلىرىدىن تامامەن پەرقلەنمەيدۇ. شۇڭا، ئۇنى تەپسىلىي شەرھلەشمۇ ھاجەتسىز.

«مۇختەسەر» دىكى توققۇزىنچى دائىرە «مۇشتەبىھەيى سالىم» دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ دائىرەمۇ ناسىرۇددىن تۇسى تۈزگەن «مۇشتەبىھە» ۋە نەۋايى تۈزگەن «مۇجتەمىئە» دائىرەسىدىن پەرقلەنمەيدۇ. ئۇنىڭغا ئاپتور پەقەت ئالدىدىكى سۆزنى كەينىگە يۆتكەش ئۇسۇلىدا دائىرەدىكى بارلىق بەھرلەرنى ھاسىل قىلىشقا بولىدىغان

① بىز پايدىلانغان بابۇرنىڭ «مۇختەسەر» ىدىكى «مۇشتەبىھە» چەمبىرىدە مۇنسەرىھ بەھرىنىڭ مەتۋىي شەكلى بىلەن مۇقتەزەب بەھرىنىڭ مەتۋىي شەكلىگە كەلتۈرۈلگەن مىساللارنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالغان. بۇنىڭدا زىھافلىق رۇكنلار تەرتىپىدىمۇ مەلۇم خاتالىقلار مەۋجۇت. بىز ئۇنىڭ ئەسلىنى ساقلىدۇق.



«كېل كېل يىگىت بىر بىر ئاياق سەن تۇت بىزگە» (سەرىئ بەھرىدىن باشلانغاندا) دېگەن مىسرانى يېڭىدىن سەپلىگەن.

زەھىرىددىن بابۇر تۈزگەن توققۇز دائىرەگە جەمئىي ئوتتۇز بەش بەھر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن يىگىرمە بىرى سالىم ۋە ئون تۆتى زىھافلىق بەھرلەردۇر. مەلۇمكى، ئارۇز تارىخىدا دائىرە شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بەھرلەرنىڭ ھەممىسى بابۇر تۈزگەن دائىرەلەرنىڭ سىرتىدا قالمىغان. بابۇر ئىككى زىھافلىق بەھردىن تۈزۈلۈپ، «مۇجتەلىبەيى مۇختەرىئە» نامى بىلەن ئاتالغان يېڭى بىر دائىرەنىڭ ئىجادچىسىدۇر. ئارۇز ئىلمى تارىخىدىكى دائىرە تۈزۈش ئەنئەنىسىدىن قارىغاندا، «مۇجتەلىبەيى مۇختەرىئە» دائىرەسى ھەر جەھەتتىن مۇكەممەل تۈزۈلگەن بولۇپ، ئاپتورنىڭ ئىجادچانلىقىنى تولۇق نامايان قىلالايدۇ. ھەر قايسى دائىرەلەرگە تەۋە بەھرلەر ۋە ئۇلارنىڭ زىھافلىق شەكىللىرى نەۋايىنىڭ ئەسىرىدىكىگە قارىغاندا خېلىلا تەپسىلىي شەرھلىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ نامىدىمۇ ئادەتتە خاتالىق كۆرۈلمەيدۇ. تەكرار ئېيتقىنىمىزدەك، بابۇر ئارۇز قائىدىلىرىنى ھەرقايسى تىللاردىكى شېئىرىيەت ئۈچۈن ئورتاق دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، دائىرەنىڭ تەرتىپىدىمۇ ئۇ نەۋايىغا ئوخشىمىغان ھالدا كۆپرەك ئەرەب ئارۇزچىلىرىنىڭ دائىرە تەرتىپلىرىگە رىئايە قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، ئاپتور دائىرەگە كىرگۈزۈلگەن بەھرلەرنىڭ شەرھلىرىدىمۇ ئۇلارنىڭ مىللىي شېئىرىيەت، بولۇپمۇ تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالى توغرىسىدا ھېچقانداق پىكىر بايان قىلمايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، مەيلى نەۋايى ياكى بابۇر بولسۇن دائىرە تەلىماتلىرىدا ھەم بەھرلەر نۇقتىسىدىن تۈركىي

تىللىق شېئىرىيەتنىڭ خاسلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن. ئۇلارنىڭ بەھر ۋە دائىرەگە ئائىت بايانلىرىدا ئەرەب ۋە پارس - تاجىك ئارۇزچىلىقىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تۈركىي تىلىدا شەرھلەش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بىز نەۋايى ۋە بابۇرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى كونكرېت مەزمۇنلار بىلەن تەپسىلىي تونۇشقىنىمىزدا ئۇممەت تويچىيېفنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنىڭ ھەقىقەتەن دۇرۇسلۇقىنى ھېس قىلماي قالمايمىز: «نەۋايى ۋە بابۇر ئۆز رىسالىلىرىدىكى ئاساسىنى ئەرەب ۋە پارس - تاجىك مەنبەلىرىدىن ئالغان، ئۇلارنى ياراتمىغان. چۈنكى، ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئارۇزغا سىخولەستىك (ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ھالدا) ياندىشىش ئۇلارغا بۇ دائىرەنى يېرىپ چىقىشقا ئىمكان بەرمىگەنىدى»①.

① ئۇممەت تويچىيېف: «ئۆزبېك پوئېزىيەسىدە ئارۇز سىستېمىسى»، تاشكەنت، 1985 - يىلى نەشرى، 74 - بەت.



## ئونىنچى باب

# تۈركىي تىللىق ئارۇزدا تەقتىئ قائىدىلىرى

تەقتىئ ئارۇزنىڭ مىللىي خۇسۇسىيىتىنى ئەڭ تولۇق نامايان قىلىدىغان مۇھىم بىر تەرىپى. ئارۇزدىكى نۇرغۇن قائىدىلەر ئەرەب، پارس - تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەت ئۈچۈن ئورتاق ھېسابلانسىمۇ، لېكىن، تىل ئېتىبارى بىلەن ئۇلاردىكى تەقتىئ قائىدىلىرى نەزەرىيە جەھەتتىكى قىسمەن ئوخشاشلىقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىر - بىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ئارۇز ئىلمىنىڭ تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قىلچە تۇغقاندارچىلىقى بولمىغان ئۈچ چوڭ تىلدىكى شېئىرىيەتتە پەرقلىنىدىغان ئاساسىي تەرىپىمۇ دەل تەقتىئ مەسىلىسىدە ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. نەۋايى ۋە بابۇرمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئارۇز ئىلمىنىڭ باشقا بۆلەكلىرىگە قارىغاندا تەقتىئگە ئائىت مەسىلىلەردە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس تەرەپلىرىنى ئېنىقراق گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشقان. بولۇپمۇ بابۇر تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتنىڭ تەقتىئ قائىدىلىرىنى ئەرەب ۋە پارس تىللىق شېئىرىيەتتىكى تەقتىئ قائىدىلىرىگە سېلىشتۇرغان ھالدا نىسبەتەن تەپسىلىيرەك شەرھلەشكە تىرىشىدۇ.

نەۋايىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، «تەقتىئ ئىبارەت ئەندىندۇركىم، بەيت ئەلفازىنى بىر - بىرىدىن ئەيىرغەيلەر»①. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، تەقتىئ — مىسرادىكى

① «نەۋايى ئەسەرلىرى» («مىزانۇل - ئەۋزان»)، 14 - توم، 150 - بەت.

سۆزلەرنى ئارۇزدا بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەملەر ئاساسىدا بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىنى ئايرىش ئارقىلىق شېئىر ۋەزنىنى ئېنىقلاش دېمەكتۇر. تەقتىئ يېزىق، ئىملا ۋە تەلەپپۇز بىلەن بىۋاستە باغلىقتۇر. ئارۇز ئىلمىدە ۋەزىن ئۆرنەكلىرى يەنى قېلىپ ھەرقايسى تىلدىكى شېئىرىيەت ئۈچۈن ئورتاق بولسىمۇ، لېكىن تىللارنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ۋە سۆزلەرنى يېزىقتا ئىپادىلەش قائىدىلىرى ئوخشىمىغاچقا، ئۇلارنى قېلىپقا سېلىش ئۇسۇللىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. تەقتىئ قائىدىلىرى تىلنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئۇنىڭ يېزىقتا ئەكس ئېتىشىگە ئاساسلىنىدۇ. ئارۇز ئىلمى تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە قوللىنىلغاندىن بۇيان، تۈركىي تىللىرى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە يولۇقتى، يېزىق ۋە ئىملادىمۇ ئاز بولمىغان ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلدى. نەتىجىدە، تۇنجى قېتىم ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان يىرىك ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تىلى بۈگۈنكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ئاسانلىقچە چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر تىل بولۇپ قالدى. تىلدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر لېكسىكا ۋە گىراماتىكا جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى فونېتىكا جەھەتتىنمۇ خېلى زور بولۇپ، بۇ ھال تۈركىي تىللىق ئارۇزدا تەقتىئ قائىدىلىرىنىڭ ئەرەب ۋە پارس تىللىق ئارۇزغا قارىغاندا خېلىلا قىيىن ئىكەنلىكىنى، ئاسانلىقچە تۇراقلىق بىر قائىدىگە سالغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈركىي تىللىق ئىملادا بىرلىككە كەلمىگەن، تۇراقلاشمىغان قائىدىلەرمۇ كۆپ، يېزىق بىلەن تەلەپپۇز ئوتتۇرىسىدا خېلى زور پەرقمۇ مەۋجۇت. ئىملادىكى بۇنداق تەرتىپسىزلىك تارىختىمۇ تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتنىڭ تەقتىئ قائىدىلىرىنىڭ



قېلىپلىشىشىغا تولۇق ئىمكان بەرمىگەن. بۇنىڭدا ئۇزۇن مەزگىللەرگىچە ئەرەب ۋە پارس تىللىق شېئىرىيەتنىڭ تەقتىئ قائىدىلىرى ئاساسىدا ھەر كىم ئۆزىنىڭ شەخسىي ماھارىتىگە تايىنىش مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. بىزمۇ تەقتىئ قائىدىلىرىنى شەرھلەشتە تۈركىي تىللىرىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى چىقىش قىلغان ئاساستا ئەنئەنە بولۇپ قالغان ئاشۇ تەجرىبىلەرگىمۇ تايانماي تۇرالمايمىز.

قەدىمكى تۈركىي تىللىرىنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكلىرى ئېلىمىزدە تېخى تولۇق تەتقىق قىلىنمىغان بىر ساھەدۇر. ئالىملار قىسمەن ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بوغۇملارنى قەدىمكى تۈركىي تىللىرىغا خاس ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئۈچ ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بوغۇملار تۈركىي تىللىرىدا تېخىمۇ ئۇچرىمايدۇ. ئەمما، 10-ئەسىردىن كېيىنكى، بولۇپمۇ چاغاتاي دەۋرىدىكى تۈركىي تىللىرىدا ئەرەب ۋە پارس سۆزلۈكلىرىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن تۈركىي تىللىرىنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈشىدىمۇ مەلۇم ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلىدۇ. رۇس شەرقشۇناسى ئى. ۋ. ستېبلېۋا خانىمنىڭ قارىشىچە: «ئارۇزنى تۈركىي تىلىغا تەتبىق ئېتىشتە تۆت ئامىل مۇھىم رول ئوينىغان. بۇ ئامىللار تۈركىي تىللىرىغا دەسلەپ ئارۇز ئاساسلانغان ئەرەب يېزىقىنىڭ كىرىپ كېلىشى، سۆزلەرنى تۈرلۈك شەكىلدە يېزىش (مەسىلەن: مەلۇم ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشنى ھەرپ بىلەنمۇ، بەلگە بىلەنمۇ ئىپادىلەۋېرىش)، ئوچۇق بوغۇمنىڭ گاھ ئۇزۇن ۋە گاھ قىسقا بوغۇم ھېسابىغا ئۆتۈشى، ئەرەب، پارس لېكسىكىلىرىدىن كەڭرى پايدىلىنىش قاتارلىقلاردىن

ئىبارەت»①. يۇقىرىدىكى ئامىللار تىل بىلەن ئالا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ ھەر بىر دەۋردە يېڭىلىنىپ تۇرغان. مەسىلەن: ئوخشاش بىر سۆزنىڭ، مەيلى ئۇ تۈركىي تىللىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ياكى ئەرەب، پارس تىلىغا خاس سۆز بولسۇن، ئوتتۇرا ئەسىردىكى تەلەپپۇزى بىلەن ھازىرقى تەلەپپۇزىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە پەرق مەۋجۇت. سۆزلەرنى يېزىقتا ئىپادىلەش قائىدىلىرىمۇ ئۆزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىنغاچقا، بۇنداق پەرقلەر تەلەپپۇزدىلا ئەمەس، بەلكى سۆزلەرنى يېزىقتا ئىپادىلەشتىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت. بۇ ھال ئارۇزدىكى تەقتىئىدە ناھايىتى چوڭ قىيىنچىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، مەيلى سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى ياكى ئۇلارنىڭ يېزىقتا ئىپادىلىنىشى جەھەتتىن بولسۇن، تۈركىي تىللىق ئارۇزدا كىلاسسىك شېئىرىيەت بىلەن ھازىرقى شېئىرىيەت ئۈچۈن ئوخشاش بولغان تەقتىئ قائىدىسى بېكىتكىلى بولمايدۇ ۋە ھەر بىرسىگە تىل ۋە يېزىقنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلغان ھالدا مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

سۆزلەردىكى تەلەپپۇز پەرقىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بوغۇم تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىدىن ئېيتقاندا، مەيلى ئوتتۇرا ئەسىر ياكى ھازىرقى تۈركىي تىللىرىدا بولسۇن ئورتاقلىق مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ ئالتە خىل بوغۇم شەكلىنى ئاساس قىلىدۇ. تۈزۈلۈش شەكىللىرى تۆۋەندىكىچە:

1) a شەكلى يەنى تۈركىي تىللىرىدا بىرلا سوزۇق تاۋۇش بىر بوغۇم بولالايدۇ: ئا لەم.

① ئۆمەت تويچىيېف: «ئۆزبېك پوئېزىيەسىدە ئارۇز سىستېمىسى»، تاشكەنت. 1985-يىلى نەشرى، 95-بەت.



2) ba شەكلى يەنى بىر ئۈزۈك ۋە بىر سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم: ئىز.

3) ab شەكلى يەنى بىر سوزۇق ۋە بىر ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم: قا/را.

4) bba شەكلى يەنى بىر سوزۇق ۋە ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلىدىغان بوغۇم: ئاست، ئۈست.

5) bab شەكلى يەنى بىر ئۈزۈك، بىر سوزۇق ۋە يەنە بىر ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم: كۆز.

6) bbab شەكلى يەنى بىر ئۈزۈك، بىر سوزۇق، يەنە ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇملار: خەلق، دوست.

يۇقىرىدىكىلەر بوغۇملارنىڭ تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تۈرلەرگە ئايرىلىشىدۇر. ئارۇز ئىلمىدە بولسا ئۇلارنىڭ يۇقىرىدىكىدەك شەكلى مۇھىم رول ئوينىمايدۇ. مۇھىمى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۇزۇن- قىسقىلىقى بىلەن ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ بوغۇمدىكى سانىدۇر. تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن بىر بوغۇم دەپ قارىلىدىغان سۆز ئارۇز ئىلمى ئۆلچىمى بويىچە بىر يېرىم (بىر ئۇزۇن، بىر قىسقا) بوغۇممۇ بولالىشى مۇمكىن. مەسىلەن: «خەلق» سۆزى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن بىر بوغۇمدۇر. ئەمما، ئارۇز ئۆلچەملىرىدە بۇ سۆز بىر يېرىم بوغۇمغا تەڭمۇ بولىۋېرىدۇ. ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى «ق» ھەرپى يېرىم بوغۇم ھېسابلىنىدۇ. تۈركىي تىللىق ئارۇزدا تەكىبىدە «آ، اى، او – ئا، ئى، ئۇ، (ئۈ)» تاۋۇشلىرى بولغان بوغۇملارنىڭ ئۇچۇق ياكى يېپىقلىقى شۇنداقلا بۇ ھەرپلەرنىڭ ھەرپى ئىللە ياكى ھەرىكە ئورنىدا كەلگەنلىكىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، تەقتىئنى بىلىش ۋە شېئىر ۋەزنىنى توغرا ئايرىش ئۈچۈن بوغۇملارنى ئارۇز نۇقتىسىدىن چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

تۆركىي تىللىرىدا سوزۇق تاۋۇشلار ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىكىدەك ئۇزۇن ۋە قىسقىغا بۆلۈنمەيدۇ. ئەمما، ئارۇزدىكى تەقتىئ قائىدىلىرى ئەرەب ۋە پارس تىللىق شېئىرىيەتتە يېزىقنى ئاساس قىلغاچقا ۋە ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار يېزىقتا ئايرىم ھەرپ بىلەن ۋە قىسقا سوزۇق تاۋۇشلار ھەرىكە (بەلگىلەر) بىلەن ئىپادىلەنگەچكە، تۆركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى تەقتىئدىمۇ بۇ قائىدىگە مەلۇم دەرىجىدە تايانماي بولمايدۇ. نەۋايىمۇ «تەقتىئنى چۈشەندۈرۈشتە ئەرەب ۋە پارس ـ تاجىك ئارۇزشۇناسلىرى ئىزىدىن مېڭىپ، ئەرەب يېزىقىغا تايىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ تەلەپپۇزنى ھەم ھېسابقا ئالىدۇ»①. تۆركىي تىللىق كىلاسسىكلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىسىگە قارىغاندا، ئۇلار بۇ ئىشتا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىنى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەرەب ۋە پارس تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن بولغان تەلەپپۇز جەھەتتىكى يېقىنلىقىنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلىشقان. مەسىلەن: پارس تىلىدىكى «آ» ھەرپى ئىپادىلەيدىغان تاۋۇش ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، چاغاتاي تىلىدا بۇ ھەرپ (بەلگە) ئىپادىلىگەن تاۋۇش (ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئا» ھەرپى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان تاۋۇش) ئۇزۇنمۇ ـ قىسقىمۇ ئەمەس. بۇ تاۋۇشنىڭ پارسچىدىكى بىلەن چاغاتايچىدىكى تەلەپپۇزى پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمىسىمۇ، لېكىن بىر ـ بىرىگە ناھايىتى يېقىن كېلىدۇ. تەركىبىدە «آ» تاۋۇشى بار بوغۇملار پارس تىللىق ئارۇزدا دائىم ئۇزۇن بوغۇم ھېسابلىنىدۇ. تۆركىي

① ئۇممەت تويچىيېف: «ئۆزبېك پوئېزىيەسىدە ئارۇز سىستېمىسى»، تاشكەنت، 1985 ـ يىلى نەشرى، 80 ـ بەت.



تىللىق كىلاسسىكلارمۇ تەركىبىدە «آ» تاۋۇشى بار بوغۇملارنى قىسمەنلىكنى ھېسابقا ئالمىغاندا (يەنى ئۇ ھەرىكە ئورنىغا كەلگەن ياكى ئوچۇق بوغۇم شەكلىنى ئالغان ۋاقتىنى نەزەردىن ساقىت قىلغاندا) ئۇزۇن بوغۇم ھېسابلاشقان. بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. كىلاسسىكلارنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن تۆركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى بوغۇم ئۆلچەملىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1) قەدىمكى ۋە چاغاتاي دەۋرىدىكى تۆركىي تىلىدا ھەرىكەلەر (ـَ، ـُ، ـِ) يالغۇز ياكى بىر ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن «دَ، دُ، دِ» شەكلىدە بىر بوغۇم تەشكىل قىلغاندا، بۇنداق بوغۇملارَ يېپىق شەكلىدە قىسقا ۋە ئوچۇق شەكلىدە بەزىدە قىسقا ۋە بەزىدە ئۇزۇن بوغۇم ھېسابلانغان. بۇ تەجرىبىگە ئاساسلانغاندا، بۈگۈنكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئە، ئو، ئې، ئۆ» تاۋۇشلىرى بىر ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن بىر بوغۇم بولۇپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ يېپىق بوغۇم شەكلىنى، قىسقا ۋە ئوچۇق بوغۇم شەكلىنى ئەھۋالغا قاراپ بەزىدە قىسقا ۋە بەزىدە ئۇزۇن بوغۇم دەپ قاراشقا بولىدۇ. كىلاسسىك شېئىرلارنى ھازىرقى يېزىقتا ئايلاندۇرغاندىمۇ بۇنداق قانۇنىيەتكە ئىلاج بار رىئايە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇندىلا شېئىرلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەزنىنى مەلۇم دەرىجىدە ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: نەۋايىنىڭ تۆۋەندىكى بىر بېيىتىنىڭ تەقتىئىسىدە بۇ خىلدىكى بوغۇملارنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى يۇقىرىدىكى قائىدە بويىچە ئايرىلغان:

يەنە سەن/سىزىن مۇ/نىسىم غەم/بولۇپتۇر/
كۆزۈمگە / يۇرەك قا /نى ھەمدەم / بولۇپتۇر/
فعولن / فعولن / فعولن / فعولن /

[1] /— — v / — — v / — — v / — — v

يۇقىرىدىكى بېيىتتا ئاستىغا سىزىق سىزىلغان بوغۇملار بىر ھەرىكە ۋە بىر ئۇزۇك تاۋۇشتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەممىسى ئوچۇق بوغۇملار ھېسابلىنىدۇ. بىرىنچى مىسرانىڭ بېشىدىكى «يەنە» سۆزى ئوخشاش شەكىلدىكى ئىككى بوغۇمدىن تەركىب تاپقان بولسىمۇ، لېكىن تەقتىئدە ئالدىنقى بوغۇمى قىسقا ۋە كېيىنكى بوغۇمى ئۇزۇن يەنى «فعو/ v —» گە تەڭ دەپ قارالغان. بىرىنچى مىسرادىكى «سىز» سۆزى «سىزىن» شەكلىدە ئۇزارتىلىپ، ئۇنىڭ تەركىبىدە ئەسلىدە بىرىنچى بوغۇمنىڭ بوغۇم ئاخىرى بولغان «ز» ھەرپى كېيىنكى بوغۇمنىڭ بوغۇم بېشى قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن «سىز» سۆزى «سى» شەكلىدە ئوچۇق بوغۇم ھالىتىگە كەلتۈرۈلۈپ، قىسقا بوغۇم ھېسابلانغان. ئىككىنچى مىسرادىكى «كۆ» ۋە «گە» بوغۇملىرىمۇ ئوخشاشلا بىر ئۇزۇك تاۋۇش ۋە بىر ھەرىكەدىن تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ھەر ئىككىسى ئوچۇق بوغۇم شەكلىدە بولغاچقا، ئالدىنقىسى قىسقا، كېيىنكىسى ئۇزۇن بوغۇم سانالغان. بۇنىڭدىن بىر ھەرىكە ۋە بىر ئۇزۇك تاۋۇشتىن تەركىب تاپقان بوغۇملارغا تەقتىئدە ئوچۇق ۋە يېپىق ھالىتىدە ئوخشىمىغان ئۆلچەمدە مۇئامىلە قىلىنىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس.

ئەسكەرتىپ قويۇشقا تېگىشلىكى شۇكى، تۈركىي تىللىرىنىڭ ئىملاسىدا بەزىدە ھەرىپى ئىللەمۇ ھەرىكەلەر ئورنىدا قوللىنىلىدىغان ئەھۋاللار ئۇچرايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنى يۇقىرىدىكى قائىدىگە سالغىلى بولمايدۇ.

[1] «نەۋايى ئەسەرلىرى» («مىزانۇل-ئەۋزان»)، تاشكەنت، 1967-يىلى نەشرى، 14-توم، 174-بەت.



مەسىلەن: «آتا» سۆزى «اتا» شەكلىدە، «آنا» سۆزى «انا» شەكلىدە، «آنداق» سۆزى «انداق» شەكلىدە يېزىلغان ئەھۋاللار ئۇچرايدۇ. بۇنداق بوغۇملارنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىنى ئايرىغاندا سۆز تەركىبىدىكى ھەرىكەلەرنىڭ ھەرىپى ئىللەنىڭ رولىنى ئوينايدىغانلىقى ياكى ۋەزىن ئېھتىياجى بىلەن قىسقارتىلىپ، ھەرىكە شەكلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىگە قاراشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر ئۇلار ھەقىقەتەن ھەرىكەلىك رولىغا ئىگە بولسا، تەقتىئدىمۇ ھەرىكەلەرنىڭ تەقتىئ قائىدىلىرى بويىچە يېپىق شەكلىنى قىسقا ۋە ئوچۇق شەكلىنى ئەھۋالغا قاراپ بەزىدە قىسقا، بەزىدە ئۇزۇن بوغۇم ھېسابلاشقا توغرا كېلىدۇ.ئوچۇق بوغۇملارنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى ئادەتتە ئىككىنچى مىسرادىكى شۇ بوغۇم بىلەن پاراللېل ئورۇندا تۇرغان بوغۇمنىڭ ئۇزۇن- قىسقىلىقىغا ياكى رۇكنىنىڭ بوغۇملار ئۆلچىمىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ.

2) تۈركىي تىللىرىنىڭ ئىملاسىدا، بولۇپمۇ بوغۇم ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرىدا يۇقىرىدىكى قائىدىگە ئوخشىمىغان ھالدا ھەرىپى ئىللەمۇ بەزىدە ھەرىكەنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان ئەھۋاللار خېلى ئومۇملاشقان. بۇ نۇقتىنى نەۋايىمۇ تەكىتلەپ: «يەنە تۈركچە ئەلفازدۇركىم، ئەندە ‹ئەلىف› ۋە ‹ۋاۋ› ۋە ‹يا› فەتھە، ۋە زەممە ۋە كەسرە ھەرىكەتى ئورنىغە بىتىلۇركى، بۇ ھىچ مەھەلدە ھەرف ھېسابىغە كىرمەس، بەلكى ھەرىكەت ئورنىغەدۇرۇر، مەگەر بەزى يېردەكىم، بەيتنىڭ ئاخىرىدە تۈشگەن ۋە ئەنى زەرۇرەتدىن قافىيە قىلمىش بولغەيلەر»[1] دەپ يازىدۇ. بۇ سۆزدىن شۇ نەرسە ئايانكى، ھەرىپى ئىللە ھەرىكەلەر ئورنىدا

[1] «نەۋايى ئەسەرلىرى» («مىزانۇل-ئەۋزان»)، 14-توم، 174-بەت.

ئىشلىتىلگەندە، ئۇلار بوغۇملارنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. بۇنداق بوغۇملارمۇ ئۇنىڭ تەكىبىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ سانى بىردىن ئارتۇق بولمىسىلا، يېپىق بوغۇملار قىسقا ۋە ئوچۇق بوغۇملار ئېھتىياجغا قاراپ بەزىدە ئۇزۇن ۋە بەزىدە قىسقا سانىلىدۇ. مەسىلەن: يُزينكا (يۇزىڭە)، اوىگا (ئۆيگە)، آيغا (ئايغە) دېگەن سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى ھەرپى گەرچە ھەرفى ئىللە «آ- ئا» بىلەن يېزىلغان بولسىمۇ، «اَ - ئە» گە ۋەكىللىك قىلىدۇ ۋە بۇنداق ھالەتتە ئۇ ئالدىدىكى ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن بىر ئوچۇق بوغۇم تەشكىل قىلغاچقا، تەقتىئدە گاھىدا قىسقا، گاھىدا ئۇزۇن بوغۇم ھېسابلىنىدۇ. شۇ جۈملىدىن ھەرەكە «ـُ يەنى ئو ياكى ئۆ» ھەرفى ئىللە «او» بىلەن، ھەرەكە «ـِ يەنى ئې» ھەرفى ئىللە «اى» بىلەن ئىپادىلەنگەن ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. بۇنداق بوغۇملاردا ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ سانى بىردىن ئارتۇق بولمىسا، ئۇلارنىڭ تەقتىئسىدىمۇ يۇقىرىدىكى قائىدە رىئايە قىلىنىدۇ.

3) بىر ھەرەكە ۋە ئىككى ئۇزۇك تاۋۇشتىن تەركىب تاپقان بوغۇملار تۈركىي تىللىق ئارۇزدىمۇ خۇددى پارس تىللىق ئارۇزغا ئوخشاشلا ئۇزۇن بوغۇم ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى بوغۇملاردا ھەرەكە كۆپىنچە ھالەتلەردە ئىككى ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشقان بولىدۇ. مەسىلەن: بَرم (بەرىم - بېرىم، قەرز)، بُلغَما (بولغەما - بولماق)، بلكا (بىلگە - بىلىملىك) دېگەن سۆزلەردىكى ئاستىغا سىزىق قويۇلغان بوغۇملار ئۇزۇن بوغۇم ھېسابلىنىدۇ. ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەردىمۇ ئەگەر بىر ھەرەكە ئىككى ئۇزۇك تاۋۇشتىن تەركىب تاپقان بوغۇملار بولسا، ئۇزۇن بوغۇم ھېسابلىنىدۇ.



مەسىلەن: جَمشد (جەمشىد - ئادەم نامى)، جَندَر (جەندەر- چاپان، كىيىم) قاتارلىق ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەردىكى ھەر ئىككى بوغۇم ئۇزۇن بوغۇم ھېسابلىنىدۇ. بۇ تەجرىبىگە ئاساسەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئە، ئې، ئو، ئۆ» تاۋۇشلىرى بىلەن ئىككى ئۇزۇك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇملارنى ئۇزۇن بوغۇم دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەسىلەن: «كەلگەن، بوش، بۆلمەك» دېگەندەك سۆزلەردىكى بوغۇملارنىڭ ھەممىسىنى ئۇزۇن بوغۇم دەپ قاراشقا بولىدۇ.

4) تۈركىي تىللىرىدا ھەرفى ئىللە (آ- ئا، او- ئۇ/ئو، اى - ئى) يالغۇز ياكى بىر ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن بىر بوغۇم بولۇپ كېلىدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ تاۋۇشلار يالغۇز ياكى بىر ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە كەلگەن بولسا، ئەگەر ئۇلار ھەرەكەلەرنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىلمىگەن بولسىلا، بەزىدە ئۇزۇن ۋە بەزىدە قىسقا بوغۇم ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: آتاجى (ئاتاجى - تېۋىپ)، آياس (ئاياس - ساپ، تىنىق، ئوچۇق)، اوتون (ئوتون - ئەخمەق، دۆت)، بويان (بۇيان - بەخت، سائادەت) قاتارلىق سۆزلەردىكى ئاستىغا سىزىلغان بوغۇملار يۇقىرىدا ئېيتىلغان بوغۇملار قاتارىغا كىرىدۇ. بۇنداق بوغۇملارنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقىلىقى ئادەتتە ئىككىنچى مىسرادا شۇ بوغۇم بىلەن پاراللېل ئورۇندا كەلگەن بوغۇمنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. ئەگەر ھەر ئىككى مىسرادا بوغۇملار ئوخشاش شەكىلدە كەلگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقىلىقىنى بەلگىلەش قىيىن بولغان ھالەتتە شۇ رۇكنىنىڭ ئەفائىلىدىكى بوغۇم تەرتىپى ئاساس قىلىنىپ، ئۇزۇن - قىسقىلىقى بەلگىلىنىدۇ. «ئى» ھەرپى بىلەن ئاخىرلاشقان ئوچۇق بوغۇملار كۆپىنچە

ھاللاردا ئۇزۇن بوغۇم ھېسابلىنىدۇ. شۇنىمۇ تەكىتلەپ قويۇش زۆرۈركى، ئەرەب ۋە پارس تىللىق شېئىرىيەتتىكى تەقتىئىدە ھەرفى ئىللە (آ، او، اى) يالغۇز ياكى بىر ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن بىر بوغۇم بولۇپ كەلگەندە، بىردەك ئۇزۇن بوغۇم ھېسابلىنىدۇ. تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىمۇ ئەرەب ۋە پارسچىدىن كىرگەن سۆزلەرنى ئارۇز ئۆلچەملىرى بويىچە بوغۇملارغا ئايرىغاندىمۇ يۇقىرىدىكىدەك قائىدىگە ئاساسەن رىئايە قىلىنىدۇ. ئەمما، تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتنىڭ تەقتىئ قائىدىلىرىدە ۋەزىن ئېھتىياجى بىلەن ئەرەب ۋە پارس تىللىق شېئىرىيەتتە ئۇزۇن سانىلىدىغان يۇقىرىقىدەك بوغۇملارنى بەزىدە خۇددى تۈركىي تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان سۆزلەرنىڭ بوغۇملىرىغا ئوخشاش قىسقا بوغۇم ھېسابلايدىغان ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەس. بۇنداق بوغۇملارنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقىلىقىنى ئۇلارنىڭ كونكرېت مىسرالاردىكى ئورنى ۋە شۇ ئورۇننىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ بەلگىلەشكە توغرا كېلىدۇ.

تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتنىڭ تەقتىئ قائىدىلىرىدە ھەرفى ئىللە بىر ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن يېپىق بوغۇم شەكلىدە (يەنى سوزۇق تاۋۇش ئالدىدا، ئۇزۇك تاۋۇش كەينىدە) كەلگەن ھالەتتە، قىسمەنلىكنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇزۇن بوغۇم سانىلىدۇ. مەسىلەن: آت (ئات)، ايج (ئىچ — قەلب، كۆڭۈل)، اوغري (ئۇغرى — يوشۇرۇن) شەكلىدىكى بوغۇملار شۇ جۈملىدىندۇر. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئا، ئۇ، ئى، ئۇ» تاۋۇشلىرى يالغۇز ياكى بىر ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن بىر بوغۇم بولۇپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقىلىقىنى بەلگىلەش ئۈچۈن يۇقىرىدىكى ئۆلچەمگە ئاساسلىنىشقا توغرا كېلىدۇ.



5) ھەرفى ئىللە ئىككى ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن بىر بوغۇم بولۇپ كەلگەندە، پارس تىللىق شېئىرىيەت تەقتىئىسىدە بۇنداق بوغۇملار مىسرا ئوتتۇرىسىدا بىر يېرىم بوغۇم (بىر ئۇزۇن ۋە بىر قىسقا /ــ v) دەپ قارىلىدۇ. مىسرا ئاخىرىدا بولسا بۇنداق بوغۇملار بىر تولۇق بوغۇم ھېسابلىنىپ، مەد بەلگىسى (~) بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما، تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتنىڭ تەقتىئ قائىدىلىرىدە بۇنداق بوغۇملار مەيلى مىسرا ئارىلىقى ياكى ئاخىرىدا بولسۇن كۆپىنچە ھاللاردا بىرلا ئۇزۇن بوغۇم سانىلىدۇ. بۇ نۇقتىغا نەۋائىينىڭ «مىزانۇل-ئەۋزان» دىكى مۇنۇ بېيىتى مىسال بولالايدۇ:

ئۇنۇتماغىل/كى تا ھەجر ئېت/ دى بىداد/
مەنى بىر نا /مە بىرلە قىل / مەدىنىڭ ياد /①
مفاعيلن / مفاعيلن / مفاعيل /
/ — — v / — — — v / — — — v

يۇقىرىدىكى بېيىتتا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، مىسرا ئارىلىقىدا كەلگەن «نۇت، غىل، قىل، دىڭ» گە ئوخشاش بوغۇملارمۇ ۋە مىسرا ئاخىرىدا كەلگەن «داد، ياد» قا ئوخشاش بوغۇملارمۇ ئوخشاشلا بىردىن ئۇزۇن بوغۇم ھېسابلانغان. تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە بەزىدە يۇقىرىدىكىدەك بوغۇملارنى مىسرا ئاخىرىدا خۇددى پارس تىللىق شېئىرىيەتتىكىدەك بىر تولۇق بوغۇم ھېسابلايدىغان ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەس. نەۋائىينىڭ «مىزانۇل-ئەۋزان» دىكى يەنە بىر بېيىتنىڭ تەقتىئىسىدە يۇقىرىدىكى بوغۇملارنىڭ تەقتىئىسىگە

① «نەۋائىي ئەسەرلىرى» («مىزانۇل - ئەۋزان»)، تاشكەنت، 1967-يىلى نەشرى، 14-توم، 155-بەت.

ئوخشمايدىغان ئەھۋالنى كۆرىمىز:

غەمىڭ مەنى/قىلدى زار/
يوزۇڭ مەنگە / بولدى يار/ ①
مفاعلن / فاعلان /
v — v — / — v ~ /

مەلۇم بولغىنىدەك، بىرىنچى مىسالدىكى «داد، ياد» بوغۇملىرى مىسرا ئاخىرىدا بىر ئۇزۇن بوغۇم يەنى «عيل / —» گە تەڭ دەپ قارالغان بولسا، ئىككىنچى مىسالدا مىسرا ئاخىرىدا كەلگەن يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش تۇزۇلۇشتىكى «زار، يار» بوغۇملىرى بىر تولۇق بوغۇم يەنى «لان/ ~» گە تەڭ دەپ قارالغان. ئەمەلىيەتتە ئارۇز ئىلمىدە مىسرا ئاخىرىدىكى مەد بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان تولۇق بوغۇم مىسرا ئارىلىقىدا بىر يېرىم بوغۇمغا تەڭ بولىدۇ. يۇقىرىدىكى تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى تەقتىئ قائىدىلىرىدە ھەرفى ئىللە بىلەن ئىككى ئۇزۇك تاۋۇشتىن ھاسىل بولىدىغان بوغۇملارنى بەزىدە بىر ئۇزۇن بوغۇم (—) ۋە بەزىدە خۇددى پارس تىللىق شېئىرىيەتتىكىگە ئوخشاشلا بىر يېرىم بوغۇم (— v) دەپ قاراشقا بولىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئا، ئو، ئۇ، ئى» تاۋۇشلىرى ئىككى ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن بىر بوغۇم بولۇپ كەلگەن بولسا، بۇنداق بوغۇملارنى تەقتىئدە يۇقىرىدىكى تەجرىبىگە ئاساسەن بەزىدە بىر ئۇزۇن بوغۇم ۋە بەزىدە بىر ئۇزۇن ۋە بىر قىسقا بوغۇم دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

6) سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە ھەرەكەلەر ئۈچ ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن بىر بوغۇم بولۇپ كېلىدىغان شەكىللەرمۇ ناھايىتى

---
① «نەۋايى ئەسەرلىرى» («مىزانۇل - ئەۋزان»)،14- توم، 170- بەت.



كۆپ ئۇچرايدۇ. تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىدىن ئېيتقاندا، بۇنداق بوغۇملار بىر ئۇزۇك تاۋۇشتىن كېيىن بىر سوزۇق تاۋۇش ۋە سوزۇق تاۋۇشتىن كېيىن يەنە ئىككى ئۇزۇك تاۋۇش ئورۇنلاشقان تۈزۈلۈشتە يەنى bbab شەكلىدە بولىدۇ. بۇ خىل تۈزۈلۈشتىكى بوغۇملار قەدىمكى تۈركىي تىللىرىنىڭ ئۆزىگە خاس سۆزلىرىدە ئاساسەن ئۇچرىمايدۇ. ئەمما، چاغاتاي دەۋرىدە ئەرەب، پارسچىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە بۇنداق بوغۇم شەكىللىرى ناھايىتى ئومۇملاشقان. پارس تىللىق ئارۇزنىڭ تەقتىئ قائىدىلىرىدە بۇنداق بوغۇملارنىڭ بوغۇم ئاخىرىدىكى بىر ئۇزۇك تاۋۇشى ئايرىم بىر ھەرەكە دەپ قارىلىپ، بىر يېرىم بوغۇم (بىر ئۇزۇن ۋە بىر قىسقا) ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، تۈركىي تىللىق ئارۇزنىڭ تەقتىئ قائىدىلىرىدە بەزىدە بۇنداق بوغۇملارنى بىرلا ئۇزۇن بوغۇم ۋە بەزىدە پارس تىللىق ئارۇزنىڭ تەقتىئ قائىدىلىرىگە ئوخشاش بىر يېرىم بوغۇم ھېسابلايدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. مەسىلەن: «مىزانۇل - ئەۋزان» دىكى مۇنۇ شېئىرنىڭ تەقتىئسىگە قاراپ باقايلى:

ئەي ھۆسنى/ جەھان ئىچرە/ بەلا سالغان/
قەتل ئېتگە/لى خەلق ئۆزرە/سەلا سالغان / ①
مفعولُ / مفاعيلُ / مفاعيلن /
— — v / v — — v / v — — — /

يۇقىرىدىكى مىسالنىڭ ئىككىنچى مىسراسىدىكى «قەتل» ۋە «خەلق» سۆزلىرى بىرلا ئۇزۇن بوغۇم (—) ھېسابلانغان. تۆۋەندىكى مىسالدا بولسا ئەھۋال باشقىچە:

جەفا قىلۇر/ جەۋر قىلۇر / ئۇل مەھۋەش /

---
① «نەۋايى ئەسەرلىرى» («مىزانۇل - ئەۋزان»)، 14- توم، 155- بەت.

ۋەفا قىلاي / سەبىر قىلاي /مېن ھەم خوش/ ①
مفاعلن / مفتعلن / مفعولن /
V — V— / — V V — / — — — /

كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، يۇقىرىدىكى بېيىتنىڭ تەقتىئىسىدە «جەۋر» ۋە «سەبىر» سۆزلىرى بىر يېرىم بوغۇم (V —) ھېسابلانغان. بۇنىڭدىن مەلۇم بولغىنىدەك، تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە بىر ھەرىكە ۋە ئۈچ ئۈزۈك تاۋۇشتىن تەركىب تاپقان بوغۇملارنىڭ تەقتىئ قائىدىلىرى تۇراقلىق ئەمەس. بۇنداق بوغۇملارنىڭ تەقتىئىسىدە گاھىدا پارس تىللىق شېئىرىيەتنىڭ تەقتىئ قائىدىلىرى رىئايە قىلىنىپ، ئۇلار بىر يېرىم بوغۇم ھېسابلانسا، بەزىدە رىئايە قىلىنماي، بىرلا ئۇزۇن بوغۇم دەپ قارالغان. شېئىرىيەتتە ئەگەر بۇنداق بوغۇملارغا ئەنئەنە نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇ ھالدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى شېئىرىيەتنىڭ تەقتىئىسىدىمۇ يۇقىرىدىكىدەك تۈزۈلۈشتىكى بوغۇملارنى ۋەزىن ئېھتىياجىغا قاراپ بىر ئۇزۇن بوغۇم ياكى بىر ئۇزۇن ۋە بىر قىسقا بوغۇم ھېسابلاشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىمۇ ئەسكەرتمەي بولمايدۇكى، يۇقىرىدىكىدەك تۈزۈلۈشتىكى بوغۇملار ئەسلى تۈركىي تىللىرىغا خاس بولمىغاچقا، ئۇلارنى تەلەپپۇز قىلىش قېيىن تۇيۇلىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. شۇڭا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يۇقىرىدىكىدەك بوغۇملاردا ئىككى خىل ئەھۋال ئۇچرايدۇ: بىرى، ئەڭ ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش تەلەپپۇز قىلىنمايدۇ. مەسىلەن: «مەست» سۆزى «مەس»، «پەست» سۆزى «پەس»، «خەند»

① زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «مۇختەسەر»، تاشكەنت، 1971 ـ يىلى نەشرى، 66 ـ بەت.



سۆزى «خەن» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. يەنە بىرى، تەركىبىگە بەزىدە يەنە بىر سوزۇق تاۋۇش قوشۇلۇش ئارقىلىق ئىككى بوغۇمغا ئايرىلىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «خەلق» بەزىدە «خەلىق»، «مەرۋ» كۆپىنچە «مەرۋى»، «بەرق» بەزىدە «بەرىق»، «قەتل» بەزىدە «قەتىل» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ھەتتا بۇ سۆزلەر بەزى ھاللاردا يۇقىرىدىكىدەك تەلەپپۇز بويىچە يېزىلىدۇ. بۇنداق سۆزلەر ئەگەر مىسرا تەركىبىدە ئۇچرىسا، تەقتىئىدە ئۇلارنى ھەرگىز بىرلا ئۇزۇن بوغۇم ھېسابلاشقا بولمايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشى ھەم تەلەپپۇزىغا قاراپ مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

7) بىر ھەرفى ئىللە ۋە ئۈچ ئۈزۈك تاۋۇشتىن تەركىب تاپقان بوغۇملارمۇ سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە خېلىلا كۆپ ئۇچرايدىغان بوغۇم شەكلىدۇر. بۇنداق بوغۇملار تۈركىي تىللىرىدا پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: «راست»، «دۈست» ، «كارد» ، «گىرد» (گىرداب) دېگەندەك. بۇنداق بوغۇملار ئەرەب شېئىرىيىتىدە ئۇچرىمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئائىت ھېچقانداق قائىدە بەلگىلەنمىگەن. پارس تىللىق شېئىرىيەتتە بۇنداق بوغۇملار بىر ئۇزۇن ۋە ئىككى قىسقا بوغۇمغا تەڭ دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى، بۇنداق تۈزۈلۈشتىكى بوغۇملارنىڭ ئاخىرىدىكى ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش تەقتىئىدە ئايرىم ھالدا ھەرىكە ھېسابلىنىدۇ. زەھىرىددىن بابۇرمۇ يۇقىرىدىكىدەك تەركىبتىكى بوغۇملارنىڭ تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى تەقتىئ قائىدىسىنى ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا شەرھلەپ: «ئەگەر ئۈچ ساكىن جەمئ بولسا، بىرى تەقتىئىدە بولۇپ، بىرى مۇتەھەررىككە مەھسۇب بولۇر. نېچۈككىم، ‹راست رۇ› كىم «فاعلن» (— V—) ۋەزنىدەدۇر. ئەۋۋەلىكىم، ھەر ئىككى

ساكىن مۇتەھەررىككە مەھسۇب بولۇر نىچۇككىم، ‹راست رۇ› كىم «مفتعلن» (— v v —) ۋەزنىدە بولغاي، تۈركىيدە بۇ نەۋ ئۈچ ساكىن ئىجتىمائى بولماس»① دەيدۇ. بۇ سۆزدىن مەلۇمكى، كىلاسسىك شېئىرىيەتتە يۇقىرىدىكىدەك تۈزۈلۈشتىكى بوغۇملارنىڭ پارس تىللىق شېئىرىيەت بىلەن تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى تەقتىئ قائىدىلىرى تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. پارس تىللىق شېئىرىيەتنىڭ تەقتىئىسىدە بۇنداق بوغۇملار بىر ئۇزۇن ۋە ئىككى قىسقا بوغۇم (— vv) غا تەڭ دەپ قارالسا، تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتنىڭ تەقتىئىسىدە بىر ئۇزۇن ۋە بىر قىسقا بوغۇم (— v) غا تەڭ دەپ قارالغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكلىرىدىمۇ «ئا، ئۇ، ئۆ، ئى» تاۋۇشلىرى بىلەن ئۈچ ئۇزۇك تاۋۇشتىن تەركىب تاپقان بوغۇم شەكىللىرى خېلىلا كۆپ. بۇنداق بوغۇم شەكلى يەنىلا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا پارس تىلىدىن ئۆزلەشكەن سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. يۇقىرىدىكى تەجرىبىلەرگە ئاساسلانغاندا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەقتىئىسىدە بۇنداق بوغۇملارغا ئۇلارنىڭ تەلەپپۇز ۋە يېزىلىقتىكى يېزىلىشىغا قاراپ ئىككى خىل مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ: بىرى، يۇقىرىدىكىدەك بوغۇملار ئەگەر شېئىر مىسرالىرىدا تولۇق يېزىلغان بولسا، بۇنداق بوغۇملارنى تولۇق تەلەپپۇز قىلىشقا ۋە تەقتىئدە ئۇلارنى بىر ئۇزۇن ۋە بىر قىسقا بوغۇم (— v) ھېسابلاشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: «دوست، راست» دېگەندەك تولۇق شەكىلدە. يەنە بىرى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يۇقىرىدىكىدەك تۈزۈلۈشتىكى بوغۇملارنىڭ ئاخىرقى ئۇزۇك

① زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «مۇختەسەر»، تاشكەنت، 1971 ـ يىلى نەشرى، 32 ـ بەت.



تاۋۇشى تەلەپپۇزدىن چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋاللار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «دوست» سۆزى «دوس» شەكلىدە، «راست» سۆزى «راس» شەكلىدە تەلەپپۇز قىلىنىدىغان، يېزىقتىمۇ شۇ شەكىلدە خاتىرىلىنىدىغان ئەھۋاللار ئۇچرايدۇ. ھەتتا بۇنداق ئەھۋال خېلىلا ئومۇملاشقان. ئەگەر مىسرا تەركىبىدە يۇقىرىدىكىدەك تۈزۈلۈشتىكى بوغۇملارنىڭ ئاخىرقى ئۇزۇك تاۋۇشى تەلەپپۇزدىن چۈشۈپ قالغان شەكىلدە ئۇچرىسا، تەقتىئدىمۇ بۇنداق بوغۇملارنى خۇددى بىر ھەرپى ئىللە ۋە ئىككى ئۇزۇك تاۋۇشتىن تەركىب تاپقان بوغۇملارغا ئوخشاش ئەھۋالغا قاراپ بەزىدە بىرلا ئۇزۇن بوغۇم (—)، بەزىدە بىر يېرىم بوغۇم (— v) ھېسابلاشقا توغرا كېلىدۇ.

تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە سۆزلەرنى بوغۇم تۈزۈلۈشىگە قاراپ بۆلەكلەرگە بۆلۈش ۋە ئۇلارنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىڭ تۈپ قائىدىلىرى ئاساسەن يۇقىرىدىكىلەردىن ئىبارەتتۇر. ئەمما، بۇ تەقتىئ قائىدىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەس. شېئىر مىسرالىرىدا يەنە يۇقىرىدىكى قائىدىلەرگە توغرا كەلمەيدىغان نۇرغۇن ئۆزگىچە ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. بەزىدە بوغۇم بۆلۈنۈپ كېتىدىغان، يېپىق بوغۇملار مىسرا تەركىبىدە ئوچۇق بوغۇمغا ئايلىنىدىغان، ئۇزۇن بوغۇملار قىسقا بوغۇمغا ئۆزگىرىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. شۇڭا، تەقتىئدە ئومۇمىي تۈس ئالغان بۇنداق ئەھۋاللارغا قارىتا نۇرغۇن قوشۇمچە قائىدىلەرمۇ بەلگىلەنگەن بولۇپ، بۇ قائىدىلەرنى تولۇق ئىگىلىمەي تۇرۇپ، شېئىر ۋەزنىنى توغرا ئېنىقلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. تۈركىي تىللىق كىلاسسىكلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى يىغىنچاقلىغاندا، تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتنىڭ

تەقتىئسىدىكى قوشۇمچە قائىدىلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

8) ئارۇزدىكى تەقتىئ قائىدىلىرى ئەسلىدە يېزىقنى يەنى ھەرپلەرنىڭ سانىنى ئاساس قىلىدۇ. ئەمما، قەدىمكى ۋە چاغاتاي دەۋرىدىكى تۈركىي تىللىرىنىڭ ئىملاسىدا خۇددى پارس تىلىنىڭ ئىملاسىغا ئوخشاشلا، يېزىلىدىغان يەنى يېزىقتا ئەكس ئېتىدىغان، ئەمما، ئوقۇلمايدىغان يەنى تەلەپپۇز قىلىنمايدىغان ھەرپلەر مەۋجۇت. مەسىلەن: «ايلچي» (ئېلچى – ئەلچى) سۆزىدە «ئې» تاۋۇشى ئىككى ھەرپ «ا – ى» ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، بىر ھەرپ دەپ قارىلىدۇ يەنى «ا» ھېسابقا ئېلىنمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا «كونگول» (كونگول – كۆڭۈل) سۆزى بىلەن «نينگ» (نىنگ – نىڭ) سۆزىدىكى «ن» ھەرپىمۇ تەقتىئدە ساقىت قىلىنىدۇ. «خواهش» (خاھىش – مەيل، تەلەپ) سۆزىدىكى «و» ھەرپىمۇ تەلەپپۇزدىن چۈشۈپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن تەقتىئدىمۇ ھېسابقا ئېلىنمايدۇ.

9) خۇددى پارس شېئىرىيىتىگە ئوخشاشلا «ن» ھەرپى ھەرفى ئىللەدىن كېيىن بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەندە تەقتىئدە ھېسابقا ئېلىنماي، ساقىت قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «مەجنۇن»، «دەرمان» دېگەندەك سۆزلەردىكى «ن» ھەرپى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ. «من» (مەن)، «شعن» (شەن)، «تن» (تەن) دېگەندەك «ن» ھەرپى بىلەن ئاخىرلاشقان بوغۇملارمۇ كۆپىنچە ھاللاردا قىسقا ھېسابلىنىدۇ.

10) «و» ھەرپى ئىككى خىل ئەھۋالدا قىسقا ھېسابلىنىدۇ: بىرى، ھەرەكە - زەممەنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلگەن بولسا، مەسىلەن: «خوش»، «كورگو»



دېگەن سۆزلەردىكى «و» ھەرپى شۇ جۈملىدىندۇر. يەنە بىرى، باغلىغۇچى بولۇپ كەلسىمۇ قىسقا ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: «ليلى و مجنون»، «گل و نوروز» دېگەن سۆزلەردىكى باغلىغۇچى بولۇپ كەلگەن «و» قىسقا ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ تاۋۇش كۆپىنچە «ۋە» شەكلىدە ئۇچرايدۇ. شۇڭا، ھازىرقى شېئىرىيەتنىڭ تەقتىئسىدىمۇ ئۇنىڭ سۆز تەركىبىدىكى ئەمەلىي تەلەپپۇزىنى ئاساس قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

11) بىر ھەرەكە ۋە ئۈچ ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بوغۇملاردا «ت» تاۋۇشى بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن بولسا، بۇنداق بوغۇملار مىسرا ئارىلىقىدا بىر يېرىم بوغۇم (– v) ۋە مىسرا ئاخىرىدا بىر ئۇزۇن بوغۇم (–) ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: «مست» (مەست – مەس)، «دست» (دەست – قول) دېگەندەك سۆزلەر. بۇنداق بوغۇم شەكىللىرى پارسچىدىن تۈركىي تىللىرىغا قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىلا ئۇچرايدۇ.

12) قەدىمكى ۋە چاغاتاي دەۋرىدىكى تۈركىي تىللىرىغا ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلۈكلەر قاتارىدا «ه» تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان نۇرغۇن سۆزلەر ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «گناه» (گۇناھ)، «اشتباه» (ئېشتىباھ – خاتالىق، سەۋەنلىك)، «پناه» (پەناھ – پاناھ، قوغدالغۇ) گە ئوخشاش سۆزلەر شۇ جۈملىدىندۇر. بۇنداق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «ه» ھەرپى تەقتىئدە ھېسابقا ئېلىنمايدۇ. قەدىمكى ۋە چاغاتاي دەۋرىدىكى تۈركىي تىللىرىدا بەزى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «ه» ھەرپى خۇددى پارسچىدىكىگە ئوخشاش «ئە» ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: «خانه» (خانە – ئۆي)، «روزه» (رۇزە – رىزق) دېگەندەك. بۇنداق سۆزلەر ئاخىرىدىكى «ه» ئەسلىدىلا

تەلەپپۇزدىن چۈشۈپ قالغاچقا، تەقتىئىدىمۇ ھېسابقا ئېلىنمايدۇ.

13) كونا ئىملادا، يېزىقتا ئەكس ئەتمەيدىغان، ئەمما، تەلەپپۇزدا ھېسابقا ئېلىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. بۇنداق سۆزلەرگە ئەرەب ۋە پارس تىلىدىن تۈركىي تىللىرىغا قوبۇل قىلىنغان تەشدىدلىك سۆزلەرنى مىسال قىلىش مۇمكىن. «مركب» (مۇرەككەپ — ئارىلاش، تۈزۈلمە)، «مقرر» (مۇقەررەر — مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن)، «مقدس» (مۇقەددەس — پاك، بۇلغىنىشتىن خالىي) قاتارلىق سۆزلەرنىڭ يېزىلىشى بىلەن ئوقۇلۇشىدا مەلۇم پەرق بار. يەنى تەشدىد بەلگىسى قويۇلمىغان ھالەتتىمۇ بۇنداق سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى مەلۇم بىر ھەرپ تەكرار ئوقۇلىدۇ. تەقتىئىدىمۇ تەكرار ئوقۇلىدىغان ھەرپ ئايرىم-ئايرىم ھالدا ھېسابقا ئېلىنىدۇ. ئارۇز ئىلمىدە بەزىدە ۋەزىن ئېھتىياجى بىلەن تەشدىدلىك سۆزلەرنى تەشدىدسىز تەلەپپۇز قىلىدىغان ۋە تەشدىدسىز سۆزلەرنى ئەكسىچە سوزۇپ مەلۇم ئۆلچەمگە توشقۇزۇش مەقسىتىدە تەشدىدلىك تەلەپپۇز قىلىدىغان ئىشلارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «شكر» (شەكەر) سۆزى ئەسلى تەشدىدسىز بولسىمۇ، گاھىدا ۋەزىن ئېھتىياجى بىلەن ئۇنى «شەككەر» شەكلىدە ئۇزارتىپ تەلەپپۇز قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەس. بۇنداق ھالەتلەردە تەقتىئىدە ھەر ئىككى «ك» ھېسابقا ئېلىنىدۇ.

14) ئارۇز ئىلمىدە بوغۇملارنىڭ مۇۋازىنىتىنى تەڭشەش مەقسىتىدە سۆزلەرنىڭ تەركىبىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشمۇ دائىم ئۇچرايدىغان ئۇسۇللاردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: «ئاغىز» سۆزىنى «ئەغىز» شەكلىدە يېزىش، «سۆزىنى» دېگەننى «سۆزىن» شەكلىدە يېزىش قاتارلىقلار شۇ جۈملىگە كىرىدۇ. تەقتىئىدە بۇنداق سۆزلەرنىڭ



ئەسلىدىكى شەكلى ئەمەس، بەلكى ئۆزگەرتىلگەن شەكلى ئاساس قىلىنىدۇ.

15) مىسرالاردىكى بوغۇملاردا ۋەزىن ئېھتىياجى بىلەن پارچىلىنىش يۈز بېرىدىغان، يېپىق ئۇزۇن بوغۇملار ئوچۇق قىسقا بوغۇمغا ئايلىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ. ئارۇز ئىلمى نۇقتىسىدىن بۇ نورمال ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ. نەۋايىنىڭ تۆۋەندىكى بىر بېيتىدا بوغۇمنىڭ بۆلۈنۈشىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز:

ئىشقى مەنى/ زار قىلدى/ ئالەم ئەرا /
ئەيلەدى ئا / ۋارە خەيلى/ ئادەم ئەرا /
مفتعلن / فاعلاتُ / مفتعلن /
/ — VV —/ V —V— / — VV —

يۇقىرىدىكى بېيت مىسرالىرىنىڭ ئاخىرىدىكى «ئالەم ئەرا» ۋە «ئادەم ئەرا» سۆزلىرىنىڭ تەركىبىدىكى بوغۇملاردا بۆلۈنۈش يۈز بېرىپ، «ئالەم، ئادەم» سۆزلىرىنىڭ ئاخىرىدىكى «م» تاۋۇشى ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى «ئە» تاۋۇشى بىلەن بىر بوغۇم ھاسىل قىلىدۇ. يەنى بۇ سۆزلەر مىسرا تەركىبىدە «ئا — لە — مە — را / — V V —» ، «ئا — دە — مە — را / — V V —» تەرزدە ئوقۇلىدۇ. نەتىجىدە ئەسلىدە ئۇزۇن بوغۇم بولغان «لەم، دەم» لەر «لە، دە» شەكلىدە قىسقا بوغۇمغا ئۆزگىرىدۇ.

تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتنىڭ تەقتىئىسىدە بىرلىككە كەلگەن ۋە بىر قەدەر ئومۇمىي تۈس ئالغان قائىدىلەر يۇقىرىدىكىلەردىن ئىبارەت. شۇنىمۇ ئەسكەرتىشكە توغرا كېلىدۇكى، تۈركىي تىللىرىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىملا قائىدىلىرى تولۇق بىرلىككە كېلىپ بولالمىغانلىقى ھەم ئارۇز نەزەرىيەلىرى ئاساسىدا تۈركىي تىللىق

شېئىرىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى تولۇق قېزىلمىغانلىقى سەۋەبلىك شېئىر مىسرالىرىدا يۇقىرىدىكى قائىدىلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا چۈشمەيدىغان، ئۆلچەش قىيىن بولغان بەزى تەرەپلەرمۇ ئۇچرايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا يۇقىرىدىكى تەجرىبىلەر ئاساسىدا شەخسىي ماھارەتكە تايىنىشقا، زۆرۈرىيەتكە قاراپ جانلىق بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بولسا يېزىق بىلەن تەلەپپۇز ئوتتۇرىسىدا پەرق يوق دېيەرلىك. بۇ شېئىرىي سۆزلەرنىڭ تەقتىئىسى ئۈچۈن تۇراقلىق قائىدە بېكىتىپ، ئۇنى قېلىپلاشتۇرۇشقا تولۇق ئىمكانىيەت بېرىدۇ. بۇ ئىشتا ئەنئەنە بىلەن سۆزلەرنىڭ ھازىرقى تەلەپپۇزىنى، بولۇپمۇ ھەرقايسى سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئۇنىڭغا كېتىدىغان ۋاقىتنى تەڭ ئېتىبارغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.



## ئون بىرىنچى باب

# پارس - تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە كۆپ قوللىنىلىدىغان ۋەزىن ئۆرنەكلىرى

ۋەزىن (وزن — ئېغىرلىق) سۆزى ئارۇز ئىلمىدە ئىككى خىل مەنىگە ئىگە. بىرى، كەڭ مەنىدىكى ۋەزىن بولۇپ، شېئىرنىڭ مەلۇم قائىدىگە ئاساسلىنىدىغان رىتىم خۇسۇسىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ تۈرلۈك رىتىملارنى ھاسىل قىلىشقا ئائىت بىرلىككە كەلگەن قائىدىلىرىگە ئاساسلانغان شېئىرىي رىتىملار سىستېمىسى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «ئارۇز ۋەزنى» نامى بىلەن، پارس تىللىق ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ بوغۇملارنىڭ سانىنىلا ئاساس قىلىدىغان ئەنئەنىۋى شېئىرىي رىتىمى «بوغۇملۇق ۋەزىن» (پارس تىللىق خەلقلەردە) ياكى «بارماق ۋەزنى» (تۈركىي تىللىق خەلقلەردە) نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇ يەردىكى «ۋەزىن» سۆزى ئومۇمىيلىقنى ئىپادىلەيدىغان كەڭ مەنىدىكى ئۇقۇمدۇر.

ئارۇز ئىلمىدە ۋەزىن سۆزى يەنە ھەرقايسى سالىم بەھرلەردىن ھاسىل قىلىشقا بولىدىغان ئوخشىمىغان رىتىملاردىكى كونكرېت تارماق بەھرلەر — شېئىرىي ئۆرنەكلەرنى ئىپادىلەشتىمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: رەمەل بەھرىنىڭ مەخبۇنى مەھزۇف ۋەزنى دېگەندەك. بۇنداق ھالەتتە «ۋەزىن» سۆزى نىسبەتەن تار مەنىگە ئىگە بولۇپ،

پەقەت بىر كونكرېت شېئىرىي ئۆرنەكنىلا ئىپادىلەيدۇ.

بىز يۇقىرىدىكى بابلاردا تەپسىلىي تونۇشۇپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتكە ئارۇز قائىدىلىرى پارس تىللىق شېئىرىيەتتىكى ئارۇز ئىلمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئاساسىدا ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن بولغاچقا، پارس تىللىق شېئىرىيەت بىلەن تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى ئارۇز ئىلمىدە كۆپلىگەن ئورتاق خۇسۇسىيەتلەر مەۋجۇت ۋە بۇنداق ئورتاق خۇسۇسىيەتلەر ئارقىلىق ئۇلار ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ئىلمىدىن خېلىلا پەرقلىنىدۇ. مۇنداق پەرقلەرنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1) ئەرەب ئارۇزىدا بىر پارچە شېئىردا بىر نەچچە ئوخشىمايدىغان ۋەزىنلەر قوللىنىلىۋېرىدۇ. يەنى ئەرەب شېئىرىيىتىدە شېئىرنىڭ قايسى مىسراسىنى قايسى ۋەزىندە يېزىش شائىرنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش. ئەمما، پارس ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە رۇبائىي شەكلىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بىر پارچە شېئىر چوقۇم بىرلا بەھردە ۋە ۋەزىندە يېزىلىشى شەرت.

2) ئەرەب ئارۇزىدا كۆپ قوللىنىلىدىغان بەھرلەر 16، پارس ـ تاجىك شېئىرىيىتىدە 14، تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىمۇ ئاساسەن پارس تىللىق شېئىرىيەتكە خاس بەھرلەر قوللىنىلىدۇ. قوللىنىلىدىغان بەھرلەرنىڭ سانىدىمۇ پارس ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە مەلۇم ئورتاقلىق مەۋجۇت.

3) پارس ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە سەككىزلىك شەكلىدە قوللىنىلىدىغان بەھرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەرەب شېئىرىيىتىدە ئالتىلىك شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ.

4) پارس ـ تاجىك شېئىرىيىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان



زىھافلىق بەھرلەرنىڭ ئاساسىي قىسمى تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىمۇ ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان. كىلاسسىكلارنىڭ بەھرلەر، زىھافلار، جۈزۋلار ۋە دائىرەلەر ھەققىدىكى قاراشلىرىدىمۇ ئاساسەن پەرق كۆرۈلمەيدۇ.

5) پەقەت تەقتىئ مەسىلىسىدە ئەرەب ۋە پارس تىللىق شېئىرىيەت بەزى ئورتاقلىققا ئىگە بولۇپ، تۈركىي تىللىق شېئىرىيەت ئۇلاردىن پەرقلىنىدۇ، يەنى ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدا سوزۇق تاۋۇشلار ئۇزۇن ۋە قىسقا دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئەمما، تۈركىي تىللىرىدا بولسا سوزۇق تاۋۇشلاردا ئۇزۇن ـ قىسقىلىق پەرقى يوق. بۇ ھال شېئىرىي سۆزلەرنى بوغۇملارغا ئايرىشتا خېلىلا زور پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى تەقتىئدە ئەرەب ۋە پارس تىللىق شېئىرىيەتتىن پەرقلىنىدىغان نۇرغۇن قوشۇمچە قائىدىلەر بەلگىلەنگەن.

شۇ نەرسە ئايانكى، پارس ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىرىي ئۆرنەكلەردە پەرق يوق دېيەرلىك. گەرچە تەقتىئ قائىدىلىرى بەزى جەھەتتىن ئۆزئارا پەرقلەنسىمۇ، لېكىن شېئىرىي ئۆرنەكلەر ۋە ئۇلارنى ئېنىقلاش ئۇسۇللىرى ئوخشاش. مەيلى پارس تىللىق شېئىرىيەت ۋە ياكى تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە بولسۇن ئالدى بىلەن بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك بىر قائىدە شۇكى، شېئىرنىڭ ۋەزنىنى ئۆلچەپ، ئۇنىڭ قايسى بەھرنىڭ قايسى ۋەزنىدە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە تەقتىئ قائىدىلىرىنى توغرا ئىگىلىگەندىن سىرت، شېئىر مىسرالىرىدىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى توغرا ئوقۇشنى بىلىش شەرت. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە تۆۋەندىكى ئىككى

نۇقتىغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

1) بىز يۇقىرىدىكى بابلاردا تونۇشۇپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئارۇز ئىلمىدە ھەرقايسى بەھرلەر ئۆزلىرىگە خاس رۇكنىلارغا ئىگە. ئارۇز ئىلمىدە بېيىت يەنى ئىككى مىسرا بىر ئۆلچەم بىرلىكى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، شېئىرلارنىڭ ۋەزنىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشتە ئالدى بىلەن شېئىرنىڭ سەدر ۋە ئارۇز رۇكنىنى (بىرىنچى مىسرانىڭ ئەڭ ئالدىدىكى ۋە ئەڭ ئاخىرىدىكى رۇكنىنى) بىلەن ئىپتىدا ۋە زەرب رۇكنىنى (ئىككىنچى مىسرانىڭ بىرىنچى ۋە ئاخىرقى رۇكنىنى) غا قاراش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن مىسرالارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قالغان ھەشۇ رۇكنىلارغا قاراپ، ئۇلارنىڭ قايسى رۇكنىلار ئىكەنلىكىنى، سالىم ياكى زىھافلىق رۇكنىلار ئىكەنلىكىنى، تەكرارلىنىدىغان ياكى تەكرارلانمايدىغانلىقىنى ئېنىقلاش كېرەك.

2) بىز يۇقىرىدىكى بابلاردا سالىم بەھرلەرنىڭ رۇكنىلار تەرتىپى بىلەن تەپسىلىي تونۇشقانىدۇق. ئەگەر رۇكنىن سالىم بەھرلەردە بولىدىغان تۆتلىك، ئالتىلىك ۋە سەككىزلىك شەكلىدىكى سالىم رۇكنىلارغا توغرا كەلمىسە، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ زىھافلىق رۇكنىلىقى ئېنىقلىنىدۇ. قايسى رۇكنىلارنىڭ قايسى شەكىلدە ئۆزگەرگەنلىكى تېپىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قايسى زىھافلىق ئۆزگىرىشنىڭ كىرگۈزۈلگەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ. رۇكنىلاردىكى ئۆزگىرىش بىرلىككە كەلگەن قائىدىگە ئىگە. شۇڭا، رۇكنىلاردىكى ئۆزگىرىشلەرنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشتە قايمۇقۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ھەرقايسى بەھرلەرگە كىرگۈزۈلىدىغان زىھافلار ۋە بۇ زىھافلاردىن بارلىققا كېلىدىغان يېڭى رۇكنىن شەكىللىرىنى تولۇق ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ. تۆۋەندە بىز پارس ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە كۆپ



ئۇچرايدىغان بەھرلەر ۋە ۋەزىن ئۆرنەكلىرى بىلەن تەپسىلىي تونۇشۇپ چىقايلى. ئوقۇرمەن ۋە ھەۋەسكارلارنى ئىشەنچلىك ئۆرنەكلەر بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن بىز ۋەزىن ئۆرنەكلىرىگە كەلتۈرۈلگەن مىساللارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى «مىزانۇل-ئەۋزان» بىلەن «مۇختەسەر» دىن تاللاپ ئالدۇق.

## 1. ھەزەج بەھرى

ھەزەج (هزج) سۆزى ئەرەبچىدە «يېقىملىق ئاۋاز، لەرزان ناخشا» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئارۇز ئىلمى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى يېنىك ۋە يېقىملىق ناخشا-قوشاقلارغا مايىل شېئىرلارنىڭ ئاساسىي ۋەزنىدىن ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن سالىم بەھرلەردىن بىرىمۇ «ھەزەج» نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ بەھرنىڭ خاس رۇكنى «مفاعيلن» (V— — —) بولۇپ، پارس ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە ئۇنىڭ سالىم ۋە زىھافلىق تۈرلىرى ئوخشاشلا تۆتلىك (مۇرەببەئ)، ئالتىلىك (مۇسەددەس) ۋە سەككىزلىك (مۇسەممەن) شەكىللەردە قوللىنىلىدۇ.

1) **ھەزەج بەھرىنىڭ سالىم تۆتلىك شەكلى** «مفاعيلن» نىڭ ھەر بېيىتتا تۆت قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ:

قەدىڭ سەرۋى خىرامانذۇر<br>
يۈزىڭ خۇرشىدى تاباندۇر.<br>
مفاعيلن / مفاعيلن /<br>
/— — —V/— — —V

2) **ھەزەج بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى** «مفاعيلن» نىڭ ھەر بېيىتتا ئالتە قېتىم

تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ:

زىھى رۇخسارىڭ ئالىدە قۇياش تىيرە،
قوياشتىن يوقكى ئاندىن ئەل كۆزى خىيرە.
مفاعيلن / مفاعيلن / مفاعيلن /
/— — — V/— — — V/— — — V

**3) ھەزەج بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلى** «مفاعيلن» نىڭ ھەر بېيىتتا سەككىز قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ:

تەكەللۇپ ھەر نېچە سۇرەتتە بولسا، ئاندىن ئارتۇقسەن،
سېنى جان دېرلەر ئەمما بىتەكەللۇپ جاندىن ئارتۇقسەن.
مفاعيلن / مفاعيلن / مفاعيلن / مفاعيلن /
/— — — V/— — — V/— — — V/— — — V

زەھىرىددىن بابۇر ھەزەج بەھرىنىڭ تارماقلىرى ئۈستىدە توختىلىپ: «ھەزەج بەھرى يۈز بېش ۋەزن، ئالتىمىش بىر مۇستەمەل، قىرق تۆرت مۇختەرەئ، ئون تۇغقۇز ۋەزن مۇستەمەلى مەتبۇئ»[1] دەپ يازىدۇ. پارس ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان بۇ بەھرنىڭ ناھايىتى كۆپ شەكىللەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كىلاسسىكلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تىلغا ئېلىشىدۇ. شۇ جۈملىدىن شەمس قەيس رازىمۇ بۇ بەھرگە 15 زىھافنىڭ تەۋە ئىكەنلىكى ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە بۇ 15 زىھافتىن كۆپىنچە 12 خىل زىھافلىق شەكىلنىڭ بارلىققا كەلتۈرۈلىدىغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىدۇ[2] . ھەزەج بەھرىگە تەۋە زىھافلار ئۇنىڭ تۆتلىك (مۇرەببەئ)، ئالتىلىك

---
[1] زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر :«مۇختەسەر»، تاشكەنت، 1971 - يىلى نەشرى، 123 - بەت.

[2] شەمس قەيس رازى: «ئەل - مۇجەم»، دۇشەنبە، 1991 - يىلى نەشرى، 50 - بەت.



(مۇسەددەس) ۋە سەككىزلىك (مۇسەممەن) شەكىللىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۇچرايدۇ. بەزى تارماق شەكىللەر بىرلا زىھافتىن ھاسىل قىلىنسا، بەزىلىرى بىرنەچچە زىھافتىن تۈزۈلىدۇ. شۇڭا، بۇ بەھرگە تەۋە زىھافلارنىڭ سانى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭدىن ھاسىل بولىدىغان شەكىللەر خېلىلا كۆپ. تارىختىكى ئارۇزچىلارنىڭ بۇ بەھردىن ھاسىل بولىدىغان تارماق بەھرلەر توغرىسىدىكى قاراشلىرىدىمۇ خېلى كۆپ ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇت. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي شەرھلەش بىزنىڭ بۇ تېمىمىزنىڭ ھەجمىنى ئالدىن كۆزلىگەن ئۆلچەمدىن زور دەرىجىدە ئاشۇرۇۋېتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بىز بۇ يەردە تارماق بەھرلەرنىڭ ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان بىر نەچچە شەكلىنى نەزەردىن ئۆتكۈزۈش بىلەنلا چەكلىنىمىز.

**1) ھەزەج بەھرىنىڭ تۆتلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:**

**(1) مەقبۇز:**

بېرى كەل ئەي كۆزى قەرا،
تەرەھھۇم ئېت فىراق ئەرا.
مفاعلن / مفاعلن /
/ — V — V / — V — V

**(2) مەقسۇر:**

صداي جويباران،
هواي سبزه زاران.
مفاعيلن / مفاعيل /
/~ — V / — — — V

**(3) مەكفۇفى مەقسۇر:**

سېنىگە بەندە بولاي يار،
مېنى قىلما دىلەفگار.

مفاعيلُ / مفاعيل /
/~ —v /v ——v

(4) مەكفۇفى مەھزۇف:

قەدىڭ سەرۋى رەۋاندۇر،
كۆزۈڭ ئافەتى جاندۇر.

مفاعيلُ / فعولن /
/ ——v /v ——v

(5) مەقبۇزۇ مەقسۇر:

كۆزۈمدەدۇر جەمالىڭ.
كۆڭۈلدەدۇر خەيالىڭ.

مفاعلن / مفاعيل /
/~ — v / —v —v

(6) مەقبۇزۇ مەھزۇف:

كۆزۈمدەدۇر جەمالى،
كۆڭۈلدەدۇر خەيالى.

مفاعلن / فعولن /
/—— v / —v —v

(7) باش رۇكنى ئەخرەب، ئاخىرقى رۇكنى سالىم:

اى روي تو گلزارم،
در دل مشكن خارم.
مفعولُ / مفاعيلن /
/ ——— v/ v——

(8) باش رۇكنى سالىم، ئاخىرقى رۇكنى مەھزۇف:

بيا جانا كجائي،
چرا زما نيائى.
مفاعيلن / فعولن /
/ ——v/——— v



(9) ئەخرەمى مۇخەننەق:

يوق سىنىدەك گۇلچىھرە،
بىرەھمى، بىمىھرى.

مفعولن / مفعولن /
/ — ——/——— —

(10) ئەخرەبى مەھزۇف:

اى يار گرامي
آخر تو كجائي
مفعولُ / فعولن /
/—— v /v ——

2) ھەزەج بەھرىنىڭ ئالتىلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:

(1) مەقبۇز:

بۇ سەرىغە گۇزەر قىلىپ قاشىمغە يەت،
مېنىڭ سەرى نەزەر قىلىپ تەرەھھۇم ئەت.

مفاعلن / مفاعلن / مفاعلن /
/ — v—v / — v—v / —v—v

(2) مەقسۇر:

ئونۇتماغىل كى، تا ھەجر ئەتتى بىداد،
مېنى بىر نامە بىرلە قىلمەدىڭ ياد.

مفاعيلن / مفاعيلن / مفاعيل /
/~ —v /———v /———v

(3) مەھزۇف:

يەنە كۆز ئۆيىدە مەئۋا قىلىپسىن،
كۇنگۇل كاشانەسىدە جا قىلىپسىن.

مفاعيلن / مفاعيلن / فعولن /
/——v/———v/ ———v

**(4) مەقبۇز، ئارۇز ۋە زەرب سالىم:** (يەنى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى رۇكنى مەقبۇز، ئاخىرقى رۇكنى سالىم)

كەرەم قىلىپ بۇ سارىغە گۇزەر قىلغىل،
مېنىڭ سەرى تەرەھھۇم ئېت نەزەر قىلغىل.

مفاعلن / مفاعلن / مفاعيلن /
/— — — V/— V — V/ — V — V

**(5) مەقبۇز، ئارۇز ۋە زەرب مەقسۇر:**

قەنى سېنىگە مېنىڭ كەبى ۋەفادار،
قەنى مېنگە سېنىڭ كەبى جەفادار.

مفاعلن / مفاعلن / مفاعيل /
/ ~ — V/— V — V/— V — V

**(6) مەقبۇز، ئارۇز ۋە زەرب مەھزۇف:**

قەرا كۆزۇم بۇ سارىغە گۇزەر قىل،
تەرەھھۇم ئېت مېنىڭ سەرى نەزەر قىل.

مفاعلن / مفاعلن / فعولن /
/ — — V/— V — V/— V — V

**(7) ئەخرەبى مەقبۇز:** (يەنى ئالدىنقى رۇكنى ئەخرەب، ئىككىنچى ۋە ئۇچىنچى رۇكنى مەقبۇز).

هەر كىمكى ۋەفا قىلۇر، ۋەفا كۆرەر،
هەر كىمكى جەفا قىلۇر، جەفا كۆرەر.

مفعولُ / مفاعلن / مفاعلن /
/ — V — V/— V — V/V — —

**(8) مەكفۇفى مەقبۇز:**

يەنە كۆز ئۆيىدە يار ۋەتەن قىلۇر،
كۆڭۈل ئۆيىنى گۇلزارۇ چەمەن قىلۇر.

مفاعيلن / مفاعيلُ / مفاعلن /
/ — V — V/V — — V/— — — V

**(9) مەكفۇفى مەقسۇر:**



بەسى مايىلى ئەغيارسېن ئەي يار،
دىلازارۇ جەفاكارسېن ئەي يار.

مفاعيلُ / مفاعيلُ / مفاعيل /
/ ~ — V/V — — V/V — — V

**(10) مەكفۇفى مەھزۇف:**

مېنى دىلشۇدەغە يار كېرەكتۇر.
ۋەلى يارى ۋەفادار كېرەكتۇر.

مفاعيلُ / مفاعيلُ / فعولن /
/ — — V/V — — V/V — — V

**(11) سەدرى ئەخرەب، ھەشۋى مەقبۇز، ئارۇزى سالىم:** (يەنى بىرىنچى رۇكنى ئەخرەب، ئىككىنچى رۇكنى مەقبۇز، ئۇچىنچى رۇكنى سالىم)

باغ ئىچرە چۇ گەرم بولدى بازارىڭ،
يۇز ۋەجھ ئىلە بولدى گۇل خەرىدارىڭ.

مفعولُ / مفاعلن / مفاعيلن /
/— — — V/— V — V/ V — —

**(12) سەدرى ئەخرەب، ھەشۋى مەكفۇف، ئارۇزى سالىم:**

ئەي ھۆسنى جەھان ئىچرە بەلا سالغان،
قەتل ئېتكەلى خەلق ئۇزرە سەلا سالغان.

مفعولُ / مفاعيلُ / مفاعيلن /
/— — — V/V — — V/ V — —

**(13) سەدرى ئەخرەم، ھەشۋى ئەشتەر، ئارۇزى سالىم:**

كەلگىل كىم ھەجر ئەرا ھەزىندۇرمەن،
ئىشقىڭدىن غەمغە ھەمنىشىندۇرمەن.

مفعولن / فاعلن / مفاعيلن /
/ — — — V/ — V — / — — —

**(14) ئەخرەمى ئەشتەرى مەقسۇر:** (يەنى بىرىنچى رۇكنى ئەخرەم، ئىككىنچى رۇكنى ئەشتەر، ئاخىرقى

رۇكنى مەقسۇر)

ھىجرانىڭ قىلدى بىزنى ئەفگار،
دەرمانىم ۋەسل ئېرۇر كېل ئەي يار.
مفعولن / فاعلن / مفاعيل /
/ ~— V/— V —/— — —

**(15) ئەخرەمى ئەشتەرى مەھزۇف:**

ئەي مەھۋەش كېلكى زاردۇرمەن،
ھەجرىڭدىن بىقەراردۇرمەن.
مفعولن / فاعلن / فعولن /
/— — V/— V —/— — —/

**(16) ئەخرەبى مەقبۇزى مەقسۇر:** (يەنى بىرىنچى رۇكنى ئەخرەب، ئىككىنچى رۇكنى مەقبۇز، ئاخىرقى رۇكنى مەقسۇر)

يۈز كۆرسەتىپ ئۆلتۈرۈرسەن ئەي ئاي،
يوق سەن كەبى خودنەمايى خۇداي.
مفعولُ / مفاعلن / مفاعيل /
/ ~— V/— V — V/V— —

**(17) ئەخرەبى مەقبۇزى مەھزۇف :**

سەنسىز مەنگە ئۆمرۈ جان كېرەكمەس،
ھەجرىڭ ئەرا خانۇمان كېرەكمەس.
مفعولُ / مفاعلن / فعولن /
/ — — V/— V — V/V — —

**(18) ئەخرەبى مەكفۇفى مەقسۇر:**

ئەي يار مېنى قىلما دىلەفگار،
زىنھار مېنى قىلما دىلەفگار.
مفعولُ / مفاعيلُ / مفاعيل /
/ ~— V/V— — V/V — —



**(19) ئەخرەبى مەكفۇفى مەھزۇف:**

قەد گەر بۇدۇر ئەي سەرۋۇ سەناۋبەر،
تۇۋبى سەنگە بىر بەندىئۇ چاكەر.
مفعولُ / مفاعيلُ / فعولن /
/ — — V/V — — V/V — —

**3) ھەزەج بەھرىنىڭ سەككىزلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:**

**(1) ئارۇز ۋە زەربى مەقسۇر:** (يەنى ئاخىرقى رۇكىنلىرى مەقسۇر)

يۈزۈڭ ئۆزە قەرا زۇلفىڭ نەدۇر بىل ئەي دىلەفرۇز،
يىلانى گەنج ئۆزرە ياتىپ ئانى ساخلار شەبۇ رۇز.
مفاعيلن / مفاعيلن / مفاعيلن / مفاعيل /
/ ~ — V/— — — V/— — — V/— — — V

**(2) ئارۇز ۋە زەربى مەھزۇف:**

تەكەللۇف ھەر نېچە سۈۋرەتتە بولسا ئاندىن ئارتۇق،
ئەنى جان دېرلەر ئەمما بىتەكەللۇف جاندىن ئارتۇق.
مفاعيلن / مفاعيلن / مفاعيلن / فعولن /
/ — — V/— — — V/— — — V/— — — V

**(3) بىر رۇكنى سالىم، بىر رۇكنى مەقسۇر:**

قەدىڭ سەرۋى خىرامان، خەدىڭ ماھى دىلەفرۇز،
ۋىسالىڭ جانغە ئارام، غەمى ھەجرىڭ جەھان سۇز.
مفاعيلن / مفاعيل / مفاعيلن / مفاعيل /
/~ — V/— — — V/— — V/— — — V

**(4) بىر رۇكنى سالىم، بىر رۇكنى مەھزۇف:**

كۆزۈڭدەك بارمۇ نەرگىس، يۈزىڭدەك بارمۇ گۈلشەن،
ئەشكىڭدەك بارمۇ نەسرىن، قەدىڭدەك بارمۇ سەۋسەن؟
مفاعيلن / فعولن / مفاعيلن / فعولن /
/— — V/— — — V/— — V/— — — V

**(5) مەقبۇز:** (يەنى ئاخىرقى رۇكنى مەقبۇز)

سېنىڭچە كىمدەدۇر سەفا، سېنىڭچە كىمدەدۇر بەلا،
مېنىڭچە كىم قىلۇر ۋەفا، مېنىڭچە كىم چېكەر جەفا؟

مفاعيان / مفاعيلن / مفاعيلن / مفاعلن /
/— v—v/———v/———v/———v

**(6) بىر رۇكنى مەقبۇز، بىر رۇكنى سالىم:**

قاشىغە بارغەلى كۆڭۈل، ئۆزىگە كەلمىدى نېتەي،
يۈزىگە تۇشكەلى كۆزۈم، كۆزىگە ئىلمەدى ئۇل ئاي.

مفاعلن / مفاعيلن / مفاعلن / مفاعيلن /
/— ——v/—v—v/———v/—v—v

**(7) بىر رۇكنى مەقبۇز، بىر رۇكنى مەھزۇف:**

ۋەفانى كەم بىلۇرسەن، سېنىڭ بىلە نېتەي مەن،
جەفانى كۆپ قىلۇرسەن، باشىم ئالىپ كېتەي مەن.

مفاعلن / فعولن / مفاعلن / فعولن /
/ ——v/—v—v/——v/—v—v

**(8) بىر رۇكنى مەقبۇز، بىر رۇكنى مۇخەننەق:**

مېنىڭ غەمىم بىلمەيسەن، سېنىڭ بىلە نېتگۈمدۇر،
جەفانى كەم قىلمەيسەن، باشىم ئالىپ كېتگۈمدۇر.

مفاعلن / مفعولن / مفاعلن / مفعولن /
/ ———/—v—v/———/—v—v

**(9) مەكفۇف، ئارۇز ۋە زەربى سالىم:** (يەنى ئالدىنقى ئۈچ رۇكنى مەكفۇف، ئاخىرقى رۇكنى سالىم)

كەل ئەي ساقىيى گۈلرۇي كىتور، بادەيى گۈلرەنگى،
ئۇزۇڭ ئىچ، مەنگە ھەم قۇي، كۆتەر ساز قىلىپ چەنگى.

مفاعيلُ / مفاعيلُ / مفاعيلُ / مفاعيلن /
/ ———v/v——v/v——v/v——v

**(10) مەكفۇفى مەقسۇر:** (يەنى ئالدىنقى ئۈچ رۇكنى مەكفۇف، ئاخىرقى رۇكنى مەقسۇر)



كېل ئەي ساقىيى گۈلرۇي كىتۇر، بادەيى گۈلرەنگ،
ئۇزۇڭ ئىچ، مەنگە ھەم قوي، كۆتەر ساز قىلىپ چەنگ.

مفاعيلُ / مفاعيلُ / مفاعيلُ / مفاعيل /
/~ —v/v——v/v——v/v——v

**(11) بىر رۇكنى مەكفۇف، بىر رۇكنى سالىم:**

يۈزى بىرلە ئۇل ئاي قەددى بىرى سەرۋۇ بىرى لالە،
خەتى بىرلە ئەنىڭ ھەددى بىرى ماھۇ بىرى ھالە.

مفاعيلُ / مفاعيلن / مفاعيلُ / مفاعيلن /
/ ———v/v——v/———v/v——v

**(12) بىر رۇكنى مەكفۇف، بىر رۇكنى مۇخەننەق[1]:**

قەنى سەنچە دىلدارى، قەنى مەنچە دىلدادە،
قەنى سەن كەبى سەركەش، قەنى مەنچە ئۇفتادە؟

مفاعيلُ / مفعولن / مفاعيلُ / مفعولن /
/ ———/v——v/———/v——v

**(13) بىر رۇكنى مەكفۇف، بىر رۇكنى مەھزۇف:**

كۆزۈڭدەك قەنى نەرگىس، يۈزۈڭدەك قەنى گۈلشەن،
ئېڭىڭدەك قەنى نەسرىن، قەدىڭدەك قەنى سەۋسەن؟

مفاعيلُ / فعولن / مفاعيلُ / فعولن /
/ ——v/v——v/——v/v——v

**(14) بىر رۇكنى مەكفۇف، بىر رۇكنى ئەشتەر:**

تەنىم بولدى مۇيدەك، بېلىڭنىڭ فىراقىدىن،

---

[1] مۇخەننەق (مخنق) «مفاعيلن» رۇكنىنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنى قىسقارتىشنى كۆرسىتىدۇ. «مفاعيلن» نىڭ بىرىنچى بوغۇمى قىسقارتىلسا، «فاعيلن» قالىدۇ. ئۇنى ئۆزى بىلەن ۋەزىنداش بولغان بىرلىككە كەلگەن رۇكنىغا ئۆزگەرتكەندە «مفعولن» گە توغرا كېلىدۇ. «مفعولن» ئەگەر بېيىتنىڭ ھەشۋى ۋە ئارۇزى بىلەن زەربى (ئوتتۇرا ۋە ئاخىرىدىكى رۇكنىلار) دە كەلسە، «مۇخەننەق» نامى بىلەن، بېيىتنىڭ سەدرى ۋە ئىپتىداسى (بېشىدىكى رۇكنىلار) دا كۆرۈلسە، «ئەخرەم» نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.

كۆزۈم ياشى جۇيدەك، يۇزۇڭ ئىشتىياقىدىن.
مفاعيلُ / فاعلن / مفاعيلُ / فاعلن /
/ — v — /v — — v/ — v — /v — — v

**(15) مەكفۇفى ئەخرەبى ئەبتەر:** (يەنى ئالدىنقى رۇكنىنى مەكفۇف، ئوتتۇرىدىكى ئىككى رۇكنىنى ئەخرەب، ئاخىرقى رۇكنىنى ئەبتەر)

خەيال ئېتسەم، ئۇل بېلنى هال ئېلتەدۇر،
مېنى بېلى سەرى خەيال ئېلتەدۇر.
مفاعيلُ / مفعولُ / مفعولُ / فع /
/ — /v — — /v — — /v — — v

**(16) ئەخرەمى مۇخەننەقى ئەخرەب، ئارۇز ۋە زەربى سالىم:** (يەنى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى رۇكنىلار ئوخشاشلا «مفعولن» شەكلىدە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن رۇكنىلارنىڭ ئورنى ئوخشىمىغاچقا، سەدر رۇكنىدىكىسى ئەخرەم نامى بىلەن، ئىككىنچى رۇكنىدىكىسى مۇخەننەق نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇ ئۆرنەكنىڭ ئۈچىنچى رۇكنى ئەخرەب شەكلىدە ۋە ئاخىرقى رۇكنى سالىم شەكلىدە بولىدۇ.)

كىم بولغاي بىر سەندەك ئالەمدە پەرى رۇيى،
بىدەردى، بىمېهرى، بىرەھمى، جەفاجۇيى.
مفعولن / مفعولن / مفعولُ / مفاعيلن /
/ — — — v/v — — /— — — /— — —

**(17) ئەخرەمى مۇخەننەق:**

كىم كۆردى بىر سەندەك ئالەمدە گۈلچېهرنى،[1]
بىدەردې، بىرەھمې، بەدخۇيو بەدمېهرنى.
مفعولن / مفعولن / مفعولن / مفعولن /
/ — — — /— — — /— — — /— — —

**(18) بىر رۇكنىنى ئەخرەم، بىر رۇكنىنى سالىم:**

[1] بۇ يەردە «چېهر» بىلەن «مېهر» سۆزى بىر ئاددىي ئۇزۇن بوغۇم دەپ قارالغان.



تا ئالدى كۆڭۈللەرنى ئۇل يۈز بىلە ئۇل گېسۇ،
كۆندۈز ئەلگە نە ئارام، كېچە ئەلگە نە ئۇيقۇ.
مفعولن / مفاعيلن / مفعولن / مفاعيلن /
/ — — — v/ — — — /— — — v/ — — —

**(19) ئەخرەبى مۇسەببەغ:**

سەدقەڭ بولۇبان ئۇرماق بۇ گۈندبەدى ئەھزەر چەرخ،
قەسرىڭغە دەۋر[1] ئۇرغاندەك بىر سەبز كەبۇتەر چەرخ.
مفعول ُ/ مفاعيلن / مفعولُ / مفاعيلان /
/~ — — v/v — — /— — — v/v — —

**(20) بىر رۇكنىنى ئەخرەب، بىر رۇكنىنى سالىم:**

تا ئالغەلى كۆڭلۈمنى ئۇل يۈز بىلە ئۇل گېسۇ،
كۈندۈز مەنگە نە ئارام، كېچە مەنگە نە ئۇيقۇ.
مفعولُ / مفاعيلن / مفعولُ / مفاعيلن /
/ — — — v/v — — /— — — v/v — —

**(21) ئەخرەبى مەكفۇف ، ئارۇز ۋە زەربى سالىم:** (يەنى بىرىنچى رۇكنىنى ئەخرەب، ئوتتۇرىدىكى رۇكنىلىرى مەكفۇف، ئاخىرقى رۇكنىنى سالىم).

ئارتار مەنگە ھەيرەت گەر ئەنىڭ ھۆسنىغە كۆز سالسام،
ئۇرتار مېنى غەيرەت گەر ئۆتەر چاغدا باقىب قالسام.
مفعولُ / مفاعيلُ / مفاعيلُ / مفاعيلن /
/ — — — v/v — — v/v — — v/v — —

**(22) ئەخرەبى مەكفۇفى مەقسۇر:**

ئەي ئارەزى نەسرىن ساچى سۇنبۇل، قەدى شەمشاد،
بۇلبۇل كەبى ھەجرىڭدە ئىشىم نالەيۇ فەرياد.

[1] «مۇختەسەر» دە مەزكۇر ئۆرنەككە كەلتۈرۈلگەن يۇقىرىدىكى مىسالنىڭ ئىككىنچى مىسراسىدىكى «دەۋر» سۆزىدە بىر بوغۇم ئارتۇق بولۇپ، سەكتە ھېسابلىنىدۇ. ئەسلىدە بۇ سۆز قىسقا بوغۇم بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇنداق بولغاندا شۇ مىسرادىكى «سەبز» سۆزى بىر يېرىم بوغۇم ھېسابلانسا ۋەزنىگە توغرا چۈشەتتى.

مفعولُ / مفاعيلُ / مفاعيلُ / مفاعيل /
/~ — v/v — — — v/v — — — v/v — —

**(23) ئەخرەبى مەكفۇفى مەھزۇف:**

ياز بولدىيۇ بولدى يەنە جەننەت كەبى، يازى،
خۇش ئۇل كىشىكىم ئەيش ئىلە ئۆتگەي قىشۇ يازى.

مفعولُ / مفاعيلُ / مفاعيلُ / فعولن /
/ — — v/v — — — v/v — — — v/v — —

**(24) بىر رۇكنى ئەخرەب ، بىر رۇكنى مەقسۇر :**

ئەي يارى جەفاكار گاھى مېنى قىل ياد،
ھەجرىڭدە غەمىم بار ۋەسلىڭ بىلە قىل شاد.

مفعولُ / مفاعيل / مفعولُ / مفاعيل /
/~ — v/v — — / — — v/v — —

**(25) ئەخرەبى مەھزۇف:**

ئىشقىدە بارىبتۇر ئارامۇ قەرارىم،
قىلغەيمۇ تەرەھھۇم ھالىمغە نىگارىم.

مفعولُ / فعولن / مفعولُ / فعولن /
/ — — v/v — — / — — v/v — —

**(26) ئەخرەبى ئەخرەمى مەجبۇب:**

قەد بىرلە شەمشاد، يۈز بىرلە گۇل،
كۆز بىرلە مەھمۇر، سۆز بىرلە مول.

مفعولُ / مفعولُ / مفعولُ / فع /
/ — /v — — /v — — /v — —

**(27) ئەخرەب ، ئارۇز ۋە زەرب سالىم:**

قەد بىرلە شەمشاد يۈز بىرلە ئېرۇرسەن گۇل،
كۆز بىرلە مەھمۇرو، سۆز بىرلە ئېرۇرسەن مول.

مفعولُ / مفعولُ / مفعولُ / مفاعيلن /
/ — — — v/v — — /v — — /v — —

**(28) بىر رۇكنى ئەخرەب ، بىر رۇكنى مۇخەننەق:**



جانىمدەدۇر يادى، كۆڭلۈمدەدۇر فىكرى،
جىسمىمدەدۇر داغى، ئاغزىمدەدۇر زىكرى.

مفعولُ / مفعولن / مفعولُ / مفعولن /
/ — — — /v — — / — — — /v — —

**(29) ئەخرەب ، ئارۇز ۋە زەربى مۇخەننەق:**

قەد بىرلە شەمشاد يۈز بىرلە گۇلسەن، سەن،
كۆز بىرلە مەھمۇرو، سۆز بىرلە مولسەن، سەن.

مفعولُ / مفعولُ / مفعولُ / مفعولن /
/ — — — /v — — /v — — /v — —

**(30) بىر رۇكنى ئەخرەب ، بىر رۇكنى مەقبۇز:**

ئەي يار تەرەھھۇم ئېت ھالىمغە نەزەر قىلىب،
كى گاھ قاشىمغە يات بۇ سارى گۇزەر قىلىب.

مفعولُ / مفاعلن / مفعولُ / مفاعلن /
/ — v — v/v — — / — v — v/v — —

**(31) بىر رۇكنى ئەخرەب، بىر رۇكنى ئەشتەر:**

بابۇرنى ئۇل پەرى دىۋانە ئەيلەدى،
ئالەمنىڭ ئەھلىغە ئەفسانە ئەيلەدى.

مفعولُ / فاعلن / مفعولُ / فاعلن /
/ — v — /v — — / — v — /v — —

**(32) ئەخرەبى مەقبۇز، مۇخەننەق، ئارۇز ۋە زەربى سالىم:**

ئەي يار تەرەھھۇم ئېت ھالىمغە نەزەر ئەيلەپ،
كى گاھ قاشىمغە يېت بۇ سارى گۇزەر ئەيلەپ.

مفعولُ / مفاعلن / مفعولن / مفاعيلن /
/ — — — v/ — — — / — v — v/v — —

**(33) ئەخرەب ، ئارۇز ۋە زەرب مەقبۇز:**

ئەي يار نەزەر ئەيلەپ ھالىمغە تەرەھھۇم ئېت،
بۇ سارى گۇزەر ئەيلەپ كى گاھ قاشىمغە يېت.

مفعولُ / مفاعيلن / مفعولُ / مفاعلن /

/ — v — v/v — —/— — — v/v — —

**(34) ئەخرەب ، ئاروُز ۋە زەرب مەقسۇر:**

هەجرىڭدە مېنى قويما تەڭرى ئۈچۈن ئەي يار،
بۇ هەجر بەلاسىدىن مەن خەستەنى قۇتقار.
مفعولُ / مفاعيلن / مفعولُ / مفاعيل /
/ ~ — v/v — —/— — — v/v — —

**(35) ئەخرەب ، ئاروُز ۋە زەرب مەهزۇف:**

ئۈمىدى ۋىسالىڭدىن گەر بولمەسە ئەي ئاي،
هەجرىڭ ئەلەمى ئىچرە يۈز مەن كەبى ئۆلگەي.
مفعولُ / مفاعيلن / مفعولُ / فعولن /
/ — — v/v — —/— — — v/v — —

**(36) بىر رۇكنى ئەشتەر، بىر رۇكنى سالىم:**

غافىل ئۆلمە، ئەي ساقى، گۈل چاغىن غەنىمەت تۇت،
ۋەقتى ئەيش ئېرۇر باقى، ئال چاغىر، كېتۇر بات تۇت.
فاعلن / مفاعيلن / فاعلن / مفاعيلن /
/ — — — v/— v —/— — — v/— v —

**(37) بىر رۇكنى ئەشتەر، بىر رۇكنى مەقبۇز:**

غافىل ئۆلمە، ئەي يىگىت، گۈل چاغىنى خۇش كېچۇر،
ۋەقتى ئەيش ئېرۇر باقى، ئىچ، دەغى مەنگە ئىچۇر.
فاعلن / مفاعلن / فاعلن / مفاعلن /
/ — v — v/— v —/— v — v/— v —

**(38) بىر رۇكنى ئەشتەر، بىر رۇكنى مەكفۇف:**

سەن كەبى جەفاكار قىلمەدى كىشى يار،
مەن كەبى ۋەفادار بىلمەدى كىشى زار.
فاعلن / مفاعيلُ / فاعلن / مفاعيلُ[1] /

---

[1] بۇنداق ئۆرنەكلەرنىڭ ئاخىرقى رۇكنى ئادەتتە «مفاعيل» شەكلىدە «مەقسۇر» دەپ ئاتىلىشى ۋە «v — ~» شەكلىدە ئىپادىلىنىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، «مۇختەسەر» دە يۇقىرىدىكىدەك ئاتالغان.



/ v — — v/— v —/v — — v/— v —

**(39) بىر رۇكنى ئەشتەر، بىر رۇكنى مۇخەننەق:**

قەندەدۇر بىر سەندەك دەهر ئەرا گۈلچېهرە،
بىۋەفا، بىدەردى، پۇرجەفا، بەدمېهرى.
فاعلن / مفعولن / فاعلن / مفعولن /
/ — — —/— v —/— — —/— v —

**(40) بىر رۇكنى ئەشتەر، بىر رۇكنى مەهزۇف:**

قەندەدۇر سەندەك دەهر ئەرا بەلايى،
فىتنەيى زەمانى، ئافەتى خۇدايى.
فاعلن / فعولن / فاعلن / فعولن /
/ — — v/— v —/— — v/— v —

**(41) مەجبۇبى ئەشتەر:**

تەئەللۇق ئەلايىق بىلە قالمەدى،
ئىشىم بۇ خەلايىق بىلە قالمەدى.
فعل / فاعلن / فاعلن / فاعلن /
/ — v —/— v —/— v —/— v

هەزەج بەهرى مەيلى پارس ـ تاجىك شېئىرىيىتى ياكى تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە بولسۇن ئوخشىمىغان شېئىرىي شەكىللەردە كۆپ ئۇچرايدىغان ۋەزىن تۈرى بولغاندىن سىرت، يەنە پارس ـ تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە ناهايىتى كەڭ ئومۇملاشقان شېئىرىي شەكىللەرنىڭ بىرى بولغان رۇبائىي شەكلىنىڭمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئاساسىي ۋەزنى هېسابلىنىدۇ. رۇبائىينىڭ ۋەزنى هەزەج بەهرىنىڭ ئاساسىي رۇكنى بولغان «مفاعيلن» نىڭ ئەخرەب «مفعولُ» ۋە ئەخرەم «مفعولن» زىهافلىرىدىن بارلىققا كېلىدۇ. رۇبائىي شەكلى ۋە ئۇنىڭ ۋەزنى پارس ـ تاجىك نەزەرىيەچىلىرىنىڭ خاس ئىختىرالىرىدىن بولۇپ، كېيىنچە ئۇ شۇ شەكىلدە ئەرەب شېئىرىيىتىگىمۇ قوبۇل قىلىنغان. تارىخىي مەنبەلەردە

ئوتتۇرا ئەسىر پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى ئەبۇ ئەبدۇللاھ رۇدەكى (858 ـــ 941) رۇبائىي شەكلى ۋە ئۇنىڭ دەسلەپكى ۋەزنىي ئۆرنىكىنىڭ ئىجادچىسى دەپ قارىلىدۇ. شەمس قەيس رازىمۇ «ئەل ـ مۇجەم» دە بۇ ھەقتە مەلۇمات بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ دەسلەپكى ئەجەم شائىرلىرىدىن بىرى، مېنىڭچە ئۇ رۇدەكى، ھەزەج بەھرىنىڭ ئەخرەم ۋە ئەخرەب شەكىللىرىدىن بىر يېڭى ۋەزىن ئايرىپ چىققان. بۇ ۋەزىن رۇبائىي ۋەزنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ»[①]. زەھىرىددىن بابۇرمۇ رۇبائىيىنىڭ پارس ـ تاجىك شېئىرىيىتىگە خاس شەكىللەردىن ئىكەنلىكىنى تەستىقلاپ: «بۇ (رۇبائىي شەكلى ۋە ۋەزنى) ئەجەم شۇئەراسىنىڭ مۇختەرە ئاتىدىندۇر»[②] دەپ يازىدۇ. ئۆزبېكىستانلىق ئارۇزشۇناس ئۇممەت تويچىيېف رۇبائىي ۋەزنىنىڭ ئارۇز ئىلمى كەشىپ قىلىنىشتىن ئىلگىرىلا ئىران خەلقلىرى شېئىرىيىتىدە مەۋجۇتلۇقىنى تەكىتلەپ: «رۇبائىي ۋەزنلىرى خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ ئارۇز ھەققىدىكى نەزەرىيەسى يارىتىلىشى (8 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى) دىن ئالدىن ھەم مەۋجۇت ئىدى ۋە ئۇ ۋەزنلەر ئىراندا قوللىنىلغان»[③] دەيدۇ. مەيلى تارىخىي مەنبەلەر ياكى ھازىرقى ئارۇز ئىلمى، ئومۇمەن يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق خەلقلىرى شېئىرىيىتى تەتقىقاتىدا بولسۇن، رۇبائىي شەكلى ۋە ئۇنىڭ خاس ۋەزنىنىڭ دەسلەپ پارس تىللىق خەلقلەر شېئىرىيىتىدە بارلىققا كېلىپ، كېيىن ئەرەب ۋە باشقا خەلقلەر شېئىرىيىتىگە تارقالغانلىقى توغرۇلۇق ئوخشىمىغان قاراشلار ئاساسەن مەۋجۇت ئەمەس.

① شەمس قەيس رازى: «ئەل ـ مۇجەم»، دۇشەنبە، 1991 ـ يىلى نەشرى، 95 ـ بەت.
② زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «مۇختەسەر»، تاشكەنت، 1971 ـ يىلى نەشرى، 66 ـ بەت.
③ ئۇممەت تويچىيېف: «ئۆزبېك پوئېزىيەسىدە ئارۇز سىستېمىسى»، تاشكەنت، 1985 ـ يىلى نەشرى، 19 ـ بەت.



ئەمما، رۇبائىيدىن ئىبارەت بۇ كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقان شېئىرىي شەكىلنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللىرى توغرۇلۇق بەزى خاتا چۈشەنچىلەر ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن.

رۇبائىي شەكلى 11 — 12-ئەسىرلەرگىچە بولغان ئەدەبىي ـ ئىلمىي مەنبەلەردە كۆپىنچە «تەرانە» (ناخشا، قوشاق)، «دۇبەيتى» (قوش بېيىت ـ تۆتلىك) ناملىرى بىلەن ئۇچرايدۇ. رۇبائىي سۆزى 13 ـ ئەسىردىن كېيىنلا كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغان. كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ «تەرانە»، خېلى بىر مەزگىللەرگىچە «دۇبەيتى» ۋە «رۇبائىي» قاتارلىق ئۈچ ئاتالغۇ ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىلگەن. تۈركىي تىللىق ئەدەبىيات نەزەرىيەچىلىرىدىن نەۋايى: «رۇبائىي ۋەزنىكىم ئەنى ‹دۇبەيتى› ۋە ‹تەرانە› ھەم دېرلەر»[①] دېسە، بابۇر: «بىلگىلكىم، رۇبائىيكىم دۇبەيتى ۋە تەرانە ھەم دېرلەر...»[②] دەپ يازىدۇ. شۇ نەرسىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش كېرەككى، قايسىلا دەۋردىكى نەزەرىيەچىلەرنىڭ شەرھلىرىدە بولمىسۇن، رۇبائىي شەكلىنىڭ دەسلەپتىلا ئۆزىگە خاس ۋەزنىگە ئىگە ئىكەنلىكى ھەم ۋەزنىنىڭ رۇبائىيدا قاپىيە شەكلى، مىسراسى ۋە مۇستەقىل بىر پەلسەپىۋى مەنە ئىپادىلەيدىغانلىقى قاتارلىق خاس ئالاھىدىلىكلەر ئىچىدە ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى شۇنداقلا بەلگىلەنگەن ۋەزىندە يېزىلمىغان تۆتلىكلەرنىڭ رۇبائىي ئەمەس، بەلكى قىتئە ياكى تۆتلىك (دۇبەيتى) دەپ ئاتىلىدىغانلىقى

① «نەۋايى ئەسەرلىرى» («مىزانۇل ـ ئەۋزان»)، تاشكەنت، 1967 ـ يىلى نەشرى، 14 ـ توم، 157 ـ بەت.
② زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «مۇختەسەر»، تاشكەنت، 1971 ـ يىلى نەشرى، 55 ـ بەت.

بىردەك تەكىتلىنىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردىكى نوپۇزلۇق نەزەرىيەچىلەردىن شەمس قەيس رازى «ئەل-مۇجەم» ناملىق ئەسىرىدە رۇبائىي ۋەزنىنىڭ دەسلەپ غەزنە شەھىرى ئەتراپىغا سەيلىگە چىققان بىر شائىر (كۆپىنچە مەنبەلەردە بۇ شائىر رۇدەكى دەپ قارىلىدۇ) نىڭ شۇ ئەتراپتا ئويناۋاتقان بىر بالا ئىختىيارىي ھالدا ئىڭىشىپ ئېيتقان «غلتان غلتان همی رود تا بون كو» (غەلتان غەلتان ھەمى رەۋەد تا بۇنى كۇ) دېگەن بىر مىسرا قوشاقتىن يېڭىلىق ھېس قىلىپ، ئۇنى ئارۇز قائىدىلىرى بويىچە ئۆلچەپ، ۋەزىن ۋە قاپىيە شەكلى جەھەتتىن تۇراقلاشتۇرغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتىدۇ. شەمس قەيس رازى يەنە بۇ ۋەزىندىكى شېئىرلارنىڭ خەلق ئىچىدە مەخسۇس ئاھاڭغا ئىگە ئىكەنلىكى ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇنى دائىم چالغۇ ئەسۋابلار بىلەن تەڭكەش قىلىپ، ناخشا قىلىپ ئوقۇيدىغانلىقى ئۈچۈن «تەرانە» نامى بىلەنمۇ ئاتىلىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئۇ ئىككى بېيىتتىن تەركىب تاپىدىغانلىقى ئۈچۈن بەزىدە «دۇبەيتى» نامى بىلەنمۇ ئاتىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتىدۇ①. شەمس قەيس رازى رۇبائىي شەكلىنىڭ ئىچكى ئامىللىرىنى شەرھلەپ: «بىلگىنكى، رۇبائىي مىسرالىرىنىڭ باش رۇكنى يا «مفعولُ» بولىدۇ ۋە ئۇ ئەخرەب نامى بىلەن ئاتىلىدۇ، يا «مفعولن» بولىدۇ ۋە ئۇ ئەخرەم نامى بىلەن ئاتىلىدۇ... رۇبائىي جەمئىي 24 خىل ۋەزىنگە ئىگە بولۇپ، بۇنىڭدىن 12 سىنىڭ باش رۇكنى ئەخرەب ۋە يەنە 12 سىنىڭ باش رۇكنى ئەخرەمدۇر»② دەپ يازىدۇ. بۇ سۆزدىن مەلۇمكى، ۋەزىن رۇبائىينىڭ ئەڭ

① شەمس قەيس رازى: «ئەل-مۇجەم»، 96-97-بەتلەر.
② شەمس قەيس رازى: «ئەل-مۇجەم»، 97-بەت.



مۇھىم ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

رۇبائىينىڭ 24 خىل ۋەزىنگە ئىگە ئىكەنلىكى تارىختىكى بارلىق ئارۇزچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بىردەك مۇنازىرىسىز تەكىتلەنگەن خاس تەرەپلەرنىڭ بىرى. بۇ ۋەزىنگە توغرا كەلمىگەن تۆتلىكلەر رۇبائىي ھېسابلانمىغان. شۇ جۈملىدىن تۈركىي تىللىق ئارۇزچىلارمۇ بۇ نۇقتىغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە رۇبائىينىڭ ۋەزنىي تەلىپىگە رىئايە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشقان، ھەتتا زەھىرىددىن بابۇر ئۆزىنىڭ «بابۇرنامە» ناملىق ئەسىرىدە نەۋايىنىڭ رۇبائىي ۋەزنى ھەققىدىكى بەزى خاتالىقلىرىنى تەنقىدلەپ مۇنداق يازىدۇ: «... يەنە ‹مىزانۇل-ئەۋزان› ئاتلىق ئارۇز بىتىبتۇر، بىسيار مەدخۇلدۇر: ‹يىگىرمە تۆرت رۇبائىي ۋەزنىدە تۆرت ۋەزىندە غەلەت قىلىپتۇر›»①. بابۇر يۇقىرىقى سۆزىدە تىلغا ئالغان تۆت خاتالىقنى بىرمۇ بىر كۆرسىتىپ تۈزىتىدۇ. دېمەك، تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى رۇبائىي شەكلىمۇ خۇددى پارس-تاجىك شېئىرىيىتىدە قېلىپلاشتۇرۇلغان 24 خىل ۋەزىن دائىرىسىدە قوللىنىلغان. بۇ نۇقتىنىمۇ زەھىرىددىن بابۇر تەستىقلاپ: «نېچۈككىم، ئەجەم شۇئەراسى رۇبائىي ۋەزنىغە ھەددى مۇئەييەن مۇقەرەر قىلىپتۇرلار، تۈرك فۇسەھاسى ھەم بۇ ۋەزنىغە ھەددى مۇئەييەن مۇقەرەر قىلىپ، ئىككى بەيت ئېيتىپتۇرلار» دەيدۇ②. كىلاسسىك ئارۇزچىلار رۇبائىي شەكلى ئۈستىدە توختالغاندا ئۇنىڭ

① زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «بابۇرنامە»، تاشكەنت، 1960-يىلى نەشرى، 239-بەت.
② زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «مۇختەسەر»، تاشكەنت، 1971-يىلى نەشرى، 89-بەت.

قاپىيە شەكلى ۋە باشقا ئامىللىرى ئەمەس، بەلكى ۋەزنى ئالاھىدىلىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ شەرھلەشكەن. تۈركىي تىللىق كلاسسىك شائىرلارنىڭ رۇبائىيلىرىدىمۇ رۇبائىينىڭ خاس ۋەزنى قائىدىلىرىگە قاتتىق رىئايە قىلىنغان. بۇنىڭغا تارىختىكى ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيىتىدىن ئاز بولمىغان مىساللارنى كەلتۈرۈش مۇمكىن.

بۈگۈنكى ئەدەبىياتشۇناسلىقتىمۇ رۇبائىي شەكلىگە بولغان چۈشەنچىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولغىنى يوق. ئۆزبېكىستانلىق ئەدەبىياتشۇناس ئۇممەت تويچىيېفنىڭ «‹مىزانۇل ئەۋزان› دا كېلتىرىلگەن رۇبائىي ۋەزنلەرىدەگى خەتالار ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدە رۇبائىي شەكلى ئۇنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللىرى تولۇق ئېتىبارغا ئېلىنغان ھالدا مۇنداق تەبىرلىنىدۇ: «مەزمۇنەن ۋە شەكلەن (خۇسۇسەن كامپازىسىيە جىھەتتىدەن) تېزىس (مۇلاھىزە)، ئەنتىتېزىس (مۇلاھىزەگە زىت)، ماددەيى رۇبائىيە ۋە سىنتېز (خۇلەسە) بىرلىكىگە سۆيەنۈۋچى (تايانغۇچى، ئاساسلانغۇچى) مەۋزۇ جىھەتتەدەن چېكلەنمەگەن، ھەياتنى ئەساسەن فەلسەفىي خۇلاسەلەۋچى، پەند ۋە ئىنتېلېكتۇئال (مەنىۋى) تىرەنلىك يېتەكچىلىك قىلۇۋچى، مېترىك (ۋەزنىي) تاماندەن ئارۇزدا، ھەجەز بەھرىنىڭ سالىم رۇكىنلى ۋە ئەخرەم ھەم ئەخرەب زىھافلەرى ئەساسىدە يەسەلگەن (12 تەدەن) 24 ۋەزنىي دائىرەسىدە يازىلگەن، تۈركۈمى ئون بوغۇنلىدەن (بوغۇملۇقتىن) ئون ئۈچ بوغۇنلىگەچە دەۋام ئېتەدىگەن، ئەسلىدە خەلق سىللەبىك (بارماق) سىستېمەسىدەن ئۆزلەشتۈرۈپ ئالىنگەن: aaaa، aaba كەبى 2 خىل قافىيەلەنىش شەكلىگە ئىگە بولگەن تۆرت مىسرالىك



شېئىرگە رۇبائىي دېيىلەدى. جەھان ۋە فارس-تاجىك ئەدەبىياتىدا ئاساسچىسى ئۆمەر ھەييام بولگەن، ئۆزبېك پوئېزىيەسىدە ئەلىشىر نەۋايى ۋە بابۇر مەشھۇر ئېتگەن ۋە بىزدە ئەخرەب تەرماغى فەئاللىگى ئەنىقلەنگەن»[①]. دېمەك، رۇبائىينىڭ ئەخرەم ۋە ئەخرەب زىھافلىرى ئاساسىدىكى 24 ۋەزنىدە بولۇشى بۇ شېئىرىي شەكىلنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان شەرتىدۇر.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئالماي بولمايدۇكى، ئېلىمىزدە ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، باشقا ساھەلەر قاتارىدا شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىمۇ مىسلىسىز دەرىجىدە روناق تېپىپ، بۇ ساھەدە ئاز بولمىغان نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. شۇنداقتىمۇ ئەدەبىيات ساھەسىدە تېخى تولۇق ھەل قىلىنمىغان نەزەرىيەۋى مەسىلىلەر ئاز ئەمەس. جۈملىدىن ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ شېئىرىيىتىدە كەڭ ئومۇملاشقان رۇبائىي شەكلىگە بولغان چۈشەنچىدە مۇجمەللىك خېلىلا چېلىقارلىق بولۇپ، رۇبائىي شەكلىگە بولغان ئەنئەنىۋى قاراشلاردىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. ئالدى بىلەن بىز ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكىدە رۇبائىي شەكلىگە بېرىلگەن تۆۋەندىكى تەبىرگە قاراپ باقايلى: «رۇبائىي تۆتلىك شەكلىدۇر، تۆتلا مىسرادىن تۈزۈلۈپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر پەلسەپىۋى ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەپ بەرگەن شېئىر شەكلى رۇبائىي دەپ ئاتىلىدۇ...

① ئۇممەت تويچىيېف: «‹مىزانۇل-ئەۋزان› دا كېلتىرىلگەن رۇبائىي ۋەزنلەرىدەگى خەتالار ھەققىدە»، ئۆزبېكىستان «ئەدەبىيات-سەنئەت» ژۇرنىلى، 1987-يىللىق 2-سان.

قاپىيە تۈزۈلۈشى جەھەتتىن رۇبائىيلار كۆپرەك 1-، 2-، 4- مىسرالار ئۆز ئالدىغا بىر خىل قاپىيە بولۇپ، 3-مىسرا ئوچۇق (قاپىيەسىز) قالدۇرۇلىدۇ»[1]. ھاجى ئەخمەت ئەپەندىمۇ ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىدە رۇبائىي شەكلىنى ئەينەن يۇقىرىدىكى مەنىدە تەبىرلەپ مۇنداق يازىدۇ: «رۇبائىي تۆتلىك شەكىلدۇر. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى شۇكى، رۇبائىينى تەشكىل قىلغان ھەر بىر تۆتلىك مۇستەقىل، بىر پۈتۈن پىكىرگە ئىگە بولىدۇ... رۇبائىيدا شائىر ئۆز پىكىر ۋە تەسىراتلىرىنىڭ خۇلاسىسىنى بايان قىلىدۇ، شۇڭا، ھەجمى چوڭ بولمايدۇ. ئۇنىڭ كۆپرەك ئۇچرايدىغان تۈرىنىڭ 1-، 2-، 4- مىسرالىرى بىر خىل قاپىيەدە بولۇپ، 3-مىسراسى ئوچۇق قالدۇرۇلىدۇ، يەنى 3-مىسراسىنىڭ قاپىيەسى قالغان 3 مىسرانىڭ قاپىيەسىگە بېقىنمايدۇ»[2]. ئېنىقكى، يۇقىرىدىكى ئاپتورلارنىڭ ھېچقايسىسى رۇبائىي شەكلىنىڭ ئەزەلدىنلا مەخسۇس ۋەزنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپمۇ قويۇشمىغان. بۇ ئاددىيغىنە تەبىرلەردىن ئاپتورلارنىڭ نەزەرىيەۋى مەسىلىلەرگە بولغان بىپەرۋالىقىلا ئەمەس، بەلكى، ئۇلارنىڭ رۇبائىي شەكلىنىڭ ئىچكى - تاشقى ئامىللىرىنى تولۇق چۈشەنمىگەنلىكىمۇ ئېنىق چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە رۇبائىي شەكلىنى 3-مىسراسى قاپىيەدىن ئازاد بولغان ئاددىي تۆتلىك سۈپىتىدە شەرھلەش يېقىنقى

[1] ئابلەت ئۆمەر، سالى خۇدابەردى قاتارلىقلار تۈزگەن «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى» (ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1984-يىلى نەشرى، 218-بەت.

[2] ھاجى ئەخمەت: «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982-يىلى نەشرى، 180-بەت.



يىللاردىن بۇيان خېلىلا ئومۇملاشقان ئادەتكە ئايلاندى. بۇ ھال بىزدە بۈگۈنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى رۇبائىي شەكلىدە قەدىمدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان رۇبائىي شەكلىنىڭ قاپىيە شەكلىلا ساقلىنىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ۋەزنى ئېتىباردىن ساقىت قىلىندىمۇ؟ دېگەن ئوينى پەيدا قىلماي قالمايدۇ. بىزنىڭچە ئۇنداق بولغىنى يوق. ئەگەر ئۇنداق بولغاندا بۇ شېئىرىيەتتىكى بىر يېڭىلىق ھېسابلىنىپ، يېڭى بىر نام بىلەن ئاتالماسمىدى؟ بۇنداق قاراشنىڭ پەيدا بولۇشى ھازىرقى تەتقىقاتچى - نەزەرىيەچىلەرنىڭ كىلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس كۈچلۈك نەزەرىيەۋى ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەنمەسلىكىدىن بولۇپ، ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئاددىي تۆتلىكلەرنى رۇبائىي نامى بىلەن ئاتاشتىن باشقا يەنە، مۇتەقارىب بەھرىدە يېزىلغان ۋە رۇبائىي ۋەزنىدىن تامامەن پەرقلىنىدىغان «قۇتادغۇ بىلىك» تىن سۈنئىي رۇبائىيلارنى قۇراشتۇرۇش قىزغىنلىقىنىمۇ بىر مەھەل يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈپ، بىر قىسىم خاتا چۈشەنچىدىكى ماقالىلەرنىڭ يېزىلىشىغىمۇ تۈرتكە بولغانىدى. رۇبائىي شەكلىگە بولغان خاتا چۈشەنچە دەرسلىك كىتابلاردىلا ئەمەس، بەلكى بىر قىسىم ئىلمىي ماقالە، ئەسەرلەردىمۇ خېلى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. بىز يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى «رۇبائىيلار» ھەققىدە يېزىلغان ماقالە ئاپتورلىرىنىڭ رۇبائىي شەكلىگە بولغان چۈشەنچىسىگە قاراپ باقايلى. بۇ ساھەدە خېلى كۆپ ئىزدەنگەن تەتقىقاتچىلىرىمىزدىن بىرى بولغان مەخمۇت زەيدى ئەپەندى ئۆزىنىڭ «‹قۇتادغۇ بىلىك› تىكى رۇبائىيلار توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدە رۇبائىي توغرىسىدا مۇنداق چۈشەنچە بېرىدۇ: «رۇبائىي شەرق

شېئىرىيىتىدە كەڭ قوللىنىلغان ۋە تارقالغان، مەلۇم بەدىئىي ئەنئەنىگە ئىگە بولغان شېئىرىي ژانىرنىڭ بىرى، رۇبائىي ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ۋە مۇقىملىققا ئىگە... رۇبائىينىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ھەر بىر تۆتلىك ئۆز تېمىسى بويىچە مۇكەممەل بىر ئەسەردۇر»①. كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئاپتورنىڭ قارىشىچە، مۇستەقىل بىر پىكىرنى ئىپادىلىگەن ھەرقانداق تۆتلىكنى، ۋەزنىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، رۇبائىي دەپ ئاتاشقا بولىۋېرىدۇ. ئاپتور شۇنداق چۈشەنچىگە ئاساسەن «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى بىر-بىرىنى مەزمۇن جەھەتتىن تولۇقلايدىغان بېيىتلارنى رۇبائىي دەپ ئاتىغاندىن سىرت، يەنە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى:

بولنار مەنى ئولاس كۆز،
قارا مەڭىز قىزىل يۈز.
ئاندىن تامار تۆگەل تۈز،
بولنار يانا ئول قاچار.

دېگەن قوشاقنىمۇ رۇبائىي دەپ ئېلان قىلىپ، ئۇنى تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى رۇبائىينىڭ ئەڭ دەسلەپكى نەمۇنىسى قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. بۇنىڭدىن ئاپتورنىڭ رۇبائىي شەكلىگە ئائىت پەقەت يۈزەكى قاراشقىلا ئىگە ئىكەنلىكىنى، رۇبائىينىڭ پەقەت قىسمەن تاشقى ئالامەتلىرىنىلا تۇتۇۋېلىپ، ئىچكى خۇسۇسىيەتلىرىدىن تامامەن خەۋەرسىزلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

① مەخمۇت زەيىدى: «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىن تەرمىلەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995-يىلى نەشرى، 188-بەت.



يۇقىرىدىكىدەك ئاددىي قاراشنى ئۆلچەم قىلىپ، قەدىمكى مەنبەلەردىن يېڭى رۇبائىيلارنى «كەشىپ» قىلىشقا ئۇرۇنۇشلار ۋە پەقەت مەزمۇندا مۇستەقىل بولۇش ئۆلچەم قىلىنغان ھالدا يېڭى رۇبائىيلارنى ئىجاد قىلىش قاتارلىقلار بۈگۈنكى كۈندە بىر قەدەر ئومۇملاشقان ۋە ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدىغان ئەھۋاللار بولسىمۇ، لېكىن تېمىمىزنىڭ ھەجىم چەكلىمىسى بۇ ئەھۋاللار ئۈستىدە تېخىمۇ تەپسىلىيرەك مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشىمىزگە ئىمكان بەرمەيدۇ. شۇڭا، بىز بۇنداق مۇلاھىزىلەرنى بىر چەتكە قايرىپ، رۇبائىي شەكلىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ۋەزنىي خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرۈپ چىقايلى.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، رۇبائىي 24 خىل تۇراقلاشتۇرۇلغان ۋەزىنگە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئەخرەب ۋە ئەخرەم نامى بىلەن ئون ئىككى ۋەزىندىن ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. بۇ ۋەزىنلەرنىڭ ھەممىسى ھەجەز بەھرىنىڭ سالىم رۇكنى «مفاعيلن» ۋە ئۇنىڭغا خاس 12 زىھافتىن تۆۋەندىكى 9 زىھاف ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ:

(1) خەرب - ئەخرەب (مفعولُ)
(2) خەرم - ئەخرەم (مفعولن)
(3) قەبز - مەقبۇز (مفاعلن)
(4) كەف - مەكفۇف (مفاعيلُ)
(5) ھەتم - ئەھتەم (فعول)
(6) جەب - مەجبۇب (فعل)
(7) شەتەر - ئەشتەر (فاعلن)
(8) بەتر - ئەبتەر (فع)
(9) زۇلەل - ئەزەل (فاع)

رۇبائىي شەكلىنىڭ يۇقىرىدىكى زىھافلاردىن بارلىققا

كېلىدىغان 24 خىل ۋەزنى تۆۋەندىكى تەرزدە ئەخرەب ۋە ئەخرەمدىن ئىبارەت ئىككى تارماقتا بۆلۈنىدۇ:

**1. ئەخرەب تارمىقى:**

1) مفعولُ مفاعلن مفاعيلن فاع/
2) مفعولُ مفاعلن مفاعيلن فع
3) مفعولُ مفاعلن مفاعيلُ فعول
4) مفعولُ مفاعلن مفاعيلُ فَعَل
5) مفعولُ مفاعيلن مفعولُ فعول
6) مفعولُ مفاعيلن مفعولُ فَعَل
7) مفعولُ مفاعيلن مفعولن فاع
8) مفعولُ مفاعيلن مفعولن فع
9) مفعولُ مفاعيلُ مفاعيلن فاع
10) مفعولُ مفاعيلُ مفاعيلن فع
11) مفعولُ مفاعيلُ مفاعيلُ فعول
12) مفعولُ مفاعيلُ مفاعيلُ فَعَل

رۇبائىي شەكلىنىڭ ئەخرەب تۈرىدىكى ئون ئىككى خىل ۋەزنىنى پارس - تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان قەتتان مەرۋەزى (1073— 1154) ھەزەج بەھرىدىن ئايرىپ چىقىپ، ئۇلاردىن بىر زەنجىرسىمان شەجەرىمۇ تۈزۈپ چىققان. بۇ ئون ئىككى ۋەزنىنىڭ ھەممىسىدە باش رۇكىن ئەخرەب زىھافىدىن ياسالغان «مفعولُ» دىن باشلىنىدىغان بولغاچقا، شەجەرىمۇ «ئەخرەب شەجەرىسى» دەپ ئاتالغان. بۇ ئون ئىككى ۋەزىندىكى زىھافلاردىن ئەخرەب دائىم باش رۇكىندا، ئەزەل، ئەھتەم، ئەبتەر ۋە مەجبۇب دائىم ئاخىرقى رۇكىنلاردا، مەقبۇز، مەكفۇف، ئەخرەم (مۇخەننەق) ۋە ئەشتەر قاتارلىقلار ئوتتۇرىدىكى رۇكىنلاردا كۆرۈلىدۇ. قەتتان مەرۋەزىنىڭ يۇقىرىدىكى ئون ئىككى ۋەزىندىن تۈزۈلگەن



«ئەخرەب شەجەرىسى» تۆۋەندىكىدەك شەكىلدىدۇر:



شجرة اخرب    ئەخرەب شەجەرىسى

يۇقىرىدىكى شەجەرىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، ئەخرەب تۈرىدىكى 12 ۋەزىننىڭ باش رۇكىنىنىڭ ھەممىسى «مفاعيلن» نىڭ ئەخرەب شەكلى بولغان «مفعولُ» دىن، بىرىنچى ھەشۋىدىن تۆتى «مفاعيلن» نىڭ مەقبۇز شەكلى بولغان «مفاعلن» دىن، يەنە تۆتى ئۇنىڭ سالىم شەكلىدىن، قالغان تۆتى مەكفۇف شەكلى بولغان «مفاعيلُ» دىن تەركىب تاپىدۇ. ئىككىنچى ھەشۋىدىن تۆتى سالىم رۇكىن «مفاعيلن» دىن، يەنە تۆتى مەكفۇف شەكلى بولغان «مفاعيلُ» دىن، ئىككىسى مۇخەننەق

شەكلى بولغان «مفعولن» دىن، قالغان ئىككىسى ئەخرەب شەكلى بولغان «مفعولُ» دىن تەركىب تاپىدۇ. ئاخىرقى رۇكنىلىرى «مفاعيلن» نىڭ تۆت خىل زىھافىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ھەر بىرى مىسرا تەركىبىدە ئۈچ قېتىمدىن كۆرۈلىدۇ. يەنى ئۇنىڭدىن ئۈچى «مفاعيلن» نىڭ ئەزەل شەكلى بولغان «فاع» دىن، يەنە ئۈچى ئۇنىڭ ئەبتەر شەكلى بولغان «فع» دىن، يەنە ئۈچى ئۇنىڭ ئەھتەم شەكلى بولغان «فعول» دىن، قالغان ئۈچى مەجبۇب شەكلى بولغان «فعل» دىن تەركىب تاپىدۇ. بۇلارنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1) ئىككىنچى رۇكنى مەقبۇز شەكلىدىكى ئۆرنەكلەر:

(1) مفعولُ مفاعلن مفاعيلن فاع
(2) مفعولُ مفاعلن مفاعيلن فع
(3) مفعولُ مفاعلن مفاعيلُ فعول
(4) مفعولُ مفاعلن مفاعيلُ فَعَل

2) ئىككىنچى رۇكنى سالىم شەكلىدىكى ئۆرنەكلەر:

(1) مفعولُ مفاعيلن مفعولُ فعول
(2) مفعولُ مفاعيلن مفعولُ فَعَل
(3) مفعولُ مفاعيلن مفعولن فاع
(4) مفعولُ مفاعيلن مفعولن فع

3) ئىككىنچى رۇكنى مەكفۇف شەكلىدىكى ئۆرنەكلەر:

(1) مفعولُ مفاعيلُ مفاعيلن فاع
(2) مفعولُ مفاعيلُ مفاعيلن فع
(3) مفعولُ مفاعيلُ مفاعيلُ فعول
(4) مفعولُ مفاعيلُ مفاعيلُ فَعَل

رۇبائىي شەكلىنىڭ باشقا شېئىرىي شەكىللەردىن پەرقلىنىدىغان بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ ھەربىر



مىسراسى ئوخشىمىغان ۋەزىنلەردە يەنى يۇقىرىدىكى ئۆرنەكلەرنىڭ قايسىسىدا يېزىلسا بولىۋېرىدۇ. شۇڭا، ئارۇزغا ئائىت ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە يۇقىرىدىكى 12 خىل ۋەزىنگە ئۈچ كۇپلېت رۇبائىيلا مىسال قىلىپ كەلتۈرۈلىدۇ. نەۋائىي بىلەن بابۇرنىڭ رۇبائىي ۋەزىنلىرىگە كەلتۈرگەن مىساللىرىدىمۇ شۇنداق ئىخچاملىقنى كۆرۈش مۇمكىن، ئەمما ھەر بىر ۋەزىن ئۆلچىمىنىڭ ئېنىق بولۇشى ئۈچۈن بىز ھەر بىر مىسرانى ئۆز ۋەزنى بىلەن ئايرىم ھالدا تونۇشتۇرۇشنى توغرا تاپتۇق:

1) ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەب، مەقبۇز، سالىم، ئەزەل:

جان كۆيسە/ مۇھەببەتىڭ/دە سەن بولغىل/ ساغ/
مفعولُ / مفاعلن / مفاعيلن / فاع /
/ ~/— — — v/— v — v/v — —

2) ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەب، مەقبۇز، سالىم، ئەبتەر:

جەۋرىڭنى/ كۆڭۈلگە ئەي/ پەرىۋەش قىل/ بەس/
مفعولُ / مفاعلن / مفاعيلن / فع /
/ — /— — — v/— v — v/v — —

3) ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەب، مەقبۇز، مەكفۇف، ئەھتەم:

ئەي قامە/تى سەرۋۇ لەب/لەرى ئابى/ ھەيات/
مفعولُ /مفاعلن /مفاعيلُ /فعول /
/ ~v /v— — v/— v — v/v — —

4) ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەب، مەقبۇز، مەكفۇف، مەجبۇب:

كىم ئاھۇ/ فىغان ئۆتى/ چېكەر كۆككە/ شەرەر/.

مفعولُ /مفاعلن /مفاعيلُ /فعل /
/ — v /v — — v/ — v — v/v — —

5) هــەزەجى مۇســەمــمەنى ئــەخرەب، ســالىم، ئــەخرەب، ئەھتەم:

ازجعد/ تو گر آرد/ يک شمه/ شمال/[1]
مفعولُ /مفاعيلن /مفعولُ /فعول/
/~ v /v — — / — — — v/v — —

6) هــەزەجى مۇســەمــمەنى ئــەخرەب، ســالىم، ئــەخرەب، مەجبۇب:

ئەي شۇخ/ بىزنىڭ سارى/ بىر ئەيلە/ نەزەر/
مفعولُ/ مفاعيلن /مفعولُ /فعل/
/ — v /v — — / — — — v/v — —

7) هــەزەجى مۇســەمــمەنى ئــەخرەب، ســالىم، مۇخەننــەق، ئەزەل:

ئەي سەندىن/ ئۆلۈپ باغرىم/ ھەم كۆكسۇم/ داغ/
مفعولُ /مفاعيلن/ مفعولن /فاع/
/ ~ / — — — / — — — v/v — —

8) هــەزەجى مۇســەمــمەنى ئــەخرەب، ســالىم، مۇخەننــەق،

---

[1] رۇبائىي ۋەزنىنىڭ ئىككىنچى رۆكنى سالىم بولغان بەزى ئۆرنەكلەرگە «مىزانۇل ـ ئەۋزان» دىمۇ ۋە «مۇختەسەر» دىمۇ دەل جايىغا چۈشىدىغان مىسال يوق. بۇ خىل ئۆرنەكلەردە تۈركىي تىللىرىدا رۇبائىي يېزىلمىغان. سەۋەبى بۇ ئۆرنەكنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى رۆكنلىرىدا بەش ياكى ئالتە ئۇزۇن بوغۇمنىڭ ئارقىمۇئارقا كېلىشى نەتىجىسىدە ئېغىر رىتىم ھاسىل بولۇشىدىن بولسا كېرەك. تۈركىي تىللىق ئارۇزغا ئائىت بەزى ئەسەرلەردە بۇ ئۆرنەكلەرگە سەكتىلىك مىساللار كەلتۈرۈلگەن. بۇ خىل مىساللار ئۆرنەكلەرنىڭ پەرقىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا، بىز بۇنداق ئۆرنەكلەرگە پارسچە مىسال كەلتۈردۇق.



ئەبتەر:

بىر لەھزە/ كۆڭۈل سەنسىز/ ھالىن بىل/مەس/
مفعولُ /مفاعيلن/ مفعولن/ فع/
/ — / — — — / — — — v/v — —

9) هــەزەجى مۇســەمــمەنى ئــەخرەب، مــەكفۇف، ســالىم، ئەزەل:

كۆڭلۇم ئو/تۇ ئۇل ئوتقا/ تۆكۈپ ئەشكىم/ ياغ/
مفعولُ/ مفاعيلُ/ مفاعيلن /فاع/
/ ~ / — — — v/v — — v/v — —

10) هــەزەجى مۇســەمــمەنى ئــەخرەب، مــەكفۇف، ســالىم، ئەبتەر:

ھەيۋان نە/چە زور ئەيلە/سە ئادەم بول/مەس/
مفعولُ /مفاعيلُ/ مفاعيلن/ فع/
/ — / — — — v/v — — v/v — —

11) ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەب، مەكفۇف، ئەھتەم:

ھەجرىڭدە/ قىغانىمغە/ ئۇلۇس نالە/ قىلۇر/
مفعولُ/ مفاعيلُ /مفاعيلُ /فعول/
/ ~v /v — — v/v — — v/v — —

12) ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەب، مەكفۇف، مەجبۇب:

يا قەتل ئى/لە قويمە بۇ/ ھەياتىمغە/ ئەسەر/
مفعولُ /مفاعيلُ/ مفاعيلُ /فعل/
/ — v /v — — v/v — — v/v — —

**2. ئەخرەم تارمىقى:**

1) مفعولن فاعلن مفاعيلن فاع
2) مفعولن فاعلن مفاعيلن فع

3) مفعولن فاعلن مفاعيلُ فعل
4) مفعولن فاعلن مفاعيلُ فعول
5) مفعولن مفعولن مفعولُ فعل
6) مفعولن مفعولن مفعولُ فعول
7) مفعولن مفعولن مفعولن فاع
8) مفعولن مفعولن مفعولن فع
9) مفعولن مفعولُ مفاعيلن فع
10) مفعولن مفعولُ مفاعيلن فاع
11) مفعولن مفعولُ مفاعيلُ فعل
12) مفعولن مفعولُ مفاعيلُ فعول

رۇبائىينىڭ ئەخرەم تارمىقىدىكى ۋەزىنلىرىنىڭ ھەممىسىدە ھەزەج بەھرىنىڭ ئاساسىي رۇكنى بولغان «مفاعيلن» نىڭ ئەخرەم زىھافى باشلامچى رۇكىن قىلىنغاچقا، ئەخرەم نامى بىلەن ئاتالغان. قەتتان مەرۋەزى ئەخرەم شەكلىدىكى بۇ 12 ۋەزىنگە مۇ بىر شەجەرە ئىشلىگەن بولۇپ، ئۇ «ئەخرەم شەجەرىسى» نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. مەزكۇر شەجەرە تۆۋەندىكى شەكىلدە تۈزۈلگەن:





شجرة اخرم    ئەخرەم شەجەرىسى

شەجەرىدىن مەلۇمكى، ئەخرەم تارمىقىدىكى رۇبائىيلارنىڭ باش رۇكنىنىڭ ھەممىسىدە «مفاعيلن»

نىڭ ئەخرەم شەكلى بولغان «مفعولن»، بىرىنچى ھەشۋىدىن تۆتى «مفاعيلن» نىڭ ئەشتەر شەكلى بولغان «فاعلن» دىن، يەنە تۆتى ئۇنىڭ مۇخەننەق شەكلى بولغان «مفعولن» دىن، قالغان تۆتى ئەخرەب شەكلى بولغان «مفعولُ» دىن تەركىب تاپىدۇ. ئىككىنچى ھەشۋىدىن تۆتى سالىم رۇكنى «مفاعيلن» دىن، يەنە تۆتى مەكفۇف شەكلى بولغان «مفاعيلُ» دىن، ئىككىسى مۇخەننەق شەكلى بولغان «مفعولن» دىن، قالغان ئىككىسى ئەخرەب شەكلى بولغان «مفعولُ» دىن تەركىب تاپىدۇ. ئاخىرقى رۇكنىلىرى«مفاعيلن» نىڭ تۆت خىل زىھافىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ھەر بىرى مىسرا تەركىبىدە ئۈچ قېتىمدىن كۆرۈلىدۇ. يەنى ئۇنىڭدىن ئۈچى «مفاعيلن» نىڭ ئەزەل شەكلى بولغان «فاع» دىن، يەنە ئۈچى ئۇنىڭ ئەبتەر شەكلى بولغان «فع» دىن، يەنە ئۈچى ئۇنىڭ ئەھتەم شەكلى بولغان «فعول» دىن، قالغان ئۈچى مەجبۇب شەكلى بولغان «فعل» دىن تەركىب تاپىدۇ. بۇلارنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1) ئىككىنچى رۇكنى ئەشتەر شەكلىدىكى ئۆرنەكلەر:

(1) مفعولن فاعلن مفاعيلن فاع
(2) مفعولن فاعلن مفاعيلن فع
(3) مفعولن فاعلن مفاعيلُ فعل
(4) مفعولن فاعلن مفاعيلُ فعول

2) ئىككىنچى رۇكنى مۇخەننەق شەكلىدىكى ئۆرنەكلەر:

(1) مفعولن مفعولن مفعولُ فعل
(2) مفعولن مفعولن مفعولُ فعول
(3) مفعولن مفعولن مفعولن فاع
(4) مفعولن مفعولن مفعولن فع



3) ئىككىنچى رۇكنى ئەخرەب شەكلىدىكى ئۆرنەكلەر:

(1) مفعولن مفعولُ مفاعيلن فع
(2) مفعولن مفعولُ مفاعيلن فاع
(3) مفعولن مفعولُ مفاعيلُ فعل
(4) مفعولن مفعولُ مفاعيلُ فعول

ئەخرەم شەكلىدىكى رۇبائىي ۋەزىنلىرى مەيلى پارس-تاجىك شېئىرىيىتى ياكى تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە بولسۇن ئەخرەب ۋەزىنلىرىدەك كۆپ قوللىنىلمىغان. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭدىكى ئۇزۇن بوغۇملارنىڭ نىسبەتەن كۆپلۈكىدە بولسا كېرەك. بەزى ئۆرنەكلەردە ئۇزۇن بوغۇملارنىڭ سانى 9-10غىچە يېتىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەم، مۇخەننەق، ئەزەل « مفعولن/ مفعولن/ مفعولن /فاع /» شەكلىدە تامامەن قىسقا بوغۇم يوق. شۇڭا، ئۇنىڭ تەلەپپۇزىمۇ نىسبەتەن ئېغىرراق بولىدۇ.

يۇقىرىدىكى شەجەرە ئۈز ئىچىگە ئالغان 12 ۋەزىننى كونكرېت مىساللار ئارقىلىق كۆرۈپ باقايلى:

1) ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەم، ئەشتەر، سالىم، ئەزەل:

لېكىن يان/دىم يۇزىڭ/نى كۆرمەي، بۇ/ يان/

مفعولن فاعلن مفاعيلن فاع
/~ /— — — v/— v—/— — —

2) ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەم، ئەشتەر، سالىم، ئەبتەر:

ئەيلەرمەن/ يۇز دۇئا/ سېنىڭ سەرى/ دەم/

مفعولن/ فاعلن/ مفاعيلن/ فع/
/ — /— — — v/— v—/— — —

3) ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەم، ئەشتەر، مەكفۇف، مەجبۇب:

تا تېنگرى/ ئەسرەغەي/ خەلايىققە/ سېنى/

مفعولن/ فاعلن/ مفاعيلُ /فعل/
/ —v /———v/—v—/———

4) هەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەم، ئەشتەر، مەكفۇف، ئەھتەم:

گەر بولسا/ بىر زەمان/ مەنگە كامى/ ۋىسال/
مفعولن/ فاعلن/ مفاعيلُ/ فعول/
/ ~ v /v——v/—v—/———

5) هەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەم، مۇخەننەق، ئەخرەب، مەجبۇب:

مىڭ قەتلە/ شۇكرىن/ دىسەم ئاز/ ئېرور
مفعولن/ مفعولن/ مفعولُ/ فعل/
/— v /v——/———/———

6) هەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەم، مۇخەننەق، ئەخرەبى ئەھتەم:

يا رەب، نە/ ئافەتتۇر/ ئۇل ھۆسنۇ/ جەمال/
مفعولن/ مفعولن/ مفعولُ /فعول /
/ ~v / v——/———/———

7) هەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەمى مۇخەننەقى ئەزەل:

ئەي سەنسىز/ ئۇمرىمدىن/ ئاسايىش/ يۇق/
مفعولن/ مفعولن/ مفعولن/ فاع/
/ ~/———/———/———

8) هەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەمى مۇخەننەقى ئەبتەر.

ئەي مەھۋەش/ ئۆتكەي بۇ/ سەركەشلىك/ ھەم/
مفعولن/ مفعولن/ مفعولن/ فع/
/ — /———/———/———

9) هەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەم، ئەخرەب، سالىم، ئەبتەر:

رەھم ئەيلەب/ بۇ قۇلغە/ جەفانى قىل/ كەم/



مفعولن/ مفعولُ/ مفاعيلن/ فع/
/ — /———v/v——/———

10) هەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەم، ئەخرەب، سالىم، ئەزەل:

كۆز ئىستەر/كىم كۆرسە/ جەمالىڭنى/ تۇق/
مفعولن /مفعولُ /مفاعيلن /فاع /
/ ~ /———v/v——/———

11) هەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەم، ئەخرەب، مەكفۇف، مەجبۇب:

كەلگىلكى/ بىر قەتلە/ ئۇزارىڭنى/ كۆرەي/
مفعولن/ مفعولُ /مفاعيلُ /فعل/
/ —v /v——v/v——/———

12) هەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەم، ئەخرەب، مەكفۇف، ئەھتەم:

كىم يوقتۇر/ يار ئىلە/ جەھان ئىچرە/ مىسال/
مفعولن /مفعولُ /مفاعيلُ /فعول/
/ ~v /v——v/v——/———

رۇبائىي شەكلىنىڭ يۇقىرىدىكى 24 ۋەزنى 11- ئەسىردىن ئىلگىرىلا تۇراقلاشتۇرۇلغان بولۇپ، مەيلى پارس-تاجىك شېئىرىيىتى ياكى تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە بولسۇن ئۇنىڭ بىرلىككە كەلگەن قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىش تارىختىن بۇيان بىر خىل ئەنئەنە سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلگەن. ئۇلارنى ئارىلاش ئىشلىتىشكە بولىۋېرىدۇ. يەنى بىر رۇبائىينىڭ تۆت مىسراسىدىن ھەر بىرى يۇقىرىدىكى 24 ۋەزنىدىن خالىغان بىرىدە يېزىلسا بولىۋېرىدۇ. رۇبائىينىڭ قايسىلا ۋەزنى بولمىسۇن، بىر مىسراسى10دىن13 گىچە بوغۇمدىن تەركىب تاپىدۇ. ئەدەبىيات تارىخىدا تونۇلغان

كىلاسسىكلارنىڭ رۇبائىيلىرى يۇقىرىدىكى 24 ۋەزىن ئۆلچىمىدىن چەتنەپ كەتمەيدۇ. پەقەت شىنجاڭدىلا يېقىنقى زامانلاردا بۇ خىل ئەنئەنە مەلۇم دائىرىدە ئۆنتۇلۇپ، ئاددىي تۆتلىكلەر ھەتتا بارماق ۋەزنىدىكى خەلق قوشاقلىرىمۇ رۇبائىي نامى بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات نەزەرىيەسىنىڭ تەدرىجىي ئۇنتۇلۇشقا قاراپ يۈزلىنىشىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئىشىنىمىزكى، كىلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسلىرىنىڭ تەدرىجىي قېزىپ چىقىرىلىشىغا ئەگىشىپ، نەزەرىيەۋى مەسىلىلەرگە بولغان يۇقىرىدىكىدەك يۈزەكى قاراشلارمۇ چوقۇم تۈزىتىلىدۇ.

## 2. رەجەز بەھرى

رەجەز (رجز) سۆزى ئەرەبچىدە «ئىزتىراپ، «ئالدىراشچىلىق، تېزلىك» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئارۇز ئىلمىدە رەجەز سالىم بەھرلەردىن بىرىنىڭ نامى بولۇپ، بۇ بەھردىكى شېئىرلار تېمپا جەھەتتىن تېزراق، جۇشقۇنراق بولۇشتەك ئۆزگىچىلىككە ئىگە. مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، رەجەز بەھرىدىكى شېئىرلارنىڭ دەسلەپكى ئۆرنەكلىرى ئاساسەن ئەرەبلەرنىڭ تۇرلۇك مەرىكە ۋە جەڭلەردە قەھرىمانلىق ۋە شىجائەت مەدھىيەسىگە ئوقۇلىدىغان ئەنئەنىۋى شېئىرلىرىدىن ئىبارەتلىك. ئۇنىڭ ئاساسىي رۇكنى بولغان «مستفعلن» ئىككى سەبەبى خەفىف (— —) نىڭ كەينىگە بىر ۋەتەدى مەجمۇئ (V —) نى قوشۇشتىن ھاسىل قىلىنغان بولۇپ، ئوقۇغاندا ئاۋاز تەبىئىي رەۋىشتە تېزلىشىدۇ. ئەرەب ئارۇزچىلىقىدا رەجەز بەھرى مۇسەددەس (ئالتىلىك) شەكلىدە دائىرەلەرگە كىرگۈزۈلگەن. ئەمما،



پارس - تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق ئارۇزچىلىقنىڭ دائىرەلىرىدە ئۇنىڭ سەككىزلىك شەكلى كۆپرەك ئۇچرايدۇ. بۇ بەھرنىڭ تۆتلىك، ئالتىلىك ۋە سەككىزلىك شەكىللىرىنىڭ ھەممىسىدە شېئىرلار يېزىلغان. ھەتتا ئۇنىڭ ئىككىلىك شەكلىمۇ خېلىلا كۆپ ئۇچرايدۇ. سالىم شەكلىگە قارىغاندا زىھافلىق شەكىللىرى تېخىمۇ ئومۇمىي تۈس ئالغان بولۇپ، ئادەتتە شەكىل ۋە ئاھاڭدارلىقى خىلمۇخىل بولغان ئۆرنەكلەرگە ئىگە. تۆۋەندە بىز بۇ ۋەزىننىڭ كونكرېت شەكىللىرىگە نەزەر سېلىپ باقايلى:

1) **رەجەز بەھرىنىڭ سالىم تۆتلىك شەكلى** «مستفعلن» نىڭ ھەر بېيىتتا تۆت قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ:

سەنسىز ئىشىم فەرياد ئىرۇر،
ئۆز جانىمە بىداد ئېرۇر.
مستفعلن / مستفعلن /
/— V — — / — V — —

2) **رەجەز بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى** «مستفعلن» نىڭ ھەر بېيىتتا ئالتە قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ:

ھەجرىڭدە، ئەي گۈلچېھرە، بىھەد زارمەن،
قان ئىچرە غەرقە گۈل كىبى ئەفگارمەن.
مستفعلن / مستفعلن / مستفعلن /
/ — V — — / — V — — / — V — —

3) **رەجەز بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلى** «مستفعلن» نىڭ ھەر بېيىتتا سەككىز قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ:

ۋەيرانەيىدۇر مەسكەنىم، ئەندىن مەنگە بىسيار غەم،
ئاھىم بىلە ئېشىكدە ئوت، ئەشكىم بىلەن دېۋار نەم.

مستفعلن / مستفعلن / مستفعلن / مستفعلن /
/ _ V _ _ / _ V _ _ / _ V _ _ / _ V _ _

رەجەز بەھرىنىڭ زىھافلىرىدىن بارلىققا كېلىدىغان تارماق شەكىللىرى خېلىلا كۆپ. بىز ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ئۆرنەكلىرىنى نەزەردىن ئۆتكۈزۈپ باقايلى:

**1) رەجەز بەھرىنىڭ تۆتلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:**

**(1) مەخبۇن:**

قەرا كۆزۈم بېرىگە كەل،
ئىكى كۆزۈم بىرىگە كەل.
مفاعلن / مفاعلن /
/ _V _ V /_ V _V

**(2) مەخبۇنى مەقتۇئ:**

يانىمدا يوق دىلدارى،
كۆڭۈلدە بار ئازارى.
مفاعلن / مفعولن /
/ _ _ _ /_V _V

**(3) مەخبۇنى مەرفۇئ:**

جەفا قىلۇر يار ئوقى،
ۋەفا قىلۇر يار ئاقى.
مفاعلن / فاعلن /
/_ V_/_ V _ V

**(4) مەتۋىي:**

ياردا يوق مېھرۇ ۋەفا،
كۆپ قىلەدۇر جەۋرۇ جەفا.
مفتعلن / مفتعلن /
/_VV _/_ VV _



**(5) مەتۋىيى مەخبۇن:**

يارده يوق ۋەفا نېتەي،
كۆپ قىلەدۇر جەفا نېتەي.
مفتعلن / مفاعلن /
/_V_ V /_ VV_

**(6) مەتۋىيى مەقتۇئ:**

يانىمە يوق دىلدارى،
كۆڭلۈمە بار ئازارى.
مفتعلن / مفعولن /
/_ _ _ /_ VV_

**(7) مەتۋىيى مەرفۇئ:**

جەۋر قىلۇر يار ئوقى،
رەھر قىلۇر يار ئاقى.
مفتعلن / فاعلن /
/ _V_ /_ VV_

**(8) مۇرەففەل:**

امشب به خانه آن مه درامد
چندان نشستم آن مه برامد
مستفعلاتن / مستفعلاتن /
/_ _V_ _ / _ _V_ _

**(9) مۇزال:**

اي عالَم ناموس و نام
گيريم از اين دزد انتقام
مستفعلن / مستفعلان /
/~ V_ _ / _ V_ _

**2) رەجەز بەھرىنىڭ ئالتىلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:**

**(1) مەخبۇن:**

يۇزۇڭ قەمەر، قەدىڭ شەجەر، لەبىڭ شەكەر،

مەنگە بۇلار خەيالىدىن نې خابۇ خۇر.
مفاعلن / مفاعلن / مفاعلن /
/ _V_V /_ V_V / _V_V

(2) مەخبۇنى مۇرەففەل:

يۇزۇڭ قەمەر، قەدىڭ شەجەر، لەبىڭ شەكەردۇر،
مەنگە بۇلار خەيالىدىن نې خابۇ خۇردۇر.
مفاعلن / مفاعلن / مفاعلاتن /
/_ _V_V /_ V_V /_ V_V

(3) بىر رۇكنىنى مەخبۇن، ئىككى رۇكنىنى مەتۋي:

سۆزى چۇچۇك، ئاغزى كىچىك، لەب شەكەرىم،
كۆزى ئىتىك، كۆڭلى قاتىق، تاش جىگەرىم.
مفاعلن / مفتعلن / مفتعلن /
/_ VV _ / _ VV_ /_ V _V

(4) مەخبۇنى مەتۋيى مەقتۇئ:

جەفا قىلۇر، جەۋر قىلۇر ئۇل مەھۋەش،
ۋەفا قىلاي، سەبر قىلاي مەن ھەم خۇش.
مفاعلن / مفتعلن / مفعولن /
/ _ _ _ /_ VV _ /_ V_ V

(5) مەخبۇنى مەتۋيى مەرفۇئ:

سۆزى چۇچۇك، ئاغزى كىچىك، لەب شەكەر،
كۆزى ئىتىك، كۆڭلى قاتىق، تاش جىگەر.
مفاعلن / مفتعلن / فاعلن /
/ _ V _ /_ VV_ /_ V _ V

(6) مەخبۇن، ھەشۋى مەتۋي:

جەفا قىلۇر، جەۋر قىلۇر مەنگە نېتەي،
ۋەفا قىلاي، سەبر قىلاي نېچۇك ئېتەي.
مفاعلن / مفتعلن / مفاعلن /
/ _ V_V /_ VV _ /_ V _ V



(7) مەتۋي:

كېلكى يۇزۇڭنى كۇرەلى، ئەي يۇزى گۇل،
لەئلى لەبىڭنى سۇرەلى، ئەي سۆزى مول.
مفتعلن / مفتعلن / مفتعلن /
/ _VV _ /_ VV _/ _ VV _

(8) مەتۋيى مۇزال:

قەندەدۇرۇر ئالەم ئەرا سەنچە نىگار،
گۇلبەدەنى، سەرۋقەدى، لالەئۇزار.
مفتعلن / مفتعلن / مفتعلان /
/~ VV _ /_VV _ / _ VV _

(9) مەتۋي ئارۇز ۋە زەربى مەخبۇنى مۇزال:

كېلكى فىراقىڭ ئەرا يوق مەنگە قەرار،
فۇرقەتىڭ ئۆلتۇردى مېنى كەل ئەي، نىگار.
مفتعلن / مفتعلن / مفاعلان /
/~ V_V /_ VV _/ _ VV _

(10) مەتۋيى مەخبۇن:

ئاغزى كىچىك، سۆزى چۇچۇك، لەب شەكەرىم،
كۆڭلى قاتىق، كۆزى ئىتىك، تاش جىگەرىم.
مفتعلن / مفاعلن / مفتعلن /
/_ VV _/ _ V_V /_ VV _

(11) مەتۋي، ھەشۋى مەخبۇن، ئارۇز ۋە زەربى مەتۋيى مۇزال:

كۆڭلۇم ئۇل ئاي فىراقىدىن زارۇ ھەزىن،
خاتىر ئىشتىياقىدىن ئەسرۇ غەمىن.
مفتعلن / مفاعلن / مفتعلان /
/ ~ VV_ / _ V_V / _ VV _

(12) مەتۋي، ھەشۋى مەخبۇن، ئارۇز ۋە زەربى مەقتۇئ:

كۆرگەلى ھۆسنۈڭنى سەنگە ھەيرانمەن،
ۋادىيى ھەيرەت ئەرا سەرگەردانمەن .

مفتعلن / مفتعلن / مفعولن /
/ — — — /— V V—/— VV —

(13) **مەتۋىيى مەخبۇن:**

ۋەھكى يەنە فىراقىڭ ئىچرە تۇشمىشەم،
ئۆلگەلى بۇ فىراقتىن ياۋۇشمىشەم.

مفتعلن / مفاعلن / مفاعلن /
/— V—V /— V—V /— VV —

(14) **مەتۋىي، ئارۇز ۋە زەربى مەرفۇئ:**

ئەيشۇ تەرەب گۇلبۇنىغە سۇۋ بېرىب،
غۇسسە نىھالىنى قۇرۇتماق كېرەك.

مفتعلن / مفتعلن / فاعلن /
/ — V— /— VV— /— VV —

**3) رەجەز بەھرىنىڭ سەككىزلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:**

(1) **مۇزال:**

كەل ئەي پەرى رۇخسارىم ھەددىن ئىتىبتۇر ئىشتىياق،
گەر ۋەسلىڭگە يېتكۇرمەسەڭ ئۆلتۇرگۇسىدۇر بۇ فىراق.

مستفعلن / مستفعلن / مستفعلن / مستفعلان /
/ ~ V— — /— V— — / —V— — /— V — —

(2) **بىر رۇكنى سالىم، بىر رۇكنى مەخبۇن:**

قاشىغە بارغەلى كۆڭۈل ئۆزىگە كېلمەدى نېتەي،
يۇزىنى كۆرگەلى كۆزۇم كۆزىگە ئىلمەدى ئۇل ئاي.

مستفعلن / مفاعلن / مستفعلن / مفاعلن /
/— V— V / — V — — /— V —V / — V — —

(3) **بىر رۇكنى سالىم، بىر رۇكنى مەتۋىي:**

ئانسىز بۇ جاننى نې قىلاي، جانسىز جەھاننى نې قىلاي،
جانسىز جەھاننى نې قىلاي، ئانسىز بۇ جاننى نې قىلاي.



مستفعلن / مفتعلن / مستفعلن / مفتعلن /
/— VV—/— V— — /— VV —/— V — —

(4) **بىر رۇكنى سالىم، بىر رۇكنى مەرفۇئ:**

جەۋرۇ جەفا قىلمەغىل، ئەلگە ۋەفا كۆرسەتىب،
كۆڭلۈم يەرا قىلمەغىل، ئەلگە دەۋا كۆرسەتىب.

مستفعلن / فاعلن / مستفعلن / فاعلن /
/ — V —/— V— — /— V —/— V — —

(5) **بىر رۇكنى مەكفۇف، بىر رۇكنى مەقتۇئ:**

ھالىمنى سەنگە ئېيتىب ھەجر ئوتىغە ئۆرتەندىم،
ئەي يار يەمان قىلدىم ھەر نېكى دىدىم تاندىم.

مستفعلُ / مفعولن / مستفعلُ /مفعولن /
/ — — —/ V V— — / — — — / V V — —

(6) **مەخبۇن:**

ۋەفائو مېھر تەرك ئېتىب، جەفائو جەۋر كۆرسەتۇر،
ئولۇسقا ياخشىدۇر نېتەي، مەنگە بۇ تەۋر كۆرسەتۇر.

مفاعلن / مفاعلن / مفاعلن / مفاعلن /
/ — V—V /— V—V /— V— V /— V — V

(7) **بىر رۇكنى مەخبۇن، بىر رۇكنى سالىم:**

يېتىشسە بولماس ۋەسلىغە فىراقتىن ئەفگارمەن،
ئەگەر تىرىكچىلىك بۇدور بۇ ئۇمردىن بىزارمەن.

مفاعلن / مستفعلن / مفاعلن / مستفعلن /
/— V— —/— V—V /— V— — /— V— V

(8) **بىر رۇكنى مەخبۇن، بىر رۇكنى مەتۋىي:**

بۇ دەردىمە چارە نېتەي، چۇ يار دەردىمنى بىلور،
ئىشىمغە نې فىكر ئېتەي چۇ يار فىكرىمنى قىلور.

مفاعلن / مفتعلن / مفاعلن / مفتعلن /
/— V V— /— V—V /— V V— /— V — V

(9) **مەتۋىي:**

كەل بېرى ئەي رەشكى قەمەر، لەئلى لەبىڭ نىيك شەكەر،

فۇرقەتىڭ ئوتىندا كۆڭۈل چېكتى سىپېھر ئۆزرە شەرەر.
مفتعلن / مفتعلن / مفتعلن / مفتعلن /
/_ VV _ /_ VV _/_ VV _ /_ VV _

(10) بىر رۇكىنى مەتۋىي، بىر رۇكىنى مەخبۇن:
گەر ئەلەمىمغە چارە يوق بولمەسە بولمەسۇن نېتەي،
ۋەر غەمىمە شومارە يوق بولمەسە بولمەسۇن نېتەي.
مفتعلن / مفاعلن / مفتعلن / مفاعلن /
/ _ V_V / _ VV _/_ V_V /_ VV _

(11) بىر رۇكىنى مەتۋىي، بىر رۇكىنى مەرفۇئ:
گەرچى قىلۇر يۈز كەرەم ، ۋەسلى ئىتەر مۇھتەرەم،
لېك بەسې قۇرقەم بابۇر يەنە ئەنىڭ خۇيىدىن.
مفتعلن / فاعلن / مفتعلن / فاعلن /
/_ V _ / _ VV _ / _ V_ /_ VV _

(12) مەتۋىي، ئارۇز ۋە زەرب مەقتۇئ:
جەۋرۇ سىتەم قىلمە مەنگە، مېھرۇ ۋەفا كۆرسەتگىل،
لۇتفۇ كەرەم ئەيلە، بۇ دەردىمغە دەۋا كۆرسەتگىل.
مفتعلن / مفتعلن / مفتعلن / مفعولن /
/ _ _ _/_ VV _ /_ VV _ / _ VV _

(13) مەتۋىيى مەخبۇن، ئارۇز ۋە زەرب مەقتۇئ:
جەۋرۇ سىتەم تەرك ئېتىبان، مېھرۇ ۋەفا كۆرسەتگىل،
لۇتفۇ كەرەم قىلىب، بۇ دەردىمغە دەۋا كۆرسەتگىل.
مفتعلن / مفاعلن / مفتعلن / مفعولن /
/ _ _ _ /_ VV _ /_ V_ V / _ VV _

(14) مەتۋىيى مەخبۇنى مۇزال:
جەۋرۇ جەفانى قوي، دەغى بىزگە ۋەفا قىل ئەي نىگار،
لۇتفۇ كەرەم قىلىب، بۇ دەردىمغە دەۋا قىل ئەي نىگار!
مفتعلن / مفاعلن / مفتعلن / مفاعلان /
/~ V_ V /_ VV _ /_ V_ V / _ VV _



(15) ئىككى رۇكىنى مەخبۇن، ئىككى رۇكىنى مەتۋىي:
قاشىغە بارغەلى كۆڭۈل ئۆزىگە كېلمەدى نېتەي،
يۈزىنى كۆرگەلى كۆزۈم كۆزىگە ئىلمەدى ئۈل ئاي.
مفاعلن / مفاعلن / مفتعلن / مفتعلن /
/_ VV _/_ VV _ / _ V_V / _ V_ V

(16) ئىككى رۇكىنى مەتۋىي، ئىككى رۇكىنى مەخبۇن :
جەۋرۇ جەفا قىلمە مەنگە ۋەفانى ئەلگە كۆرسەتىب،
تىشى سىتەم سۈرمە مەنگە دەۋانى ئەلگە كۆرسەتىپ.
مفتعلن / مفتعلن / مفاعلن / مفاعلن /
/ _V_ V /_ V_ V /_ VV _ /_ VV _

بۇلاردىن باشقا يەنە رەجەز بەھرىنىڭ مۇسەننا (ئىككىلىك) شەكلىدىمۇ خېلى كۆپ شېئىرلارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن.

## 3. رەمەل بەھرى

رەمەل (رمل) سۆزى ئەرەبچىدە ئەسلى «تۆگىنىڭ ئىلدام يۈگۈرۈشى» ياكى «بورا توقۇش» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئارۇز ۋەزنىدىكى سالىم بەھرلەردىن بىرىنىڭ نامىنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇ بولۇپ قېلىشىدىمۇ رۇكنىلىرىدىكى ئۇزۇن ۋە قىسقا بوغۇملارنىڭ بورا توقۇلمىسىغا ئوخشاش بىر- بىرىگە توقۇلغاندەك ئۆرۈن ئېلىشى ئاساس بولغان. يەنى رەمەل بەھرىنىڭ ئاساسى رۇكىنى بولغان «فاعلاتن» دا ۋەتەدى مەجمۇئ (V _) ئىككى سەبەبى خەفىف ( _ ) نىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ئەگەر رۇكىن تەكرار ئېيتىلسا، ۋەتەدى مەجمۇئلار سەبەبى خەفىفلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ۋە سەبەبى خەفىفلەر بولسا ۋەتەدى مەجمۇئلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلىشىدۇ. بۇ خۇددى بورىنىڭ كەڭلىك ۋە ئۇزۇنلۇقتىكى قومۇش تالچىلىرىنىڭ

بىر - بىرىگە كىرىشتۇرۇلۇپ توقۇلغىنىدەك رۇكنىدىكى ۋەتەدلەر بىلەن سەبەبلەر بىر - بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ. بەزى مەنبەلەردە يەنە رەمەل سۆزى بىر خىل ئاھاڭنىڭ نامى بولۇپ، شۇ ئاھاڭغا چۈشىدىغان شېئىرلارنىڭ ۋەزنى رەمەل دەپ ئاتالغان دەپ شەرھلىنىدۇ. «بەزىلەر بۇ خىل ئاھاڭنى پارس - تاجىك سازەندىلىرىدىن ئىبراھىم مەۋسىلى (743—805) ئىجاد قىلغان دەپمۇ قارىشىدۇ»[1]. مۇھەممەد غىياسۇددىن يەنە رەمەل سۆزىنى شەرھلەپ مۇنداق يازىدۇ: «بەزى مەنبەلەردە ئۇ (رەمەل) تۆگىنىڭ ئىلدام يۈگۈرۈشىنى ئىپادىلەيدىغان ‹رەمەلان› سۆزىدىن دەپ قارىلىدۇ. بۇنداق بولۇشى رەمەل بەھرىنى ئوقۇغاندا، ئۇنىڭدىن بىر خىل تېزلىك ۋە جىددىيلىكنىڭ ھېس بولۇپ تۇرۇشىدىندۇر»[2]

رەمەل بەھرى ئەرەب ئارۇزچىلىرىنىڭ دائىرەلىرىدە مۇسەددەس (ئالتىلىك) شەكلىدە ئۇچرايدۇ. پارس - تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق ئارۇزچىلار تۈزگەن دائىرەلەردە بولسا بۇ بەھر كۆپرەك مۇسەممەن (سەككىزلىك) شەكلىدە بېرىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئارۇزچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مەزكۇر بەھرنىڭ ئىككىلىك، تۆتلىك ۋە ئالتىلىك شەكىللىرىدىمۇ شېئىرلار ئىجاد قىلىنىدىغانلىقىنى ۋە بۇ بەھرنىڭ ئۆزىگە خاس نۇرغۇن زىھافلىق شەكىلگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشكەن. تۆۋەندە بىز بۇ بەھرنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغان شەكىللىرىنى نەزەردىن ئۆتكۈزۈپ باقايلى:

1) **رەمەل بەھرىنىڭ سالىم تۆتلىك شەكلى** «فاعلاتن» نىڭ ھەر بېيىتتا تۆت قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ:

[1] ئۇرۇۋەتۇللا تائىروف: «ئەجەم ئارۇزى ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، دۇشەنبە، 1991 - يىلى نەشرى، 352 - بەت.
[2] مۇھەممەد غىياسۇددىن: «غىياسۇل - لۇغەت»، دۇشەنبە، 1987 - يىلى نەشرى، 376 - بەت.



ئەي پەرى ھەجرىڭدىن ئۆلدۇم،
كېلكى سېنىسىز تىلبە ئۆلدۇم.
فاعلاتن / فاعلاتن /
/ _ _ V_ / _ _ V_

2) **رەمەل بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى** «فاعلاتن» نىڭ ھەر بېيىتتا ئالتە قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ:

ئەي جەمالىڭدىن خىجىل خۇرشىدى ئەنۋەر،
قامەتىڭدىن مۇنفەئىل سەرۋۇ سەنەۋبەر.
فاعلاتن / فاعلاتن / فاعلاتن /
/ _ _ V_ / _ _ V_ / _ _ V_

3) **رەمەل بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلى** «فاعلاتن» نىڭ ھەر بېيىتتا سەككىز قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ:

كېلكى، ئىشقىڭدىن كۆڭلۈمدە يوقتۇرۇر سەبرۇ قەرارىم،
باشىمە يەتكۈر قەدەمكىم، ھەددىن ئاشتى ئىنتىزارىم.
فاعلاتن / فاعلاتن / فاعلاتن / فاعلاتن /
/_ _ V_ / _ _ V_ / _ _ V_ / _ _ V_

ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، رەمەل بەھرىنىڭ تۆتلىك، ئالتىلىك ۋە سەككىزلىك شەكىللىرى كۆپلىگەن تارماق ۋەزىنلەرگە ئىگە. ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) **رەمەل بەھرىنىڭ تۆتلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:**

(1) **مەخبۇن:**

گۈزەرى قىل مەنگە ئەي گۈل،
نەزەر ئېت، قۇي بۇ تەغافۇل.
فعلاتن / فعلاتن /

/— —VV /— — V V

**(2) بىر رۇكنى مەشكۇل، بىر رۇكنى سالىم:**

گۇزەرى قىل ئەي پەرىۋەش،
نەزەر ئىلە، قىل كۆڭۈل خۇش.
فعلاتُ / فاعلاتن /
/— — V— / V—V V

**(3) بىر رۇكنى مەخبۇن، بىر رۇكنى مەخبۇنى مەھزۇف:**

ئۆلەدۇرمەن نىتەيىن،
سەنگە نىتىب[1] ئىتەيىن.
فعلاتن / فعلن /
/— V V /— — VV

**(4) بىر رۇكنى مەشكۇل، بىر رۇكنى مەھزۇف:**

مەنگە سەنچە يار يوق،
سەنگە مەنچە زار يوق.
فعلاتُ / فاعلن /
/ — V — / V— VV

**(5) بىر رۇكنى مەشكۇل، بىر رۇكنى مەربۇئ:**

گۇزەر ئەيلە مەنگە،
نەزەر ئەيلە مەنگە.
فعلاتُ / فعل /
/— V / V — VV

**2) رەمەل بەھرىنىڭ ئالتىلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:**

**(1) مەقسۇر:**

گۇلشەنىڭدىن ئىلدىك، ئەي زىيبا نىھال،
مەن يەمان باردىم ۋەلى سەن ياخشى قال.

[1] قول يازمىدا بۇ سۆز «نيتب» شەكلىدە يېزىلغان.



فاعلاتن / فاعلاتن / فاعلان /
/~ V — / — — V— / — — V—

**(2) مەھزۇف:**

يا مەنى قاشىنگە يەتكۇر قىل كەرەم،
يا قاشىمغە كەل كۆزۇمگە باس قەدەم.
فاعلاتن / فاعلاتن / فاعلن /
/ — V— / — — V— / — — V—

**(3) مەخبۇن:**

كەرەم ئەيلەب بۇ سارىغە گۇزەرى قىل،
مەنى دىلخەستەغە جانىم، نەزەرى قىل.
فعلاتن / فعلاتن / فعلاتن /
/— — VV /— — VV /— — VV

**(4) مەخبۇنى مەقسۇر:**

مەنگە بىر لەھزە ۋەفا ئەيلەمەدىڭ،
كى ھەمۇل لەھزە جەفا ئەيلەمەدىڭ
فعلاتن / فعلاتن / فعلان /
/~ V V /— — VV /— — VV

**(5) مەخبۇنى مەھزۇف:**

يۇزىدە ئۇل لەبى خەندان كۆرۈنۇر،
سۇيگە كۆپ باقسە بەلى قان كۆرۈنۇر.
فعلاتن / فعلاتن / فعلن /
/ — VV /— — VV /— — VV

**(6) مەخبۇن، ئارۇز ۋە زەرب ئەسلەمى مۇسەببەغ:**

ئەي، قەدىڭ سەرۋ، ئۇزارىڭ گۇلزار،
تىشلەرىڭ دۇررۇ، لەبىڭ گەۋھەر بار.
فاعلاتن / فعلاتن / فعلان/
/ ~ — /— — V V / — —V —

**(7) مەخبۇن، ئارۇز ۋە زەرب ئەسلەم:**

ئەي، يۈزۈڭ يوقدە قەرا كۈن بولسۇن،
يارۇ كۆك ئاستىنۇ ئۈستىن بولسۇن.
فاعلاتن / فعلاتن / فعلن /
/ — — /— — V V / — — V —

**(8) مەشكۇل، ئارۇز ۋە زەرب مەخبۇن:**
مېنى ئىنتىزارى يار ئۆلتۈرەدۇر، كۆر،
مېنى ئىنتىزارى زار ئۆلتۈرەدۇر، كۆر.
فعلاتُ / فاعلاتن / فعلاتن /
/— —VV /— — V — / V— VV

**(9) مەشكۇلى مەكفۇفى مۇشەئەس:**
نېتەيىن قاشىمغە كەلمەدى ئۇل ئاي،
كېتەيىن باشىمنى ئالىبان نېتەي.
فعلاتُ / فاعلاتُ / مفعولن /
/— — — / V— V — / V— V V

**3) رەمەل بەھرىنىڭ سەككىزلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:**

**(1) مۇسەببەغ:**
ۋەھ، نېچە جىسمىمنى غەمدىن ناتەۋان ئېتكەي فىراقىڭ،
ناتەۋان جىسمىمغە ھەر دەم قەسدى جان ئېتكەي فىراقىڭ.
فاعلاتن / فاعلاتن / فاعلاتن / فاعلييان /
/~ — V — /— — V — /— — V — /— — V —

**(2) ئارۇز ۋە زەرب مەقسۇر:**
قايسى بىر ئازارىن ئېيتاي جانىمە ئەغيارىنىڭ،
قايسى بىر ئاغرىتقانىن كۆڭلۈمنى دېي دىلدارىنىڭ.
فاعلاتن / فاعلاتن / فاعلاتن / فاعلان /
/ ~ V — /— — V — /— — V — / — — V—

**(3) ئارۇز ۋە زەرب مەھزۇف:**
ئاھ ئۇرارمەن ئاھ ئۇرارمەن، ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى،



كۆز يېشىم دەريا بولۇپ، بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.
فاعلاتن / فاعلاتن / فاعلاتن / فاعلن /
/— V — /— — V — / — — V —/ — — V—

**(4) ئارۇز ۋە زەرب مەجھۇفى مۇسەببەغ:**
لەئلىگە باغلەندى جانىم ھەجر ئېلىدىن ئال،
زۇلفۇڭە چىرمەشتى كۆڭلۈم قىلمەغىل پامال.
فاعلاتن / فاعلاتن / فاعلاتن /فاع /
/ ~/— — V — /— — V — / — — V—

**(5) ئارۇز ۋە زەرب مەجھۇف:**
جانىمە ئوت سالدى ئۇل رۇخسارەيى زىيبا،
كۆڭلۈمە ئۇل زۇلف بولدى مايەيى سەۋدا.
فاعلاتن / فاعلاتن / فاعلاتن / فع /
/ —/— — V — / — — V— / — — V—

**(6) بىر رۇكنى سالىم، بىر رۇكنى مەخبۇن:**
بۇ نە قامەت، بۇ نە رەفتارۇ بۇ نە شەكلۇ شەمائىل،
كىم ئېتەر ئەقلنى بەدخۇشۇ داغى ھەم ھۇشى زايىل.
فاعلاتن / فعلاتن / فاعلاتن / فعلاتن /
/— —VV /— — V — /— — VV / — — V—

**(7) بىر رۇكنى سالىم، بىر رۇكنى مەقسۇر:**
كەلگىل ئەي ئارامى جان نېچە تارتەي ئىنتىزار،
قىلدى ھەجرىڭ ناتەۋان، قىلدى ئىشقىڭ بىقەرار.
فاعلاتن / فاعلان / فاعلاتن / فاعلان /
/~ V — /— — V — / — V — / — — V—

**(8) بىر رۇكنى سالىم، بىر رۇكنى مەھزۇف:**
ۋەھكى ئۇل ئاي ھەسرەتى دەردۇ داغى فۇرقەتى،
ھەم ئېبرۇر جانىمغە ئوت، ھەم ھەياتىم ئافەتى.
فاعلاتن / فاعلن / فاعلاتن / فاعلن /

/_ V _ /_ _ V _ / _ V _ / _ _ V_

(9) **مەخبۇن:**

كۆرەدۇرمەن بارەدۇر يارۇ قالۇرمەن مېنى گۇمرەھ،

بارە ئالمان، تۇردئالمان نېقاتىق ھالەت ئېرۇر، ۋەھ.

فعلاتن / فعلاتن / فعلاتن / فعلاتن /

/_ _VV /_ _ VV /_ _ VV /_ _ VV

(10) **بىر رۇكنى مەخبۇن، بىر رۇكنى مەھزۇف:**

مېنى ھىجران ئۆلتۇرۇر، بېرى كەلگىل ئەي سەنەم،

دولەتى ۋەسلىڭ بىلە مېنى قىلغىل مۇھتەرەم.

فعلاتن / فاعلن / فعلاتن / فاعلن /

/_ V_ / _ _VV / _ V_ / _ _ VV

(11) **بىر رۇكنى مەخبۇن، بىر رۇكنى مەجھۇف:**

كۆزىدۇر ئۇسرۇك، يۈزىدۇر گۈل گۈل،

ئەنگە مەن شەيدا، ئەنگە مەن بۇلبۇل.

فعلاتن / فع / فعلاتن / فع /

/ _ / _ _VV / _ / _ _VV

(12) **مەكفۇف، ئارۇز ۋە زەرب سالىم:**

كىم قىلۇر ۋەفا مېنىڭچە، كىم چېكەر جەفا مېنىڭچە،

كىمدەدۇر سەفا سېنىڭچە، كىمدەدۇر بەلا سېنىڭچە.

فاعلاتُ / فاعلاتُ / فاعلاتُ / فاعلاتن /

/_ _ V_ / V _ V_ / V_ V_ / V _ V_

(13) **بىر رۇكنى مەكفۇف، بىر رۇكنى مەھزۇف:**

ئارەزىڭ گۈلو سۇمەن، كۆزۈڭ ئاھۇيى خۇتەن،



ھەر بىرىگە ۋالەئۇ ھەر بىرىگە بەندە مەن.

فاعلاتُ / فاعلن / فاعلاتُ / فاعلن /

/ _ V _/ V _ V _ / _ V_ / V_ V _

(14) **بىر رۇكنى مەكفۇف، بىر رۇكنى مەربۇئ:**

زولفى بىرلە ساچى موشكو سونبۇل ئېرور،

خەددى بىرلە يۈزى لالەئۇ گۈل ئېرور.

فاعلاتُ / فعل / فاعلاتُ / فعل /

/ _ V / V _ V_ / _ V / V _ V_

(15) **بىر رۇكنى مەشكۇل، بىر رۇكنى مەربۇئ:**

تېلەگىم يۈزىدۇر، تەلەبىم سۆزىدور،

بۇ تىرىكلىكدىن، غەرەزىم ئۆزىدور.

فعلاتُ / فعل / فعلاتُ / فعل /

/_ V / V_ VV / _V / V _V V

مەيلى پارس - تاجىك شېئىرىيىتى ياكى تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە بولسۇن، رەمەل بەھرىنىڭ ئۆرنەكلىرى يۇقىرىدىكىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا يەنە كۆپلىگەن ئۆرنەكلىرى ئۇچرايدۇ.

## 4. مۇزارىئ بەھرى

مۇزارىئ (مظارع) ئەسلىدە ئەرەبچىدە «ئوخشاش ياكى ئوخشايدىغان» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆز

بولۇپ، ئارۇز ئىلمىدە ئۇ فەرئىي[①] بەھرلەردىن بىرىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ بەھرنىڭ رۇكنىلار تەرتىپى مۇنسەرىھ بەھرىگە ئوخشاپ كەتكەچكە ئۇ مۇزارىئ نامى بىلەن ئاتالغان. يەنى بۇ بەھرلەرنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ ئىككىنچى رۇكنىلىرىدا بىردىن ۋەتەدى مەقرۇن (— V) بار. مەسىلەن: مۇزارىئ بەھرىنىڭ ئىككىنچى رۇكنى بولغان «فاعلاتن» (— V — —) نىڭ بىرىنچى جۇزۇۋى «فاع» (— V) ۋەتەدى مەقرۇن بولسا، مۇنسەرىھ بەھرىنىڭ ئىككىنچى رۇكنى «مفعولاتُ» (— — — V) نىڭ ئاخىرقى بۆلىكى بولغان «لاتُ» (— V) ۋەتەدى مەقرۇن ھېسابلىنىدۇ. خەلىل ئىبنى ئەھمەد بۇ بەھرنى بەزى نۇقتىلاردىن ھەزەج بەھرىگىمۇ ئوخشىتىدۇ[②]. ئومۇمەن، بۇ بەھرنىڭ ئۇ ياكى بۇ جەھەتتە مەلۇم بىر بەھرگە ئوخشاپ قېلىشى ئۇنىڭ مۇزارىئ دەپ نام ئېلىشىغا سەۋەب بولغان ئاساسىي ئامىلدۇر.

---

[①] فەرئىي (فرعي) سۆزى ئەرەبچىدە «ئەسلىدىن ئاجرىلىپ چىققان»، «غولدىن بۆلۈنگەن» دېگەندەك مەنىلەردە بولۇپ، ئارۇز ئىلمىدە ئۆزىگە خاس رۇكنىغا ئىگە بولمىغان، باشقا بەھرلەرنىڭ رۇكنىلىرىدىن ھاسىل قىلىنغان بەھرلەرمۇ گاھىدا «فەرئىي بەھرلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: مۇزارىئ بەھرنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان رۇكنىلاردىن بىرى «مفاعيلن» بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە ھەزەج بەھرىنىڭ ئاساسىي رۇكنى ھېسابلىنىدۇ. مۇزارىئ بەھرىدە ئىشلىتىلىدىغان يەنە بىر رۇكىن «فاعلاتن» بولسا، رەمەل بەھرىنىڭ ئاساسلىق رۇكنىدۇر. يەنى مۇزارىئ بەھرى ئۆزىگە خاس بولغان بىرلا رۇكنىنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ئەمەس، بەلكى ھەزەج ۋە رەمەل بەھرلىرىنىڭ ئاساسلىق رۇكنىلىرىدىن ھاسىل قىلىنغاچقا، بۇ بەھر بەزىدە «فەرئىي بەھر» دەپ ئاتىلىدۇ.

[②] ئۇرۇۋەتۇللا تائىروف: «ئەجەم ئارۇزى ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، دۇشەنبە، 1991 - يىلى نەشرى،230 - بەت.



مۇزارىئ بەھرى ئۆزىگىلا تەئەللۇق بولغان رۇكنىغا ئىگە ئەمەس. ئۇنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلى «مفاعيلن فاعلاتن» نىڭ ھەر مىسرادا ئىككى قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. خەلىل ئىبنى ئەھمەد تۈزگەن «مۇشتەبىھە» دائىرەسىدە بۇ بەھر ئالتىلىك (مفاعيلن فاعلاتن مفاعيلن) شەكلىدە ئۇچرايدۇ. بۇ بەھردە ئۇزۇن بوغۇملار قىسقا بوغۇملارغا قارىغاندا كۆپرەك بولسىمۇ، لېكىن ھەم پارس - تاجىك شېئىرىيىتى ۋە ھەم تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە ئۇنىڭ زىھافلىق تۆتلىك، ئالتىلىك ۋە سەككىزلىك شەكىللىرىنىڭ ھەممىسى خېلىلا كۆپ قوللىنىلغان. كونكرېت ئۆرنەكلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) **مۇزارىئ بەھرىنىڭ سالىم تۆتلىك شەكلى** «مفاعيلن فاعلاتن» نىڭ ھەر بېيىتتا ئىككى قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ:

بناكاري كسب نيكو ،
بغايت مقبول و دلجو .
مفاعيلن / فاعلاتن /
/ — — V —/ — — —V

2) **مۇزارىئ بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى** «مفاعيلن فاعلاتن مفاعيلن» نىڭ ھەر بېيىتتا ئىككى قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ:

به گيتي در از مسلمان و از كافر ،
نبيند كس چون سليمان بن ناصر
مفاعيلن / فاعلاتن / مفاعيلن /
/— — — V /— — V— / — — — V

3 ) **مۇزارىئ بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلى** «مفاعيلن فاعلاتن مفاعيلن فاعلاتن» نىڭ ھەر بېيىتتا ئىككى قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ:

قاشغه بارغەلى كۆڭۈل ئۆزىگە كەلمەدى نېتەي،
يۈزىنى كۆرگەلى كۆزۈم كۆزىگە ئىلمەدى ئۈل ئاي.
مفاعيلن / فاعلاتن / مفاعيلن / فاعلاتن /
/ — — V— /— — — V /— — V — / — — —V

ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، پارس ـ تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە بۇ بەھرنىڭ زىھافلىق شەكىللىرى كۆپرەك ئومۇملاشقان. كۆپ ئۇچرايدىغان ئۆرنەكلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

**1) مۇزارىئ بەھرىنىڭ تۆتلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:**

**(1) ئەخرەب:**

ھەجرىڭدە ئەي پەرىرۇ،
كۆزۈمدىن ئۆچتى ئۇيقۇ.
مفعولُ / فاعلاتن /
/ — — V—/ V — —

**(2) ئەخرەبى مۇسەببەغ:**

مېھرۇ ۋەفانى ئەغيار،
كۆپ كۆردى سەندىن ئەي يار.
مفعولُ/ فاعلييان /
/~ — V— / V — —

**(3) مەكفۇفى مەقسۇر:**

بىرى كەلگىل ئەي نىگار،
مەنگە بىرمە ئىنتىزار.
مفاعيلُ / فاعلان /
/ ~ V — / V— —V

**2) مۇزارىئ بەھرىنىڭ ئالتىلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:**

**(1) مەقبۇز:**



همي كنم مهرباني به جاي تو ،
جفا مكن گر تواني به جاي من .
مفاعلن / فاعلاتن / مفاعلن /
/— V—V /— — V— /— V — V

**(2) مەكفۇفى مەقسۇر:**

مېنى ئەسرۇ دىلفىگار قىلۇر ئىشق،
مېنى ئەسرۇ بىقەرار قىلۇر ئىشق.
مفاعيلُ / فاعلاتُ / مفاعيل /
/ ~ — V / V— V — / V— —V

**(3) مەكفۇفى مەھزۇف:**

مېنى ئىشق دىلفىگار قىلىبتۇر،
مېنى ئىشق بىقەرار قىلىبتۇر.
مفاعيلُ / فاعلاتُ / فعولن /
/ — — V / V— V— / V— — V

**(4) مەكفۇفى ئەشتەر:**

مېنى ئىشق دىلفىگار قىلغۇسى،
مېنى شەۋق بىقەرار قىلغۇسى.
مفاعيلُ / فاعلاتُ / فاعلن /
/ — V — / V— V— / V — —V

**(5) ئەخرەبى مەكفۇف:**

اي نازنين كه ماه مني امشب ،
رحمي بكن كه شاه مني امشب .
مفعولُ / فاعلاتُ / مفاعيلن /
/— — —V / V — V— / V — V

**(6) ئەخرەبى مەكفۇفى مەھزۇف:**

جانانە بىزنى زار قىلىبتۇر،
دىۋانە بىزنى يار قىلىبتۇر.
مفعولُ / فاعلاتُ/ فعولن /
/— — V / V— V— / V — —

3) مۇزارىئ بەھرىنىڭ سەككىزلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:

(1) **مەكفۇفى مەقسۇر:**

باق ئەي يارى گۇلۇزار، نې خۇش فەسلدۇر بەھار،
كېتۇر جامى خۇشگەۋار، مەنگە بېرمە ئىنتىزار.
مفاعيلُ / فاعلان / مفاعيلُ / فاعلان /
/~ V — / V— — V / — V — / V— —V

(2) **مەكفۇفى مەھزۇف:**

مېنى ئىشق دىلفىگار ئەگەر قىلسا نې قىلاي،
مېنى شەۋق بىقەرار ئەگەر قىلسا، نې قىلاي.
مفاعيلُ / فاعلاتُ / مفاعيلُ / فاعلن /
/— V — / V— —V/ V— V — / V — —V

(3) **مەكفۇفى ئەسلەم:**

مېنى ئىشق دىلفىگار ئەگەر قىلسە نەيلەي،
مېنى شەۋق بىقەرار ئەگەر قىلسە نەيلەي.
مفاعيلُ / فاعلاتُ / مفاعيلُ / فعلن /
/ — — / V— —V / V— V— / V— — V

(4) **مەكفۇفى مەجھۇف:**

مەنگە سەنچە گۇلۇزار قەچان تاپىلۇر،
سەنگە مەنچە بىقەرار قەچان تاپىلۇر.
مفاعيلُ / فاعلاتُ / مفاعيلُ / فع /
/ — / V— —V / V— V— / V— — V

(5) **مەقبۇزى مەخبۇن:**

قاشىغە بارغەلى كۆڭۈل ئۆزىگە كەلمەدى نېتاي،
يۇزىنى كۆرگىلى كۆزۈم كۆزىگە ئىلمەدى ئۇل ئاي.
مفاعلن / فعلاتن / مفاعلن / فعلاتن /
/— —VV /— V— V /— —VV / — V— V



(6) **ئەخرەبى مۇسەببەغ:**

رۇخسارى جانىبىدە ئۇل خالى ئەنبەر ئالۇد،
ئۇت گۇشەسىدە گويا ئەنبەر تۇشۇب قىلۇر دۇد.
مفعولُ / فاعلاتن / مفعولُ / فاعلييان /
/~ — V — / V — — /— — V — / V — —

(7) **بىر رۇكىن ئەخرەب، بىر رۇكىن سالىم:**

ئىشقىڭ مەيىدىن ئەنداقكىم مەستۇ بىخەبەرمەن،
گاھى ئۆزۈمدە يوقمەن، گاھى ئۆزۈمدە بارمەن.
مفعولُ / فاعلاتن / مفعولُ / فاعلاتن /
/— — V — / V — — /— — V — / V — —

(8) **ئەخرەبى مەكفۇف، ئارۇز ۋە زەرب سالىم:**

كافورگون لىباس ئەرا ئۇل سەرۋى ناز ئېكىنمۇ،
يا شامى ھەجر دەفئىغە شەمئ تىراز ئېكىنمۇ؟
مفعولُ / فاعلاتُ / مفاعيلُ / فاعلاتن /
/— — V — / V— —V / V— V — / V — —

(9) **ئەخرەبى مەھزۇف:**

كەلتۇرسە يۇز بەلانى، ئۇل بىۋەفا مەنگە،
كەلسۇن ئەگەر ئېۋورسەم يۇزنى، بەلا مەنگە.
مفعولُ / فاعلاتن / مفعولُ / فاعلن /
/ — V — / V — — /— — V — / V — —

(10) **ئەخرەبى مەقسۇر:**

جاننى فىدا قىلىب، سەنگە بار مەن دەغى يەمان،
قىلغەن ھەماندورۇر، سەنگە قىلمەغەن ھەمان.
مفعولُ / فاعلاتُ / مفاعيلُ / فاعلان /
/~ V — / V— —V / V — V— / V — —

(11) **ئەخرەبى مەكفۇفى مەھزۇف:**

كۆك ۋۇسمەدە ئۇل ئاي قاشى گويا خەيالدۇر.

يا ئاي باشىدە كۆكتە كۆرۈنگەن ھىلالدۇر.

مفعولُ / فاعلاتُ / مفاعيلُ / فاعلن /

/— V — / V— —V / V— V — / V — —

(12) **ئەخرەبى مەكفۇفى ئەخرەبى مەربۇئ:**

ھۆسن ئىچرە بىر سىنىڭچە دىلدار قىنى،

ئىشق ئىچرە بىر مىنىڭچە ئەفگار قىنى.

مفعولُ / فاعلاتُ / مفعولُ / فعل /

/ — V / V — — / V— V — / V — —

ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە مۇزارىئ بەھرىنىڭ يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا يەنە نۇرغۇن زىھافلىق ئۆرنەكلىرىمۇ ئۇچرايدۇ. مەلۇم بولغىنىدەك، بۇ بەھرنىڭ سەككىزلىك شەكلى باشقا شەكىللىرىگە قارىغاندا كۆپرەك قوللىنىلغان.

## 5. مۇنسەرىھ بەھرى

مۇنسەرىھ (منسرح) سۆزى ئەرەبچىدە «ئاسان ۋە راۋانلاشتۇرۇلغان» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئارۇز ئىلمىدە ئۇ فەرئىي بەھرلەردىن بىرىنىڭ نامىنى ئىپادىلەيدۇ. مەزكۇر بەھرنىڭ رۇكنىلىرىدا سەبەبلەر ۋەتەدلەرنىڭ ئالدىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، تەلەپپۇزى يېنىك، ئوقۇلۇشى راۋان بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. رۇكنىلىرىنىڭ تەركىبىدە ئۇزۇن بوغۇملار كۆپ بولۇشى، بەھرنىڭ ئاھاڭدارلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۇنىڭغا بىر خىل شوخلۇق بېغىشلايدۇ. مۇشۇ ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن مەزكۇر بەھر «مۇنسەرىھ» نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ بەھر ئۆزىگە تەۋە بولغان رۇكنىغا ئىگە ئەمەس. ئۇنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلى «مستفعلن مفعولاتُ» نىڭ ھەر مىسرادا ئىككى قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. خەلىل ئىبنى ئەھمەد تۈزگەن «مۇشتەبىھە»ناملىق دائىرەسىدە مۇنسەرىھ بەھرى



ئالتىلىك شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئەمما پارس-تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە بۇ بەھرنىڭ سەككىزلىك زىھافلىق شەكلى كۆپرەك قوللىنىلغان. شەمس قەيس رازى، ئەلىشىر نەۋايى قاتارلىق نەزەرىيەچىلەر كۆپرەك ئۇنى سەككىزلىك مەتۋىي شەكلىدە دائىرەلەرگە كىرگۈزۈشكەن. ۋەھىدى تەبرىزى، مۇھەممەد غىياسۇددىن قاتارلىقلار بولسا ئۇنى ئالتىلىك مەتۋىي شەكلىدە دائىرەگە كىرگۈزۈشكەن. پارس-تاجىك ئارۇزچىلىرىدىن پەقەت سەيفىلا دائىرەدە ئۇنى خۇددى خەلىل ئىبنى ئەھمەدكە ئوخشاش ئالتىلىك سالىم شەكلىدە تونۇشتۇرىدۇ. پارس-تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە ئۇنىڭ تۆتلىك، ئالتىلىك ۋە سەككىزلىك شەكىللىرىدە ئۇچرايدىغان تارماق ۋەزىنلىرىمۇ خېلىلا كۆپ. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەشكە توغرا كېلىدۇكى، پارس-تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە مۇنسەرىھ بەھرىنىڭ پەقەت زىھافلىق شەكىللىرىلا كەڭ ئومۇملاشقان. ئۇنىڭ سالىم شەكىللىرى كۆپ ئۇچرىمايدۇ. دائىم ئۇچرايدىغان ئۆرنەكلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) **مۇنسەرىھ بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى** «مستفعلن مفعولاتُ مستفعلن» نىڭ ھەر بېيىتتا ئىككى قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ:

ئەي فۇرقەتىڭ مەھزۇنلەرغە جان ئالغۇچى،

ئۇشتاقنى كۆرگەن چاغدە ئوت سالغۇچى.

مستفعلن / مفعولاتُ / مستفعلن /

/ — V — — / V — — — / — V — —

2) **مۇنسەرىھ بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلى** «مستفعلن مفعولاتُ» نىڭ ھەر بېيىتتا تۆت قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ:

ئەي ئارەزىڭ كۆڭلۇم كامى، لەئلى لەبىڭ جان ئارامى،

ۋەسلىڭ كۈنىن يېتگۈرگىلكى، جانىم ئالۇر ھەجرىڭ شامى.
مستفعلن / مفعولاتُ / مستفعلن / مفعولاتُ /
/ V— — — / — V— — / V— — — / — V — —

1) مۇنسەرىھ بەھرىنىڭ تۆتلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:

(1) سەدر ۋە ئىپتىدا سالىم، ئارۇز ۋە زەرب مەتۋيى مەۋقۇف:

آن روي آن ترک بين
گوئي که ماه سماست.
مستفعلن / فاعلان /
/~ V— / — V — —

(2) سەدر ۋە ئىپتىدا مەتۋي، ئارۇز ۋە زەرب مەتۋيى مەۋقۇف:

خيز بيا اي نگار
بادۀ اندوه گُسار
مفتعلن / فاعلان /
/~ V— / —VV—

(3) مەتۋيى مەخبۇن:

زار مېنى قىلۇر ئىشق،
خار مېنى قىلۇر ئىشق.
مفتعلن / مفاعيل /
/~ — V /— VV—

(4) مەخبۇنى مەتۋيى مەۋقۇف:

نېچە چېكەي ئىنتىزار،
بېرىگە كەل ئەي نىگار.
مفاعلن / فاعلان /
/~ V — /— V—V



2) مۇنسەرىھ بەھرىنىڭ ئالتىلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:

(1) مەتۋي:

ئىشق مېنى قىلدى خار نە قىلەيىن،
شەۋق مېنى قىلدى زار نە قىلەيىن.
مفتعلن / فاعلاتُ / مفتعلن /
/—VV— / V—V— / —VV—

(2) مەتۋيى مۇزال:

نە قىلەيىنكىم، قاشىمغە كەلمەدى يار،
ئۆلدۇم بەرھەم، باشىمغە كەلمەدى يار.
مفتعلن / فاعلاتُ / مفتعلان /
/~ VV— / V—V— /—VV —

(3) مەتۋيى مەكشۇف:

مەستى مۇدام، ئەي كۆڭۈل، كۆزى ئىكەن،
نۇتقى مەسىھا دېگەن سۆزى ئىكەن ...
مفتعلن / فاعلن / مفتعلن /
/—VV— / —V— / —VV—

(4) مەتۋيى مەقتۇئ:

ئىشق مېنى قىلسە خار نېتگەيمەن،
شەۋق مېنى قىلسە زار نېتگەيمەن.
مفتعلن / فاعلاتُ / مفعولن /
/— — — / V—V— /— VV—

(5) مەتۋيى مەرفۇئيى مۇزال:

كىمكى سەنگە ئاشىق ئۆلدى ئەي نىگار،
بەلكى ئەنىڭ قانى تولدى، ئۆلدى زار.
مفتعلن / فاعلاتُ / فاعلان /
/ ~ V— / V—V —/ —VV—

**(6) مەتۋىيى مەرفۇئ:**

ئىشق مېنى قىلدى خار نەيلەيىن،
شەۋق مېنى قىلدى زار نەيلەيىن.

مفتعلن / فاعلاتُ / فاعلن /
/— V— / V—V— / —VV—

**(7) مەخبۇنى مەتۋىي:**

مېنىڭ كەبى دىلفىگار بارمۇ كىشى،
مېنىڭ كەبى خارۇ زار بارمۇ كىشى.

مفاعلن / فاعلاتُ / مفتعلن /
/— VV—/ V— V—/— V—V

**(8) مەتۋىيى مەرفۇئىي ئەھەز:**

ئىشق مېنى كۆپ خار قىلۇر،
شەۋق مېنى كۆپ زار قىلۇر.

مفتعلن / مفعولُ / فعلن /
/ — — / V— —/ —VV —

**3) مۇنسەرىھ بەھرىنىڭ سەككىزلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:**

**(1) مەتۋىيى مەۋقۇف:**

ئاھكى سەنسىز ئىشىم ئاھ ئىلە فەرياد ئىرۇر،
جانىمە ئاشۇبۇ شەين، جىسمىمە بېداد ئىرۇر.

مفتعلن / فاعلان / مفتعلن / فاعلان /
/~ V — /— VV — / —V— /— VV—

**(2) بىر رۇكىنى مەتۋىي ، بىر رۇكىنى مەتۋىيى مەكشۇف:**

شاھى گۇلو نەستەرەن ياد بېرۇر بويىدىن،
ئەترىنى مۇشكى خۇتەن كەسب قىلۇر مۇيىدىن.

مفتعلن / فاعلن / مفتعلن / فاعلن /
/ —V— /— VV— / —V— /— VV—



**(3) مەتۋىيى مەكشۇفى مەخبۇن(سەدرى سالىم) :**

ئىشىق يۇكى ئەيلەدى سىپېھرى ئەئلانى خەم،
نە ئەجەب ئەر ئەيلەسە مېنىڭچە شەيدانى خەم.

مستفعلن / فاعلن / مفاعلن / فاعلن /
/— V— /— V—V /— V— /— V — —

**(4) مەكفۇفى مەتۋىيى مەنھۇر:**

خاتىرنى بەھار فەسلىدە گەشت ئالەدۇر،
كۆز نۇرىنى رەشكى لالەئۇ دەشت ئالەدۇر.

مستفعلن / فاعلاتُ / مستفعلن / فع /
/ — / — V— — / V—V— /— V — —

**(5) مەتۋىيى مەقتۇئى مەتۋىيى مەكشۇف:**

جەۋرۇ سىتەمنى ئۇل ئاي ھەرگىز كەم قىلمەدى،
چارە مېنىڭ ھالىمە بىر ھەمدەم بىلمەدى.

مفتعلن / فاعلن / مفعولن / فاعلن /
/— V— / — — — /— V— /— VV—

**(6) مەتۋىيى مەخبۇنى مەكشۇف :**

جەۋرۇ جەفا قىلۇرسەن، ۋەفا داغى قىل ئەي يار،
تىيغى سىتەم ئورۇرسەن، دەۋا داغى قىل ئەي يار!

مفتعلن / فعولن / مفاعلُ / مفاعيل /
/~ —V / V V—V /— —V /— VV—

**(7) مەتۋىيى مەجدۇئ:**

قەندەدورۇر بىر سېنىڭچە يارى دىلازار،
قەندەدورۇر بىر سېنىڭچە زارى دىلەفگار.

مفتعلن / فاعلاتُ / مفتعلن / فاع /
/~ /— VV— / V—V— /— VV—

**(8) مەتۋىيى مەنھۇر:**

ئۇلكى مەنگە يار، دىلنەۋاز كۆرىندى،
جەۋرنى كۆرسەتتى كۆپۈ ئاز كۆرۈندى.

مفتعلن / فاعلاتُ / مفتعلن / فع /
/ _ /_V V_ / V_V_ /_ VV_

(9) **مەتۋىيى مەكشۇفى مەنھۇر:**

باغ ئىچە خۇب ئىسە كۆيىچە يوقتۇر،
سەرۋنى مەۋزۇن دىسە بويىچە يوقتۇر.

مفتعلن / فاعلن / مفتعلن / فع /
/ _ /_ VV_ /_ V_/_ V V_

(10) **بىر رۇكنى مەتۋي، بىر رۇكنى مەنھۇر:**

مېھر يۈزىدىن بىزگە ۋەفا قىل،
جەۋرنى قويغىل، تەركى جەفا قىل.

مفتعلن / فع / مفتعلن / فع /
/ _ /_ VV_ / _ /_ VV_

(11) **مەتۋىيى مەكشۇف:**

مېھر يۈزىدىن ئەي ئاي، بىزگە ۋەفا قىلغەيسەن،
جەۋرنى ھەم قويغەيسەن، تەركى جەفا قىلغەيسەن.

مفتعلن / مفعولن / مفتعلن / مفعولن /
/ _ _ _ / _VV_ /_ _ _ /_ VV_

(12) **مەخبۇنى مەتۋىيى مەكشۇف:**

سىنىڭ كەبى قەيدەدۇر بەشەر ئەرا مۇنتەخەب،
سىھىي قەدى، لالە رۇخ، سۇمەنبەرى، غۇنچە لەب.

مفاعلن / فاعلن / مفاعلن / فاعلن /
/_ V_ /_ V_V / _V_ /_ V_V

(13) **مەخبۇنى مەنھۇر:**

بىرى گۈزەر قىلمەيسەن، نە بولدى ماھىم.
مەنگە نەزەر قىلمەيسەن، نەدۇر گۇناھىم.

مفاعلن / مفعولن / مفاعلن / فع /
/ _ /_ V_ V /_ _ _ /_ V_V

(14) **مەخبۇنى مەتۋىيى مەنھۇر:**



مەنگەكى ئۇل يارى دىلنەۋاز كۆرۈندى،
جەفانى كۆرسەتتى كۆپۈ ئاز[1] كۆرۈندى.

مفاعلن / فاعلاتُ / مفتعلن / فع /
/ _ /_VV_ / V_ V_ /_ V_V

(15) **مەقتۇئى مەتۋىيى مەنھۇر :**

ھۆسن ئىچرە بىر سىنىڭچە دىلدارى يوق،
ئىشق ئىچرە بىر مىنىڭچە ئەفگارى يوق.

مفعولُ/ فاعلاتُ / مفعولن / فع /
/ _ /_ _ _ / V_V_ / V_ _

كىلاسسىك شېئىرىيەتتە مۇنسەرىھ بەھرىنىڭ يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا يەنە كۆپلىگەن زىھافلىق ئۆرنەكلىرىمۇ ئۇچرايدۇ.

## 6. مۇجتەس بەھرى

مۇجتەس (مُجتث) ئەرەبچىدە «بىخىدىن يۇلۇپ ئېلىنغان» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئارۇز ئىلمىدە ئۇ فەرئىي بەھرلەردىن بىرىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ بەھرنىڭ «مۇجتەس» نامى بىلەن ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇنىڭ ئالتىلىك شەكلى خەفىف بەھرىنىڭ ئالتىلىك شەكلىدىن ئۆزگەرتىپ (يۇلۇپ) ئېلىنغان. بۇ ئىككى بەھرنىڭ ئالتىلىك سالىم شەكىللىرى رۇكنلارنىڭ جايلىشىش تەرتىپىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا جەھەتتىن ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ. خەفىف بەھرىدە بىر «مستفعلن» ئىككى «فاعلاتن» نىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولسا، مۇجتەس بەھرىدە بىر

[1] «ئاز» سۆزى بۇ يەردە سوزۇلۇپ، بىر يېرىم بوغۇم (_ V) غا تەڭلەشتۇرۇلۇپ ئوقۇلىدۇ.

«مۇستەفئىلۇن» ئىككى «فائىلاتۇن» نىڭ ئالدىدىن ئورۇن ئالغان بولىدۇ. خەلىل ئىبنى ئەھمەد تۈزگەن «مۇشتەبىھە» دائىرەسىدە مۇجتەس بەھرى ئالتىلىك سالىم شەكلىدە بېرىلگەن. ئەمما، پارس-تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق ئارۇزچىلار بۇ بەھرنى بىردەك سەككىزلىك زىھافلىق شەكلىدە دائىرەلەرگە كىرگۈزۈشكەن. ئەجادىيەت ئەمەلىيىتىدە ئۇنىڭ تۆتلىك، ئالتىلىك ۋە سەككىزلىك شەكىللىرىنىڭ ھەممىسى ئۇچرايدۇ. سالىم شەكىللىرىدە قىسقا بوغۇملار ئاز، ئۇزۇن بوغۇملار كۆپ بولغاچقا، ئىجادىيەتتە كەمدىن كەم ئىشلىتىلگەن زىھافلىق شەكىللىرى مەيلى پارس-تاجىك شېئىرىيىتى ياكى تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە بولسۇن ئوخشاشلا كەڭ ئومۇملاشقان. كۆپ ئۇچرايدىغان ئۆرنەكلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) **مۇجتەس بەھرىنىڭ سالىم تۆتلىك شەكلى** «مستفعلن فاعلاتن» نىڭ ھەر بېيىتتا ئىككى قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ:

يارا به من مهرباني ،
ليكن دلَم را تو داني
مستفعلن / فاعلاتن /
— —V— / — V— —/

2) **مۇجتەس بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى** «مستفعلن فاعلاتن فاعلاتن» نىڭ ھەر بېيىتتا ئىككى قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ:

اي لُعبَتي سروقدي سيم ساعد
شايد اگر با رهي باشي مساعد .
مستفعلن / فاعلاتن / فاعلاتن /
— —V— /— — V— /— V — —/



3) **مۇجتەس بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلى** «مستفعلن فاعلاتن» نىڭ ھەر بېيىتتا تۆت قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ:

ئىشق ئەھلىغە گەرچى دائىم كۆپ جەۋردۇر، كۆپ جەفادۇر،
ھۆسن ئەھلىغە نە قىلايكىم، بىمېھرو، بىۋەفادۇر.
مستفعلن / فاعلاتن / مستفعلن / فاعلاتن /
— —V— / — V— — /— —V— /— V — —/

1) **مۇجتەس بەھرىنىڭ تۆتلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:**

(1) **مەخبۇن:**

يۈزۈڭچە قەيسى ئاي ئېركىن،
لەبىڭچە قايسى مەي ئېركىن.
مفاعلن / فعلاتن /
V —V /— VV — —/

(2) **مەخبۇنى مەقسۇر:**

غەمىڭ مەنى قىلدى زار،
يۈزۈڭ مەنگە بولدى يار.
مفاعلن / فاعلان /
V— V /— V— ~ /

(3) **مەخبۇنى مۇسەببەغ:**

نسِيم گُل مي وزد باز
شَميم گُل مي رسد باز
مفاعلن / فاعليان /
V—V /— —V—·~/

(4) **مەخبۇنى ئەسلەم:**

رسيد از صحرا،
سحر به گوش ما

مفاعلن / فعْلن /
/__ __ /__ V__V

**(5) مەتۋىي:**

يۇزىچە قەيسى ئاي ئېرىكىن،
لەئلىچە قەيسى مەي ئېرىكىن.

مفتعلن / فعلاتن /
/__ __VV / __ V V __

**2) مۇجتەس بەھرىنىڭ ئالتىلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:**

**(1) مەجزۇئى[1] مەخبۇن:**

جەفا قىلۇر يەنە ئۇل گۇل مەنگە نېتەي،
نە چارەدۇر، نە قىلايىن، قەيان كېتەي؟

مفاعلن / فعلاتن / مفاعلن /
/__ V__ V /__ __ V V / __ V__V

**(2) مەتۋىيى مەخبۇن:**

جەۋر قىلۇر يەنە ئۇل گۇل مەنگە نېتەي،
چارە نە دۇر، نە قىلايىن، قەيان كېتەي؟

مفتعلن / فعلاتن / مفاعلن /
/ __ V__ V /__ __VV / __V V __

**(3) مەرفۇئى مەكفۇفى مەقتۇئ:**

ئۇل ئەلىف بويلۇقنىڭ ئىشقى،

---

[1] مەجزۇ (مَجزو) — «بۆلۇنگەن، ئايرىلغان» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، مەزكۇر ئۆرنەك مۇجتەس بەھرىنىڭ سەككىزلىك شەكلىنىڭ ئاخىرقى بىر رۇكنىنى قىسقارتىش (بۆلۈۋېتىش) نەتىجىسىدە ھاسىل قىلىنغاچقا، ئۇنىڭ رۇكنىلىرى تەركىبىدە بىر «فاعلاتن» ئىككى «مستفعلن» نىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل ئۆرنەكنىڭ نامىدا مەجزۇ سۆزى قوشۇپ ئېيتىلىدۇ. مۇجتەس بەھرىنىڭ مەجزۇ بولمىغان ئالتىلىكنىڭ رۇكنىلار تەركىبىدە بولسا بىر «مستفعلن» ئىككى «فاعلاتن» نىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.



مېنى ئالەم ئەرا ئەلەم قىلدى.

فاعلن / فاعلاتُ / مفعولن /
/__ __ __ / V __ V__ / __ V __

**(4) مەرفۇئى مەكفۇفى مەتۋىي:**

ۋەسلىن ئۇل ئاي مەنگە مەھال قىلۇر،
ھەجرىدىن مېنى خەستە ھال قىلۇر.

فاعلن / فاعلاتُ / مفتعلن /
/__ VV __ / V __ V__ / __ V __

**(5) مەتۋىيى مەكفۇف:**

ئۇلكى مەنگە يارى دىلنەۋازدورۇر،
جەۋرى ئەنىڭ كۆپو مېھرى ئازدورۇر.

مفتعلن / فاعلاتُ / مفتعلن /
/__ VV__ / V__V__ /__ VV __

**3) مۇجتەس بەھرىنىڭ سەككىزلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر :**

**(1) مەخبۇنى مۇسەببەغ:**

يۇزى گۇلو، ساچى سۇنبۇل، خەدى سۇمەن، خەتى رەيھان،
لەب ئۇزرە خەتى زۇمرەد ، خەت ئىچرە لەبلەرى مەرجان .

مفاعلن / فعلاتن / مفاعلن / فعلييان /
/~ __ V V / __ V__V /__ __VV /__ V __ V

**(2) مەخبۇن:**

فىراقدىن ئۆلەدۇرمەن، ۋىسالىغە يېتەئالمان،
يىراقتىن كۆرەدۇرمەن، ئىشىگىدىن كېتەئالمان.

مفاعلن / فعلاتن / مفاعلن / فعلاتن /
/__ __ VV /__ V__ V /__ __ VV /__ V__ V

**(3) مەخبۇن، ئارۇز ۋە زەرب مەخبۇنى مەقسۇر:**

خەتىڭ بىلە يۇزۇڭو كاكۇلىڭ سېنىڭ، ئەي جان،
بىرى بىنەفشە، بىرى ياسۇمەن، بىرى رەيھان.

مفاعلن / فعلاتن / مفاعلن / فعلان /
/~ V V /_ V _V /_ _ VV /_ V _ V

(4) **مەخبۇن، ئارۇز ۋە زەرب ئەسلەم:**

كۆزۈمدە مۇتتەسىل ئۇل ئېگمە قاش كېرەك بولسا،
قاشىمدە كۆز يارۇغى ئۇل قوياش كېرەك بولسا.

مفاعلن / فعلاتن / مفاعلن / فعلن /
/ _ _ / _V_ V /_ _V V /_ V_ V

(5) **مەخبۇنى مەقسۇر:**

رەمىدە كۆڭلۈم ئېرۇر ئىشق مۇبتەلاسى ھەنۇز،
باشىمدە باردۇر ئۇل سەرۋ قەد ھەۋاسى ھەنۇز.

مفاعلن / فعلاتن / مفاعلن / فاعلان /
/ ~ V _ /_ V _V /_ _ VV /_ V_ V

(6) **مەخبۇنى مەھزۇف:**

قەيانغە بارسەڭ ئىتىڭ مەن ئۆزۈمنى يېتكۈرەيىن،
يېتىشمەسەم سەنگە باقىب دۇئا قىلىب ھۇرەيىن.

مفاعلن / فعلاتن / مفاعلن / فاعلن /
/_ V _ /_ V_ V /_ _ VV /_ V_ V

(7) **مەتۋىيى مەخبۇن:**

ھەر كىشىكىم لەبو يۈزۈڭ جانىبىغە نەزەر ئېتگەي،
ھەم قانىنى سەدەر ئەيلەب ، ھەم باشىدىن گۇزەر ئېتگەي.

مفتعلن / فعلاتن / مفتعلن / فعلاتن /
/_ _ VV / _ VV_ /_ _ VV / _ VV_

(8) **مەرفۇئى مەخبۇن:**

كىمكى ئۇل لەبۇ يۈزۈڭ سەرىغە نەزەر ئېتگەي،
قانىنى سەدەر ئەيلەب، باشىدىن گۇزەر ئېتگەي.

فاعلن / فعلاتن / فاعلن / فعلاتن /
/_ _ VV / _ V _ /_ _ VV / _ V _

(9) **مەتۋىيى مەكفۇفى مەجھۇف :**



دۇشمەنى جان ئۆلدى، نە قىلاي، سەنگە بابۇر،
ئۇلكى مەنگە يارى دىلنەۋاز كۆرۈندى.

مفتعلن / فاعلاتُ / مفتعلن / فع /
/ _ / _ V V_ / V_ V _ /_ V V _

(10) **مەكفۇفى مەجھۇف:**

مەن نېچە جەفائو جەۋرۇڭە سەبر ئېتەي،
بىر زەررە ۋەفائو مېھر يوق سەندە نېتەي.

مستفعلُ / فاعلاتُ / مستفعلُ / فع /
/ _ / V V _ _ / V _ V _ / V V _ _

(11) **مەخبۇنى مۇشەئەسى مەجھۇف:**

جەفا قىلۇرسەن يارىم، ۋەفا دەغى قىل،
ئانى بىلۇرسەن داغى، مۇنى دەغى بىل.

مفاعلن / مفعولن / مفاعلن / فع /
/ _ /_ V _ V / _ _ _ / _ V _ V

مۇجتەس بەھرىنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ئۆرنەكلىرى يۇقىرىدىكىلەردىن ئىبارەت. ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە يەنە مۇجتەس بەھرىنىڭ باشقا ئۆرنەكلىرىمۇ يوق ئەمەس.

## 7. مۇقتەزەب بەھرى

مۇقتەزەب (مقتضب) سۆزى ئەرەبچىدە «كېسىۋېتىلگەن، ئۈزۈۋېتىلگەن» دېگەندەك مەنىلەردە بولۇپ، ئارۇز ئىلمىدە ئۇ فەرئىي بەھرلەردىن بىرىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ. مۇقتەزەب بەھرىمۇ ئۆزىگە خاس بولغان رۇكنىغا ئىگە ئەمەس. ئۇنىڭ رۇكنلىرى مۇنسەرىھ بەھرىنىڭ رۇكنلىرىدىن ئۈزۈپ ئېلىنغان. شۇڭا، بۇ بەھر مۇقتەزەب نامى بىلەن ئاتالغان. مۇنسەرىھ بەھرىدە «مستفعلن» ئالدىدا ۋە «مفعولاتُ» كەينىدە كەلگەن بولسا، مۇقتەزەب بەھرىدە ئەكسىچە «مفعولاتُ» ئالدىدا ۋە «مستفعلن»

كـەينـدە كـېلـىدۇ. يـەنى بـۇ ئـىككى بـەھرنـىڭ رۇكـنـلـىرى ئوخشاش بولۇپ، پەقەت بەھرلەرنىڭ ئورۇنلىشىش تەرتىپىلا ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ.

خـەلـىل ئىبـنى ئەھمـەد تۈزگـەن «مۇشـتەبىھە» دائىرەسىدە مۇقتەزەب بەھرى ئالتىلىك سالىم شەكىلدە بېرىلگەن. ئۇنىڭ سالىم شەكىللىرىدە ئۇزۇن بوغۇم كۆپ، تەلەپپۇزى ئېغىر بولغاچقا، پارس-تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە ئوخشاشلا بۇ ۋەزىننىڭ زىھافلىق شەكىللىرىنى قوللىنىش بىر قەدەر ئومۇملاشقان. سالىم شەكىللىرىدە يېزىلغان ئەسەرلەر كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك پارس-تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق ئارۇزچىلار تۈزگەن دائىرەلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا بۇ بەھر سەككىزلىك زىھافلىق شەكىلدە ئۇچرايدۇ. ئەدەبىيات تارىخىدا مۇقتەزەب بەھرىنىڭ تۆتلىك، ئالتىلىك ۋە سەككىزلىك شەكىللىرىنىڭ ھەممىسىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. كۆپ ئۇچرايدىغان ئۆرنەكلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

**مۇقتەزەب بەھرىنىڭ سالىم تۆتلىك شەكلى** گەرچە «مفعولاتُ مستفعلن» نىڭ ھەر بېيىتتا ئىككى قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ۋە ئۇنىڭ **سالىم ئالتىلىك شەكلى** «مفعولاتُ مستفعلن مستفعلن» نىڭ ھەر بېيىتتا ئىككى قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولسىمۇ، ئەمما، مەيلى پارس-تاجىك شېئىرىيىتى ياكى تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە بولسۇن بۇ ئۆرنەكلەردە يېزىلغان شېئىرلار ئادەتتە ئۇچرىمايدۇ. مەزكۇر بەھرنىڭ سەككىزلىك سالىم شەكلى «مفعولاتُ مستفعلن» نىڭ ھەر بېيىتتا تۆت قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ:

ئەي بىمېھر كەلگىل بېرى، بۇ فۇرقەتقە بىر چارە قىل،



يا يوق ئېرسە كۆكسۈمنى يار، بۇ كۆڭلۈمنى ئاۋارە قىل.

مفعولاتُ / مستفعلن / مفعولاتُ / مستفعلن /
/ __V__ __ / V__ __ __/ __ V__ __ / V__ __ __

ئېيىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇقتەزەب بەھرىنىڭ زىھافلىق شەكىللىرى خېلىلا كەڭ ئومۇملاشقان. كۆپ ئۇچرايدىغان ئۆرنەكلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

**1) مۇقتەزەب بەھرىنىڭ تۆتلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:**

**(1) بىر رۇكنى مەتۋىي، بىر رۇكنى سالىم:**

گەرچى خۇبۇ گۈلچېھردۇر،
لىك يارى بى مېھردۇر.

فاعلاتُ / مستفعلن /
/ __ V__ __ / V __ V __

**(2) مەتۋىيى مۇزال:**

يوق قەدىڭچە سەرۋى رەۋان،
يوق لەبىڭچە ھەم مەرجان.

فاعلاتُ / مفتعلان /
/ ~ V V__ / V__ V __

**(3) مەتۋىي:**

يار بىزنى زار قىلۇر،
زار بىزنى يار قىلۇر.

فاعلاتُ / مفتعلن /
/__ VV__ / V __ V __

**(4) مەتۋىيى مەقتۇئ:**

غافىل ئۆلمە دەۋلەتتە،
ئۆزنى سالمە مېھنەتتە.

فاعلاتُ / مفعولن /
/ __ __ __ / V__ V __

**(5) مەخبۇنى مەتۋي :**

مېنى ھەجر زار قىلۇر،
مېنى ئىشق خار قىلۇر.
مفاعيلُ / مفتعلن /
/— VV — / V — —V

**2) مۇقتەزەب بەھرىنىڭ ئالتىلىك شەكلى** پارس ـ تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە بولۇپمۇ تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە ئۇنىڭ باشقا شەكىللىرىگە قارىغاندا ناھايىتى ئاز ئىشلىتىلگەن. دائىم ئۇچرايدىغان تارماق ۋەزىنلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

**(1) سەدر ۋە ئىپتىداسى مەرفۇئ، ئارۇز ۋە زەرب ھەم ھەشۋلىرى سالىم:**

اي سعتري بيهوده تا كي مرا ،
داري همي از جفا اندر انا .
مفعولُ / مستفعلن / مستفعلن /
/— V— — /— V— — / V — —

**(2) مەنھۇر:**

مي خندد گُل لاله از كوه ،
مي اندازد از سينه اندوه .
مفعولاتُ / مستفعلن / فع /
/— / — V— — / V— — —

**(3) مەتۋيى مەۋقۇف:**

آن بزرگوار مَلک فضل كرد ،
درگذشت آنَ چه زمن ديده بود
فاعلاتُ / مفتعلن / فاعلان /
/~ V— /—VV— / V— V—

**3) مۇقتەزەب بەھرىنىڭ سەككىزلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر :**



**(1) مەتۋي:**

ئەي نىگارى ماھۋەشىم، ئەي ھەرىفى جۇرئەكەشىم،
تۈت قەدەھكى، بىھەد ئېرۇر ئىشق تابىدىن ئاتەشىم.
فاعلاتُ / مفتعلن / فاعلاتُ / مفتعلن /
/ —VV— / V — V— /— V V— / V — V—

**(2) مەتۋيى مەقتۇئ:**

ئەي يىگىت، بۇيان كەلكى، شەۋقتىن خەرابىڭ مەن،
بۇينى باغلىغ ئىت يەڭلىغ بەستەيى تەنابىڭ مەن.
فاعلاتُ / مفعولن / فاعلاتُ / مفعولن /
/ — — — / V — V — / — — — / V — V —

**(3) مەخبۇلى مەتۋي:**

ئېشىت ئەي ئۇزارى سۇمەن، بۇ ھەۋانى يەخشى كېچۇر،
بىر ئاياقنى تولدۇرۇبان ئۆزۈڭ ئىچ ، مەنگە ھەم ئىچۇر.
فعلاتُ / مفتعلن / فعلاتُ / مفتعلن /
/ — VV— / V— V V / —VV— / V —V V

**(4) مەخبۇلى مەقتۇئ :**

ئېشىت ئەي ئۇزارى گۇل، بۇ ھەۋانى خۇش تۇتغىل،
بىر ئاياقنى تولدۇرغىل ئىچو، مەنگە قوش تۇتغىل.
فعلاتُ / مفعولن / فعلاتُ / مفعولن /
/ — — — / V —VV / — — — / V— V V

**(5) مەخبۇنى مەتۋي:**

ئېشىت ئەي ئۇزارى سۇمەن، خەزان فەسلى يەخشى كېچۇر،
كېتۇر جام تولدۇرۇبان ئۆزۈڭ ئىچ، مەنگە ھەم ئىچۇر.
مفاعيلُ / مفتعلن / مفاعيلُ / مفتعلن /
/— VV— / V— —V /— VV — / V— — V

**(6) مەخبۇن:**

جەفاكار سېنىڭچە يوق، ۋەفادار مېنىڭچە يوق،
دىلازار سېنىڭچە يوق، دىلەفگار مېنىڭچە يوق.
مفاعيلُ / مفاعلن / مفاعيلُ / مفاعلن /

/_ V_ V / V_ _V /_ V_V / V_ _ V

**(7) مەكشۇفى مەخبۇنى ئەھەز:**

ھەر كۈندە يۈزۈڭنى كۆرمەك ئېرۇر ھەۋەسىم،
ھەر كېچە ساچىڭنى خىيالدۇر[①] ھەمنەفەسىم.
مفعولن / مفاعلن / مفاعيل ُ/ فعل /
/ _ V / V _ _V / _ V_ V / _ _ _

**(8) مەرفۇئى مەتۋىي:**

كېل ئەي ئۈزار سۈمەن، گۈل ۋەقتى يەخشى كېچۈر،
بىر جام تولدۇرۇبان ئىچگىل، مەنگە ھەم ئىچۈر.
مفعولُ / مفتعلن / مفعول ُ/ مفتعلن /
/ _ VV _ / V _ _ / _ VV_ / V _ _

يۇقىرىدىكى مىساللاردىن ھەم كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇقتەزەب بەھرىنىڭ رۇكنىلىرىدا ئۇزۇن بوغۇملارنىڭ سانى نىسبەتەن كۆپ، تەلەپپۇزى ئېغىر بولغاچقا، بۇ بەھردە شېئىر يازىدىغانلارمۇ ئانچە كۆپ بولمىغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئالتىلىك شەكلى تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە تامامەن ئىشلىتىلمىگەن دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ. سەككىزلىك شەكلىدە يېزىلغان شېئىرلارنى ۋەزنىگە چۈشۈرۈشتىمۇ بوغۇملارنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشى ئادەتتىكىدىن ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مىسرالارنى ئوقۇغاندا بىر خىل راھەتسىزلىك چىقىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، بۇ بەھرنىڭ ئۆرنەكلىرىمۇ نىسبەتەن ئاز.

## 8. سەرىئ بەھرى

سەرىئ (سريع) ئەرەبچىدە ئەسلى «ئالدىراشچىلىق، ئىلداملىق» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆز

[①] بۇ مىسرادا «خىيال» سۆزىدە بىر بوغۇم سەكتە بولۇپ، قىسقا بوغۇمنىڭ ئورنىغا ئۇزۇن بوغۇم توغرا كېلىدۇ.



بولۇپ، ئارۇز ئىلمىدە ئۇ فەرئىي بەھرلەردىن بىرىنىڭ نامىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ بەھرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان رۇكنى يوق. خەلىل ئىبنى ئەھمەد تۈزگەن «مۇشتەبىھە» دائىرەسىدە مەزكۇر بەھر ئالتىلىك سالىم شەكلىدە بېرىلگەن. ئۇنىڭ رۇكنىلار تەرتىپى «مستفعلن مستفعلن مفعولاتُ» دىن ئىبارەت. رۇكنىلار تەركىبىدە سەبەبلەر ۋەتەدلەرگە قارىغاندا كۆپرەك بولغاچقا، ئوقۇغاندا ئۇنىڭ رىتىملىرىدىن بىر خىل تېزلىك، جىددىيلىك ۋە ئالدىراشچىلىق چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ بەھرنىڭ «سەرىئ» دەپ نام ئېلىشىنىمۇ ئارۇزچىلار دەل ئۇنىڭ رۇكنىلىرىدا ئىپادىلىنىدىغان ئاشۇنداق تېزلىك، جىددىيلىككە باغلىغان ھالدا چۈشەندۈرۈشىدۇ. پارس-تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق ئارۇزچىلار تۈزگەن دائىرىلەردە سەرىئ بەھرى كۆپىنچە مەتۋىي شەكلىدە ئۇچرايدۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئارۇزچىلار بۇ بەھرنىڭ پارس-تاجىك شېئىرىيىتىدە سالىم شەكلىدە قوللىنىلمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىشىدۇ. ئارۇزدىكى ئەسلىي بەھرلەرنىڭ تارماقلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندىمۇ سەرىئ بەھرىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە ئۇچرايدىغان تارماق ئۆرنەكلىرىنىڭ كۆپ ئەمەسلىكىنى ھېس قىلالايمىز. ئۇنىڭ سەككىزلىك شەكلى تامامەن ئىشلىتىلمەيدۇ. كۆپ ئۇچرايدىغان شەكلى تۆۋەندىكىدىن ئىبارەت:

**سەرىئ بەھرىنىڭ سالىم تۆتلىك شەكلى** «مستفعلن مفعولاتُ» نىڭ ھەر بېيىتتا ئىككى قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ۋە ئۇنىڭ **سالىم سەككىزلىك شەكلى** «مستفعلن مفعولاتُ» نىڭ ھەر بېيىتتا تۆت قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولۇشى كېرەك. ئەمما، سەرىئ بەھرىنىڭ بۇ ھەر ئىككى خىل سالىم شەكلى مەيلى

پـارس ـ تـاجىك شـېئىرىيىتى يـاكى تۈركـىي تىللىـق شېئىرىيەتتە بولسۇن قوللىنىلمىغان. ئۇنىڭ **ئالتىلىك سالىم شەكلى** «مستفعلن مستفعلن مفعولاتُ» نىڭ ھەر بېيىتتا ئىككى قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. بۇ خىل ئۆرنەكتىمۇ يېزىلغان شېئىرلار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ:

اي يار من ، اي جان من ، از دل ناله ،
امسال هم كمتر نشد از پارساله
مستفعلن / مستفعلن / مفعولاتُ /
/ V _ _ _ / _ V_ _ /_ V_ _

سەرىئ بەھرىنىڭ تۆتلىك ۋە ئالتىلىك زىھافلىق شەكىللىرى پارس ـ تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە ئوخشاشلا بىر قەدەر ئومۇملاشقان. دائىم ئۇچرايدىغان ئۆرنەكلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

**1) سەرىئ بەھرىنىڭ تۆتلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:**

**(1) مەتۋىيى مەخبۇنى مەۋقۇف:**

مەنچە قەنى ۋەفادار،
سەنچە قەنى جەفاكار؟
مفتعلن / فعولان /
/ ~ _ V / _ V V _

**(2) مەتۋىيى مەكشۇف:**

يار مېنى بىلمەيدۇر،
رەھم مەنگە قىلمەيدۇر.
مفتعلن / مفعولن /
/ _ _ _ / _ V V _

**2) سەرىئ بەھرىنىڭ ئالتىلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:**



**(1) سەدر ۋە ئىپتىداسى، ھەشۋى سالىم، ئارۇز ۋە زەربى مەۋقۇف:**

جانىمغە يۈز دەردۇ ئەلەم كېلتۈردۈڭ،
كۆڭلۈمە يۈز رەنجۇ ستەم كېلتۈردۈڭ.
مستفعلن / مستفعلن / مفعولان /
/ ~ _ _ / _ V _ _ / _ V _ _

**(2) مەتۋىيى مەۋقۇف:**

ئىشقنى ھەر كىمكى قىلۇر ئىختىيار،
مەن كەبى ئالەمدە بولۇر خارو زار.
مفتعلن / مفتعلن /مفعولان /
/ ~ _ _ /_ V V_ /_ V V_

**(3) مەتۋىي مەكشۇفى مەتۋى :**

كۆڭلۈمە يۈز رەنجۇ ستەم كېلتۈرۈر،
جانىمە مىڭ مېھنەتۇ غەم كېلتۈرۈر.
مفتعلن / مفتعلن / فاعلن /
/ _ V _ /_ V V_ /_ V V_

**(4) ئارۇز ۋە زەربى مەخبۇنى مەتۋىيى مەكشۇف:**

كۆڭلۈمگە يۈز رەنجۇ ستەم كېلەدۇر.
جانىمغە مىڭ دەردۇ ئەلەم كېلەدۇر.
مستفعلن / مستفعلن / فعلن /
/ _ VV / _ V _ _ / _ V _ _

**(5) مەتۋىيى مەكشۇف:**

نېقىلايىن يار مېنى بىلمەيدۇر،
لۇتف قىلىب رەھم مەنگە قىلمەيدۇر.
مفتعلن / مفتعلن / مفعولن /
/_ _ _ /_ VV_ /_ VV_

**(6) مەتۋى، ئارۇز ۋە زەرب ئەسلەم:**

كۆڭلۈمە يۈز رەنجۇ سېتەم كېلدى،

جانىمە مىلڭ مېھنەتۇ غەم كېلدى.
مفتعلن / مفتعلن / فعلن /
/ — — /— VV — / — VV—

(7) مەتۋىيى مەجدۇئ:
كۆڭلۇمە يۈز رەنجۇ سىتەم بار،
جانىمە مىلڭ مېھنەتۇ غەم بار.
مفتعلن / مفتعلن / فاع /
/ ~ / — VV— / — VV—

(8) مەتۋىيى مەنھۇر:
كۆڭلۇمە يۈز رەنجۇ سىتەمدۇر،
جانىمە مىلڭ مېھنەتۇ غەمدۇر.
مفتعلن / مفتعلن / فع /
/ — /— V V— /— V V—

(9) مەتۋىيى مەخبۇنى مەۋقۇف:
قەندەدورۇر سېنىڭ كەبى دىلازار،
قەندەدورۇر مېنىڭ كەبى دىلەفگار.
مفتعلن / مفاعلن / فعولان /
/ ~ — V / — V — V / — V V —

(10) مەتۋىيى مەقتۇيى مەتۋىيى مەۋقۇف:
سەنچە كىشى بولغەيمۇ ئەي نىگار،
گۇلبەدەنى، گۇلبۇيى، گۇل ئۇزار.
مفتعلن / مفعولن / فاعلان /
/ ~ V — / — — — /— V V—

(11) مەخبۇنى مەكشۇفى مەتۋىي:
قەرا كۆزۇم بېرىگە كېل قىل كەرەم،
ۋىسال بىرلە قىل مېنى مۇھتەرەم.
مفاعلن / مفاعلن / فاعلن /
/ — V— /— V—V /— V— V



(12) مەخبۇنى مەكشۇف:
قەرا كۆزۇم بېرىگە كېل كەرەم قىل،
مېنى ۋىسال بىرلە مۇھتەرەم قىل.
مفاعلن / مفاعلن / فعولن /
/ — — V /— V—V / — V—V

(13) مەخبۇنى مەتۋىيى مەكشۇف:
كەرەم قىلىب بېرىگە كېل، ئەي سەنەم،
نەزەر قىلىب، بەندەنى قىل مۇھتەرەم.
مفاعلن / مفتعلن / فاعلن /
/ — V — /— VV— /— V— V

سەرىئ بەھرىنىڭ سەككىزلىك شەكلى ئىجادىيەتتە قوللىنىلمىغان. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئۇنىڭ رۇكنىلار تەركىبىدە ئۇزۇن بوغۇملارنىڭ قىسقا بوغۇملارغا قارىغاندا كۆپ ۋە تەلەپپۇزنىڭ ئېغىر بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

## 9. خەفىق بەھرى

خەفىق (خفيف) سۆزى ئەرەبچىدە ئەسلى «يېنىك» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئارۇز ئىلمىدە فەرئىي بەھرلەردىن بىرىنىڭ نامىنى ئىپادىلەيدۇ. مەزكۇر بەھر ئوقۇلۇشتا راۋان ۋە يېنىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭغا «خەفىق» دەپ نام بېرىلىشىدىمۇ ئاشۇنداق ئالاھىدىلىك ئاساس قىلىنغان. خەلىل ئىبنى ئەھمەد خەفىق بەھرىنى «مۇشتەبىھە» دائىرەسىدىن سالىم ئالتىلىك شەكلىدە ئايرىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ رۇكنىلار تەرتىپى «فاعلاتن مستفعلن فاعلاتن» دىن ئىبارەت. پارس ـ تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە بۇ بەھر سەككىزلىك شەكلىدە ئاساسەن ئىشلىتىلمەيدۇ. ئۇنىڭ تۆتلىك، ئالتىلىك سالىم شەكلىدە يېزىلغان شېئىرلارمۇ ناھايىتى ئاز. پەقەت ئۇنىڭ

ئالتىلىك زىھافلىق شەكىللىرى ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئاز بولمىغان ئۆرنەكلەردە قوللىنىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن پارس-تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق ئارۇزچىلار تۈزگەن دائىرەلەردە مەزكۇر بەھر كۆپىنچە مەخبۇن شەكىلدە بېرىلگەن. بۇ بەھرنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە كۆپ ئۇچرايدىغان ئۆرنەكلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

**خەفىف بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىكى** «فاعلاتن مستفعلن فاعلاتن» نىڭ ھەر بېيىتتا ئىككى قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ:

قەيدە ئېردىڭ، ئەي مەھۋەشىم، شەرھ قىلغىل،
ئۆلگۈم ئېردى گەر بىر زەمان كېلمەسەڭ بىل.

فاعلاتن / مستفعلن / فاعلاتن /
/— — V — / — V — — /— — V —

**1) خەفىف بەھرىنىڭ تۆتلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:**

**(1) مەخبۇن:**

كۆرە ئالمان يىراقدىن،
ئۆلەدۇرمەن فىراقدىن.

فعلاتن / مفاعلن /
/— V —V /— — VV

**(2) مەكفۇفى مەتۋى:**

سەرۋى ناز سەنچە قەنى،
ئىشقىباز مەنچە قەنى؟

فاعلاتُ / مفتعلن /
/ — VV— / V— V—

**(3) مەشكۇلى مەتۋىي:**

سەنچە مەنچە زار قەنى،



مەنگە سەنچە يار قەنى؟

فعلاتُ / مفتعلن /
/— V V— / V —VV

**2) خەفىف بەھرىنىڭ ئالتىلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:**

**(1) مەخبۇن:**

ۋەسلىن ئۇل ئاي مەنگە مەھال قىلىبتۇر،
ھەجرىدىن مېنى خەستە ھال قىلىبتۇر.

فاعلاتن / مفاعلن / فعلاتن /
/— — VV / — V—V / — — V—

**(2) مەخبۇنى مەقسۇر:**

ھېچ[①] بىلمانكى چىنمۇدۇر بۇ سۆزۈڭ،
يەخشىلىققە يەقىنمىدۇر بۇ سۆزۈڭ.

فاعلاتن / مفاعلن / فعلان /
/~ V V /— V— V / — — V—

**(3) مەخبۇنى ئەسلەمى مۇسەببەغ:**

سېنى دىدىم ئۈمىد ئىلە ئەي يار،
كىم ئالىب كۆڭلۇم ئۇلغە سەن دىلدار.

فاعلاتن / مفاعلن / فعلان/
/ ~ — / — V—V /— — V —

**(4) مەخبۇنى مەھزۇف:**

ۋەسلىن ئۇل ئاي مەنگە مەھال قىلۇر،
ھەجرىدىن مېنى خەستە ھال قىلۇر.

فاعلاتن / مفاعلن / فَعلن /
/ —V V /— V—V / — — V —

**(5) مەخبۇنى ئەسلەم:**

① بۇ يەردىكى «ھېچ» سۆزى بىر يېرىم بوغۇم (— V) غا تەڭدۇر.

زۇھد كەتتى ئېسە كەرەم قىلدى،
ئىشق كېلدىيۇ مۇھتەرەم قىلدى.
فاعلاتن / مفاعلن / فَعْلن /
/ — — / ـَ — / V—V / — — V —

**(6) مەخبۇنى مۇشەئەس:**
دەھرغە نە ۋەفادورۇ نە رەھمى،
دەھر كۆپ بىۋەفادورۇ بىرەھمى.
فاعلاتن / مفاعلن / مفَعولن /
/ — — ـِ — / — V— V / — — V —

**(7) مەخبۇنى مەجھۇفى مۇسەببەغ، سەدرۇ ئىپتىدا سالىم:**
كۆزىدۇر مەستۇ لەئلى مەيگۇن،
زۇلفىدۇر ئېگرى قەددى مەۋزۇن.
فاعلاتن / مفاعلن / فاع /
/ ~ / — V— V / — — V —

**(8) مەكفۇفى مەتۇيى مەخبۇن:**
كەلكى سەنچە يار تاپىلمەدى ھەرگىز،
بىلكى مەنچە زار تاپىلمەدى ھەرگىز.
فاعلاتُ / مفتعلن / فعلاتن /
/— — VV / — V V— / V— V —

**(9) مەكفۇفى مەتۇيى مەھزۇف:**
كەلكى سەنچە يار تاپىلمەس يەنە،
بىلكى مەنچە زار تاپىلمەس يەنە.
فاعلاتُ / مفتعلن / فاعلن /
/— V— / —V V— / V— V —

**(10) مەكفۇفى مەتۇيى مەخبۇنى مەھزۇف:**
كەلكى سەنچە يار قەچان تاپىلۇر،
بىلكى مەنچە زار قەچان تاپىلۇر.
فاعلاتُ / مفتعلن / فَعِلن /



/— V V / — V V— / V— V —

**(11) مەكفۇفى مەتۇيى مەربۇئ:**
كەلكى سەنچە يار تاپىلمەغەي،
بىلكى مەنچە زار تاپىلمەغەي.
فاعلاتُ / مفتعلن / فعل /
/ — V / — V V— / V— V —

**(12) مەكفۇفى مەتۇيى مەجھۇف:**
كەلكى سەنچە يار تاپىلمەس،
بىلكى مەنچە زار تاپىلمەس.
فاعلاتُ / مفتعلن / فع /
/— / —V V— / V — V —

**(13) مەشكۇلى مەتۇيى مەخبۇن:**
مەنگە سەنچە يار تاپىلمەدى ھەرگىز.
سەنگە مەنچە زار تاپىلمەدى ھەرگىز.
فعلاتُ / مفتعلن / فعلاتن /
/— —V V / —V V— / V—V V

**(14) مەشكۇلى مەتۇيى مەھزۇف:**
مەنگە سەنچە يار تاپىلمەس يەنە،
سەنگە مەنچە زار تاپىلمەس يەنە.
فعلاتُ / مفتعلن / فاعلن /
/— V — / —V V— / V—V V

**(15) مەشكۇلى مەتۇيى مەخبۇنى مەھزۇف:**
مەنگە سەنچە يار قەچان تاپىلۇر،
سەنگە مەنچە زار قەچان تاپىلۇر.
فعلاتُ / مفتعلن / فعلن /
/—V V / — VV— / V— V V

**(16) مەشكۇلى مەتۇيى مەربۇئ:**
مەنگە سەنچە يار تاپىلمەغەي،

سەنگە مەنچە زار تاپىلمەغەي.
فعلاتُ / مفتعلن / فعل /
/ — V / — VV— / V—V V

**(17) مەشكۇلى مەتۇيىي مەجھۇف:**

مەنگە سەنچە يار تاپىلمەس،
سەنگە مەنچە زار تاپىلمەس.
فعلاتُ / مفتعلن / فع /
/ — / —V V— / V— VV

پارس ـ تاجىك شېئىرىيىتىدە خەفىف بەھرىنىڭ سەككىزلىك مەخبۇن شەكلىدىمۇ بەزى شېئىرلار ئۇچرايدۇ:

گر كند ياور مرا به غم عشق آن صنم ،
بتواند زدود زين دل غمخواره زنگ غم .
فعلاتن / مفاعلن / فعلاتن / مفاعلن /
/— V —V /— —VV /— V —V /— — VV

خەفىف بەھرىنىڭ تۆتلىك شەكلى تەلەپپۇزى ئېغىر بولغاچقا، بۇ ئۆرنەكتە شېئىر يازىدىغانلار كۆپ بولمىغان.

## 10. جەدىد (غەرىب) بەھرى

جەدىد (جديد) ئەرەبچىدە «يېڭى» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئارۇز ئىلمىدە ئۇ پارس ـ تاجىك شېئىرىيىتىگىلا خاس بولغان، ئەرەب شېئىرىيىتىدە قوللىنىلمايدىغان فەرئىي بەھرلەردىن بىرىنىڭ نامىنى ئىپادىلەيدۇ. مەزكۇر بەھرنى پارس ـ تاجىك ئارۇزچىلىرىدىن بوزۇرگمېھرى قايىنى (11 ـ ئەسىر) ئىجاد قىلغان بولۇپ، ئۇ ئارۇزدىكى باشقا بەھرلەرگە قارىغاندا كېيىن بايقالغان بولغاچقا «جەدىد» نامى بىلەن ئاتالغان. ئارۇز ئىلمى تارىخىدا بۇ بەھر يەنە غەرىب (غريب)، نادىر (نادر)، ئەجىب (عجيب) دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ. جەدىد بەھرى ئۆزىگىلا خاس



بولغان رۇكىنغا ئىگە ئەمەس. ئۇنىڭ ئالتىلىك سالىم شەكلى «فاعلاتن فاعلاتن مستفعلن» نىڭ ھەر بېيىتتا ئىككى قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. گەرچە بۇ بەھرنى خەلىل ئىبنى ئەھمەد تۈزگەن «مۇشتەبىھە» دائىرەسىدىن ھاسىل قىلىشقا بولسىمۇ، ئەمما، ئۇ ئەرەب شېئىرىيىتىدە بىر مۇستەقىل بەھر سۈپىتىدە قوللىنىلمىغان. ئۇنى تۇنجى قېتىم بوزۇرگمېھرى قايىنى تۇراقلىق قېلىپقا كىرگۈزۈپ، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلىغان. شەمس قەيس رازى، ئەلىشىر نەۋايى، مۇھەممەد غىياسۇددىن، ۋەھىدى تەبرىزى قاتارلىق پارس ۋە تۈركىي تىللىق ئارۇزچىلار تۈزگەن دائىرىلەردە بۇ بەھرنىڭ ئالتىلىكى مەخبۇن شەكلىدە بېرىلگەن. مەزكۇر بەھر تۆتلىك ۋە ئالتىلىك سالىم شەكىلگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭدا شېئىر يازغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس. مەيلى پارس تىللىق شېئىرىيەت ياكى تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە بولسۇن، جەدىد بەھرى ئاساسەن زىھافلىق شەكىللەردە ئىشلىتىلىدۇ. كۆپ ئۇچرايدىغان ئۆرنەكلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

**1) جەدىد بەھرىنىڭ سالىم تۆتلىك شەكلى** «فاعلاتن مستفعلن» نىڭ ھەر بېيىتتا ئىككى قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. بۇ شەكىل خەفىف بەھرىنىڭ سالىم تۆتلىك شەكلى بىلەن پەرقلەنمەيدۇ:

چشمهايت نرگس نَما
با نگاهي بگذر به ما
فاعلاتن / مستفعلن /
/— V — — /— — V—

**2) جەدىد بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى** «فاعلاتن فاعلاتن مستفعلن» نىڭ ھەر بېيىتتا ئىككى قېتىم

تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ:

نە بەلالىغ ھەجر ئېرۇركىم، زار ئۆلمىشەم،
كەلكى ئۇل كۆز ھەجرىدە بىمار ئۆلمىشەم.

فاعلاتن / فاعلاتن / مستفعلن /
/ — V — — /— — V — /— — V —

**1) جەدىد بەھرىنىڭ تۆتلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزنىلەر:**

**(1) مەكفۇفى مەتۋي:**

لالە رۇي سەنچە قەنى،
تۇندخۇي سەنچە قەنى؟

فاعلاتُ / مفتعلن /
/— V V— / V — V—

**(2) مەكفۇفى مەتۋيى مۇرەففەل:**

لالە رۇي سەنچە قەچان بار،
تۇندخۇي سەنچە قەچان بار؟

فاعلاتُ / مفتعلاتن /
/— —V V— / V— V —

**(3) مەشكۇلى مەرفۇئى مۇرەففەل[1] :**

مەنگە سەنچە يار بارمۇ،

[1] بۇ يەردىكى «مەرفۇئى مۇرەففەل» بىز كۆرسەتكەن زىھافلار جەدۋىلىدە ئۇچرىمايدۇ. ئۇ «مستفعلن» رۇكنىنىڭ مەرفۇئ شەكلى بولغان «فاعلن» گە تەرفىل ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈش (يەنى ئۇنىڭ ئاخىرىغا بىر ئۇزۇن بوغۇم قوشۇش) ئۇسۇلى ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. مەسىلەن: «فاعلن» نىڭ ئاخىرىغا بىر ئۇزۇن بوغۇم قوشۇلسا، ئۇ «فاعلُتن» شەكلىگە كېلىدۇ. ئۇنى ئۆزى بىلەن تەڭ ۋەزىندىكى بىرلىككە كەلگەن ئەفائىلگە ئۆرىگەندە «فاعلاتن» گە تەڭ بولىدۇ. بۇنداق ئۇسۇلدا «مستفعلن» دىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن «فاعلاتن» ئاروز ئىلمىدە «مەرفۇئى مۇرەففەل» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ مۇرەككەپ ئۆزگەرتىشلەر ئارقىلىق ياسالغان زىھافلاردىن بولۇپ، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.



سەنگە مەنچە زار بارمۇ؟

فعلاتُ / فاعلاتن /
/ — — V— / V—V V

**2) جەدىد بەھرىنىڭ ئالتىلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر :**

**(1) مەخبۇن:**

نەزەرى قىلمەدى ماھىم، مەنگە نېتەي،
ئەسەرى قىلمەدى ئاھىم ئەنگە نېتەي؟

فعلاتن / فعلاتن / مفاعلن /
/— V— V /— —V V /— —V V

**(2) مەخبۇن، ئارۇز ۋە زەرب ئەھەز:**

ئۆزنى بىر لەھزە ئەلەمسىز تاپمان،
خاتىرى خەستەنى غەمسىز تاپمان.

فعلاتن / فعلاتن / فعلن /
/ — — /— —V V /— —V V

**(3) مەشكۇل، ئارۇز ۋە زەرب ئەھەز:**

مەيى لەئلۇ يارى ھەمدەم خۇشدۇر،
دىلى شادۇ جانى بىغەم خۇشتۇر.

فعلاتُ / فاعلاتن / فعلن /
/ — — / — — V— / V—V V

**(4) مەكفۇفى مەتۋي:**

سەرۋ قەد[1]، لالەرۇي سەنچە قەنى،
تېزخەشم، تۇندخۇي سەنچە قەنى؟

[1] بۇ يەردىكى «قەد» سۆزى ئەسلىدىكى تېكىستتە تەشدىدلىك يېزىلغاچقا، بىر يېرىم بوغۇم (V —) غا تەڭ بولىدۇ. بۇ مىسالدىكى «رۇي، تېز، خۇي» قاتارلىق سۆزلەر ئەسلىدىكى ئىملادا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن يېزىلغاچقا، پارسچە شېئىرلارغا خاس تەقتىئ قائىدىلىرى بويىچە بىر يېرىم بوغۇم سانالغان.

فاعلاتُ / فاعلاتُ / مفتعلن /
/_ VV _ / V_ V_ / V_ V _

(5) **مەكفۇفى مەتۋىيى مۇرەففەل:**

سەرۋ قەد، لالەرۋي سەنچە قەچان بار،
تېزخەشم، تۇندخۇي سەنچە قەچان بار؟
فاعلاتُ / فاعلاتُ / مفتعلاتن /
/_ _ VV_ / V _ V_ / V_ V _

(6) **مەشكۇلى مەكفۇف، ئارۇز ۋە زەرب مەرفۇئ:**

مەنگە سەنچە گۇل ئۇزار بارمۇ،
سەنگە مەنچە بىقەرار بارمۇ؟
فعلاتُ /فاعلاتُ /فاعلن /
/_ V_/ V_ V_ / V_ VV

(7) **مەشكۇلى مەكفۇفى مەتۋىي :**

مەنگە سەنچە گۇل ئۇزار كەم تاپىلۇر،
سەنگە مەنچە بىقەرار كەم تاپىلۇر؟
فعلاتُ / فاعلاتُ / مفتعلن /
/_ V V_/ V_ V_ / V_ V V

جەدىد بەھرىنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ئۆرنەكلىرى يۇقىرىدىكىلەردىن ئىبارەت. بۇ بەھرىنىڭ تۆتلىك شەكلىدىكى ئۆرنەكلەرنىڭ خەفىف بەھرىنىڭ تۆتلىك شەكلىدىكى ئۆرنەكلەر بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان تەرەپلىرى ناھايىتى كۆپ.

## 11. قەرىب بەھرى

قەرىب (قريب) ئەرەبچە «يېقىن» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئارۇز ئىلمىدە ئۇ فەرئىي بەھرلەردىن بىرىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ بەھرمۇ خۇددى جەدىد، مۇشاكىل نامىلىرى بىلەن ئاتالغان بەھرلەرگە ئوخشاش پەقەت پارس-



تاجىك شېئىرىيىتىگىلا خاس بەھرلەردىن بولۇپ، كېيىنكى زامانلاردا پارس-تاجىك ئارۇزچىلىرىدىن يۇسۇفى ئارۇزى (10–11-ئەسىر) تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىمۇ ئۇ كۆپ قوللىنىلىنىدىغان بەھرلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر بەھرنىڭ رۇكنلىرى مۇزارىئ ۋە ھەزەج بەھرىنىڭ رۇكنلىرىغا ئوخشاپ كەتكەچكە (يېقىن بولغاچقا) «قەرىب» نامى بىلەن ئاتالغان. قەرىب بەھرىنىڭ ئالتىلىك سالىم شەكلى «مفاعيلن مفاعيلن فاعلاتن» نىڭ ھەر بېيىتتا ئىككى قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. بۇ بەھرنى شۇ شەكىلدە خەلىل ئىبنى ئەھمەد تۈزگەن «مۇشتەبىھە» دائىرەسىدىن ھاسىل قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئەمما، ئۇ ئەرەب شېئىرىيىتىدە تامامەن ئىشلىتىلمەيدۇ. پارس-تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق ئارۇزچىلار تۈزگەن دائىرەلەردە بۇ بەھر كۆپىنچە ئالتىلىك مەكفۇف شەكلىدە بېرىلگەن. مەزكۇر بەھرنىڭ پەقەت ئالتىلىك سالىم شەكلىلا بار بولۇپ، بۇ شەكىلمۇ كۆپ قوللىنىلمايدۇ. ئۇنىڭ تۆتلىك ۋە ئالتىلىك زىھافلىق شەكىللىرى كەڭ ئومۇملاشقان. كۆپ ئۇچرايدىغان ئۆرنەكلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

**قەرىب بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى:**

جەمالىڭدىن قوياش ئەسرۇ بات ئۇياتلىغ،
ساچىڭغە بەندە باغ ئىچرە سۇنبۇل ئاتلىغ.
مفاعيلن / مفاعيلن / فاعلاتن /
/_ _ V_ /_ _ _ V /_ _ _ V

1) **قەرىب بەھرىنىڭ تۆتلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:**

(1) **مەكفۇفى مەقسۇر:**

بىرى كەلگىل ئەي نىگار،
مەنگە بەرمە ئىنتىزار.
مفاعيلُ / فاعلان /
/ ~ V — / V— — V

**(2) مەكفۇفى مەھزۇف:**
ۋەفا قىلغىل ئەي سەنەم،
جەفا قىلمە مۇنچە ھەم.
مفاعيلُ / فاعلن /
/— V— / V— — V

**(3) مەكفۇفى مەخبۇنى مەھزۇف:**
ۋەفا قىل[①] ھەبىبىم،
دەۋا قىل تەبىبىم.
مفاعيلُ / فعلن /
/ —V V / V— —V

**2) قەرىب بەھرىنىڭ ئالتىلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:**

**(1) مەكفۇفى مەقسۇر:**
مەنگە يار ۋەفا قىلمەدى دەرىغ،
بۇ دەردىمغە دەۋا قىلمەدى دەرىغ.
مفاعيلُ / مفاعيلُ / فاعلان /
/ ~ V — / V— —V / V— —V

**(2) مەكفۇف، ئارۇز ۋە زەرب سالىم:**
مەنگە يار ۋەفا قىلمەدى دەرىغا.
بۇ دەردىمغە دەۋا قىلمەدى دەرىغا.
مفاعيلُ / مفاعيلُ / فاعلاتن /

① بۇ مىسالدىكى «قىل» سۆزىنى سوزۇپ، بىر يېرىم بوغۇم (— V) غا تەڭ ئوقۇغاندا ئاندىن ۋەزىنگە چۈشىدۇ.



/— — V— / V— —V / V— —V

**(3) مەكفۇف، ئارۇز ۋە زەرب مەھزۇف:**
مەنگە يار ۋەفا قىلمەدى نېتەي،
بۇ دەردىمغە دەۋا قىلمەدى نېتەي.
مفاعيلُ / مفاعيلُ / فاعلن /
/— V — / V— —V / V— —V

**(4) مەكفۇفى مەقبۇزى مەخبۇن:**
كەل، ئەي يار، بۇ سارىغە گۇزەر ئەتكىل،
مەنى زارغە رەھم ئېتىب نەزەر ئەتكىل.
مفاعيلُ / مفاعلن / فعلاتن /
/— — VV /—V —V / V— —V

**(5) مەكفۇفى مەقبۇزى مەقسۇر:**
مېنىڭ كەبى ۋەفادارى قەندە بار،
سېنىڭ كەبى جەفاكارى قەندە بار.
مفاعيلُ / مفاعلن / فاعلان /
/ ~ V — /—V— V / V— —V

**(6) مەقبۇزى مەخبۇن:**
قەرا كۆزۈم بېرىگە كەل كەرەم ئەتكىل،
مېنى ۋىسال بىرلە مۇھتەرەم ئەتكىل.
مفاعلن / مفاعلن / فعلاتن /
/— — VV / — V— V / — V—V

**(7) مەقبۇزى مەھزۇف:**
كەرەم قىلىب بېرىگە كەل، ئەي سەنەم،
نەزەر قىلىب بۇ قۇلنى قىل مۇھتەرەم.
مفاعلن / مفاعلن / فاعلن /
/— V— /— V— V /— V— V

**(8) ئەخرەبى مەكفۇف، ئارۇز ۋە زەرب سالىم:**
ئۇل يار ۋەفا قىلمەدى دەرىغا،

دەردىمغە دەۋا قىلمەدى دەرىغا.
مفعولُ / مفاعيلُ / فاعلاتن /
— — V / V— — V / —V — — /—

**(9) ئەخرەبى مەكفۇفى مەقسۇر:**
دەردىمغە دەۋا قىلمەدى ھەبىب،
جۇز جەۋرۇ جەفا بىلمەدى ھەبىب.
مفعولُ/ مفاعيلُ / فاعلان/
— — V / V — —V / —V ~ /

**(10) ئەخرەبى مەكفۇفى مەھزۇف:**
ئۇل يار ۋەفا قىلمەدى نىتەي،
دەردىمغە دەۋا قىلمەدى نىتەي.
مفعولُ / مفاعيلُ / فاعلن /
— — V / V— —V / — V —/

قەرىب بەھرىنىڭ سەككىزلىك شەكلى تامامەن ئىشلىتىلمەيدۇ.

## 12. مۇشاكىل بەھرى

مۇشاكىل (مُشاكِل) ئەرەبچىدە ئەسلى «ئوخشاش، ئوخشاپ كېتىدىغان، شەكىلداش» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بولۇپ، ئارۇز ئىلمىدە ئۇ پارس ـ تاجىك شېئىرىيىتىگىلا خاس بولغان فەرئىي بەھرلەردىن بىرىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ بەھرنىڭ رۇكنلىرى قەرىب بەھرىگە ئوخشاپ كەتكەچكە (قەرىب بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلىدە بىر «فاعلاتن» ئىككى «مفاعيلن» دىن كېيىن كېلىدۇ. مۇشاكىل بەھرىدە بولسا «فاعلاتن» ئىككى «مفاعيلن» نىڭ ئالدىدا كېلىدۇ) مۇشاكىل نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ بەھر ئەرەب شېئىرىيىتىدە قوللىنىلمايدۇ. پارس ـ تاجىك ئارۇزچىلىرى تۈزگەن دائىرەلەردە مەزكۇر بەھر



كۆپىنچە مەكفۇف شەكلىدە بېرىلگەن. تۆتلىك ۋە ئالتىلىكى سالىم شەكلىدە قوللىنىلسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ زىھافلىق شەكىللىرى كۆپرەك ئومۇملاشقان. ئەدەبىيات تارىخىدا سەككىزلىك زىھافلىق شەكلىدىمۇ قىسمەن شېئىرىي ئەسەرلەرنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىمۇ ئۇ دائىم قوللىنىلىدىغان بەھرلەردىن ھېسابلىنىدۇ. پارس ـ تاجىك ئارۇزچىلىرى ئىجاد قىلغان باشقا بەھرلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بۇ بەھردە شېئىر يازىدىغانلار كۆپ بولمىغان. كۆپ ئۇچرايدىغان ئۆرنەكلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

**1) مۇشاكىل بەھرىنىڭ سالىم تۆتلىك شەكلى :**
ئەي نىگارىم بېرى كەلگىل،
گۇل ئۇزارىم بېرى كەلگىل.
فاعلاتن / مفاعيلن /
—V — — / V — — —/

**2) مۇشاكىل بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى :**
نېچە سەنسىز فىراقىڭدە فىغان ئەيلەي،
نالە بىرلە ئولۇس باغرىنى قان ئەيلەي.
فاعلاتن / مفاعيلن / مفاعيلن /
— V — —/ V — — —/ V — — —/

**1) مۇشاكىل بەھرىنىڭ تۆتلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزنىلەر:**

**(1) مەكفۇفى مەقسۇر:**
ئەي نىگارى جەفاكار،
ئەسرۇ قىلمە مېنى زار.
فاعلاتُ / مفاعيل /
— V — V / V — ~ /

**(2) مەكفۇفى مەھزۇف:**
ئەي نىگار ۋەفا قىل،

تەركى جەۋرۇ جەفا قىل.
فاعلاتُ / فعولن /
/ _ _ V / V_ V _

**(3) بىر رۇكنىنى مەشكۇل، بىر رۇكنىنى سالىم:**
خەتى مۇشكو ساچى ئەنبەر،
خەدى لالە، قەدى ئەرئەر.
فعلاتُ / مفاعيلن /
/_ _ _ V / V_V V

**(4) مەشكۇلى مەقبۇز :**
قەدى سەرۋۇ ئۇزارى گۇل،
كۆزى مەستۇ دۇداغى مول.
فعلاتُ / مفاعلن /
/_ V _ V / V_V V

**(5) مەشكۇلى ئەشتەر:**
قەدى سەرۋۇ يۈزى گۇل،
كۆزى مەستۇ لەئلى مول.
فعلاتُ / فاعلن /
/_ V _ / V _V V

**2) مۇشاكىل بەھرىنىڭ ئالتىلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:**

**(1) مەكفۇفى مەقسۇر:**
يوق سىنىڭچە جەفاكارى جەفاجۇي،
يوق مىنىڭچە ۋەفادارى دۇئاگۇي.
فاعلاتُ / مفاعيلُ / مفاعيل /
/ ~ _ V / V_ _ V / V _ V _

**(2) مەكفۇفى مەھزۇف:**
بىزگە يار ۋەفا قىلسە، نەبولغەي،
دەردۇمىزغە دەۋا قىلسە، نەبولغەي؟



فاعلاتُ / مفاعيلُ / فعولن /
/ _ _ V / V _ _ V / V _V _

**(3) مەشكۇلى مەكفۇفى مەقسۇر:**
نە سىنىڭچە جەفاكارى جەفاجۇي،
نە مىنىڭچە ۋەفادارى دۇئاگۇي.
فعلاتُ / مفاعيلُ / مفاعيل /
/ ~ _ V / V_ _ V / V_ VV

**(4) مەشكۇلى مەكفۇفى مەھزۇف:**
مەنگە يار ۋەفا قىلسە نەبولغەي،
ئەلەمىمغە دەۋا قىلسە نەبولغەي؟
فعلاتُ / مفاعيلُ / فعولن /
/_ _ V / V_ _ V / V_V V

**(5) مەشكۇلى مەكفۇفى مەقبۇز:**
نە سىنىڭچە جەفاكار، جەفا قىلۇر،
نە مىنىڭچە ۋەفادار، ۋەفا قىلۇر.
فعلاتُ / مفاعيلُ / مفاعلن /
/_ V_V / V_ _ V / V_V V

**(6) مەشكۇلى مەكفۇفى ئەشتەر:**
نە سىنىڭچە جەفاكار، باردورۇر،
نە مىنىڭچە ۋەفادار، باردورۇر.
فعلاتُ / مفاعيلُ / فاعلن /
/_ V _ / V_ _ V / V_V V

**(7) مەشكۇلى مەقبۇزى مەقسۇر:**
نە سىنىڭچە جەفا قىلۇر جەفاكار،
نە مىنىڭچە ۋەفا قىلۇر ۋەفادار.
فعلاتُ / مفاعلن / مفاعيل /
/ ~ _ V /_ V _ V / V_V V

**(8) مەشكۇلى مەقبۇزى مەھزۇف:**
نە سىنىڭچە جەفا قىلۇر ھەببى،

نه مېنىڭچه ۋەفا قىلۇر غەرىبى.
فعلاتُ / مفاعلن / فعولن /
/ — — V /— V— V / V—V V

**(9) مەشكۇلى مەقبۇزى ئەشتەر:**

نه سېنىڭچه جەفا قىلۇر، بار كىشى،
نه مېنىڭچه ۋەفا قىلۇر، بار كىشى.
فعلاتُ / مفاعلن / فاعلن /
/ — V — /— V —V / V—V V

مۇشاكىل بەھرىنىڭ زىھافلىق سەككىزلىك شەكلىدىمۇ ناھايىتى ئاز بىر قىسىم شېئىرلار ئۇچرايدۇ.

## 13. مۇتەقارىب بەھرى

مۇتەقارىب (مُتَقَارِب) سۆزى ئەرەبچىدە ئەسلى «بىر-بىرىگە يېقىن، بىرَ-بىرىگە تەڭلىشىدىغان» دېگەندەك مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئارۇز ئىلمىدە ئۇ ئەسلىي (سالىم) بەھرلەردىن بىرىنىڭ نامىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ بەھرنىڭ مۇتەقارىب دەپ نام ئېلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇنىڭ رۇكنىلىرىدىكى سەبەب ۋە ۋەتەدلىرىنىڭ جۈزۈلىرى بىر-بىرىگە يېقىن كېلىدۇ. يەنى ئۇنىڭ رۇكنىلار تەرتىپىدە ئىككى ۋەتەدى مەجمۇئ (V —) نىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر سەبەبى (—) خەفىف ئورۇنلاشقان بولىدۇ. بۇ بەھرنى خەلىل ئىبنى ئەھمەد «مۇنفەرىدە» (كېيىنچە ئۆزگەرتىلىپ ‹مۇتتەفىقە› نامى بىلەن ئاتالغان) دائىرەسىدىن سالىم ئالتىلىك شەكلىدە ئايرىپ چىققان بولۇپ، ئۇ «فعولن» نىڭ ھەر بېيىتتا ئالتە قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. بەزى مەنبەلەردە بۇ بەھر يەنە «مۇتتەسىق» (رەتلەنگەن، تەرتىپكە سېلىنغان) نامى بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ.

مۇتەقارىب بەھرى ئەرەب شېئىرىيىتىدىمۇ، پارس-



تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىمۇ ناھايىتى كۆپ قوللىنىلىدىغان بەھرلەردىن بولۇپ، شېئىرىي ئىجادىيەتتە ئۇنىڭ تۆتلىك، ئالتىلىك ۋە سەككىزلىك سالىم شەكلىدىن باشقا يەنە كۆپلىگەن زىھافلىق شەكىللىرىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان. ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ى، نىزامى گەنجەۋىنىڭ «ئىسكەندەرنامە» سى، سەئدى شىرازىنىڭ «بوستان» ى قاتارلىق نۇرغۇن يىرىك ئەسەرلەر مۇشۇ بەھرنىڭ سەككىزلىك مەقسۇر ياكى مەھزۇف شەكلىدە يېزىلغان. مەزكۇر بەھر كۆپلىگەن تارماق ۋەزىنلەرگە ئىگە. كۆپ ئۇچرايدىغان ئۆرنەكلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

**1) مۇتەقارىب بەھرىنىڭ سالىم تۆتلىك شەكلى :**

فىراقىڭدە يارىم،
كېتىبتۇر قەرارىم.
فعولن / فعولن /
/ — — V / — — V

**2) مۇتەقارىب بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى:**

يەنە ھەجر ئەرا زار بولدۇم،
فىراقىڭدىن ئەفگار بولدۇم.
فعولن / فعولن / فعولن /
/ — — V / — — V / — — V

**3) مۇتەقارىب بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلى:**

يۈزى رەشكى خۇرشىدى ئەنۋەر بولۇپتۇر،
كۆزى فىتنەيى شەھرۇ كىشۋەر بولۇپتۇر.
فعولن / فعولن / فعولن / فعولن /
/ — — V /— — V / — — V / — — V

**1) مۇتەقارىب بەھرىنىڭ تۆتلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان**

بەزى تارماق ۋەزىنلەر:

(1) مەقبۇزى ئەسلەم:

ئىلىمدە زىكرى،
كۆڭۈلدە فىكرى.
فعولُ / فعلن /
/ — — / V — V

(2) بىر رۇكىنى ئەسلەم، بىر رۇكىنى سالىم:

سەنسىز نىگارىم،
يوقتۇر قەرارىم.
فعلن / فعولن /
/ — — V / — —

(3) بىر رۇكىنى ئەسرەم، بىر رۇكىنى سالىم:

كەلكى نىگارىم،
كەتتى قەرارىم.
فعلُ / فعولن /
/ — — V / V —

(4) مەھزۇف:

عجب زورقي
به سر بيرقي
فعولن / فعل /
/— V /— — V

2) مۇتەقارىب بەھرىنىڭ ئالتىلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:

(1) مەھزۇف:

نىچە مىنى زار ئەيلەگەي،
نىچە غەيرى يار ئەيلەگەي.
فعولن / فعولن / فعل /
/ — V / — — V / — — V



(2) ئارۇز ۋە زەرب ئەبتەر:

ۋەفا قىل مەنگە بىر دەم،
ئەتا قىل لەبىڭدىن ھەم.
فعولن / فعولن / فع /
/ — / — — V / — — V

(3) ئەسرەمى ئەسلەم :

نىگارىم بىۋەفا سەن،
قىلۇرسەن كۆپ جەفا سەن.
فعولن / فعلُ / فعلن /
/ — — / V — / — — V

(4) ئەسرەمى مەقبۇز، ئارۇز ۋە زەرب سالىم:

مەن سەنگە خادىمۇ چاكەر،
سەن مەنگە ھاكىمۇ سەرۋەر.
فعلُ / فعولُ / فعولن /
/ — — V / V— V / V —

(5) مەقبۇزى ئەسلەم، ئارۇز ۋە زەرب سالىم:

غەمىمنى بىلمەس ھەبىبىم،
قاشىمغە كەلمەس تەبىبىم.
فعولُ / فعلن / فعولن /
/ — — V / — — / V — V

(6) مەقبۇزى ئەسرەم، ئارۇز ۋە زەرب سالىم:

ساچىڭچە مۇشكى خۇتەن يوق،
قەدىڭچە سەرۋى چەمەن يوق.
فعولُ / فعلُ / فعولن /
/ — — V / V — / V — V

3) مۇتەقارىب بەھرىنىڭ سەككىزلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:

(1) مۇسەببەغ:

زىھى سەكرىبان چەرخ ئۇزە رەھنەۋەردىڭ،
نەزەر تاپمەيىن تۇتىيالىققە گەردىڭ.
فعولن / فعولن / فعولن / فعولان /
/ ~ — V / — — V /— — V /— — V

(2) ئارۇز ۋە زەرب مەقسۇر:
جەھان زالى ھەم مەكر ئىتەر، ھەم نىفاق.
ئانى تۆرت مەزھەبتە قىل ئۇچ تەلاق.
فعولن / فعولن / فعولن / فعول /
/ ~ V / — — V / — — V / — — V

(3) ئارۇز ۋە زەرب مەھزۇف:
ئاچىلدى چەمەن، گۇل ئۇزارىم قەنى،
سىھى سەرۋ بۇيلىغ نىگارىم قەنى؟
فعولن / فعولن / فعولن / فعل /
/ — V / — — V / — — V / — — V

(4) مەقبۇز، ئارۇز ۋە زەرب مەقسۇر:
ھەبىبىم ۋەفا مەنگە سەن قىلمەدىڭ،
تەبىبىم دەۋا مەنگە سەن قىلمەدىڭ.
فعولن / فعولُ / فعولن / فعول /
/ ~ V /— — V / V— V / — — V

(5) مەقبۇز، ئارۇز ۋە زەرب مەھزۇف:
ھەبىبىم ۋەفاسى مەنگە يوقتۇرۇر،
تەبىبىم دەۋاسى مەنگە يوقتۇرۇر.
فعولن / فعولُ / فعولن / فعل /
/ — V / — — V / V — V / — — V

(6) بىر رۇكىن سالىم، بىر رۇكىن ئەسلەم:
نىگارىم سەنسىز قەرارىم يوقتۇر،
قەرارىم سەنسىز نىگارىم يوقتۇر.
فعولن / فعلن/ فعولن / فعلن/



/ — — / — — V / — — / — — V

(7) بىر رۇكىن سالىم، بىر رۇكىن مەھزۇف:
مەنگە ئۇل سەنەم ۋەفا قىلمەدى،
مىنىڭ دەردىمە دەۋا قىلمەدى.
فعولن / فعل / فعولن / فعل /
/ — V / — — V / — V / — — V

(8) بىر رۇكىن سالىم، بىر رۇكىن ئەبتەر :
قەدىڭ سەرۋۇ خەتىڭ سۇنبۇل،
كۆزۇڭ نەرگىس، ئۇزارىڭ گۇل.
فعولن / فع/ فعولن / فع /
/ — / — — V / — / — — V

(9) مەقبۇز، ئارۇز ۋە زەرب سالىم:
مىنىڭچە ۋەفانى كىشى قىلە ئالمەس،
سىنىڭچە جەفانى كىشى بىلە ئالمەس.
فعولُ / فعولُ / فعولُ / فعولن /
/— — V / V— V / V— V / V — V

(10) بىر رۇكىن مەقبۇز، بىر رۇكىن سالىم:
بىلىڭ مۇنى دەۋلەت ئۇلسە مۇيەسسەر،
رەھىقى مۇرەۋۋەق، رەفىق سۇخەندەر.
فعولُ / فعولن / فعولُ / فعولن /
/— .— V / V—V /— — V / V — V

(11) مەقبۇز، ئارۇز ۋە زەرب مەھزۇنى:
مىنىڭچە ۋەفانى قىلغۇرمۇ كىشى،
سىنىڭچە جەفانى قىلغۇرمۇ كىشى؟
فعولُ / فعولُ / فعولُ / فعل /
/—V / V—V / V—V / V— V

(12) بىر رۇكىنى مەقبۇز، بىر رۇكىنى ئەسلەم:
خۇش ئۇلكى يارىم قاشىمغە كەلسە،

ئۆشەل نىگارىم باشىمغە كەلسە.
فعولُ / فعلن / فعولُ / فعلن /
/— — / V—V /— — / V— V

**(13) بىر رۆكنى مەقبۇز، بىر رۆكنى مەھزۇف:**
مېنىڭچە ۋەفا قىلۇرمۇ كىشى،
سېنىڭچە جەفا قىلۇرمۇ كىشى؟
فعولُ / فعل / فعولُ / فعل /
/—V / V—V /— V / V— V

**(14) بىر رۆكنى مەقبۇز، بىر رۆكنى مەقسۇر:**
فىراقى نىگار قىلۇر مېنى زار،
كۆڭۈلنى ھەزىن، تەنىمنى نىزار.
فعولُ / فعول / فعولُ / فعول /
/ ~ V / V—V / — V / V— V

**(15) بىر رۆكنى مەقبۇز، بىر رۆكنى ئەبتەر:**
مېنىڭ غەمىمنى بىلمەدى،
غەمىمگە چارە قىلمەدى.
فعولُ / فع / فعولُ / فع /
/ —/ V—V / —/ V— V

**(16) بىر رۆكنى ئەسلەم، بىر رۆكنى سالىم:**
ئىشقىڭدە ئەي يار، دىۋانە بولدۇم،
ئالەم ئېلىگە ئەفسانە بولدۇم.
فعلن / فعولن / فعلن / فعولن /
/— — V / — — /— — V / — —

**(17) ئەسلەمى مۇسەببەغ :**
زۈلفۈ ساچىڭنىڭ ھەجرىدە ئەي جان،
كۆڭلۈم مۇشەۋۋەش ھالىم پەرىشان.
فعلن / فعولن / فعلن / فعولان /
/ ~ —V / — — / — —V / — —



**(18) ئەسلەم:**
سەنسىز ئىشرەت غەمدۇر بىزگە،
غەمسىز ئىشرەت كەمدۇر بىزگە.
فعلن/ فعلن / فعلن / فعلن /
/ — — / — — / — — / — —

**(19) بىر رۆكنى ئەسلەم، بىر رۆكنى مەھزۇف:**
ھەجرىڭدە مەن ئەفگارمەن،
باشتىن ئەياق ئازارمەن.
فعلن/ فعل / فعلن / فعل /
/— V /— — / — V / — —

**(20) بىر رۆكنى ئەسلەم، بىر رۆكنى ئەبتەر:**
ئىشقىڭدە مەجنۇن مەن،
ھەجرىڭدىن مەجنۇن مەن.
فعلن / فع / فعلن / فع /
/ —/ — — / —/ — —

**(21) بىر رۆكنى ئەسرەم، بىر رۆكنى سالىم:**
ئىشق غەمىدىن ئەسرۇ ھەزىنىمەن،
سەبر كامىدىن ئەسرۇ غەمىنىمەن.
فعلُ / فعولن / فعلُ / فعولن /
/ — — V / V — / — — V / V —

**(22) ئەسرەمى مۇسەببەغ:**
ئەي يۈزى نەسرىن قامەتى شەمشاد،
نېچە قىلۇرسەن جانىمە بىداد؟
فعلُ / فعولن / فعلُ / فعولان /
/ ~ — V / V — / — — V / V —

**(23) ئەسرەمى مەقبۇز، ئارۇز ۋە زەرب سالىم:**
مەنچە ۋەفانى كىشى قىلە ئالمەس،
سەنچە جەفانى كىشى قىلە ئالمەس.

فعلُ / فعولُ / فعولُ / فعولن /
/_ _ V / V_ V / V_ V / V _

**(24) ئەسرەمى مەقبۇز، ئارۇز ۋە زەرب مەھزۇف:**

مەنچە ۋەفانى قىلۇرمۇ كىشى،
سەنچە جەفانى بىلۇرمۇ كىشى.
فعلُ / فعولُ / فعولُ / فعل /
/ _ V / V _ V / V_ V / V _

**(25) ئەسرەمى مەھزۇف:**

قەد بىلە ئەرئەر، يۈز بىلە گۇل،
كۆز بىلە نەرگىس، سۆز بىلە مول.
فعلُ / فعولن / فعلُ / فعل /
/ _ V / V _ / _ _ V / V _

**(26) بىر رۇكنى ئەسرەم، بىر رۇكنى ئەسلەم:**

كەلكى سەنسىز زاردۇرمەن،
دەرد بىرلە ياردۇرمەن.
فعلُ / فعلن / فعلُ/فعلن /
/ _ _ / V _ / _ _ / V _

**(27) ئەسرەمى ئەسلەم، ئارۇز ۋە زەرب ئەبتەر:**

كەل بېرى ئەي بىۋەفا،
ھەجر ئىلە قىلمە جەفا.
فعلُ / فعلن / فعلن / فع /
/ _ / _ _ / _ _ / V _

مۇتەقارىب بەھرىدە ھەر بېيىتى سەككىز رۇكنىدىن ئارتىپ كەتكەن شېئىرلارمۇ ئۇچرايدۇ. بۇنداق شېئىرلار ئارۇز ئىلمىدە «مۇتەتەۋۋەل» (مستطول — ئۇزارتىلغان، سوزۇلغان) نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. مۇتەتەۋۋەل شەكلىدە يېزىلغان شېئىرلار ئومۇمىيلىققا ئىگە بولمىغانلىقى ۋە



ئۇنىڭ رۇكنى سانىنىڭ تۇراقسىزلىقى تۈپەيلى بىز بۇ يەردە ئۇنىڭغا مىسال كەلتۈرمىدۇق.

## 14. مۇتەدارىك بەھرى

مۇتەدارىك (مُتدارک) ئەرەب تىلىدا ئەسلى «تېپىلغان، دېرىكى بولغان» دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە سۆز بولۇپ، ئارۇز ئىلمىدە ئۇ ئەسلىي بەھرلەردىن بىرىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ. خەلىل ئىبنى ئەھمەد دەسلەپتە ئوتتۇرىغا قويغان ئارۇز نەزەرىيەسى پەقەت ئون بەش بەھرنىلا ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇ تۈزگەن بەش دائىرە ئون بەش بەھرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، «مۇنفەرىدە» نامى بىلەن ئاتالغان بەشىنچى دائىرە دەسلەپتە مۇتەقارىبدىن ئىبارەت بىرلا بەھردىن تۈزۈلگەن. خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ ئارۇز نەزەرىيەسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، شۇ دەۋردە ئەرەبلەرنىڭ تىل ۋە شېئىرىيەت ساھەسىدە نوپۇز پەيدا قىلغان ئالىملاردىن بىرى بولغان مەشھۇر تىلشۇناس ئەخفەشى ئەكبەر (مىلادىيە793 - يىلى قازا قىلغان) خەلىل ئىبنى ئەھمەد تۈزگەن بەشىنچى دائىرە «مۇنفەرىدە» گە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭدىن يېڭى بىر بەھرنى ئايرىپ چىقىدۇ ۋە بۇ بەھرنى «مۇتەدارىك» نامى بىلەن ئاتايدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلىل ئىبنى ئەھمەد «مۇنفەرىدە» (يېگانە، تەنها) دەپ ئاتىغان بەشىنچى دائىرەنىڭ نامىمۇ «مۇتتەفىقە» (بىرلەشكەن، بىر گەۋدىلەشكەن) گە ئۆزگەرتىلىدۇ. ئەبۇلھەسەن ئەخفەشى بەلخىنىڭ بۇ خىل ئىجادچانلىقى ئومۇم تەرەپتىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان ۋە «مۇتەدارىك» بەھرى ئەرەب ئارۇزىدىكى ئون ئالتىنچى بەھر بولۇپ تونۇلغانىدى. ئارۇزغا ئائىت مەنبەلەردە مۇتەدارىك بەھرى يەنە «رەكزۇلخەيل»

(سۇرئىتى تېز)، «سەۋتۇنناقىس» (قوشغۇراق ساداسى)، «غەرىب» (كەم ئۇچرايدىغان، تېپىلماس) دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ.

ئەخفەشى ئەكبەر ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن «مۇتتەفىقە» دائىرەسىدە مەزكۇر بەھر سالىم سەككىزلىك شەكلىدە بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ «فاعلن» نىڭ ھەر بېيىتتا سەككىز قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئۇنىڭ تۆتلىك ۋە ئالتىلىك سالىم شەكلىمۇ بار. ئەمما، مەيلى ئەرەب ياكى پارس-تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەت بولسۇن، مەزكۇر بەھرنىڭ سالىم شەكىللىرىگە قارىغاندا زىھافلىق شەكىللىرى كەڭرەك ئومۇملاشقان. خىللىرى خېلىلا كۆپ، دائىم ئۇچرايدىغان ئۆرنەكلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

**1) مۇتەدارىك بەھرىنىڭ سالىم تۆتلىك شەكلى:**

ئەي پەرى كەل مەنگە،
بىر نەزەر قىل مەنگە.

فاعلن / فاعلن /
/ — V — / — V —

**2) مۇتەدارىك بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى:**

ھالەتىم ئۇل پەرى بىلمەدى،
بىر زەمان قاشىمە كېلمەدى.

فاعلن / فاعلن / فاعلن /
/ — V — / — V — / — V —

**3) مۇتەدارىك بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلى:**

نە ماڭىشدۇركى تەنلەر ھەباسى ئەنىڭ،
نە باقىشدۇركى جانلەر فىداسى ئەنىڭ.

فاعلن / فاعلن / فاعلن / فاعلن /
/— V — /— V — / — V — / — V —



ئېيتقىنىمىزدەك، مۇتەدارىك بەھرىنىڭ زىھافلىق شەكىللىرى بىرقەدەر كۆپ. دائىم ئىشلىتىلىدىغانلىرى مۇنۇلار:

**1) مۇتەدارىك بەھرىنىڭ تۆتلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:**

**(1) مەخبۇنى مەقتۇئ:**

يۈزىدۇر گۈل-گۈل،
ئەنگە مەن بۇلبۇل.

فعلن / فعلن /
/ — — /— V V

**(2) مەقتۇئ:**

زۇلفۇڭ سۇنبۇل،
يۈزۈڭ گۈل-گۈل.

فعلن / فعلن /
/ — — / — —

**(3) مەقتۇئى مەخبۇن:**

ئەي سىمبەرىن،
قاندۇر جىگەرىم.

فعلن / فعلن /
/ — VV / — —

**2) مۇتەدارىك بەھرىنىڭ ئالتىلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:**

**(1) مۇزال:**

ئارەزىڭ كۆرگەلى ئەي نىگار،
نە مەنگە سەبردۇر نە قەرار.

فاعلن / فاعلن / فاعلان /
/ ~ V — / — V — / — V —

**(2) مەخبۇن:**

بارەدۇر مىرەگىم نېتەيىن،
سالەدۇر يۇرەگىم نېتەيىن.
فعلن / فعلن / فعلن /
/_ VV /_ V V /_ V V

**(3) مەخبۇنى مۇزال:**

بارەدۇر مىرەگىمنى كۆرۈك،
يارەدۇر يۇرەگىم سۇرۇك.
فعلن / فعلن / فعلان /
/ ~V V /_V V / _ V V

**(4) مەقتۇئ:**

ئايىم يۇزۇك كۆرسەم،
دائىم سۆزۈك سۇرسەم.
فعْلن / فعْلن / فعْلن /
/ — — / — — / — —

**(5) مەقتۇئى مەخبۇن :**

سەن شاھ سەنۇ، مەن قۇل،
سەن گۇلسەنۇ، مەن بۇلبۇل.
فعْلن / فَعلن / فعْلن /
/ — — / _ VV / — —

**(6) مەخبۇن، ئارۇز ۋە زەرب مەقتۇئ:**

قەدى سەرۋۇ ئۇزارى گۇل،
كۆزى مەستۇ دۇداغى مول.
فَعلن / فَعلن / فعْلن /
/ — — / _ VV / _ VV

**3) مۇتەدارىك بەھرىنىڭ سەككىزلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:**

**(1) مۇزال:**

رەشكى خۇرشىدى ئەنۋەر بولۇپتۇر يۇزۇك،



فىتنەيى شەھرۇ كىشۋەر بولۇپتۇر كۆزۈك.
فاعلن / فاعلن / فاعلن / فاعلان /
/ ~ V _ / _ V _ /_ V _ / _ V _

**(2) ئارۇز ۋە زەرب مەخبۇنى مەقتۇئ:**

رەشكى خۇرشىدى ئەنۋەردۇرۇر يۇزى،
فىتنەيى شەھرۇ كىشۋەردۇرۇر كۆزى.
فاعلن / فاعلن / فاعلن / فعل /
/ _ V /_ V _ / _ V _ / _ V _

**(3) ئارۇز ۋە زەرب ئەھەز:**

رەشكى خۇرشىدى ئەنۋەر سەنگە يۇز،
فىتنەيى شەھرۇ كىشۋەر سەنگە كۆز.
فاعلن / فاعلن / فاعلن / فع /
/ _ / _ V _ /_ V _ / _ V _

**(4) بىر رۇكىن سالىم، بىر رۇكىن مەخبۇن:**

كەلمەدى مىرەگىم، قاندورۇر يۇرەگىم،
قاندورۇر يۇرەگىم، كەلمەدى مىرەگىم.
فاعلن / فعلن / فاعلن / فعلن /
/ _VV /_ V _ /_ VV / _ V _

**(5) بىر رۇكىن سالىم، بىر رۇكىن مەقتۇئ:**

زۇلفىدۇر سۇنبۇل، يۇزىدۇر گۇل-گۇل،
بىرگە مەن شەيدا، بىرگە مەن بۇلبۇل.
فاعلن / فعْلن / فاعلن / فعْلن /
/ _ _ /_ V _ /_ _ / _ V _

**(6) مەخبۇنى مەقتۇئ:**

كەلكى سەنسىزىن زاردۇر كۆڭۈل،
دەردۇ غەم بىلە تاردۇر كۆڭۈل.
فاعلن / فعل / فاعلن / فعل /
/ _ V / _ V _ /_ V / _ V _

(7) **بىر رۇكنى مەخبۇن، بىر رۇكنى مەقتۇئ:**

مىرەگىم باردى، يۈرەگىم ياردى،
يۈرەگىم ياردى، مىرەگىم باردى.

فعلن / فعْلن / فعلن / فعْلن /
/ — — /— V V / — — /— V V

(8) **بىر رۇكنى مەخبۇن، بىر رۇكنى مەخبۇنى مەقتۇئ:**

مەنگە سەنسىزىن نە جەھان كېرەك،
نە جەھان ئەراسىدە جان كېرەك.

فعلن / فعل / فعلن / فعل /
/ — V /— VV / — V /— V V

(9) **مەخبۇن، ھەشۋى مەقتۇئ:**

بارەدۇر يارىم، يارىم بارەدۇر،
يارەدۇر كۆڭلۈم، كۆڭلۈم يارەدۇر.

فعلن / فعْلن / فعْلن / فعلن /
/— VV / — — / — — /— V V

(10) **مەقتۇئ:**

زۇلفۇڭ سۇنبۇل يۈزۈڭ گۈل-گۈل،
ئۇل گۈل يۈزگە مەن مەن بۇلبۇل.

فعْلن /فعْلن / فعْلن / فعْلن /
/ — — / — — / — — / — —

(11) **بىر رۇكنى مەقتۇئ، بىر رۇكنى مەخبۇن:**

كەلگىل مەنگە سەن، قۇلمەن سەنگە مەن،
قۇلمەن سەنگە مەن، كەلگىل مەنگە سەن.

فعْلن / فعلن / فعْلن / فعلن /
/—V V / — — / — V V / — —

(12) **مەقتۇئ، ھەشۋى مەخبۇن:**

يارىم كېلەدۇر ، سالەدۇر كۆڭلۈم،
يۈز لۇتف ئېتىبان ئالەدۇر كۆڭلۈم.



فعْلن / فعلن / فعلن / فعْلن /
/ — — / — V V / — V V / — —

پارس ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە مۇتەدارىك بەھرىنىڭ سەككىزلىك شەكلىدىن ئارتىپ كەتكەن مۇتەئەۋۋەل شەكىللىرىدە ئىجاد قىلىنغان شېئىرلارمۇ ئۇچرايدۇ. ئەمما، بۇنداق ئۇزارتىلغان ۋەزىنلەردە شېئىر يېزىش قايسىلا ئەدەبىياتتا بولمىسۇن ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغان ھادىسە بولمىغاچقا، بىزمۇ ئۇنىڭغا مىسال كەلتۈرمىدۇق.

يۇقىرىدىكى 14 بەھر پارس-تاجىك شېئىرىيىتىدە كەڭ ئومۇملاشقان بەھرلەردىن بولۇپ، نەۋايىنىڭ سۆزى ۋە نۇرغۇن ئىستاتىستىكىلىق تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، تۈركىي تىللىق شېئىرىيەت ئىجادىيىتىمۇ مۇشۇ 14 بەھر دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمەيدۇ. ئارۇز ئىلمىدە يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا پەقەت ئەرەب شېئىرىيىتىگىلا خاس بولغان يەنە بەش بەھر بار. ئۇنىڭدىن تەۋىل، مەدىد ۋە بەسىت دەپ ئاتالغان ئۈچ بەھر خەلىل ئىبنى ئەھمەد تۈزگەن بىرىنچى دائىرە «مۇختەلىفە» دە ۋافىر ۋە كامىل دەپ ئاتالغان ئىككى بەھر «مۇئتەلىفە» نامى بىلەن ئاتالغان ئىككىنچى دائىرەدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ بەھرلەر ھاسىل بولىدىغان دائىرەلەرنى خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ دائىرەلەر تەرتىپىدە بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئورۇنلارغا قويۇشىدىنمۇ مەلۇمكى، مەزكۇر بەھرلەر ئەرەب شېئىرىيىتىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان، ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان بەھرلەردىن ھېسابلىنىدۇ. ئەمما پارس-تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق ئەدەبىيات تارىخىدا بەزى شائىرلارنىڭ ئۆز ئىستېداتىنى سىناش مەقسىتىدە ئەرەب شائىرلىرىغا تەقلىدىي يوسۇندا

يازغـــان قـىســـمەن شـــېئىرىي ئەســـەرلىرىنى ھېســـابقا ئالمىغاندا، بۇ بەھرلەر ھەر ئىككى تىللىق شېئىرىيەتتە ئومۇمىي تۈس ئالالمىغان بەھرلەردىن سانىلىدۇ. مەزكۇر بەھرلەردە پارس ۋە تۈركىي تىللىق ئەدەبىيات تارىخىدا ھېچقانداق چوڭ ھەجىملىك ئەسەرلەرمۇ يېزىلمىغان. شۇنداقتىمۇ بۇ بەھرلەر بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## 15. تەۋىل بەھرى

تەۋىل (طويل) ئەرەبچىدە «ئۇزۇن» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئاروز ئىلمىدە ئۇ ئەرەب شېئىرىيىتىگە خاس بەھرلەردىن بىرىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ. خۇددى بۇ بەھرنىڭ نامىدىن بىلىنىپ تۇرغاندەك، تەۋىل بەھرى ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى ئۇزۇن بەھرلەردىن بىرى بولۇپ، سەككىزلىكتىن تۆۋەن يەنى تۆتلىك ۋە ئالتىلىك شەكىللىرىدە ئادەتتە ئىشلىتىلمەيدۇ. بۇ بەھر خەلىل ئىبنى ئەھمەد تۈزگەن «مۇختەلىفە» دائىرەسىدىمۇ سەككىزلىك شەكلىدە بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ «فعولن مفاعيلن» نىڭ ھەر بېيىتتا تۆت قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. تەۋىل بەھرىنى ھاسىل قىلىدىغان بۇ ھەر ئىككى رۇكىنىنىڭ تەركىبىدە سەبەبى خەفىف (—) ۋەتەدى مەجمۇئ (V —) گە قارىغاندا كۆپرەك بولۇپ، تەلەپپۇزى ئېغىر بەھرلەردىن بىرى سانىلىدۇ. بۇ بەھر پارس ـ تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە ئومۇملىشالمىغان بولسىمۇ، لېكىن بەزى شائىرلار ئەرەب شائىرلىرىغا تەقلىد قىلغان ھالدا ئۇنىڭ سەككىزلىك سالىم ۋە زىھافلىق شەكىللىرىدە قىسمەن ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، ئۆز ماھارەتلىرىنى سىناشقان. ئۇنىڭ كۆنكرېت ئۆرنەكلىرى تۆۋەندىكىچە:



**تەۋىل بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلى:**

زىھى نەھلى قەدىڭدىن ھىجىل سەرۋى بۇستانى،
خەت ئىچرە لەبىڭدىن مۇنفەئىل راھى رەيھانى.
فعولن / مفاعيلن / فعولن / مفاعيلن /
/— — — V / — — V / — — —V / — — V

**تەۋىل بەھرىنىڭ سەككىزلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:**

**(1) مۇسەببەغ:**

تىشىڭ دۇر، لەبىڭ مەرجان، خەدىڭ گۇل، خەتىڭ رەيھان،
يۈزۈڭ خۇر، ساچىڭ ئەنبەر، سۆزۈڭ مول، مېنىڭ مولتان.
فعولن / مفاعيلن / فعولن / مفاعيلان /
/ ~ — —V / — — V / — — — V / — — V

**(2) بىر رۇكنى مەقبۇز، بىر رۇكنى سالىم:**

نە سەنچە پەرى باردۇر، نە مەن كەبى دىۋانە،
نە سەنچە كىشى مەشھۇر، نە مەن كەبى ئەفسانە.
فعولُ / مفاعيلن / فعولُ / مفاعيلن /
/— — —V / V— V /— — — V / V — V

**(3) بىر رۇكنى ئەسلەم، بىر رۇكنى سالىم:**

ئىشق ئىچرە ئىتمىشمەن، دەردىمنى بىلمەيسەن،
ئۆلمەككە يېتمىشمەن، فىكرىمنى قىلمەيسەن.
فعلن / مفاعيلن / فعلن / مفاعيلن /
/— — — V / — — / — — — V / — —

**(4) بىر رۇكنى مەقبۇز، بىر رۇكنى مەقسۇر:**

ئىشىت مۇنى ئەي يار، جەھاندا قەچان بار،
مېنىڭچە ۋەفادار، سېنىڭچە جەفاكار.
فعولُ / مفاعيل / فعولُ / مفاعيل /
/~ — V / V — V / — — V / V — V

## 16. مەدىد بەھرى

مەدىد (مديد) ئەرەبچە «ئۇزارتىلغان، داۋاملىشىدىغان» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئارۇز ئىلمىدە ئۇ ئەرەب شېئىرىيىتىگىلا خاس بولغان بەھرلەردىن بىرىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ بەھر خەلىل ئىبنى ئەھمەد تۈزگەن «مۇختەلىفە» دائىرەسىدە سەككىزلىك شەكلىدە بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ «فاعلاتن فاعلن» نىڭ ھەر بېيىتتا تۆت قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. بۇ بەھر ئەرەب شېئىرىيىتىدە سالىم شەكىللىرىدىن باشقا يەنە نۇرغۇن زىھافلىق شەكىللەرگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما، رۇكنىلىرىدىكى ئۇزۇن بوغۇملارنىڭ كۆپ بولۇشى، تەلەپپۇزىنىڭ قىيىنلىقى تۈپەيلى پارس ـ تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە بىر قىسىم ئاپتورلارنىڭ ماھارەت سىناش مەقسىتىدە ئۇنىڭ تۆتلىك، ئالتىلىك ۋە سەككىزلىكىنىڭ بىر نەچچە خىل ئۆرنىكىدە يازغان ئاز بىر قىسىم شېئىرىي ئەسەرلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئانچە ئومۇملاشمىغان. ئۇنىڭ كۆپرەك ئۇچرايدىغان شەكىللىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

**1) مەدىد بەھرىنىڭ سالىم تۆتلىك شەكلى:**

قىل گۈزەر سەن كەل مەنگە،
قىل نەزەر سەن كەل مەنگە.
فاعلاتن / فاعلن /
/ _ V _ / _ _ V _

**2) مەدىد بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى:**

غاليه زلفي سُمن عارضيني ،
سرو بالائي و زنجيرموئي .
فاعلاتن / فاعلن / فاعلاتن /
/_ _V_ /_ V_ /_ _ V _



**3) مەدىد بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلى:**

نېچە تارتەي ھەجرىدىن سەنسىزىن ئازارمەن،
كەلكى ھىجرانىڭدە مەن ئۆمردىن بىزارمەن.
فاعلاتن / فاعلن / فاعلاتن / فاعلن /
/_ V _ /_ _ V _ /_ V _ / _ _ V _

**1) مەدىد بەھرىنىڭ ئالتىلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:**

**(1) مەخبۇن، سەدر ۋە ئىپتىداسى سالىم:**

چون ز من سير شدي چه كنم من ،
پاسخم چون نكني بزنم تن .
فاعلاتن / فعلن / فعلاتن /
/ _ _V V /_ VV /_ _ V _

**(2) مەكفۇفى مەخبۇنى مەقسۇر، ھەشۋى سالىم:**

طمع از وفاي او نبريم ،
تا غمي جفاي او نخوريم .
فاعلاتُ / فاعلن / فعلان /
/~VV /_ V _ / V_V _

**2) مەدىد بەھرىنىڭ سەككىزلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:**

**(1) مۇزال:**

قامەتىڭدەك باغى ھۆسن ئىچرە يوق سەرۋى رەۋان.
ئارەزىڭدەك خۇد قەنى سەرۋ ئۇزرە ئەرغۇۋان.
فاعلاتن / فاعلن / فاعلاتن / فاعلان /
/ ~ V _ /_ _ V _ / _ V _ /_ _ V _

**(2) مەخبۇن:**

كۆيەدۇر ھەجر ئوتىدىن نېتەي ئەي مەھ، يۇرەگىم،
يۇرەگىمدە يۇرەگىم، يۇرەگىمدە يۇرەگىم.

فعلاتن / فعلن / فعلاتن / فعلن /

/— VV /— —VV /— V V /— — V V

## 17. بەست بەھرى

بەست (بسيط) ئەرەب تىلىدە ئەسلى «كەڭ، يېيىلغان» دېگەندەك مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئارۇز ئىلمىدە ئۇ ئەرەب شېئىرىيىتىگە خاس بەھرلەردىن بىرىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ. خەلىل ئىبنى ئەھمەد تۈزگەن «مۇختەلىفە» دائىرەسىدە بۇ بەھر سالىم سەككىزلىك شەكلىدە بېرىلگەن. ئۇ «مستفعلن فاعلن» نىڭ ھەر بېيىتتا تۆت قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. سالىم شەكىللىرىنىڭ رۇكىنلىرىدا ئۇزۇن بوغۇملارنىڭ سانى كۆپ ۋە دائىم قىسقا بوغۇملارنىڭ ئالدىغا جايلاشقان بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ تەلەپپۇزىمۇ نىسبەتەن قىيىنراق بولغان بەھرلەردىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ بەھرنىڭ پارس ـ تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە كەڭ ئومۇملىشالمىغانلىقىنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرىدىن بىرىمۇ دەل ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىكى قىيىنلىقى بولسا كېرەك. شۇنداقتىمۇ پارس ۋە تۈركىي تىللىق ئەدەبىيات تارىخىدا ئەرەب شائىرلىرىغا تەقلىد قىلىپ، بۇ بەھرنىڭ سالىم ۋە بەزى زىھافلىق شەكىللىرىدە قىسمەن شېئىرلارنى يازغانلارمۇ يوق ئەمەس. ئارۇزغا ئائىت ئەسەرلەردە پەقەت مىسال ئۈچۈنلا قوراشتۇرۇلغان بىر ـ ئىككى بېيىتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەزكۇر بەھرنىڭ سالىم ۋە زىھافلىق تۆتلىك شەكلىدە شېئىر ئىجاد قىلىش ئادەتكە ئايلانمىغان. ئۇنىڭ پەقەت ئالتىلىك ۋە سەككىزلىكلا سالىم ۋە زىھافلىق شەكىللىرىدە مەلۇم دائىرەدە قوللىنىلغان. كۆپ ئۇچرايدىغان ئۆرنەكلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:



1) بەست بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى:

گۈلشەن ئىچرە خۇب ئېرۇر كۆيۈڭچە يوق،

شەمشاد مەرغۇب ئېرۇر بويۇڭچە يوق.

مستفعلن / فاعلن / مستفعلن /

/ — V — — /— V — / — V — —

2) بەست بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلى:

ئەي بىۋەفا كەلمەدىڭ، ھەرگىز مېنىڭ يانىمە،

ھەجرىڭ ئېلەر قىلمەدى، بۇ تىنىمەغۇر جانىمە.

مستفعلن / فاعلن / مستفعلن / فاعلن /

/ — V — / — V — — / — V — / — V — —

1) بەست بەھرىنىڭ ئالتىلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:

(1) ئارۇز ۋە زەرب مەقتۇئىي مەخبۇن[①]:

ئەي گۈل سېنىڭدەك قەنى چەمەندە،

سۈنبۈل ساچىڭدەك قەنى خۇتەندە.

مستفعلن / فاعلن / فعولن /

/— — V /— V — / — V — —

(2) مەتۋىي:

نەئىيرى ئەئزەمدورۇر تەلئەتىڭىز،

خۇللەيى ھەۋرامۇدۇر خىلئەتىڭىز.

مفتعلن / فاعلن / مفتعلن /

/ — VV— /— V — /— V V —

2) بەست بەھرىنىڭ سەككىزلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:

① «مستفعلن» رۇكنىنىغا «قەتئ» (مەقتۇئ) ۋە «خەبن» (مەخبۇن) ئۆزگەرتىشى كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن «فعولن» شەكلى «مۇخەللەئ» نامى بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. يەنى «مۇخەللەئ» يۇقىرىدىكى ئىككى خىل ئۆزگەرتىشنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈپ ئاتىلىشىدۇر.

(1) **مۇزال :**

مەن خەستەنىڭ باشىغە قىلغىل گوزەر، ئەي نىگار،
بىر لۇتف كۆزى بىرلە قىلغىل نەزەر، ئەي نىگار.

مستفعلن / فاعلن / مستفعلن / فاعلان /
— — V — / — V —/— — V — / — V ~ /

(2) **بىر رۇكنى سالىم، بىر رۇكنى مەخبۇن:**

مەن خەستە باشىغە قىلغىل گوزەر سەنەما،
بىر لۇتف كۆزى بىلە قىلغىل نەزەر سەنەما.

مستفعلن / فعلن / مستفعلن / فعلن /
— — V — / V V —/— — V — / VV —/

(3) **مەخبۇن:**

باشىم قەدەم قىلىبان ۋىسالىڭغە يېتەيىن،
مۇيەسسەر ئۇلمەسە ۋەسل باش ئالىبان كېتەيىن.

مفاعلن / فعلن / مفاعلن / فعلن /
V —V — / V V —/ V— V —/ VV —/

## 18. ۋافىر بەھرى

ۋافىر (وافر) ئەرەب تىلىدا «كۆپ، مول» دېگەندەك مەنىگە ئىگە سۆز بولۇپ، ئارۇز ئىلمىدە ئۇ ئەرەب شېئىرىيىتىگىلا خاس بولغان ئەسلىي بەھرلەردىن بىرىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ بەھرنىڭ رۇكنلىرىدا قىسقا بوغۇملار نىسبەتەن كۆپ ۋە ئۇ ئەرەب شېئىرىيىتىدە كۆپ خىل شەكىلدە قوللىنىلىدىغان بەھرلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. پارس-تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىمۇ ئۆز ئىستېداتلىرىنى سىناش مەقسىتىدە بۇ بەھردە شېئىر يازغانلار ئاز ئەمەس. ۋافىر بەھرىنى ئەرەب شېئىرىيىتىگىلا خاس بولغان قالغان بەھرلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ پارس ۋە تۈركىي تىللىق



شېئىرىيەتتە ئۇچرايدىغان شەكىللىرىمۇ بىر قەدەر كۆپ.

خەلىل ئىبنى ئەھمەد ۋافىر بەھرىنىڭ خاس رۇكنىنى ئۆزى تۈزگەن ئىككىنچى دائىرە «مۇئتەلىفە» دىن سالىم سەككىزلىك شەكىلدە ئايرىپ چىققان بولۇپ، ئۇ «مفاعلتن» نىڭ ھەر بېيىتتا سەككىز قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئەمما، شېئىرىيەتتە بۇ بەھر تۆتلىك ۋە ئالتىلىك شەكىللىرىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. زەھىرىددىن بابۇر «مۇختەسەر» دە مەزكۇر بەھرنىڭ خېلى كۆپ ئۆرنەكلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىدۇ. ئەمما، ئاپتور تونۇشتۇرغان بۇنداق شەكىللەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەرەب شېئىرىيىتىگىلا خاس بولۇپ، پارس-تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. شۇڭا، بابۇرمۇ ئۆزى تونۇشتۇرغان شەكىللەرگە ئاساسەن ئۆزى تەقلىدىي تەييارلىغان بېيىتلارنىلا مىسال قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بىز شەمس قەيس رازى، ناسىرۇددىن تۇسى ۋە نەۋايى قاتارلىق ئارۇز ئۇستازلىرىنىڭ ۋافىر بەھرىگە ئائىت بايانلىرىنى ئاساس قىلىپ، بۇ بەھرنىڭ پارس ۋە تۈركىي تىللىق ئاپتورلارنى قىزىقتۇرغان تۆۋەندىكى بىر نەچچە شەكلى بىلەن تونۇشۇشنىلا كۇپايە دەپ قارايمىز:

1) **ۋافىر بەھرىنىڭ سالىم تۆتلىك شەكلى:**

كەل ئەي قەرا كۆز مەنگە گوزەر ئېت،
بۇدۇر سەنگە سۆز مەنگە نەزەر ئېت.

مفاعلتن / مفاعلاتن /
V —V V— / V —V V—/

2) **ۋافىر بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى:**

مەنگە سەنەما جەفا قىلەسەن ۋەفا قىلەكۆر.
مېنى نېچە دەردمەن ئېتەسەن دەۋا قىلەكۆر.

مفاعلتن / مفاعلتن / مفاعلتن /

/_V V_ V / _V V _V /_ V V _V

**3) ۋافىر بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلى:**

فىراق ئوتىدىن كۆيەر بەدەنىم، تەنىدىن ئېرىپ ئاقەر جىگەرىم،
غەمىم بۇدورۇركى باغلەنىبان يۇزۇڭ سەرى تۇشمەگەي نەزەرىم.

مفاعلتن / مفاعلتن / مفاعلتن / مفاعلتن /
/_ V V_ V /_ V V_V /_ V V_ V /_ V V _ V

**1) ۋافىر بەھرىنىڭ تۆتلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان تارماق ۋەزىن:**

**بىر رۇكىنى سالىم، بىر رۇكىنى مەئسۇب:**

كەل ئەي قەرا كۆز ۋەفا قىلغىل،
بۇدۇر سەنگە سۆز ۋەفا قىلغىل.

مفاعلتن / مفاعيلن /
/ _ _ _ V /_ VV _ V

**2) ۋافىر بەھرىنىڭ ئالتىلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر :**

**(1) ھەشۋى مەئسۇب، ئارۇز ۋە زەرب مەقتۇف:**

مەنگە سەنەما ۋەفا قىلسەڭ نە بولدى،
مىنىڭ غەمىمە دەۋا قىلسەڭ نە بولدى.

مفاعلتن / مفاعيلن / فعولن /
/ _ _ V / _ _ _ V /_ VV _ V

**(2) مەئسۇبى سالىمى مەقتۇف:**

ۋەفا قىلمەس مەنگە نىتەيىن ھەبىبىم،
دەۋا قىلمەس مەنگە نىتەيىن تەبىبىم .

مفاعيلن / مفاعلتن / فعولن /
/ _ _ V /_ V V_ V / _ _ _ V

**3) ۋافىر بەھرىنىڭ سەككىزلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:**

**(1) ھەشۋى مەئسۇب:**



نە لالەئۇ گۇل يۇزۇڭ يەڭلىغ، قەدىڭ يەڭلىغ، نە سەرۋى چەمەن،
نە ئاھۇيى چىن كۆزۇڭ يەڭلىغ، خەتىڭ يەڭلىغ نە مۇشكى خۇتەن.

مفاعلتن / مفاعيلن / مفاعيلن / مفاعلتن /
/_ V V_ V / _ _ _ V / _ _ _ V /_ V V_ V

**(2) بىر رۇكىنى سالىم، بىر رۇكىنى مەقتۇف:**

نە سەرۋى چەمەن قەدىدەك، نە لالەئۇ گۇل يۇزىدەك،
نە ئاھۇيى چىن كۆزىدەك، نە مۇشكى خۇتەن بۇيىدەك.

مفاعلتن / فعولن / مفاعلتن / فعولن /
/ _ _ V /_ V V_ V / _ _ V /_ VV _ V

**(3) بىر رۇكىنى مەئسۇب، بىر رۇكىنى سالىم:**

خەدىڭ يەڭلىغ نە لالەئۇ گۇل، قەدىڭ يەڭلىغ نە سەرۋى چەمەن،
كۆزۇڭ يەڭلىغ نە ئاھۇيى چىن، خەتىڭ يەڭلىغ نە مۇشكى خۇتەن.

مفاعيلن / مفاعلتن / مفاعيلن /مفاعلتن /
/_ VV_V /_ _ _ V /_ V V _ V / _ _ _ V

**(4) بىر رۇكىنى مەقتۇف، بىر رۇكىنى سالىم:**

خەدىڭدەك نە لالەئۇ گۇل، قەدىڭدەك نە سەرۋى چەمەن،
كۆزۇڭدەك نە ئاھۇيى چىن، خەتىڭدەك نە مۇشكى خۇتەن.

فعولن / مفاعلتن / فعولن / مفاعلتن /
/_ VV_ V / _ _ V /_ V V_ V / _ _ V

## 19. كامىل بەھرى

كامىل (كامل) ئەرەبچىدە ئەسلى « تولۇق، پۈتۈن » دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە سۆز بولۇپ، ئارۇز ئىلمىدە ئۇ ئەرەب شېئىرىيىتىگە خاس ئەسلىي بەھرلەردىن بىرىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ بەھرنىڭ «كامىل» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، خەلىل ئىبنى ئەھمەد تۈزگەن «مۇئتەلىفە» دائىرەسىدىن رۇكنىلارنى ھاسىل قىلغاندا، ئۇنىڭ خاس رۇكنى ھېچقانداق ئۆزگىرىشكە

يولۇقماي، ئەسلىدىكى شەكلىنى ساقلاپ تۇرىۋېرىدۇ. خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ دائىرەسىدە كامىل بەھرى سەككىزلىك شەكلىدە بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ «متفاعلن» نىڭ ھەر بېيىتتا سەككىز قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ يەتتە ھەرپلىك خاس رۇكنىدىمۇ خۇددى ۋافىر بەھرىنىڭكىگە ئوخشاش قىسقا بوغۇملارنىڭ سانى نىسبەتەن كۆپ. سېلىشتۇرۇپ ئېيتقاندا، كامىل بەھرى ئەرەب شېئىرىيىتىدە ۋافىر بەھرىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ خىل شەكىلدە قوللىنىلىدىغان ۋە تېخىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان بەھرلەردىن سانىلىدۇ.

پارس-تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتتا بۇ بەھرىنىڭ بەزى شەكىللىرىدە ئۆز ئىستىبداتىنى سىنىغانلار خېلى كۆپ، ئەرەب شېئىرىيىتىدە بۇ بەھرىنىڭ سەككىزلىك شەكلى كەڭرەك قوللىنىلغان بولسا، پارس ۋە تۈركىي تىللىق شائىرلار ئۇنىڭ تۆتلىك ۋە ئالتىلىك شەكىللىرىگە كۆپرەك قىزىققان. دائىم ئۇچرايدىغان ئۆرنەكلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

**1) كامىل بەھرىنىڭ سالىم تۆتلىك شەكلى:**

سەنەما بېرى گۇزەر ئەيلەگىل،
مەنگە لۇتف ئىلە نەزەر ئەيلەگىل.

متفاعلن / متفاعلن /
/— V— V V /— V— V V

**2) كامىل بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى:**

سەنەما جەفا قىلەسەن ۋەفا قىلە كۆر مەنگە،
نېچە دەردمەند ئېتەسەن، دەۋا قىلەكۆر مەنگە.

متفاعلن / متفاعلن / متفاعلن /
/— V—V V /— V— V V /— V— V V

**3) كامىل بەھرىنىڭ سالىم سەككىزلىك شەكلى:**



گۇلو باغدىن يۇزىدۇر غەرەز نە سۇمەن كېرەك، نە چەمەن كېرەك،
خەتىيۇ ساچى ئەگەر ئۇلمەسە نە خىتا كېرەك، نە خۇتەن كېرەك.

متفاعلن / متفاعلن / متفاعلن / متفاعلن /
/—V— V V /—V— V V /— V— V V /— V— V V

**1) كامىل بەھرىنىڭ تۆتلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:**

**(1) ئارۇز ۋە زەرب مۇزمەر:**

گۇزەرى قىلاي كۆيۈڭ سەرى،
نەزەرى قىلاي رۇيۇڭ سەرى.

متفاعلن / مستفعلن /
/ — V — — /— V— V V

**(2) ئارۇز ۋە زەرب مۇزال:**

سەنۇ ئىشرەتۇ مەيى لالەگۇن،
مەنۇ فۇرقەتۇ دىلى غەرقى خۇن.

متفاعلن / متفاعلان /
/~ V— V V /— V— V V

**(3) ئارۇز ۋە زەرب مەقتۇئ:**

مەنۇ ئىشرەتۇ مەيى خۇررەم،
مەنۇ فۇرقەتۇ دىلى پۇرغەم.

متفاعلن / فعلاتن /
/— —V V /— V— V V

**(4) ئارۇز ۋە زەرب ئەھەز:**

مەنۇ فۇرقەتۇ ئەلەمىم،
نە بولۇر مۇنى سەنەمىم.

متفاعلن / فعلن /
/— V V /— V— V V

**2) كامىل بەھرىنىڭ ئالتىلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:**

**(1) ھەشۋى مۇزمەر:**

مەنگە سەنسىزىن نە گۈل كېرەك، نە سۈمەن دەغى،
ساچىڭ ئۈلمەسە نە چىن كېرەك، نە خۇتەن دەغى.

متفاعلن / مستفعلن / متفاعلن /
/_ V_V V / _ V _ _ /_ V_ V V

(2) ئارۇز ۋە زەربى مەقتۇئ:

مەنگە سەنسىزىن نە چەمەن كېرەك، نە سۈمەن ھەم،
خەتىڭ ئۈلمەسە نە خىتا كېرەك، نە خۇتەن ھەم.

متفاعلن / متفاعلن / فعلاتن /
/_ _ V V /_ V_V V /_ V_ V V

(3) مەۋقۇسى مەقتۇئ:

سەنەما بىرى كەرەم قىلىب، گۈزەر ئەتگىل،
مەنگە لۇتف ئىلە گۈزەر قىلىب، نەزەر ئەتگىل.

متفاعلن / مفاعلن / فعلاتن /
/_ _ V V /_ V _ V /_ V_ V V

3) كامىل بەھرىنىڭ سەككىزلىك شەكلىدە ئۇچرايدىغان بەزى تارماق ۋەزىنلەر:

(1) مۇزال:

نە خەيال ئىدى يەنەكىم كۆڭۈل قۇشى سەيدىنى ھەۋەس ئەيلەدىڭ،
بەدەنىغە ھەر سەرىدىن ھەدەڭ ئاتىبان ئەنگە قەفەس ئەيلەدىڭ.

متفاعلن / متفاعلن / متفاعلن / متفاعلان /
/ ~V _V̈ V /_V_V V /_ V_ VV /_ V_ V V

(2) بىر رۇكنى سالىم، بىر رۇكنى مەقتۇئ:

سۈمەنۇ بىنەفشە نېتەيمەن، خەتى بىرلە خەدى كېرەكتۇر،
گۈلۇ سەرۋنى نەقىلايمەن، يۈزى بىرلە قەدى كېرەكتۇر.

متفاعلن / فعلاتن / متفاعلن / فعلاتن /



/_ _ V V /_ V_ V V /_ _ VV /_ V_ V V

(3) بىر رۇكنى سالىم، بىر رۇكنى ئەھەز:

سۈمەنۇ بىنەفشە نېتەي، خەتى بىرلە خەدى كېرەك،
گۈلۇ سەرۋنى نەقىلاي، يۈزى بىرلە قەدى كېرەك.

متفاعلن / فعلن / متفاعلن / فعلن /
/_V V /_ V_V V /_ V V /_ V_ V V

(4) بىر رۇكنى سالىم، بىر رۇكنى مەۋقۇس:

سۈمەنۇ بىنەفشەنى نېتەي، خەتىيۇ ئەنىڭ خەدى كېرەك،
گۈلۇ سەرۋنى نە ئىش قىلاي، يۈزىيۇ ئەنىڭ قەدى كېرەك.

متفاعلن / مفاعلن / متفاعلن / مفاعلن /
/_ V_ V /_ V_V V /_ V_ V /_ V_ V V

(5) بىر رۇكنى مەۋقۇس، بىر رۇكنى سالىم:

مەنگە ئۈل ئاي نەزەر ئەتمەدى، مېنىڭ سەرى گۈزەر ئەتمەدى،
فىراق ئەرا مېنى قويدىيۇ، كېتەر مەھەل خەبەر ئەتمەدى.

مفاعلن / متفاعلن / مفاعلن / متفاعلن /
/_V_V V / _ V _ V /_ V_ VV /_ V _ V

كامىل بەھرىنىڭ زىھافلىق تۆتلىك ۋە ئالتىلىك شەكىللىرىدىن بەزىلىرى رەجەز بەھرىنىڭ زىھافلىق تۆتلىك ۋە ئالتىلىك شەكىللىرى بىلەن ئوخشاپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: رەجەز بەھرىنىڭ تۆتلىك مۇزال شەكلى بولغان «مستفعلن مستفعلان» كامىل بەھرىنىڭ تۆتلىك مۇزمەرى مۇزال شەكلىدىن، شۇنىڭدەك رەجەز بەھرىنىڭ سالىم تۆتلىك شەكلى بولغان «مستفعلن مستفعلن» كامىل بەھرىنىڭ مۇزمەر شەكلىدىن قىلچە پەرقلەنمەيدۇ.

# قوشۇمچە: ئارۇز ئىلمىدە بىرلىككە كەلگەن رۇكنىلارنىڭ ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

## 1. سالىم رۇكنىلار :

| ئەرەبچە | ئۇيغۇرچە | ئىسخېمىسى | ئەرەبچە | ئۇيغۇرچە | ئىسخېمىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| مفاعيلن | مەفائىلۇن | — — —V | فعولن | فەئۇلۇن | — —V |
| فاعلاتن | فائىلاتۇن | — —V — | فاعلن | فائىلۇن | —V — |
| مستفعلن | مۇستەفئىلۇن | —V — — | مفاعلتن | مەفائىلەتۇن | —V V—V |
| مفعولاتُ | مەفئۇلاتۇ | V — — — | متفاعلن | مۇتەفائىلۇن | —V—V V |

## 2. زىھافلىق رۇكنىلار :

| ئەرەبچە | ئۇيغۇرچە | ئىسخېمىسى | ئەرەبچە | ئۇيغۇرچە | ئىسخېمىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| فاعليان | فائىلىيان | ~ —V— | متفاعلاتن | مۇتەفائىلاتۇن | — —V —VV |
| فعليان | فەئىلىيان | ~ —V V | مفاعلاتن | مەفائىلاتۇن | — —V—V |
| فعلتان | فەئىلەتان | ~VVV | مفتعلاتن | مۇفتەئىلاتۇن | — —VV — |
| فاعلتن | فائىلەتۇن | —VV— | مستفعلاتن | مۇستەفئىلاتۇن | — —V — — |
| فاعلاتُ | فائىلاتۇ | V—V— | مستفعلان | مۇستەفئىلان | ~ V — — |
| فعلاتُ | فەئىلاتۇ | V —VV | متفاعلن | مۇتەفائىلۇن | —V—V V |
| فاعلان | فائىلان | ~ V — | مفاعيلان | مەفائىلان | ~ — —V |
| فعولان | فەئۇلان | ~ —V | مفاعلان | مەفائىلان | ~ V —V |



| ئەرەبچە | ئۇيغۇرچە | ئىسخېمىسى | ئەرەبچە | ئۇيغۇرچە | ئىسخېمىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| فعولن | فەئۇلۇن | — — V | فع | فەئ | — |
| فعلتن | فەئىلەتۇن | —V V V | مستفعلُ | مۇستەفئىلۇ | V V— — |
| فعلاتن | فەئىلاتۇن | — — V V | متفاعلان | مۇتەفائىلان | ~ V— V V |
| فعولُ | فەئۇلۇ | V —V | مفتعلان | مۇفتەئىلان | ~ V V— |
| فاعلن | فائىلۇن | —V — | مفتعلن | مۇفتەئىلۇن | —V V— |
| فعلان | فەئىلان | ~ V V | مفاعلن | مەفائىلۇن | —V —V |
| فعلن | فەئىلۇن | — V V | مفاعيلُ | مەفائىلۇ | V— —V |
| فعْلن | فەئلۇن | — — | مفاعلُ | مەفائىلۇ | V V—V |
| فعول | فەئۇل | ~ V | مفاعيل | مەفائىل | ~ —V |
| فَعَل | فەئەل | — V | مفعولان | مەفئۇلان | ~ — — |
| فعْلُ | فەئلۇ | V — | مفعولن | مەفئۇلۇن | — — — |
| فاع | فائ | ~ | مفعولُ | مەفئۇلۇ | V — — |

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. ئابدۇرەھمان جامى: «رىسالەيى ئارۇز»، «ئابدۇرەھمان جامى ئەسەرلىرى»،(8توملۇق)، 8-توم، دۇشەنبە، 1990-يىلى نەشرى.

2. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق توپلامغا قارالسۇن. مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982-يىلى نەشرى.

3. ئابلەت ئۆمەر، سالى خۇدابەردى قاتارلىقلار تۈزگەن «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى» (ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى،1984-يىلى نەشرى.

4. ئابدۇشۇكۇر ئابدۇساتتار: «رۇبائىي دۇبەيتىمۇ ياكى تەرانە؟»، تاجىكىستان، «ئەدەب» ژۇرنىلى، 1993-يىللىق 9 ــ 10-قوشما سانى.

5. ئابلىمىت ئەھەد: «چاغاتاي تىلى» (ئالىي مەكتەپلەر دەرسلىكى) شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېرىياللار بۆلۈمى، 1998-يىلى باستۇرغان.

6. ئادىل ئېزىز، ئابدۇلېتىپ تاشپولات: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئاساسلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985-يىلى نەشرى.

7. ئارىستوتىل: «رىتورىكا» (لو نيەنشىڭ تەرجىمىسى)، ئۈچ بىرلەشمە (تۇرمۇش، ئوقۇرمەن ۋە يېڭى بىلىم) نەشرىياتى، 1991-يىلى نەشرى.

8. گ. ل. ئەبرەموۋىچ: «ئەدەبىياتشۇناسلىققا مۇقەددىمە»، موسكۋا، 1979-يىلى نەشرى.



9. ئەتائۇللا مەھمۇدى ھۆسەينى: «بەدايىئۇس سەنايى»، دۇشەنبە، 1977-يىلى نەشرى.

10. ئەلاخان ئەفسەھزاد: «15-ئەسىردىكى پارس-تاجىك ئەدەبىياتى»، دۇشەنبە، 1987-يىلى نەشرى.

11. ئەلاخان ئەفسەھزاد: «تاجىك ئەدەبىياتى»، دۇشەنبە، 1987-يىلى نەشرى.

12. ئەلىشىر نەۋايى: «مىزانۇل-ئەۋزان» (15توملۇق نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ 14-تومى)، تاشكەنت، 1967-يىلى نەشرى.

13. ئەلىشىر نەۋايى: «مىزانۇل-ئەۋزان»، ئافغانىستان بەلخ شەھرى ھىجرىيە 1372-يىلى نەشرى.

14. ئەنۋەر ھاجىئەھمىدوف: «مۇمتاز بەدئىيەت مەلاھەتى»، تاشكەنت، 1998-يىلى نەشرى.

15. بابايېف يۇرىي: «ئەدەبىياتشۇناسلىققا مۇقەددىمە»، دۇشەنبە، 1987-يىلى نەشرى.

16. خ. ك. بەرەنوف: «ئەرەبچە-رۇسچە لۇغەت»، موسكۋا، 1989-يىلى نەشرى.

17. بەھرام سىيرۇس: «تاجىك ئارۇزى»، دۇشەنبە، 1963-يىلى نەشرى.

18. ئي. ئي. بېرتېلس: «پارس، تاجىك ۋە دەرى تىلى»، تاجىكىستان «پامىر» ژۇرنىلى، 1996-يىللىق 1 ــ 6-قوشما سان.

19. ئي. ئي. بېرتېلس قاتارلىقلار: «12ــ14-ئەسىرلەردىكى پارس-تاجىك ئەدەبىياتى»، دۇشەنبە، 1976-يىلى نەشرى.

20. «پارسچە-خەنزۇچە لۇغەت»، بېيجىڭ، سودا نەشرىياتى 1981-يىلى نەشرى.

21. پەرۋىز ناتىل خانلەرى: «پارس شېئىرىيىتىنىڭ

ۋەزنى»، تېھران، ھىجرىيە 1361 - يىلى نەشرى.

22. «تاجىك سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيەسى»، 1 - دىن 8 - گىچە بولغان توملىرى. دۇشەنبە، 1978 - يىلىدىن 1988 - يىلىغىچە نەشر قىلىنغان.

23. «تاجىك سوۋېت ئەدەبىيات - سەنئەت ئېنسىكلوپېدىيەسى» (3 توملۇق)، 1988 - يىلى نەشرى.

24. تەقىيى ۋەھىدىيانى كاميار: «ئەدەبىي پەنلەر ۋە سەنئەتلەر»، دۇشەنبە، 1993 - يىلى نەشرى.

25. تۇرەقۇل زېھنى: «سۆز سەنئىتى»، دۇشەنبە، 1978 - يىلى نەشرى.

26. ئى.ل.تىموفېيېف: «ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى»، موسكۋا، 1959 - يىلى نەشرى.

27. جاڭ فا قاتارلىقلار: «سەنئەت پەلسەپەسىگە مۇقەددىمە»، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 - يىلى نەشرى.

28. ئا. گىببى خامىلتون: «ئەرەب ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىلى نەشرى.

29. خەمىت تۆمۈر، ئابدۇرۇپ پولات: «چاغاتاي تىلى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى.

30. خەمىت تۆمۈر، مىرسۇلتان ئوسمانوف، ئامىنە غاپپار: «‹قۇتادغۇ بىلىك› تە ئىپادىلەنگەن ئەدەبىي تىل توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1995 - يىللىق 2 — 3 - سانلار.

31. رەجەب ئەمانوف: «تاجىك خەلق لىرىكىلىرى»، دۇشەنبە، 1968 - يىلى نەشرى.

32. رەسۇل ھادىزادە قاتارلىقلار تۈزگەن «ئەدەبىياتشۇناسلىق ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، دۇشەنبە، 1966 - يىلى نەشرى.



33. رەھىم مۇسۇلمانقۇلوف: «نەۋايى ئارۇزىنىڭ پارسچە مەنبەلىرى»، «تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاخباراتى» ژۇرنىلى، 1991 - يىللىق 3 - سانى.

34. رەھىم مۇسۇلمانقۇلوف: «پارس - تاجىك كىلاسسىك پوئېتىكىسى — 10—15 - ئەسىرلەر»، موسكۋا، 1989 - يىلى نەشرى.

35. رەھىم مۇسۇلمانقۇلوف: «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى»، دۇشەنبە، 1990 - يىلى نەشرى.

36. زەھىرىددىن بابۇر: «مۇختەسەر»، تاشكەنت، 1971 - يىلى نەشرى.

37. ئە.سەئىدوف قاتارلىقلار: «ئەرەب تىلى»، دۇشەنبە، 1993 - يىلى نەشرى.

38. شەمس قەيس رازى: «ئەل مۇجەم فى مەئايىرى ئەشئار ئىل ئەجەم»، دۇشەنبە، 1991 - يىلى نەشرى.

39. غۇلام غوپۇرى قاتارلىقلار: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى.

40. فىترەت: «ئارۇز ھەققىدە»، تاشكەنت، 1936 - يىلى نەشرى.

41. كاشىفى كەمالۇددىن ھۆسەيىن ۋائىزى: «بەدايىئۇل ئەفكار فى سەنايىئۇل ئەشئار»، موسكۋا، 1977 - يىلى نەشرى.

42. ك.كەرىموف قاتارلىقلار: «‹قۇتادغۇ بىلىك› نىڭ ئۆزبېكچە نەشرىگە كىرىش سۆز»، «‹قۇتادغۇ بىلىك› تەتقىقاتىغا ئائىت تەرجىمە ماقالىلەردىن تاللانمىلار» (خەنزۇچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىلى نەشرى.

43. ئا.كىۋيەتكوۋسكىي: «پوئېتىكا لۇغىتى»، موسكۋا، 1966 - يىلى نەشرى.

44. خ. ئا. پ.گىب: «ئەرەب ئەدەبىياتى ــ كىلاسسىك دەۋرى»، موسكۋا، 1960 - يىلى نەشرى.

45. يېرنىست گروسسىپ: «سەنئەتنىڭ پەيدا بولۇشى»، سودا نەشرىياتى، 1998 - يىلى نەشرى.

46. گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ۋەزنى ۋە شەكىللىرى توغرىسىدا»، ئاپتورنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيەت تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر توپلىمى» غا قارالسۇن. مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 - يىلى نەشرى.

47. لى گوشياڭ: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 - يىلى نەشرى.

48. مەخمۇت زەيدى: «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىن تەرمىلەر» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىدىكى «‹قۇتادغۇ بىلىك› تىكى رۇبائىيلار توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى، مىللەتلەر نەشرىياتى 1995 - يىلى نەشرى.

49. مەخمۇت زەيدى: «‹قۇرئان كەرىم› بەدىئىي ئۇسلۇبىدىن ئورخۇن - يېنسەي ئابىدىلىرىنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبىغىچە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2001 - يىللىق 4 - سان.



50. مەخمۇت زەيدى، سەمەت دۇگايلى: «ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 - يىلى نەشرى.

51. مۇھەممەد غىياسۇددىن: «غىياسۇل لۇغەت» (3توملۇق)، دۇشەنبە، 1987 - يىلى نەشرى.

52. مۇھەممەد ئومەر ئەر رادۇيانى: «تەرجۇمانۇل بەلاغە»، تېھران، ھىجرىيە 1362 - يىلى نەشرى.

53. مۇھەممەد ھۆسەين بۇرھان: «بۇرھانى قاتېئ»، دۇشەنبە، 1993 - يىلى نەشرى.

54. مىرسۇلتان ئوسمانوف، خەمىت تۆمۈر: «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز»، «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993 - يىللىق 1 - سان.

55. ناسىرۇددىن تۇسى: «مېيارۇل - ئەشئار»، دۇشەنبە، 1992 - يىلى نەشرى.

56. ناسىرۇددىن شاھ ھۆسەينى: «شېئىرنى تونۇش ــ ئارۇز ۋە قاپىيە»، تېھران، ھىجرىيە 1367 - يىلى نەشرى.

57. نەسرۇللا يولبولدى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىلى نەشرى.

58. ھاجى ئەھمەد: «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 - يىلى نەشرى.

59. م. ھەمرايېف: «تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتنىڭ

ئاساسلىرى»، ئالماتا، 1963 - يىلىدىكى نەشرى.

60. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىيات فاكۇلتېتى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» نى يېزىش - تۈزۈش گۇرۇپپىسى تەييارلىغان. 2 - قىسىم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 - يىلى نەشرى.

61. ئورۇۋەتۇللا تائىروف: «ئەجەم ئارۇزى ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، دۇشەنبە، 1991 - يىلى نەشرى.

62. ئورۇۋەتۇللا تائىروف قاتارلىقلار: «ئەجەم شېئىرىيىتىنىڭ ئارۇز ۋە قاپىيە قامۇسى»، دۇشەنبە، 1994 - يىلى نەشرى.

63. ئۇممەت تويچىيېف: «ئۆزبېك پوئېزىيەسىدە ئارۇز سىستېمىسى»، تاشكەنت، 1985 - يىلى نەشرى.

64. ئۇممەت تويچىيېف: «‹مىزانۇل - ئەۋزان› دا كېلتىرىلگەن رۇبائىي ۋەزنلەرىدەگى خەتالار ھەققىدە»، ئۆزبېكىستان، «ئەدەبىيات - سەنئەت» ژۇرنىلى، 1987 - يىللىق 2 - سان.

65. «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى» (ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى تەييارلىغان، 5 توملۇق)، 2 - توم، تاشكەنت، 1977 - يىلى نەشرى.

66. ۋەھىد ئەت تەبرىزى: «جەمئۇل مۇختەسەر»، 



موسكۋا، 1959 - يىلى نەشرى.

67. ۋۇ سىجىڭ: «شېئىرىيەتنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرى»، ئىشچىلار نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى.

68. ئېمىنجان تەلەبوف: «ئارۇز ئاتاماسىنىڭ شەكىللەنىشىگە دائىر»، ئۆزبېكىستان، «شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلى، 1996 - يىللىق 5 - سان.

69. يۇسۇپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىلى نەشرى.

مىيەسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن
باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1996-يىلى 8-ئايدا كاندىدات
تەتقىقاتچىلىق، 2002-يىلى 10-ئايدا باش تەتقىقاتچىلىق
ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2005-يىلى 9-ئايدا خىزمەت ئېھتى-
ياجى بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستى-
تۇتىغا يۆتكىلىپ، ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مىللەتلەر ئە-
دەبىياتى كافېدراسىدا ئىشلىمەكتە.

پىروفېسسور زەمىر سەئدۇللازادەنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتى
تاجىك ئەدەبىياتى ۋە پارس تىللىق ئەدەبىيات بىلەن تۈركىي
تىللىق ئەدەبىياتنىڭ تارىخىي مۇناسىۋىتى ساھەسىگە ئائىت
تېمىلارغا قارىتىلغان بولۇپ، بۇ ساھەدە چېلىقارلىق نەتى-
جىلەرگە ئېرىشكەن. ئۇ دۆلەت ئىجتىمائىي پەنلەر فوندىنىڭ
«ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىدىكى ئارۇز ۋەزنى نەزەرىيەسىنىڭ
ئېلىمىزدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر كىلاسسىك ئەدەبىيا-
تى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەتقىقات»، «جۇڭگو
تاجىكلىرى ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئۆچېرىكلار» قاتارلىق تې-
مىلار ۋە «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام مەزھەپلىرى»، «شەرق
كىلاسسىكلىرى» (5توپلام) قاتارلىق رايون خاراكتېرلىك
تېمىلارغا مەسئۇل بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغاندىن
سىرت، دۆلەت ئىجتىمائىي پەنلەر فوندىنىڭ «شىنجاڭدىكى
ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئۈستىدە
تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان كۆپ مىللەتلىك
ئەدەبىياتى »، «ھەر قايسى مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتىدىن
ئۈچ توپلام» (تاجىك ئەدەبىياتى قىسمى) قاتارلىق تېمىلار ۋە
«21-ئەسىرگە يۈزلەنگەن شىنجاڭ»، «شىنجاڭ ئېنسىكلو-
پېدىيەسى»، «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ئېتنوگرافىيە ۋە
مەدەنىيەت بۇيۇملىرى قامۇسى»، «شىنجاڭدىكى ئابداللار
ئۈستىدە تەتقىقات» قاتارلىق مەملىكەت ۋە رايون خاراكتېر-
لىك چوڭ ھەجىملىك تېمىلارنىڭ مۇھىم بۆلەكلىرىنى
ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىدى. ئۇ «شىنجاڭ تاجىك ئەدىبلە-
رى»، «سەئدى ‹گۈلىستان›، ىدىكى تەۋسىپ سەنئىتى»، «ئوت-
تۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام مەزھەپلىرى»، «شەيخ سەئدى» قا-
تارلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى. مەملىكەت ئىچى ۋە
سىرتىدا 50 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قى-
لىنىپ، كەسىپداشلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدە-
بىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇي-
غۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە «ئون
ئىككى مۇقام» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى.

图书在版编目(CIP)数据

阿鲁孜格律理论:维吾尔文/扎米尔·赛都拉著.
—乌鲁木齐: 新疆大学出版社, 2011.3
ISBN 978—7—5631—2414—5

Ⅰ①阿…Ⅱ. ①扎…Ⅲ. ①维吾尔族—古典诗歌—诗词格律—研究—中国维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ. ①I 207.21

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011) 第 025059 号

责任编辑: **阿不里米提·卡德尔**
责任校对: **阿不都力木·阿不都热依木**
封面设计: **苗 莉**

## 阿鲁孜格律理论

**扎米尔·赛都拉** 著

新疆大学出版社出版发行
(乌鲁木齐市胜利路 14 号 邮编: 830046)
新华书店经销
新疆新华印刷厂印刷
880 毫米×1230 毫米 1/32 16.375 印张
2011年3月第1版 2011 年3月第1次印刷

ISBN 978 — 7 — 5631 — 2414 — 5
定价: 32.00 元